Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

لو گۇەنجۇڭ

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە

## 2

تەرجىمە قىلغۇچىلار : ھاجى ياقۇپ
غۇلام غوپۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

يىگىرمە بىرىنچى باب
ساۋ ساۋنىڭ مەي ئىچىۋېتىپ قەھرىمانلار ھەققىدە سۆز قىلغانلىقى
گۇەن يۈينىڭ شەھەردىكىلەرنى ئالداپ چې جۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى ........ 1
يىگىرمە ئىككىنچى باب
يۈەن شاۋ بىلەن ساۋ ساۋنىڭ ئۈچ قوشۇن تارتىپ چىققانلىقى
گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېينىڭ ۋاڭ جۇڭ بىلەن ليۇ دەيىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ........ 24
يىگىرمە ئۈچىنچى باب
مى خېڭنىڭ يالىڭاچ تۇرۇپ ئاسىيلارنى تىللىغانلىقى
ئوردا تېۋىپى جى پىڭنىڭ ساۋ ساۋغا ئوغا بېرىپ قىيناقتا دۇچار بولغانلىقى ........ 51
يىگىرمە تۆتىنچى باب
ئەل مۇناپىقىنىڭ قاتىللىق قىلىپ كىچىك خانىشنى ئۆلتۈرگەنلىكى
خان تاغىسىنىڭ يېڭىلىپ يۈەن شاۋدىن پاناھ تىلىگەنلىكى ........ 76
يىگىرمە بەشىنچى باب
تۇپا تاغدا گۇەن يۈينىڭ ئۈچ شەرت قويغانلىقى
ساۋ ساۋنىڭ بەيمادا قاتتىق قامالنى بۆسۈپ قۇتۇلۇپ چىققانلىقى ........ 88
يىگىرمە ئالتىنچى باب
يۈەن شاۋنىڭ يېڭىلىپ، سەركەردىلىرىدىن ئايرىلغانلىقى

گۇەن يۈينىڭ تامغىنى ئېسىپ قويۇپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش-
لەرنى پېچەتلىگەنلىكى ........ 110
يىگىرمە يەتتىنچى باب
كۇركە ساقالنىڭ مىڭلارچە مۇساپىنى يەككە ئاتلىق باسقانلىقى
خەنشۇ بېگىنىڭ بەش قورۇلدىن ئۆتكۈچە ئالتە سەركەردىنى
ئۆلتۈرگەنلىكى ........ 128
يىگىرمە سەككىزىنچى باب
گۇەن يۈينىڭ سەي ياڭنى ئۆلتۈرۈپ ئىنىسىنى
گۇماندىن چىقارغانلىقى
خوجايىن بىلەن خادىملارنىڭ گۇچېڭ شەھىرىدە جەم
بولغانلىقى ........ 149
يىگىرمە توققۇزىنچى باب
غەزەپلەنگەن «كىچىك دوكەر» نىڭ يۈي جىنى ئۆلتۈرگەنلىكى
«كۆك كۆز ئوغلان» نىڭ جياڭدۇڭنى ئىلكىگە
ئالغانلىقى ........ 173
ئوتتۇزىنچى باب
يۈەن شاۋنىڭ گۈەندۇ جېڭىدە قاتتىق يېڭىلگەنلىكى
ساۋ ساۋنىڭ ۋۇچاۋنى بېسىۋېلىپ، ئاشلىققا ئوت
قويغانلىقى ........ 195
ئوتتۇز بىرىنچى باب
ساۋ ساۋنىڭ ساڭتىڭدا يۈەن شاۋنى تارمار قىلغانلىقى
ليۇ بېينىڭ جىڭجۇغا بېرىپ ليۇ بياۋدىن پاناھ
تىلىگەنلىكى ........ 221
ئوتتۇز ئىككىنچى باب
يۈەن شاڭنىڭ جىجۇنى ئېلىپ ئۈستۈنلۈك تالاشقانلىقى
شۈي يۇنىڭ جاڭخې دەرياسىنىڭ يارىنى بۇزۇش تەدبىرى
تەقدىم قىلغانلىقى ........ 242
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب
ساۋ پىنىڭ مالىماندا جېن خېنىمنى ئەمرىگە ئالغانلىقى
گو جيانىڭ ۋەسىيىتى بىلەن لياۋدۇڭنىڭ تىنچىتىلغانلىقى ...... 267

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئوتتۇز تۆتىنچى باب
سەي خېنىمنىڭ شىرما ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوغرىلىقچە گەپ تىڭشىغانلىقى
خان تاغىسى لىيۇ بېيىنىڭ تەنشى دەرياسىدىن ئاتلىق ئۆتكەنلىكى …………………………………… 291
ئوتتۇز بەشىنچى باب
لىيۇ بېيىنىڭ نەنجاڭدا زاھىتقا يولۇققانلىقى
شەن فۇنىڭ شىنيېدە دانا خوجايىنغا دۇچ كەلگەنلىكى ………… 310
ئوتتۇز ئالتىنچى باب
لىيۇ بېيىنىڭ فەنچېڭ شەھىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئالغانلىقى
شۈي يۈەنجىنىڭ ئاتتا كېتىۋېتىپ جۇگې لياڭنى تونۇشتۇرغانلىقى …………………………………… 327
ئوتتۇز يەتتىنچى باب
سىما خۈينىڭ دانىشمەننى يەنە تونۇشتۇرغانلىقى
لىيۇ بېيىنىڭ كەپىگە ئۈچ قېتىم ئىزدەپ بارغانلىقى ………… 347
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ لۇڭجۇڭدا جاھاننىڭ ئۈچكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكى
سۇن چۈەننىڭ چاڭجياڭ دەرياسىدىكى ئۇرۇشتا ئەنت ئالغانلىقى …………………………………… 370
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب
بەگزادىنىڭ جىڭجۇ شەھىرىدە ئۈچ قېتىم ئامال سورىغانلىقى
مۇشاۋىرنىڭ بوۋاڭ تۆپىلىكىدە جەڭ قىلىش ماھارىتىنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەنلىكى …………………………… 393
قىرىقىنچى باب
سەي ئايىمنىڭ جىڭجۇنى ياۋغا تۇتقانلىقى
جۇگې لياڭنىڭ شىنيېنى ئۆرتىگەنلىكى ……………………… 415

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ساۋ ساۋنىڭ مەي ئىچىۋېتىپ قەھرىمانلار ھەققىدە سۆز قىلغانلىقى
## گۇەن يۈينىڭ شەھەردىكىلەرنى ئالداپ چې جۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، دۇڭ چېڭ ۋە باشقىلار ما تېڭدىن:

— جانابلىرى كىمنى ئىشقا سالماقچى بولدىلا؟ — دەپ سوراشتى.

— يۈيجۇ پاسىبانى لىيۇ بېي بۇ يەردە، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلمايمىز؟ — دېدى ما تېڭ.

— ئۇ كىشى گەرچە خاننىڭ تاغىسى بولسىمۇ، — دېدى دۇڭ چېڭ، — ھازىر ساۋ ساۋنىڭ بېقىندىسى. قانداق قىلىپ بۇ ئىشقا ئۇنار؟

— ئالدىنقى كۈنى ئوۋ مەيدانىدا، ساۋ ساۋ كۆپچىلىكنىڭ تەبرىك ئالقىشلىرىنى ئالغان ۋاقىتتا، لىيۇ بېينىڭ ئارقىسىدا تۇرغان گۇەن يۈي قىلىچ كۆتۈرۈپ ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشىلىۋىدى، لىيۇ بېي كۆز ئىشارىسى قىلىپ توختىتىۋالدى، لىيۇ بېينىڭ ساۋ ساۋنى جايلىۋەتكۈسى يوق ئەمەس، ئەمما ساۋ ساۋنىڭ قول - چوماقلىرى كۆپ، كۈچۈم يەتمەسمىكىن، دەپ

قورقىدۇ. جانابلىرى مۇراجىئەت قىلىپ باقسىلا، مىنىڭچە جەزمەن ماقۇل بولىدۇ، — دېدى ما تېك.

— بۇ ئىشتا بەك ئالدىراپ كېتىش يارىمايدۇ. پۇختا كېڭىشىپ ئىش كۆرەيلى، — دېدى ۋۇ شۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھەممە تارقىلىشتى. ئەتىسى كېچىدە دۇڭ چېڭ پەرماننى قوينىغا تىقىپ، ليۇ بېينىڭ دەرگاھىغا باردى. ئىشىك ئاغىسى كىرىپ مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ليۇ بېي ئۆزى چىقىپ ئىستىقبال قىلدى ۋە كىچىك مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ ئولتۇرۇشتى، گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ئىككى تەرەپتە ئۆرە تۇردى.

— خان قېيىناغىسى، ئەجەب كېچىدە قەدەم تەشرىپ قىلىپلىغۇ، ئەلۋەتتە بۇنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك، — دېدى ليۇ بېي.

— كۈندۈزى ئاتلىق كەلسەم، — دېدى دۇڭ چېڭ، — ساۋ ساۋ گۇمانلىنىپ قالامدىكىن دەپ كېچىسى كەلدىم.

ليۇ بېي مەي ئەكەلدۈرۈپ ئۇنى مېھمان قىلدى.

— ئالدىنقى كۈنى ئوۋ مەيدانىدا گۇەن يۈي ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇمتۇلۇۋىدى، سىلى كۆز ۋە باش ئىشارىسى بىلەن قايتۇرۇدىلا، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ — دېدى دۇڭ چېڭ.

— جانابلىرى قانداق بىلىۋالدىلا؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي چۆچۈگەن ھالدا.

— باشقا ھېچكىم كۆرمىدى، يالغۇز مەنلا كۆرۈپ قالدىم.

ليۇ بېي ۋەقەنى يوشۇرالمىدى – دە:

— ساۋ ساۋنىڭ ئەدەپ – قائىدىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنىمنىڭ غەزىپى كېلىپ ئىختىيارسىز شۇنداق قىلىپ سالدى، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

— خانلىقتىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى، — دېدى دۇڭ چېڭ يۈزىنى ئېتىپ يىغلىغان ھالدا، — گوەن يۈيگە ئوخشاش بولىدىغان بولسا ئەلنىڭ ئامان بولماي قېلىشىدىن نېمە غەم ئىدى!

ليۇ بېي «يەنە ساۋ ساۋ سىناش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بولمىسۇن» دەپ ئويلاپ:

— باش ۋەزىر ساۋ ساۋ جانابلىرى ئەلنى ئىدارە قىلىۋاتقاندا، تىنچسىزلىقتىن نېمە غەم قىلاتتۇق؟ — دەپ رىياكارلىق قىلدى.

دۇڭ چېڭ تاتىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— جانابلىرى خەن خانىنىڭ تاغىسى بولىدىلا، شۇ سەۋەبتىن مەن ئىچ سىرىمنى ئۈزلىرىگە دەۋاتسام، جانابلىرى نېمىدەپ مۇغەمبەرلىك قىلىدىلا؟ — دېدى.

— جانابلىرىنى مېنى ئالدىمىسۇن، دەپ سىناپ باقتىم، — دېدى ليۇ بېي.

شۇنىڭ بىلەن دۇڭ چېڭ پەرماننى چىقىرىپ كۆرسەتتى، ليۇ بېي پەرماننى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنىپ غەزەپلەندى. دۇڭ چېڭ يەنە ئەھدىنامىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. ئەھدىنامىدە ئالتە كىشىنىڭ ئىمزاسى بار ئىدى — بىرىنچى، ھارۋا - ئاتلىقلار سەركەردىسى دۇڭ چېڭ؛ ئىككىنچى، مېمار ئىشلىرى ياندىشى ئامبىلى ۋاڭ زىفۇ؛ ئۈچىنچى، چاڭشۈيلۈق لەشكەر بېشى جوڭ جى؛ تۆتىنچى، مۇشاۋىر ۋۇ شۇ؛ بەشىنچى، تولۇق ئىشەنچلىك سەركەردە ۋۇ زىلەن؛ ئالتىنچى، شىلياڭ ھاكىمى ما تېڭ.

— جانابلىرى مەككار خىيانەتچىلەرنى جازالاشقا پەرمان تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بارلىق كۈچۈم بىلەن خىزمەت قىلماسلىققا نېمە ھەددىم، — دېدى ليۇ بېي.

دۇڭ چېڭ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، ئەھدىنامىگە قول قويۇشنى

سورىدى. لىۋ بېي ئەھدىنامىگە «سول قول سەركەردە لىۋ بېي» دەپ قول قويۇپ، دۇڭ چېڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

— يەنە ئۈچ ئەزا قوبۇل قىلساق جەمئىي ئون سادىق مەرد بولۇپ، ئاندىن ئەل قاراقچىسىنى يوقىتىشقا كىرىشسەك، — دېدى دۇڭ چېڭ.

— ئالدىراپ ھەرىكەت قىلىپ قويمايلى، سىر ئېچىلىپ قالمىسۇن، — دېدى لىۋ بېي.

ئۇلار تا سۈبھىگە قەدەر كېڭىشىپ، ئاندىن خوشلاشتى.

لىۋ بېي ساۋ ساۋنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە قورۇسىنىڭ ئارقىسىدا كۆكتاتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزى تېرىپ، ئۆزى سۇغىرىپ يۈردى، بۇ لىۋ بېينىڭ باشقىلارنىڭ كۆز ۋە ئاغزىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇش تەدبىرى ئىدى. گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ئىككىسى:

— ئاغا! سىلى ئەلنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەستىن، پەس ئادەملەر قىلىدىغان ئىشنى ئۆگىنىۋاتقانلىرى نېمىسى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇكىلىرىم، سىلەر بۇنى بىلمەيسىلەر! — دېدى لىۋ بېي.

ئىككىسى باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى.

گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار يوق بىر كۈنى لىۋ بېي ئارقا باغدا كۆكتات سۇغىرىۋاتاتتى، شۈي جۇ بىلەن جاڭ لياۋ بىرنەچچە ئون نۆكەرلىرى بىلەن باغقا كىرىپ كەلدى ۋە:

— باش ۋەزىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جانابلىرىنى چاقىرغىلى كەلدۇق، مەرھەمەت قىلسىلا، — دېيىشتى.

— نېمە زۆرۈر ئىش بار ئىكەن؟ — دەپ سورىدى لىۋ بېي چۆچۈپ.

— بىلمىدۇق، پەقەت بىزنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكىلار دەپلا بۇيرۇدى، — دېدى شۇي چۇ.

ليۇ بېي ئامالسىز بۇ ئىككىيلەن بىلەن ساۋ ساۋنىڭ مەھكىمىسىگە كېلىپ كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

— ئۆيدە زور ئىش باشلاپسىلا! — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ. قورققىنىدىن ليۇ بېينىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ساۋ ساۋ ليۇ بېينىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئارقا باغقا ئېلىپ كىردى ۋە:

— جانابلىرىغا كۆكتاتچىلىقنى ئۆگىنىش ئاسانغا چۈشمىگەندۇ، — دېدى.

ليۇ بېينىڭ يۈرىكى ئاندىنلا ئىزىغا چۈشتى.

— ئىش يوق، ئەرمەك! — دېدى ليۇ بېي.

— قارا ئۆرۈكنىڭ كۆكەرگىنىنى كۆرۈپ، — دېدى ساۋ ساۋ، — ئۆتكەن يىلى جاڭ شيۇغا قارشى يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا بولغان بىر ۋەقە بىردىنلا خاتىرەمگە چۈشۈپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا يولدا سۇ كەمچىل بولۇپ، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇسسىغانىدى، ئەنە شۇ ۋاقىتتا كۆڭلۈمگە بىر ئوي كەلدى ـ دە، قامچام بىلەن ئىشارە قىلىپ «ئالدىمىزدا بىر قارا ئۆرۈكزارلىق بار» دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ لەشكەرلەرنىڭ ئاغزىدا شۆلگەي پەيدا بولدى ـ دە، ئۇسسۇزلۇقى بېسىلدى. بۈگۈن بۇ قارا ئۆرۈكتىن بەھرى ئالماي بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيمۇ راسا تەييار بولۇپ قالدى، شۇڭلاشقا جانابلىرىنى شىپاڭدا بىر پەس ئولتۇرۇپ كەتسۇن دەپ چاقىرتقانىدىم.

ليۇ بېي بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى تىندى ـ دە، ساۋ ساۋغا ئەگىشىپ شىپاڭغا كەلدى. ئۇ يەردە قەدەھ ۋە باشقا نەرسىلەر ھەم بىر لېگەن قارا ئۆرۈك، بىر ئاپقۇر ئىللىتىلغان مەي تەييارلانغانىدى. ئىككىيلەن روبىرو ئولتۇرۇپ راسا ئىشتەي

بىلەن مەيۋازلىق قىلىشتى.

مەي پەيزى بىلەن ئىچىلىپ چالا تەڭشەلگەندە، ئۇشتۇمتۇتلا ھاۋا بۇزۇلۇپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، قاتتىق يامغۇرنىڭ شەپىسى كەلدى. مۇلازىملار قوللىرى بىلەن ئەجدىھانىڭ كۆكتە سوزۇلۇپ تۇرغىنىنى* كۆرسىتىشتى، ساۋ ساۋ بىلەن لىۇ بېي سالاسۇنغا يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماشا قىلىشتى.

— جانابلىرى! ئەجدىھانىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلەمدىلا؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— تولۇق بىلمەيمەن، — دېدى لىۇ بېي.

— ئەجدىھا، — دېدى ساۋ ساۋ، — چوڭىيالايدۇ، كىچىكلىيەلەيدۇ، ئۆرلىيەلەيدۇ، يوشۇرۇنالايدۇ؛ چوڭايغاندا بۇلۇت پەيدا قىلىپ تۇمان چىقىرالايدۇ، كىچىكلىگەندە ئۆزىنى كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ يوشۇرۇۋالالايدۇ؛ ئۆرلىگەندە ئالەم ئارا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىدۇ، يوشۇرۇنغاندا بىر دولقۇن ئىچىگىمۇ كىرىپ كېتەلەيدۇ. ھازىر كەچ باھار پەسلى بولۇپ، ئەجدىھانىڭ ئۆزگىرىش پەيتى، خۇددى غايىسى ئەمەلگە ئاشقان ئادەم پۈتۈن ئالەمنى ئەركىن كەزگەندەك بولىدۇ. ئەجدىھا دېگەن نەرسىنى بۇ دۇنيادىكى قەھرىمانلارغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. سىلى ئۇزۇندىن بېرى ئەلنى كەزمەكتىلە، چوقۇم زامانىمىزنىڭ قەھرىمانلىرىنى بىلدىلا، مەرھەمەت قىلىپ كۆرسىتىپ باقسىلا!

— كەمىنىلىرىدەك ئاددىي بىر ئادەمنىڭ كۆزى قەھرىمانلارنى نەدىن تونۇسۇن؟ — دېدى لىۇ بېي.

— تولىمۇ كەمتەرلىك قىلمايلى!

— كەمىنىلىرى ئالىيلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، ئوردا

---

* ئەجدىھانىڭ كۆكتە سوزۇلۇپ تۇرۇشى — قەدىمكىلەر پەندىن تولۇق خەۋەردار بولمىغانلىقىدىن قارا قۇيۇننى ئەجدىھا كۆكتە سوزۇلۇپ سۇ شوراۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمىتىدە بولدۇم، ئەلدىكى قەھرىمانلار ھەققىدە ھەقىقەتەن بىلمەيمەن، — دېدى لىۋ بېي.

— ئۇلارنىڭ رەڭگىرويىنى بىلمىسىلىمۇ، ناملىرىنى بولسىمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىلا؟

— خۇەينەندىكى يۈەن شۇ لەشكىرى كۆپ، ئاشلىقى مول، قەھرىمان ھېسابلىنار؟ — دېدى لىۋ بېي.

— ئۇ گۆردىكى قۇرۇق ئۇستىخان، قاچانلا بولمىسۇن قولۇمغا چۈشىدۇ! — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ.

— خېبېيدىكى يۈەن شاۋ تۆت نەسلىنىڭ ئۈچى ئەمىر بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىدىن كونا ئەمەلدارلار كۆپ. ھازىر جىجۇ ئايمىقىنى بېسىپ ياتىدۇ، قول ئاستىدا قابىلىيەت ئەھلىلىرى بەك كۆپ، ئۇغۇ قەھرىمان ھېسابلىنار؟

— يۈەن شاۋنىڭ تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال، پەم ـ پاراستى بولسىمۇ، ئەمما، بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ؛ چوڭ ئىشلارنى قىلىشتا ئۆزىنى ئايايدۇ، ئازغىنا مەنپەئەت ئۈچۈن جېنىنى بېرىدۇ، ئۇمۇ قەھرىمان ئەمەس، — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ.

— بىر ئادەم باركى، كامالىغا يەتكەن ئىپسىلزادە دەپ شۆھرەت قازانغان، ھەيۋىتى توققۇز ئايماقنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، نامى لىۋ بياۋ، بۇ كىشى قەھرىمان ھېسابلىنار؟ — دېدى لىۋ بېي.

— لىۋ بياۋنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق، قەھرىمان بولالمايدۇ.

— بىر كىشى بار، ئۆزى قەيسەر ھەم جاسارەتلىك، جياڭدۇڭنىڭ يېتەكچىسى سۈن سې، بۇغۇ قەھرىماندۇ؟

— سۈن سې ئاتىسىنىڭ سايىسىدە جان بېقىۋاتىدۇ،

قەھرىمان ئەمەس.

— يىجۇدىكى لىۇ جاڭ قەھرىمان بولالارمۇ؟

— لىۇ جاڭ نەسەب جەھەتتىن خەن خاندانلىقىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىشىك باقار بىر ئىت، قانداق قىلىپ قەھرىمان بولسۇن.

— جاڭ شيۇ، جاڭ لۇ، خەن سۇي قاتارلىقلار قانداق؟

ساۋ ساۋ چاۋاك چېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— بۇنداق چاكىنىلار ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ! — دېدى.

— بۇنىڭدىن باشقىلارنى كەمىنىلىرى راستتىن بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى لىۇ بېي.

— قەھرىمان ھېسابلانغۇچىلار، — دېدى ساۋ ساۋ، — زور ئىرادىلىك، پەم ـ پاراسەتلىك، پۈتۈن ئالەمنىڭ سىرىنى بىلىپ كېتەلەيدىغان، يەر ـ جاھاننى يۇتۇۋېلىش ئىرادىسى بولغان كىشىلەر.

— ئەمىسە كىم قەھرىمان بولالايدۇ؟ — دەپ سورىدى لىۇ بېي.

ساۋ ساۋ قولى بىلەن ئاۋۋال لىۇ بېينى، ئاندىن كېيىن ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن ئەلدىكى قەھرىمان جانابلىرى بىلەن مەن ساۋ ساۋ بولىمەن، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، لىۇ بېينىڭ قولىدىكى قوشۇق بىلەن چوكا بىردىنلا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ دەل يامغۇر ياغماق بولۇپ، گۈلدۈرماما قاتتىق گۈلدۈرلىگەن پەيتكە ئۇدۇل كەلدى. لىۇ بېي ئېڭىشىپ چوكىنى بىمالال يەردىن ئالدى ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ھاۋانىڭ بىرلا گۈلدۈرلىشى بىلەن قولۇمدىكى چوكىمۇ چۈشۈپ كەتتى، — دېدى.

— مەرد ئەركەكمۇ گۈلدۈرمامىدىن قورقامدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تېز چاقماق، قاتتىق بوراندا ئەۋلىيا پەيغەمبەرنىڭمۇ چىرايى ئۆزگىرىدىكەن، قورقماي بولامدۇ؟! — دېدى ليۇ بېي. ئۇ بايىقى گەپتىن چۆچۈپ كېتىپ، چوكىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇستىلىق بىلەن يېپىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ساۋ ساۋ ليۇ بېيدىن گۇمانلانمىدى. بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنۇ نەزمىنى چىقارغان:

*تۇردى يولۋاس ئۇۋىسىدا نائىلاجلىقتىن كۈتۈپ،*
*سىز قەھرىمان دېگىنىدىن كەتتى قورقۇپ ئۇجۇقۇپ.*
*پايدىلاندى ئورنىدىن ماھىر بولۇپ چاقماق كەبى،*
*ئەۋلىيادەك ئۆزگىرىپ گوياكى پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ.*

يامغۇر ئەمدىگىنە توختىشىدى، ئارقا باغقا ئىككى ئادەم بۆسۈپ كىرىپ كەلدى، ئۇلار ئەتراپتىكىلەرنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي، قوللىرىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا شىپاڭنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. ساۋ ساۋ قارىسا، گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ئىكەن. بۇ ئىككىيلەن شەھەر تېشىدا ئوقيا ئېتىش مەشىقىنى تۈگىتىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ شۈي چۇ بىلەن جاڭ لياۋنىڭ ليۇ بېينى چاقىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئالدىراپ ۋەزىر مەھكىمىسىگە سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەن؛ ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئارقا باغدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرەر پالاكەت باسمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ بۆسۈپ كىرىشكەنىدى. ليۇ بېي ساۋ ساۋ بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ مەيخورلۇق قىلىۋاتقانىكەن، ئىككىسى

شەمشەرلىرىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرۇشتى. ساۋ ساۋ ئىككىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— باش ۋەزىر جانابلىرى بىلەن ئاغىمىزنىڭ مەيخورلۇق قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىش مەقسىتىدە شەمشەر ئويۇنى قىلىپ بەرگىلى كەلگەنىدۇق، — دېدى گۈەن يۈي.

— بۇ شياڭ جۇاڭ بىلەن شياڭ بوغا هاجەت چۈشىدىغان خۇڭمېن مەرىكىسى* ئەمەسقۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ليۇ بېيمۇ كۈلۈۋەتتى. ساۋ ساۋ «ئىككى فەن كۈەي» نىڭ ئەندىشىسىنى بېسىش ئۈچۈن خىزمەتكارلارغا مەي ئېلىپ كېلىڭلار دەپ بۇيرۇدى. گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېي رەھمەت ئېيتتى. بىر پەستىن كېيىن مەرىكە - سورۇن ئاخىرلىشىپ ليۇ بېي ساۋ ساۋ بىلەن خەيرلىشىپ ئۆيىگە قايتتى.

— ئىككىمىز ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتتۇق! — دېدى گۈەن يۈي.

ليۇ بېيمۇ قولىدىن چوكا چۈشۈپ كەتكەن ۋەقەنى ئىككىسىگە سۆزلەپ بەردى. گۈەن يۈي، جاڭ فېيلار بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— مېنىڭ كۆكتاتچىلىقنى ئۆگىنىشىم، ساۋ ساۋغا ئۆزۈمنى ئىرادىسىز كۆرسەتكىنىم ئىدى، ئەمما، كۈتمىگەندە ساۋ ساۋ

---

* خۇڭمېن مەرىكىسى — سۇيىقەست ۋە زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتىدە تەييارلىغان مەرىكە - سورۇن. چىن بىلەن خەن دەۋرىنىڭ ئارىلىقىدا ليۇ باڭ بىلەن شياڭ يۈي هوقۇق تالىشىپ خۇڭمېن (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى لىن تۇڭنىڭ شەرقى تەرىپى) دە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. شياڭيۈي مەرىكە - سورۇن تەييارلاپ ليۇ باڭنى كۈتۈۋالىدۇ. فەن زېڭ مەرىكە - سورۇندا شەمشەرۋازلىق قىلىپ پۇرسىتى كەلگەندە ليۇ باڭنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا شياڭ جۇاڭغا مەخپىي بۇيرۇق بېرىدۇ. شياڭ بومۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ليۇ باڭنى مۇھاپىزەت قىلىش مەقسىتىدە شەمشەرۋازلىق قىلىدۇ، كېيىن فەن كۈەي بۆسۈپ كىرىپ ليۇ باڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېنى قەھرىمان دەپ كۆرسەتتى، شۇنىڭدىن چۆچۈپ كېتىپ قولۇمدىن چوكام چۈشۈپ كەتتى. ساۋ ساۋ شۇبھىلەنمىسۇن دەپ، گۈلدۈرمامىدىن قورقۇپ كەتتىم دەپلا سۆز يوپۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم، — دېدى ليۇ بېي.

— ئاغا! سىلى ھەقىقەتەن پاراسەتلىك ئىكەنلا! — دېيىشتى گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي.

ساۋ ساۋ ئەتىسى يەنە ليۇ بېينى چايغا تەكلىپ قىلدى. راسا ئىچىشىۋاتقاندا، يۈەن شاۋنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاپ بېقىشقا كەتكەن مەن چوڭنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى كېلىپ قالدى. ساۋ ساۋ چاقىرتىپ كىرىپ ئەھۋالنى سورىدى.

— يۈەن شاۋ گۇڭسۇن زەننى تارمار قىپتۇ، — دېدى مەن چوڭ.

— تەپسىلىي سۆزلەپ بەرسىڭىز، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ليۇ بېي دەرھاللا.

— گۇڭسۇن زەن يۈەن شاۋ بىلەن قىلىد■ان جەڭلەردە پايدا ئالالماي، — دەپ بايان قىلدى مەن چوڭ، — شەھەر بويلاپ ئېھاتە قورغىنى ياسىتىپ، قورغاندا ئون غۇلاچ ئېگىزلىكتە يېڭىلىك راۋىقى ناملىق بىر راۋاق سالدۇرغان ھەم 30 تۈمەن خو تېرىق توپلىغان. لەشكەرلەر ئۈزلۈكسىز كىرىپ - چىقىپ ئېلىشىپ تۇرغان، بەزىدە يۈەن شاۋ تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قالغاندا، باشقىلار چىقىپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلسا، گوڭسۇن زەن: «ئەگەر بىر ئادەم قۇتقۇزۇۋېلىنسا، كېيىنكىلەر بىزنى قۇتقۇزىدىكەن دەپلا قاتتىق جەڭ قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ» دەپ قۇتقۇزمىغان. شۇ سەۋەبتىن يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى كەلگەندە، ئۇلارغا ئەل بولغۇچىلار كۆپىيىپ كەتكەن، گۇڭسۇن

زەننىڭ كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاشقان ـ دە، ھەمدەملىك سوراپ شۈيچاڭغا كىشى ئەۋەتكەن. كۈتمىگەندە ئۇ كىشىسى يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان. گۇڭسۇن زەن يەنە جاڭ يەنگە خەت ئەۋەتىپ، ئوت بىلەن بەلگە بېرىپ، ئىچكى ـ تاشقى تەرەپتىن تەڭلا تېگىش قىلىشماقچى بولغان. ئۇ ئادىمىمۇ يۈەن شاۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، ئۇلار شەھەر تېشىغا كېلىپ ئوت بىلەن بەلگە بېرىپ، ئېزىتقۇلۇق قىلغان، گۇڭسۇن زەن ئۇرۇشقا چىققاندا، تەرەپ ـ تەرەپكە يوشۇرۇپ قويۇلغان ياۋ لەشكەرلىرى بىراقلا ئېتىلىپ چىققان، گۇڭسۇن زەن لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىدىن ئايرىلىپ، شەھەرگە چېكىنىپ كىرىۋالغان. يۈەن شاۋ لەخمە قېزىپ، گۇڭسۇن زەن تۇرغان راۋاقنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئوت قويدۇرغان. گۇڭسۇن زەن ھېچبىر نىجات يولى تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزى بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالغان، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن. ئەلھال يۈەن شاۋ گۇڭسۇن زەننىڭ لەشكەرلىرىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەيۋىسى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەن. يۈەن شاۋنىڭ ئىنىسى يۈەن شۇ خۇەينەندە ھەددىدىن ئېشىپ، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ، لەشكەر ۋە پۇقرانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن. شۇ سەۋەبتىن يۈەن شۇ خانلىق نامىنى يۈەن شاۋغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولۇپ كىشى ئەۋەتكەن. يۈەن شاۋ قاشتېشى تامغىنى سورىغانلىقتىن، يۈەن شۇ ئۆزى ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان. ھازىر خۇەينەننى تاشلاپ خېبېيغا قوشۇلماقچى بولۇۋاتسا كېرەك؟ ئەگەر ئىككىسى بىرلىشىۋالسا، ئۇلارنى بىرنەرسە قىلىش مۈشكۈل بولۇپ قالىدۇ، باش ۋەزىر جانابلىرى بۇنىڭغا تېز چارە كۆرۈشلىرىنى سورايمەن.

www.uyghurkitap.com

لىيۇ بېي گۇڭسۇن زەننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆتمۈشتە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن مەرھەمەت ـ ئىلتىپاتلىرىنى ئەسلەپ ناھايىتى مەيۈسلەندى؛ يەنە جاۋ يۈننىڭ ئاقىۋىتىنى بىلەلمەي كۆڭلى بىئارام بولدى ۋە كۆڭلىدە «مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ بۇ يەردىن قۇتۇلۇش ئىلاجىنى قىلماي يەنە قايسى پەيتنى كۈتىمەن؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ساۋ ساۋغا:

— يۈەن شۇ يۈەن شاۋغا بېرىپ قوشۇلماقچى بولسا، چوقۇم شۈيجۇدىن ئۆتىدۇ، ئارا يولدا تېگىش قىلىپ، يۈەن شۇنى تۇتۇش ئۈچۈن كەمىنىلىرى بىر قوشۇن ئاجرىتىپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— ئەتە خانغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئاندىن لەشكىرىي يۈرۈش قىلىۋرسىلەر! — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ.

ئەتىسى لىيۇ بېي خانغا ئىلتىجا قىلدى. ساۋ ساۋ لىيۇ بېينى 5 تۈمەن لەشكەرگە باش بوغ قىلدى، جۇ لىڭ، لۇ جاۋ ئىككىيلەننى ھەمراھ قىلىپ بەردى. لىيۇ بېي خان بىلەن خەيرلەشتى، خان يىغا ـ زارە بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. لىيۇ بېي ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، كېچىچە قورال ـ جابدۇق، ئات ـ ئېگەر تەييارلاپ، سەركەردە تامغىسىنى ئېلىپ، يولغا ئاتلىنىشقا ئالدىرايتتى، دۇڭ چېڭ ئۇن چاقىرىم كېلىدىغان چازاڭگاھ شىپاڭىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— جانابلىرى! ئىلاجى بار سەۋر قىلغايلا، پېقىر سەپىرىمدە چوقۇم پەرمانغا جاۋاب قايتۇرىمەن، — دېدى لىيۇ بېي.

— جانابلىرى ھەم دىققەت قىلغايلا، خاننىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمىغايلا، — دېدى دۇڭ چېڭ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى خوشلاشتى.

— ئاغا! بۇ قېتىمقى سەپەرگە نېمە ئۈنچىۋالا تەمتىرەپ ئالدىرايلا؟ — دەپ سورىدى گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ئاتلىق كېتىۋېتىپ.

— مەن قەپەسدىكى قۇش، توردىكى بېلىق ئىدىم. بۇ سەپەر ۋەجىدىن بېلىق توردىن قۇتۇلۇپ دېڭىزغا كىرگەندەك، قۇش قەپەسدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ هاۋاغا ئۇچقاندەك بولدۇم. دېمەك، باغلاقتىن قۇتۇلدۇق، — دېدى ليۇ بېي ۋە گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېينى جۇ لىڭ بىلەن لۇ جاۋ باشلاپ ماڭغان لەشكەرلەرنىڭ تېزرەك يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن هەيدەكچىلىك قىلىشقا بۇيرۇدى.

بۇ ۋاقىتتا گو جيا بىلەن چېڭ يۈي پۇل ۋە ئاشلىق ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ ئەمدىلا قايتىشقانىدى، ساۋ ساۋنىڭ ليۇ بېينى لەشكەر بىلەن شۈيجۇغا ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاشتى ـ دە، دەرهال ساۋ ساۋ هۇزۇرىغا كىرىپ:

— باش ۋەزىر جانابلىرى! نېمە سەۋەبتىن ليۇ بېينى لەشكەرگە باش بۇغ قىلدىلا؟ — دەپ سوراشتى.

— يۈەن شۇنى توسۇش ئۈچۈن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئۆتكەندە ليۇ بېي يۈيجۇ پاسىبانى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مەسلىهەت بەرسەك، جانابلىرى ئاڭلىمىدىلا؛ ئەمدىلىكتە يەنە لەشكەر بېرىپلا. بۇ ئىشلىرى گويا ئەجدىهانى دېڭىزغا، يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەندەك ئىش بوپتۇ. ئەگەر كېيىن جايلايمىز دەيدىغان بولساق، قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرىمىز؟ — دېدى چېڭ يۈي.

— باش ۋەزىر جانابلىرى! ليۇ بېينى ئۆلتۈرمىگەن هالەتتىمۇ، قولدىن چىقارماسلىق كېرەك ئىدى. قەدىمكىلەر «ياۋنى بىر كۈن ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش، مەڭگۈ بالاغا قېلىش» دېگەن. باش ۋەزىر جانابلىرى ئويلىشىپ كۆرسىلە، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېدى گو جيا.

ساۋ ساۋ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇئان 500 لەشكەر بىلەن ليۇ بېينى قايتۇرۇپ كېلىشكە شۈي چۇنى بۇيرۇدى. شۈي چۇ خوپ دەپ يولغا چىقتى.

ليۇ بېي يولدا كېتىۋاتاتتى، ئارقا تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېيگە:

— بۇ چوقۇم قوغلاپ كېلىۋاتقان ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى، — دېدى - دە، توختاپ قارارگاھ قۇردى، گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېينى قوراللىق ئۆز يېنىدا تۇرغۇزدى. شۈي چۇ يېتىپ كەلدى - دە، لەشكەرلەرنىڭ قاتتىق هازىرلىقتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشۈپ كىرىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى.

— جانابىڭىز نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— سەركەردەم، باش ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىزنى چاقىرىپ كەلدىم، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئىكەن، — دېدى شۈي چۇ.

— «سەركەردىلەر چەتكە چىققاندا، بەزىدە خاننىڭ ئەمرىگىمۇ بويسۇنمايدۇ». مەن خاننىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇم، ئۇنىڭ ئۇستىگە باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ سۆزى بىلەن چىقتىم. ئەمدى باشقا مەسلىھەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. جانابىڭىز تېز قايتىپ، باش ۋەزىر جانابلىرىغا مېنىڭ ئۈچۈن جاۋاب بېرىپ قويارسىز، — دېدى ليۇ بېي.

شۈي چۇ كۆڭلىدە: «باش ۋەزىرنىڭ ئەزەلدىن بۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى ياخشى ئىدى، بۈگۈن مېنى ئېلىشقىن دەپ ئەۋەتمىگەن، سۆزىنى ئېلىپ قايتاي، ئۆزى بىرنەرسە دەر» دەپ ئويلىدى -

دە، ليۇ بېي بىلەن خوشلىشىپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتتى. ئۇ كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ليۇ بېينىڭ سۆزىنى بايان قىلدى. ساۋ ساۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر قارارغا كېلەلمىدى.
— ليۇ بېينىڭ لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇنىمىغانلىقىدىنلا نىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن، — دېدى چېڭ يۈي بىلەن گو جيا.
— ئۇنىڭ يېنىدا جۇ لىڭ بىلەن لۇجاۋ دېگەن ئىككى ئادىمىم بار، ليۇ بېي نىيىتىنى بۇزۇشقا پېتىنالماسمىكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم ئەۋەتىپ قويۇپ، يەنە يېنىۋالسام بولامدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ ۋە ليۇ بېينىڭ كەينىدىن يەنە قوغلىمىدى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنۇ نەزمىنى چىقارغان:

*باشلىدى لەشكەرلىرىنى كەتتى تېنەپ ـ ئالدىراپ،*
*ئارسلان قاچتى بۇزۇپ تۆمۈر قەپەسنى پارچىلاپ.*
*زادى چىقماي دىلىدىن بەل باغلىدىكى خان بۇيرۇقى،*
*مىسلى زور زەنجىرنى چاقتى ئەجدىھا كەتتى بوشاپ.*

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ليۇ بېينىڭ كەتكىنىنى كۆرگەن ما تېڭ مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالدى دېگەن باھانە بىلەن شىلياڭ ئايمىقىغا قايتىپ كەتتى.
ليۇ بېي لەشكەرلىرى شۈيجۇغا يېتىپ كەلگەندە، ئايماقبېگى چې جۇ ئىستىقبال قىلدى. مەرىكە ـ سورۇن تۈگىگەندىن كېيىن، سۈن چيەن، مى جۇلار كېلىپ كۆرۈشتى. ليۇ بېي ئۆيىگە قايتىپ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشتى، يەنە بىر تەرەپتىن يۈەن شۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئايغاقچىلار ئەۋەتتى. ئايغاقچىلار قايتىپ كېلىپ:
— يۈەن شۇ ھەددىدىن زىيادە كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتكەنلىكى ئۈچۈن، لېي بۇ، چېن لەنلەرنىڭ ھەممىسى سۇڭشەندىكىلەرگە قوشۇلۇشقا كېتىپتۇ. يۈەن شۇ زەئىپلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن خانلىق نامىنى يۈەن شاۋغا ئۆتۈنۈپ مەكتۇپ يازغانىكەن، يۈەن شاۋ يۈەن شۇنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. ھازىر يۈەن شۇ قوشۇنلىرىنى يىغىپ، ئوردا ـ ھەرەمدە ئىشلىتىدىغان ئىسىل بۇيۇملارنى ئېلىپ شۈيجۇغا كېلىۋېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

لىيۇ بېي يۈەن شۇنىڭ كېلىۋاتقىنىنى بىلىپ گۈەن يۈي، جاڭ فېي، جۇ لىڭ، لۇ جاۋلارنى ئېلىپ 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن قارشى چىقتى ۋە يۈەن شۇنىڭ تۇرشاۋۇلى جى لىڭغا دۇچ كەلدى. جاڭ فېي ھېچ سۆز قىلماستىنلا، توپتوغرا جى لىڭغا ئېتىلدى. ئون رەددى بەدەل ئۆتمەستىن، جاڭ فېي بىر نەرە تارتىپ، بىر زەربە بىلەنلا جى لىڭنى ئۆلتۈرۈپ ئات ئاستىغا چۈشۈردى، يېڭىلگەن لەشكەرلەر قاچتى. يۈەن شۇ ئۆزى لەشكەر باشلاپ ئېلىشىشقا يېتىپ كەلدى. لىيۇ بېي لەشكەرلىرىنى ئۈچ تارامغا بۆلدى: يەنى جۇ لىڭ بىلەن لۇ جاۋنى سولغا، گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېينى ئوڭغا قويۇپ، ئۆزى مەركىزىي قوشۇننى باشلاپ ماڭدى ۋە يۈەن شۇ بىلەن دۇچ كېلىشتى، لىيۇ بېي نىشان تۇغىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ:

— سەن ئاسىيلىق قىلغىنىڭ ئۈچۈن، مەن پەرمان بويىچە جازالىغىلى كەلدىم! قول قوشتۇرۇپ ئەل بولساڭ گۇناھىڭدىن كېچىمەن! — دەپ تىللىدى.

— ھەي بورىچى تېگى پەس! مېنى كەمسىتىشكە نېمە ھەددىڭ ئىدى؟ — دەپ تىللىدى يۈەن شۇ ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئېتىلىپ كەلدى. لىيۇ بېي ۋاقىتلىق چېكىنىپ ئوڭ ۋە سولدىكى قوشۇنلىرىنىڭ چاپ ـ چاپقا ئۆتۈشىگە ئىمكان ياراتتى.

يۈەن شۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكى پۈتۈن دالىنى قاپلىدى، قېنى ئېرىق بولۇپ ئاقتى، قاچقان لەشكەرلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇڭشەندىكىلەردىن لېي بۇ، چېن لەنلەر تاغدىن چۈشۈپ پۇل، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئۇلار شۇچۈنگە قايتماقچى بولغىنىدا، بۇلاڭچىلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچرىدى، نائىلاج جياڭتىڭدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قالغان بىر،ر مىڭدەك ئادىمىنىڭ ھەممىسى قېرى ۋە ئاجىزلار ئىدى. بۇ ۋاقىت تازا ئىسسىق تومۇز ۋاقتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەپ، پەقەت ئوتتۇز نەچچە خولا ئاشلىقى قالغانىدى. شۇڭا ئۇنى لەشكەرلەرگە بۆلۈپ بەردى، ئۆيىدىكىلەرنىڭ تولىسى ئاشلىق بولمىغانلىقتىن ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. غورىگىل تاماق يۈەن شۇنىڭ كېلىدىن ئۆتمىگەچكە، ئاشپىزىدىن ئۇسسۇزلۇققا ھەسەل شەربىتى سورىغۇدى، ئاشپەز:

— قان شەربىتى بار، ھەسەل شەربىتى نېمە قىلىسۇن؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

يۈەن شۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، قاتتىق چىرقىرىغۇەتتى ـ دە، يەرگە يىقىلىپ نۇرغۇن قان قۇسۇپ ئۆلدى. بۇ جيەنئەننىڭ 4 ـ يىلى، 6 ـ ئاي ئىدى. بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىشقان:

*چىقتى ئىسيان خەن* گە قارشى يۇرتتا ئەل قارشىلىشىپ،*
*چېكىدىن ئاشقانىدى يۈەن شۇ قەبىھ غالجىرلىشىپ.*
*نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان ۋەزىرلىكنى ئويلىماي،*
*ئۆز بېشىغا زومىزور بولغانىدى خان يامىشىپ.*

---

* خەن خاندانلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*ئالدى دۆلەت تامغىسىنى باشلىدى زورلۇق شۇئان،*
*ئىپتى مەغرۇرلۇق بىلەنكى تەگرى شۇنداق بۇيرۇغان.*
*ئۇسىغاندا سۇمۇ يوق، تۇرماق ھەسەلنىڭ شەربىتى،*
*كاتتا يالغۇز قالغىنىدا قان قۇسۇپ بەردى ئۇ جان.*

يۈەن شۇ ئۆلگەندىن كېيىن، جىيەنى يۈەن يىن ئۇنىڭ جەستى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ لۇجاڭغا قاچتى، ئۇ يەردە شۈي چيۇ تەرىپىدىن تامامەن قىرىپ تاشلاندى. شۈي چيۇ قاشتېشى تامغىنى ئالدى ـ دە، پايتەخت شۈيچاڭغا بېرىپ ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلدى. ساۋ ساۋ بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ، شۈي چيۇنى گاۋلىڭنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاشتېشى تامغا ساۋ ساۋنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ليۇ بېي يۈەن شۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خانغا مەلۇمات، ساۋ ساۋغا مەكتۇپ يېزىپ، جۇلىڭ بىلەن لۇجاۋنى پايتەختكە قايتىشقا بۇيرۇدى، ئۆز لەشكەرلىرىنى شۈيجۇنى ساقلاشقا قالدۇردى، يەنە شەخسەن ئۆزى شەھەردىن چىقىپ، سەرسان، پاراكەندە بولغان ئاھالىنى ئۆز ئوقتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلدى.

جۇ لىڭ بىلەن لۇ جاۋ پايتەخت شۈيچاڭغا قايتىپ كېلىپ، ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى، لەشكەرلەرنى ليۇ بېينىڭ ئېلىپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى. ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ، بۇ ئىككىيلەننى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، بۇ چاغدا شۈن يۈي:

— ھوقۇق ليۇ بېيغا ئۆتكەنلىكتىن، بۇ ئىككىيلەن نېمە قىلالايتتى؟ — دەپ بۇلارنى تىلىۋالدى، ساۋ ساۋمۇ كەچۈرۈم قىلدى.

— ئىچىدە تۇرۇپ جايلىشىۋېتىش ئۈچۈن چې جۇغا خەت يازايلى! — دەپ مەسلىھەت بەردى شۈن يۈي.

ساۋ ساۋ بۇ تەدبىرنى ماقۇل كۆرۈپ، چې جۇ بىلەن كۆرۈشۈشكە مەخپىي كىشى ئەۋەتتى، ئۇ ساۋ ساۋنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى. چې جۇ چېن دېڭنى بۇ ئىش ھەققىدە مەسلىھەتكە چاقىردى، چېن دېڭ:

— بۇ ئىش ئىنتايىن ئاسان. ليۇ بېي ئاھالىنى توپلاش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ كەتكەن، بىرقانچە كۈندىن كېيىن قايتىدۇ؛ سەركەردە جانابلىرى تاشقىرى قوۋۇقنىڭ ئىچىگە لەشكەرلەرنى يوشۇرۇپ قويسىلا، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان بولسۇن، ئۇ يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، قىلىچ بىلەن بىرلا ئۇرۇپ بېشىنى ئالسىلا، خالاس؛ مەن سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ئارقىسىدىكى لەشكەرلىرىنى ئوق ئېتىپ توختىتىۋالىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

چې جۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدى. چېن دېڭ ئۆيىگە قايتىپ ۋەقەنى ئاتىسى چېن گۈيگە سۆزلەپ بېرىۋىدى، چېن گۈي ئەھۋالدىن ليۇ بېينى خەۋەردار قىلىپ قويۇشقا ئوغلى چېن دېڭنى بۇيرۇدى. ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چېن دېڭ ئەھۋالنى ليۇ بېيغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇچقاندەك كېتىۋېتىپ يولدا گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېيغا دۇقۇرۇشۇپ قالدى - دە، ۋەقەنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. ليۇ بېي ئارقىدا، گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ئالدىدا قايتىشقانىدى، جاڭ فېي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا، بېرىپ ئېلىشماقچى بولدى، گۈەن يۈي:

— ئۇلار، تاشقىرى قوۋۇقنىڭ ئىچىگە لەشكەر يوشۇرۇپ قويۇپ بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، بارساق چوقۇم زىيانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچرايمىز، مېنىڭ چې جۇنى ئۆلتۈرۈشكە يارايدىغان بىر تەدبىرىم بار، كىچىككىنە شۈيجۇغا كەلگەن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قىياپىتىگە كىرىپ، چې جۇنى شەھەردىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ تۇيۇقسىز ئۆلتۈرەيلى، — دېدى.

جاڭ فېي ماقۇل بولدى. بۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر ئەسلىدە ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى بولغاچقا، ئەلەملىرى، كىيىملىرى ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. شۇ كۈنى ئېغىر ياتقۇ ۋاقىتلىرى بولغاندا، سېپىل تۈۋىگە كېلىپ قوۋۇقنى قېقىشتى. سېپىل ئۈستىدىكىلەر ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىدى. ئۇلار بىز باش ۋەزىر ئەۋەتكەن جاڭ لياۋنىڭ لەشكەرلىرى بولىمىز، دەپ جاۋاب بېرىشتى. سېپىلدىكىلەر چې جۇغا مەلۇم قىلدى. چې جۇ چېن دېڭنى كېڭەشكە چاقىرىپ:

— ئەگەر ئالدىغا چىقمىساق، گۇمانلىق بولۇپ قالىمىز؛ ئالدىغا چىقايلى دېسەك، بۇنى ھېلىمىكىن دەيمىز، — دېدى.

— قاراڭغۇدا ئادەملەرنى پەرق ئېتىش قىيىن، ئەتە تاڭ يورۇغاندا كۆرۈشەيلى، — دېدى چې جۇ سېپىلغا چىقىپ.

— ليۇ بېي ئۇقۇپ قالارمىكىن، قوۋۇقنى تېزرەك ئېچىڭلار! — دېدى سېپىل سىرتىدىكىلەر.

چې جۇ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغىنىدا قوۋۇق تېشىدىن دەرۋازىنى ئېچىڭلار! دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئامالسىز قالغان چې جۇ ساۋۇتنى كىيىپ، 1000 لەشكىرى بىلەن شەھەردىن چىقتى، ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا:

— جاڭ لياۋ قەيەردە؟ — دەپ توۋلىدى.

چې جۇ ئوت شولىسىنىڭ ئىچىدە قىلىچ كۆتۈرگەن گۈۋەن يۈينىڭ توپتوغرا ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

قالدى.

— ھەي نائەھلى! تۇزاق قويۇپ مېنىڭ ئاكامنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟ — دېدى گۇەن يۈي.

چې جۇ ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى، بىرنەچچە زەرب ئېلىشقاندىن كېيىن، تەڭ كېلەلمەي ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچتى. ئاسما كۆۋرۈك يېنىغا كەلگەندە، چېن دېڭ سېپىل ئۈستىدىن ئوقيا ئوقىنى ياغدۇرۇۋەتتى، ئامالسىز قالغان چې جۇ سېپىلنى ئايلىنىپ قاچتى، گۇەن يۈي قوغلاپ كېلىپ بىر قىلىچ بىلەن ئۇنى ئات ئاستىغا يىقىتتى ـ دە، بېشىنى كېسىۋېلىپ قايتىپ كېلىپ، سېپىل ئۈستىدىكىلەرگە قاراپ:

— ئىسيانچى ئوغرى چې جۇنى ئۆلتۈردۈم؛ كۆپچىلىك سىلەر ئەيىبسىز. ئەل بولغانلار ئۆلۈمدىن ئامان قالىدۇ! — دەپ توۋلىدى. لەشكەرلەر نەيزىسىنى ياندۇرۇپ ئەل بولۇشتى. لەشكەر ۋە ئاھالىنىڭ ھەممىسى ئەمىن قىلىندى.

گۇەن يۈي چې جۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ليۇ بېينىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە چې جۇنىڭ قەستىنى بايان قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ليۇ بېي ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— ئەگەر ساۋ ساۋ كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— جاڭ فېي بىلەن ئىككىمىز قارشى چىقىمىز! — دېدى گۇەن يۈي.

ليۇ بېي تولىمۇ پۇشايمان قىلدى، ئاندىن شۈيجۇغا كىردى. شەھەردىكى قېرى ـ ياشنىڭ ھەممىسى يولنىڭ ئىككى چېتىدە تىزلىنىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. ليۇ بېي مەھكىمىگە بېرىپ جاڭ فېينى ئىزدىدى، جاڭ فېي چې جۇنىڭ پۈتۈن ئۆيدىكىلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— ساۋ ساۋنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇق، ساۋ ساۋ بۇنىڭغا قاراپ تۇرمايدۇ! — دېدى ليۇ بېي.

— ساۋ ساۋنى قايتۇرىدىغان مېنىڭ بىر تەدبىرىم بار، — دېدى جېن دېڭ. دەرھەقىقەت:

*يېتىم جاننى قۇتقۇلدۇردى يولۋاس ئاغزىدىن،*
*ئەپچىل كېلىپ ئامان قالدى ئۇرۇش ئوتىدىن.*

جېن دېڭنىڭ قانداق تەدبىر كۆرسەتكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## يۈەن شاۋ بىلەن ساۋ ساۋنىڭ ئۇچ قوشۇن تارتىپ چىققانلىقى
## گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېيىنىڭ ۋاڭ جۇڭ بىلەن لىيۇ دەينى قولغا چۈشۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، چېن دېڭ لىيۇ بېيغا تەدبىر كۆرسىتىپ:

— ساۋ ساۋنىڭ قورقىدىغىنى يۈەن شاۋ. جىجۇ، چىڭجۇ، يۈيجۇ، بىڭجۇۋ ئايماقلىرى يۈەن شاۋنىڭ قولىدا، ئۇنىڭ 100 تۈمەن لەشكىرى بار، ئەلەمدار - قەلەمدار بەگ - سىپاھلىرى ئىنتايىن نۇرغۇن، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا خەت بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ھەمدەملىك سورىمايمىز؟ — دېدى.

— يۈەن شاۋ بىلەن ئارىمىزدا ئالاقە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنىسىنى تېخى يېقىندا يوقاتتىم. ماڭا ھەمدەملىشىشكە قانداق ئۇنىسۇن؟ — دېدى لىيۇ بېي.

— بۇ يەردە بىر زات باركى، ئۈچ ئەۋلادتىن بېرى يۈەن شاۋلار جەمەتى بىلەن يېقىن - دوستانە ئۆتۈپ كەلدى، ئەگەر بۇ كىشى يۈەن شاۋغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بېرىدىغان بولسا، يۈەن شاۋ چوقۇم ھەمدەمگە كېلىدۇ، — دېدى چېن دېڭ.

لىيۇ بېي ئۇ زاتنىڭ كىملىكىنى سورىۋىدى، چېن دېڭ:

— ئۇ زات جانابلىرى ھەمىشە ئىخلاس ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىغۇ؟ نېمە سەۋەبتىن ئۇنتۇپ قالدىلا؟ — دېدى.

— جېك شۇەن موللام بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى لىۇ بېي بىردىنلا ئېسىگە كەلتۈرۈپ.

— شۇنداق، — دېدى چېن دېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

جېك شۇەننىڭ يەنە بىر ئىسمى كاڭ چېڭ ئىدى. ئۇ ئىلىمگە بېرىلىپ كاتتا ئىستىبدانتا يېتىشكەن، مارۇڭنىڭ شاگىرتى ئىدى. مارۇڭ ھەر قېتىم لالىرەك چېدىردا، ئالدىغا تالىپلارنى توپلاپ ساۋاق بەرگەندە، ئارقىغا غەزەلخان قىزلارنى، ئەتراپىغا دېدەكلەرنى تۇرغۇزۇپ قوياتتى. ما رۇڭدىن ئۈچ يىل ساۋاق ئالغان جېك شۇەن بۇلارغا بىرەر قېتىممۇ شەھۋانى نەپسى بىلەن كۆز قىرىنى تاشلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستازى ما رۇڭ بۇنىڭغا ھەيران قالغانىدى. جېك شۇەن ئۆز تەھسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ پاتىھە ئېلىپ قايتقانىدى. ئۇستاز ما رۇڭ: «مەندىكى ئىلىمنىڭ سىرلىرىنى يىگانىلا جېك شۇەن ئىگىلىدى» دېگەنىدى. جېك شۇەننىڭ ئائىلىسىدە خىزمەت قىلغۇچى دېدەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «ماۋ نەزمىلىرى» دىن خەۋەردار ئىدى. بىر دېدەك قىز جېك شۇەن موللىنىڭ رايىغا خىلاپ ئىش قىلىپ قويغىنىدا، جېك شۇەن ئۇنى پايىدە خېلى ئۇزۇنغىچە تىزلاندۇرۇپ قويغان. بىر دېدەك قىز ئۇنىڭغا نەزمە بىلەن: «ئولتۇرسەن پايىدە تىزلىنىپ سەن نېمىشقا؟» دېگەندە، دېدەك: «مەلۇملاشقا بىر ئىشنى كىرىپتىمەن قېشىغا، چۆشۈپ قالدىم نە بىلەي خاپىلىقنىڭ بېشىغا» دەپ نەزمە بىلەن جاۋاب بەرگەن. دېمەك، ئۇ نەفاسەتتە شۇنچىلىك ئىكەن.

خۇەن دى خان دەۋرىدە جېك شۇەن ئوردىدا مەنسەپ تۇتۇپ دىۋانبېگى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن؛ كېيىن ئۇن مەھرەم

بېگىنىڭ مالىمانى تۇپەيلىدىن مەنسىپىدىن ۋاز كېچىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئىستىقامەت قىلىپ كەلگەن. ليۇ بېي جۇجۇن ئايمىقىدا ۋاقتىدا، بۇ زاتتىن ساۋاق ئالغانىدى؛ شۇيجۇ پاسىبانى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدىمۇ، ھەمىشە بۇ زاتقا ئىلتىجا قىلىپ تۇراتتى، ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى.

ليۇ بېي بۇ زاتنى خاتىرىگە كەلتۇرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ـ دە، چېن دېڭ بىلەن بىرلىكتە جېڭ شۇەن موللا ئۆيىگە كېلىپ، مەكتۇپ يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. جېڭ شۇەن قوبۇل كۆرۈپ، ليۇ بېيغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەردى. ليۇ بېي سۇن چيەننى كېچىلەپ يول يۇرۇپ يۇەن شاۋغا يەتكۇزۇشنى بۇيرۇدى.

يۇەن شاۋ مەكتۇپنى ئالغاندىن كېيىن ئوقۇپ بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «ليۇ بېي مېنىڭ ئىنىمنى يوقاتتى، ھەمدەم بولماسلىقىم كېرەك ئىدى، ئەمما، دېۋانبېگى جېڭ شۇەن جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقى بولغاچقا، بېرىپ قۇتقۇلدۇرماي بولمايدۇ» دېدى ـ دە، قەلەمدار ـ ئەلەمدار مەنسەپدارلىرىنى يىغىپ، ساۋ ساۋغا قارشى لەشكەر تارتىش ھەققىدە كېڭەش ئۇيۇشتۇردى.

— يىلسايىن لەشكەر تارتىۋېرىپ، — دېدى مەسلىھەتچى تيەن فېڭ، — پۇقرا ھاردى، ساڭلىرىمىز قۇرۇپ قالاي دېدى، جىق لەشكەر تارتىپ چىقىشقا بولمايدۇ، ئالدى بىلەن خانغا كىشى قويۇپ گۇڭسۇن زەن ئۇستىدىن نۇسرەت قازانغانلىقىمىزنى مەلۇم قىلايلى، ئەگەر بۇ يول بىلەن ئۆتەلمىسەك، ساۋ ساۋ خانلىق يولىنى توستى، دەپ ئەلگە ئېلان قىلايلى ـ دە، ئاندىن كېيىن، لياڭغا لەشكەر تارتايلى؛ شۇنىڭدەك خېبېيدا كېمىلەرنى كۆپەيتىپ، قورال ـ ياراغلارنى تەييارلاپ، خىللانغان لەشكەرلىرىمىزنى يۇرت پاسىللىرىغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلساق، ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇلۇغ ئىشلىرىمىز ۋۇجۇدقا چىققۇسىدۇر.

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. جانابلىرىنىڭ قۇدرەت ھەيۋىسى، خې شۇنىڭ كۆچلۈكلۈكىگە تايىنىپ، ساۋ ساۋغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئالىقاننى دۈم قىلغانغا ئوخشاش ئاسان ئىش. ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى مەسلىھەتچى شېن پېي.

— نۇسرەت قازىنىشنىڭ يولى، — دېدى مەسلىھەتچى جۇ شۇ، — كۈچلۈك بولۇشتا ئەمەس. ساۋ ساۋ ئىشنى قانۇنىي ئەمرلەر بىلەن يۈرۈشتۈرۋاتىدۇ، لەشكەرلىرى ياخشى تەربىيىلەنگەن، بۇنى ئولتۇرۇپ قامال كۈتىدىغان گۇڭسۇن زەن بىلەن تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمدىلىكتە خانغا نۇسرەت خەۋىرىنى مەلۇم قىلىشتەك ياخشى تەدبىردىن ۋاز كېچىپ، بىھۇدە لەشكەر تارتىش مېنىڭچە جانابلىرىغا لايىق ئەمەسمىكىن!

— يوقسۇ، ساۋ ساۋغا قارشى لەشكەر تارتىپ چىقىش نېمە ئۈچۈن بىھۇدە ئىش بولىدىكەن؟ جانابلىرى مۇشۇ پەيتتە ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋېلىشلىرى لازىم. دىۋانبېگى جېك شۈەن جانابلىرىنىڭ سۆزىگە قوشۇلسىلا، لىۇ بېي بىلەن بىرلىكتە ھەققانىيەت ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ، ساۋ ساۋنى يوقاتسىلا بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە، پۇقرانىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇندۇر، بۇ كىشىلەرنى خوش قىلىدىغان ئىش بولىدۇ! — دېدى مەسلىھەتچى گو تۇ.

بۇ تۆتەيلەننىڭ بەس - مۇنازىرىسىنىڭ ئايىغى چىقمىدى، يۈەن شاۋمۇ بىر قارارغا كېلەلمىدى. بۇ ۋاقىتتا تۇساتتىن شۈي يۇ بىلەن شۈن چېن تالادىن كىرىپ كەلدى.

ئىككىيلەن سالام - سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن،

يۈەن شاۋ ئۇلارغا:

— دىۋانبېگى جېڭ شۈەن جانابلىرى ماڭا لىۋ بېيغا ھەمدەمدە بولۇپ، ساۋ ساۋغا قارشى لەشكەر تارتىش توغرىسىدا مەكتۇپ يېزىپتۇ. لەشكەر تارتىپ چىققىنىمىز تۈزۈكمۇ ياكى لەشكەر تارتىپ چىقمىغىنىمىز تۈزۈكمۇ؟ — دەپ سوئال قويىدى.

— جانابلىرى كۆپچىلىك بىلەن ئازچىلىقتا، كۈچلۈك تۇرۇپ ئاجىزغا تېگىش قىلىش، خەن خاندانلىقىنىڭ مۇناپىقىنى جازالاش ئارقىلىق، خاندانلىققا يار ـ يۆلەكتە بولىدىلا؛ لەشكەر تارتىپ چىققانلىرى تۈزۈك، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ھەر ئىككىسى تەڭلا.

— ئىككىڭلارنىڭ قارىشى مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك چىقتى، — دېدى يۈەن شاۋ ۋە لەشكەر تارتىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى.

يۈەن شاۋ ئالدى بىلەن جېڭ شۈەن موللامغا جاۋاب ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭدەك لىۋ بېيغا بولۇشۇشقا ھازىر بولۇپ تۇرۇشنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن سۇن چيەننى قايتۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن شېن پېي، فېڭ جىنى لەشكەر باش بوغى، تيەن فېڭ، شۈن چېن، شۈي يۇلارنى مەسلىھەتچى، يەن لياڭ، ۋېن چۇلارنى سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى. ئاندىن 15 تۈمەن ئاتلىق لەشكەر، 15 تۈمەن پىيادە لەشكەر بولۇپ، جەمئىي 30 تۈمەن خىللانغان لەشكەر بىلەن لياڭغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

لەشكەر تەقسىملەش ئىشلىرى تامام بولغاندىن كېيىن، گو تۇ:

— جانابلىرى ھەققانىيەت يولىدا ساۋ ساۋغا قارشى يۈرۈش قىلىۋاتىدىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن ساۋ ساۋنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان ئېلان تەرىقىسىدە ئەيىبنامە پۈتۈپ ھەممە ئايماقلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارقىتىپ، ئۇنىڭ گۇناھى بولغانلىقى ئۈچۈن جازا يۈرۈشى قىلىمىز دېسەك، ئاندىن نامۇ ئەمالىمىز ئورۇنلۇق، سۆزىمىز ئوڭ بولۇپ چىقىدۇ، — دەپ پىكىر بەردى. يۈەن شاۋ بۇنى قوبۇل كۆرۈپ، سەركاتىپ چېن لىننى چاقىرىپ ئېلان يېزىشقا بۇيرۇدى.

چېن لىننىڭ يەنە بىر ئىسمى كۇڭ جاڭ ئىدى، ئۇ ئىستېبدتلىق ۋە مەشھۇر شەخس ئىدى؛ لىڭ دى خان زامانىدا، ئوردا مىرزىسى بولغان؛ بەرگەن پايدىلىق كېڭەشلىرىنى خې جىن قوبۇل قىلمىغانلىقتىن دۇڭ جۇنىڭ مالىمىنىغا ئۇچراپ كېتىپ، جىجۇغا پاناھ ئىزدەپ كېلىپ قالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن يۈەن شاۋ ئۇنى سەركاتىپ قىلىۋالغانىدى. چېن لىن يۈەن شاۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەلەمنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر پەستىلا ئېلاننى تەييار قىلدى. ئېلان مۇنداق ئىدى:

> مەلۇمكى، ئاقىل ھۆكۈمدارلار ئەلنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، ئومۇمەن تۇغۇلۇشى ئېھتىمال بولغان خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ھوشيار تۇرىدۇ، سادىق ۋەزىرلەر ھاكىمىيەتنى تۇرغۇزۇشنىڭ قىيىنلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. پەۋقۇلئاددە كىشىلەر بولغاندا، ئاندىن پەۋقۇلئاددە ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئىشلار بولغاندا، ئاندىن پەۋقۇلئاددە ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇنى ئادەتتىكى كىشىلەر ھەرگىز ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.
>
> بۇرۇنىسىدا چېن خاندانلىقى كۈچلۈك، ئەمما، خانى زەئىپ بولۇپ، جاۋ گاۋ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، خالىغانچە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغانىدى. ئۇنىڭ زۇلمى ئاستىدا، ھېچكىم ھەق سۆز قىلالمايتتى؛

نەتىجىدە ۋاڭ يى سارىيىدا نابۇت بولۇش ۋەقەسى* يۈز بەرگەن، خان ئەجدادلىرىنىڭ ئىبادەتخانىسى كۆيدۈرۈلگەن. بۇ خورلۇق ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە مەڭگۈ ئىبرەت بولۇپ قالدى.

لۇيخۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، لۈي چېن، لۈي لۇلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالدى. ئىچكى جەھەتتە لەشكەرلەرگە باشچىلىق قىلىپ، تاشقى جەھەتتە لياڭ بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛ ھەممە ئىشنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىۋېلىپ، خانغا يوللىماي خاندانلىق مەھكىمىسىدە بىر تەرەپ قىلدى؛ يۇقىرىنى مەنسىتمەي تۆۋەندىكىلەرنى ئەزدى، ئەلدىكى خالايىقنىڭ ھەممىسى قورقۇپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ جياڭ بېگى بىلەن جۇ شۈي بېگى بىرلىشىپ، غەزەپ بىلەن لەشكەر تارتىپ، ئاسىيلارنى ئۆلتۈرۈپ، ۋېن دى** نى خانلىققا تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادىللىق يولى راۋاج تېپىپ ئەلگە پارلاق نۇر چېچىلدى، بۇ ئۇلۇغ ۋەزىرلەرنىڭ ھاكىمىيەت تىكلىشىنىڭ روشەن ئۈلگىسى.

ئەمىر مېمار ساۋ ساۋنىڭ بوۋىسى ھۇدەيچى ساۋ تېڭ، زو گۇەن، شۈي خۇاڭلار*** بىلەن بىرلىكتە

---

* ۋاڭ يى سارىيىدا نابۇت بولۇش ۋەقەسى — چىن خاندانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى ھەرەم ئاغىلىرىدىن جاۋ گاۋنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكتىن خاندانلىق ھوقۇقىنى جاۋ گاۋ قولىغا كىرگۈزۈۋالغان، كېيىن ئىككىنچى خان ئۇنىڭ قىيىن ـ قىستىقى ئاستىدا، ۋاڭ يى سارىيىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

** خەن گاۋزۇ ئۆلگەندىن كېيىن، خانىش لۈي خۇ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالدى. ئۇ ئۆز جىيەنى لۈي لۇ، لۈي چەنلەرنى لەشكەرلەرگە باشلىق قىلىپ، خاندانلىقنىڭ ئىشلىرىغا ھەمـدەملەشتۈرۈپ، تەختنى تارتىۋېلىش خىيالىغا چۈشكەن. ئۇلۇغ ۋەزىرلەردىن جياڭ بېگى جۇ بو، جۇ شۈي بېگى ليۇ جاڭلار بىرلىشىپ لۈي چەن قاتارلىقلارنى ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرۈپ، خەن گاۋزۇنىڭ ئوغلى ليۇ خېڭنى خانلىققا تەكلىپ قىلدى. ليۇ خېڭ ۋېن دى خاندۇر.

*** ساۋ تېڭ، زو گۇەن، شۈي خۇاڭ — شەرقىي خەن دەۋرىدە ھوقۇقلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلغان ھەرەمئاغىلىرى.

www.uyghurkitap.com

خىيانەتچىلىك قىلدى ۋە ياۋۇزلۇق بىلەن زوراۋانلىق قىلدى، ئۆرپ - ئادەتنى بۇزۇپ خەلقنى خورلىدى، ئاتىسى ساۋ سۇڭ بىر بېقىندى بولۇپ، پارا بېرىش يولى بىلەن مەنسەپدار بولغانىدى. شۇنىڭدەك يەنە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيالارنى مەنسەپدارلارغا تىقىپ يۈرۈپ، ئاخىر ھوقۇقلۇق زور مەنسەپكە چىقىۋالغانىدى. ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى ئاغۋاتلارنىڭ مال - دۇنياسىغا ۋارىسلىق قىلغان تېگى پەس ئادەم. ئۇ باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولىدىغان مالىمانچى، مەككار — هارامزادە.

مەنكى سەركەردە يۈەن شاۋ، خۇددى بولۇپ ئۆتكەن مەنسەپدارلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ، ئەلگە زۇلۇم سالغان دۇڭ جۇنى قورقۇتقاندەك، بۇ مەشئۇم ئاسىيلار گۇرۇھىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈچلۈك قوشۇن باشلىدىم؛ قولغا قورال ئالدىم - دە، تەبل جەڭ چالدۇردۇم، دۇڭشيا* دا قەھرىمانلارنى يىغىپ، ياخشىلارنى ئىشقا سېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردىم. ئۆتكەندە ساۋ ساۋ بىلەنمۇ بىللە بولۇپ، قولچوماقلىق ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم لەشكەر بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەنىدىم. لېكىن ئۇنىڭ نادانلىقى، ئەقىلسىزلىقى، تەدبىرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزى بىلگەنچە يېنىكلىك بىلەن تېگىش قىلدى، ھەدەپ چېكىنىپ، لەشكەرلەرنى ناھايىتى زور تالاپەت - زىيانلارغا ئۇچراتتى. مەن سەركەردە ئۇنىڭغا يەنە تاللانغان لەشكەرلەرنى بېرىپ قوشۇننى تولۇقلىدىم.

* دۇڭشيا — شەرقىي جۇڭگو مەنىسىدە.

دۆڭ جۇنغا ئىلتىماس يېزىپ يەنجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى قىلدۇرۇپ، نام ـ نىشانغا ئىگە قىلغۇزدۇم. قەھرىمان سەركەردە دېگەن نام بىلەن ئىناۋىتىنى ۋە ھوقۇقىنى تىكلىۋالسۇن، چىن قوشۇنى نۇسرەت قازىنىپ خىزمەت كۆرسىتەر* دەپ ئۈمىد قىلغانىدىم. ساۋ ساۋ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زوراۋانلىق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا باشلىدى، بۇزۇقچىلىق قىلدى، پۇقراغا زۇلۇم سېلىپ، ياخشىلارغا زىيانكەشلىك قىلدى.

مەرھۇم جيۇجياڭ ھاكىمى بيەن راڭنىڭ مەردلىكى، ئىستېداتى پۈتۈن ئەلگە مەشھۇر ئىدى؛ توغرىلىقى، ھەق سۆزلۈكى، خۇشامەتگۇيسىزلىقى تۈپەيلى بېشى كېسىلىپ ئېسىلدى، رەپىقىسى، بالىلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلىمالار غەزەپلەندى، پۇقرانىڭ نارازىلىقى پەلەكنى قاپلىدى؛ بىر ئادەمنىڭ يەڭ شىمايلاپ چىقىشى بىلەن پۈتۈن ئايماق خەلقى قوزغالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساۋ ساۋ شۈيجۇدا يېڭىلىپ، يەر ـ زېمىنىنى لۈي بۇغا تارتتۇرۇپ قويىدى، تۇرغۇدەك ماكانى قالماي، كۈنچىقىش تەرەپتە سەرسان بولۇپ يۈردى.

مەن سەركەردە كۈچلۈكلەرنى تىنىزگىنلەش، ئاجىزلارنى يۆلەشنى ئۆز بۇرچۇم ھېسابلاپ، ئاسىيلار گۇرۇھى بىلەن مۇرەسسە قىلمىدىم. لۈي بۇنى جازالاش ئۈچۈن قايتا ئەلەم كۆتۈرۈپ، ساۋۇت كىيىپ، پۈتۈن قوشۇنۇم بىلەن ئاتلاندىم، جەڭ ناغرىلىرىم چېلىنىشى

* چىن قوشۇنىنىڭ نۇسرەت قازىنىپ خىزمەت كۆرسىتىشى — چۇنچيۇ دەۋرىدە چىن بەگلىكىنىڭ تۆرىسي مېڭ مىڭ لەشكەر باشلاپ جىن بەگلىكى بىلەن جەڭ قىلىشتا يېڭىلگەن؛ چىن خانى ئۇنى جازالىماي ئۇنىڭدىن كەلگۈسىدە ئىنتىقام ئالار دەپ ئۈمىد كۈتكەن. دەرۋەقە كېيىنكى جەڭدە چىن بەگلىكىنى يەڭگەن.

بىلەن لۇي بۇ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى قاچتى، ساۋ ساۋنى ئىنقىرازدىن قۇتقۇزۇپ، بەگلىك ئورنىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈپ قويدۇم. مەن سەركەردە يەنجۇ پۇقرالىرىغا ياخشىلىق قىلالمىساممۇ، ئەمما، ساۋ ساۋغا زور ياردىمىم تەگدى.

كېيىن خان قايتقاندا قاراقچىلار توپلىرى يەنە ھۇجۇم باشلىدى، بۇ ۋاقىتتا جىجۇنىڭ ئۈستۈن تەرەپ پاسىللىرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغۇلدى، ئۆزۈم خىزمەتتىن ئايرىلىپ بارالمىدىم. مىرزا ـ كەپتاۋۇل شۈي شۈننى ئەۋەتتىم، ساۋ ساۋنى خان ئەجدادلىرى ئىبادەتخانىسى ياساش ھەمدە ياش خاقانىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇدۇم. بىراق ساۋ ساۋ ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى: تەھدىت سېلىپ، زورلۇق بىلەن پايتەختنى كۆچۈردى، خاندانلىق بىلەن قارشىلاشتى؛ خاندان ئائىلىسىنى خورلىدى، قانۇن ـ ئىنتىزامنى بۇزدى؛ ئەمىرلىك مەرتىۋىنى ئىگىلىۋالدى، ئۆزىنىڭ خاھىشىچە ئىش قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى؛ خالىغانچە مەنسەپ ئاتا قىلدى، ئادەملەرنى خالىغىنىچە جازالاپ ئۆلتۈردى؛ ياخشى كۆرۈپ قالغان كىشىلىرىنى بەش ئەۋلادىغىچە شەرەپكە ئىگە قىلدى، يامان كۆرۈپ قالغان كىشىلىرىنى ئۈچ ئەۋلادىغىچە يوقىتىۋەتتى؛ ئۇنىڭغا قارشى ئوچۇق سۆزلىگەنلەرنى ئاشكارا جازالاپ بېشىنى ئالدى، مەخپىي سۆزلەشكەنلەرگە يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلدى؛ مەنسەپدارلار سۆز قىلىشتىن قورقۇپ، ئاغزىنى ئېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى، يولدا تونۇش كىشىلەر بىلەن كۆز ئىشارىسى قىلىشىپ سالاملىشىدىغان بولدى، دىۋانبېگى

ساراي كېڭىشى چاقىرسا، ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى ھەيكەل مەنسەپدارلاردەك ئولتۇرىدىغان بولۇپلا قالدى، خالاس.

ئەمىر ياك بياۋ ئەمىر مىمار، ئەمىر زېمىن قاتارلىق چوڭ خىزمەتلەرنى ئارتقۇرغان، ئەلنىڭ ئالىي مەنسىپىگە ئىگە بولغان كىشى ئىدى. ساۋ ساۋ يامان كۆرۈپ قېلىپ، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلماي، بوھتان چاپلىدى، ھەر خىل جازالار بېرىپ زىيانكەشلىك قىلدى. يەنە مۇشاۋىر جاۋ يەن سەممىي مەسلىھەت بېرەلەيدىغان، توغرا سۆزلۈك كىشى ئىدى. خان ئۇنىڭ تېگىشلىك مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلاتتى ھەمدە ئۇنى مۇكاپاتلايتتى. ساۋ ساۋ خان مېنىڭ ھېچ نەرسەمنى بىلمىسۇن دەپ خانغا كىرىپ مەلۇمات بەرگۈچىلەرنى ئۆزى بىلگەنچە قامىدى ۋە ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ سۆزلەش يولىنى ئېتىۋەتتى. يەنە جىلڭ دى خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇكىسى لياڭ شياۋ ۋاڭنىڭ مەقبەرىسى پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت - ئېتىبارغا سازاۋەر مازارلىق ئىدى، ھەتتا ئۇجمە، ئارچا، قارىغايلارمۇ ھۆرمەت قاراۋۇلىدەك تىك كۆكىرىپ تۇراتتى. ئەمما، ساۋ ساۋ ئۆزى قەبرە ئۇستىگە بېرىپ سەركەردە - لەشكەرلىرىگە ئۇنى ئاچقۇزدى، گۆرنىسەينى بۇزۇپ جەسەتنى يالىڭاچ تاشلاتتى، ئالتۇن، جاۋاھىراتلارنى بۇلىدى. بۇگۈنگە قەدەر مۇقەددەس خان كۆز يېشى قىلماقتا، پۇقرالار ھەسرەت چېكىپ، ياد ئەيلىمەكتە!

ساۋ ساۋ يەنە ئالاھىدە «گۆر ئاچقۇچى كەپتاۋۇل»، «ئالتۇن ئىزدىگۈچى لەشكەر بېشى» مەنسەپلىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەلگىلەپ، ھەممىــــلا جايدا گۆرلەرنـــى ئاختۇردى، جەسەتلەرنى ئوچۇق پېتىچە داللارغا تاشلىۋەتتى. ئۇچ ئەمىر مەرتىۋىسىگە ئېــگە بولغان ئادەم ئەنە شۇنداق قاراقچىلىق ھەرىكەتلىرىنى سادىر قىلىپ، ئەلگە بالا، پۇقراغا ئاپەت كەلتۈردى، ھەتتا ئەرۋاھلارنىمۇ جىــم ياتقىلى قويماي، ئۇلارغىمۇ زەھەرلىك قولىنى سالدى! ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر خىل ئېغىر ئالۋان ـ سېلىقلار سالدى، ھەربىي ھالەت ئورناتتى، ھەممە يەرگە تور ۋە قاپقان قۇردى؛ قولىنى كۆتۈرسە تورغا ئىلىنىشىـــدىغان، پۇت يۆتكىسە قاپقانغا چۈشىدىغان قىلىپ قويدى. يەنجۇ، يۈيجۇ ئايماقلىــرىدىكـــى پۇقرا ياشاشقا چارىســـز قالدى، پايتەختتىكىلەرنىڭ نارازىلىــق ساداســـى كۆتۈرۈلدى. تارىختا مۇستەبىتلىك، ئاچكۆزلۈك ۋە زالىملىقتا ساۋ ساۋغا يېتىدىغان ۋەزىر يوقتۇر!

مەن سەركەردە ئۆز ۋاقتــــىدا چەت ۋىلايەت ـ ئايماقلاردا ئاسىيلارنى يوقىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئۇنى جازالاش ۋە ئەدەپلەشكە يېتىشەلمىدىم؛ كەڭچىلىك ـ سەبىر يولىنى تۇتتۇم، ئۆزىنى بىلىپ يامان يولدىن قايتار دەپ ئۈمىد قىلدىم. لېكىن ساۋ ساۋنىڭ ياۋۇز نىيىتى چىلبۆرىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭدا ئىسيان كۆتۈرۈش ۋە خەن خاندانلىقىنى زەئىپلەشتۈرۈش سۈيىقەستى بولغاچقا، ئۇلۇغ ۋەزىرلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى، ساداقەت ئەھلى بولغان كىشىلەرنى يوقاتتى، قارانىيەت بىلەن زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى. ئۆتمۈشتە مەن ئۇستۇن تەرەپتە گۈڭسۇن زەنگە يۈرۈش قىلىپ، بۇ كۈچلۈك ئوغرىنى بىر يىل مۇھاسىرە قىلدىم، ساۋ ساۋ

مېنى ياۋنى يېڭەلمىدى، دەپ يوشۇرۇنچە ئۆزگىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ بىر تىللىق بولۇۋالدى، كۆرۈنۈشتە خانغا ھەمدەم بولغۇچى قوشۇن سىياقىغا كىرىۋېلىپ، ئىچكى جەھەتتىن يوشۇرۇن تېگىش قەستىدە بولدى. نەتىجىدە ئالاقىچىلەردىن بۇ سىر پاش بولۇپ قالدى، كېيىن گۇڭسۇن زەن ئۆلتۈرۈلدى، ساۋ ساۋنىڭ تىغى قايرىلىپ، سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ھالا ساۋ ساۋ ئاۋساڭغا ئورۇنلاشتى، خۇاڭخېنىڭ مۇھىم توسۇقى بىلەن ئۆزىنى پۇختا ھېسابلاپ، ياچېۋەكىنىڭ قولى بىلەن ھارۋىنى توسۇماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن سەركەردە خەن خاندانلىقىنىڭ قۇدرەت - ھېكىمىتىگە يۆلىنىپ، جاھاندىكى ئاسىيلارنى جازالاش ئۈچۈن، ئۆزۈن نەيزىلىك 100 تۈمەن لەشكەر، تاللانغان 1000 توپ ئاتلىق قوشۇن تارتتىم، جۇڭ خۇاڭبۇ، شيا يۈي، ۋۇ خۇ* غا ئوخشاش باتۇرلۇرۇم، ياخشى ئوقيا - كامانلار بىلەن قوراللانغان ئۇستۇن قوۋۋەت بىلەن بىڭجۇدىكى تەيخاڭشەندىن ئېشىپ، جىڭجۇدىكى جىخې، لېيخې دەريالىرىنى كېچىش بىلەن چوڭ قوشۇن خۇاڭخې بويلاپ مۇڭگۈز سىياقىدا، جىڭجۇ قوشۇنى بولسا ۋەن، يېلارنى ئېلىپ شىراق سىياقىدا تېگىش قىلىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ قۇرۇق ئوت - چۆپكە ئوت كەتكەندەك، دېڭىزغا تازا يالقۇنجاۋاتقان ئوت تاشلانغاندەك ھەيۋە بىلەن تېگىش قىلىنىدۇكى، ساۋ ساۋ يوقالماي نەگە باراتتى؟

ئاندىن قالسا، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىدىن جەڭ قىلالايدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۇجۇ، جىجۇ

---

* قەدىمكى زامان پالۋانلىرى.

ئايماقلىرىدىن ئېلىنغانلار ياكى مېنىڭ كونا لەشكەرلىرىم. بۇلار يۇرتلىرىنى سېغىنىپ ئۈستۈن تەرەپكە قايتىشقا تەشنا تۇرماقتا. يەنجۇ، يۈيجۇدىكىلەر ھەمدە لۈي بۇ، جاڭ ياڭلارنىڭ قالدۇقلىرى ئۆلۈم تەھدىتى ئاستىدا ۋاقىتلىق ئۇنىڭغا بويسۇنغانلاردۇر، چۈنكى ئۇلار بۇرۇن بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقان، بىر - بىرى بىلەن ئۆچلىشىپ كېتىشكەن. ئەگەر تۇغ كۆتۈرۈشكىنىچە ئېگىز دۆڭگە چىقىپ، ناغرا - بۇرغا چېلىش بىلەن ئاق بايراق چىقىرىپ ئەل بولۇشقا چاقىرساق ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ، تىغنى قانغا بوياشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمايدۇ.

ھالا بۈگۈنكى كۈندە خەن خاندانلىقى زەئىپلەشتى، ئوردا قانۇنلىرى بوشىشىپ قالدى؛ ئوردىدا جىگەرلىك بىرەر ياندىشى ۋەزىر يوق، ۋەزىر - ۋۇزرالاردا زەپەر قۇچۇش ئىشەنچى يوق، پايتەختتىكى كىرەككە كېلىدىغان ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى يۆلىنىدىغان كۈچ تاپالماي دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى؛ گەرچە سادىق - مەردلەر بولسىمۇ، زوراۋان ۋەزىرنىڭ بېسىمى ئاستىدا جاسارىتىنى كۆرسىتەلمەيۋاتىدۇ.

ساۋ ساۋ يەنە خىللانغان 700 لەشكەرنى ئوردا قورۇقچىلىقىغا قويدى. كۆرۈنۈشتە قورۇقچى بولغان بۇ لەشكەرلەر ھەقىقەتتە خاننى نەزەربەند ئاستىغا ئېلىش ۋە باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن قويۇلغان. بۇ تەختكە چىقىۋېلىشنىڭ باشلىنىشىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قاراپ تۇرۇشقا ۋىجدانىم چىدىمىدى. ھازىر سادىق - جىگەرلىك ۋەزىرلەرنىڭ بىرلىكتە ئەل ئۈچۈن جان تىكىپ

ئەجىر ـ خىزمەت يەتكۈزىدىغان پۇرسىتى كەلدى، بۇنىڭدىن باش تارتىشقا بولامدۇ؟

ساۋ ساۋ خان نامىدىن پەرمان چىقىرىپ، جاي ـ جايغا ئەلچى ئەۋەتىپ لەشكەر تارتقۇزۇۋاتىدۇ. مەن چەت ـ ياقا جايلاردىكىلەرنى ئەلنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىسيان قىلىش بىلەن ئۆز ئابرۇيلىرىنى يوقىتىپ، ئەلنىڭ كۆلكىسىگە قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلماقتىمەن. ئەقىللىق كىشىلەر بۇنىڭدىن خالىي بولماقلىرى كېرەك.

ھازىر يۇجۇ، بىڭجۇ، چىڭجۇ، جىجۇ — تۆت ئايماق بىرلا ۋاقىتتا لەشكىرىي يۈرۈش باشلىدى. مەكتۇپ جىڭجۇغا يېتىپ بارغان ھامان دەرھال يۈرۈش قىلىنسۇن ۋە سادىق سەركەردە جاڭ شيۇ بىلەن بىرلىكتە زور داغدۇغا پەيدا قىلىنسۇن. ھەرقايسى ئايماق ـ دىيارلار پىدائىي قىسىملىرىنى تەخلەپ، يۇرت پاسىللىرىغا جايلاشتۇرسۇن، بىرلىكتە تىغ كۆتۈرۈپ چىقىپ، خاندانلىقنى تۈزىسۇن. پەۋقۇلئاددە ئەجىر ـ خىزمەت يەتكۈزدى دېگەن ئەنە شۇ.

كىمكى ساۋ ساۋنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسە، 5000 ئۆيلۈك ئۇستىگە بەگ قىلىنىدۇ، 5000 تۈمەن يارماق پۇل ئىنئام بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان سەركەردە ـ سەرۋازلىرى ئەل بولسا، بۇرۇنقى ئىشى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىلىدۇ، تارتۇقلىنىدۇ، خاقانىمىزنىڭ ئىلتىپات پەزلى، ئىناۋىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنسۇن! مۇقەددەس خاقانىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، ئەركىدىن ئايرىلىپ

قالغانلىقىدىن ھەممىنىڭ خەۋەردار بولۇشى ئۈچۈن پۈتۈن ئېلىمىزگە بۇ ئېلان چىقىرىلدى، ئىجرا قىلىنسۇن!
يۈەن شاۋ ئېلاننى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ۋە بۇ ئېلاننى ھەممە ئايماق ـ دىيارلارغا ھەمدە قورۇل، قورغان چارقىسلارغا چاپلاشقا بۇيرۇق بەردى. ئېلان پايتەخت شۈيچاڭغا يېتىپ كەلگەندە ساۋ ساۋنىڭ بېشى شەقىقە كېسىلى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى. ئەتراپىدىكىلەر بۇ ئېلاننى ئەكىرىپ كۆرسەتتى، ساۋ ساۋ ئېلاننى ئوقۇپ، بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى، ئۆزىچىلا شەقىقە كېسىلىدىن ساقىيىپ قالدى ـ دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ۋە ساۋ خۇڭدىن:
— بۇ ئېلاننى كىم يازدىكىن؟ — دەپ سورىدى.
— ئاڭلىشىمىزچە بۇ چېن لىننىڭ قەلىمىمىش!
— ئەدەبىي تالانت ئىگىلىرى، ئىشنى ئەلەم تەدبىرى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىشلىرى زۆرۈر، چېن لىننىڭ قەلىمى كۈچلۈك بولسىمۇ، يۈەن شاۋنىڭ ئەلەم تەدبىرى يېتەرلىك ئەمەس! — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ ۋە ياۋغا قارشى تەدبىرلەر كۆرۈش ئۈچۈن مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنى چاقىردى.
كۇڭ رۇڭ بۇنى ئاڭلاپ كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى ۋە:
— يۈەن شاۋنىڭ ھازىر كۈچ ـ قۇدرىتى زور، ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى قىلىشقىلا بولىدۇكى، تۇتۇشقىلى بولمايدۇ، — دېدى.
— يۈەن شاۋ كاردا يوق بىر ئادەم، سۈلھىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ — دېدى شۈن يۈي.
— يۈەن شاۋنىڭ، — دېدى كۇڭ رۇڭ، — يېرى كەڭ، پۇقراسى كۈچلۈك، قول ئاستىدا شۈي يۇ، گو تۇ، شېن پېي،

فېڭ جىلارغا ئوخشاش پاراسەتلىك مۇشاۋىرلىرى، تيەن فېڭ، جۇي شۇ قاتارلىق سادىق خىزمەتچىلىرى، يەن لياڭ، ۋېن چۇغا ئوخشاش ئۈچ قوشۇن ئىچىدە داڭقى چىققان جەسۇر سەركەردىلىرى بار؛ بۇنىڭدىن باشقا ساۋ لەن، جاڭ خې، چۇن يۈيچيۇڭ قاتارلىق ئەلدە داڭقى چىققان ئاتاقلىق سەركەردىلىرى بار. قانداق قىلىپ يۈەن شاۋنى كاردا يوق ئادەم دېگىلى بولسۇن؟

— يۈەن شاۋنىڭ لەشكىرى جىق، ئەمما، رەتلىك ئەمەس. تيەن فېڭ قەيسەر بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىغا قارشى چىققۇچىدۇر. شۈي يۇ تەمەخور، ئەمما، پەمسىزدۇر. شېن پېي زوراۋان، ئەمما، تەدبىرسىزدۇر، فېڭ جى كەسكىن، ئەمما، كاردا يوقتۇر. دېمەك، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن پۈتۈشەلمايدۇ، چوقۇم ئىچىدىن بۇزۇلىدۇ. يەن لياڭ، ۋېن چۇلار ئادەتتىكى باتۇرلاردىن، ئۇلارنى ئېلىشىپلا تىرىك تۇتقىلى بولىدۇ. قالغان چۈپرەندىلىرى 100 تۈمەنلەپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، — دېدى شۈن يۈي كۈلۈپ تۇرۇپ.

كۈڭ رۇڭ جىم بولۇپ قالدى. ساۋ ساۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ھەممە نەرسە شۈن يۈينىڭ پەرىزىدەك بولدى، — دېدى - دە، شۈئان تۇرشاۋۇل قوشۇن سەركەردىسى ليۇ دەي، ھىماتچى قوشۇن سەركەردىسى ۋاڭ جۇڭنى چاقىرىپ، «باش ۋەزىر» ئەلىمى ئاستىدا 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن ليۇ بېيگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن شۈيجۇغا بۇيرۇدى.

ليۇ دەي ئەسلىدە يەنجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ئىدى. ساۋ ساۋ يەنجۇنى ئالغان ۋاقتىدا، ئەل بولغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى ساۋ ساۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يانداش سەركەردىلەردىن بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى، شۇڭلاشقا بۈگۈن ئۇنى ۋاڭ جۇڭ بىلەن لەشكەر باشلاشقا بۇيرۇغانىدى. ساۋ ساۋ ئۆزى 20 تۈمەن لەشكەر بىلەن

يۈەن شاۋغا قارشى لياڭغا يۈرۈش قىلماق بولدى.

— ليۇ دەي بىلەن ۋاڭ جۇڭ، — دېدى چېك يۈي، — بۇيرۇلغان خىزمەتنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماسمىكىن!

— بۇلار ھەقىقەتەن ليۇ بېيىنىڭ مۇقابىلى ئەمەسلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن. شۇنداق بولسىمۇ قۇرۇق پوپوزا بىلەن تەھدىت سېلىپ تۇرسا بولىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ تاپىلاپ، — يەڭگىللىك قىلىپ قويماڭلار. يۈەن شاۋنى يوقىتىپ بولۇپ، ئاندىن بارلىق كۈچ بىلەن ليۇ بېيىنى يوقىتىمىز.

ليۇ دەي بىلەن ۋاڭ جۇڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولىدى.

ساۋ ساۋ ئۆز باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر بىلەن لياڭغا يېتىپ كەلدى، ئىككى تەرەپ قوشۇنى 80 چاقىرىم ئارىلىق قويۇپ قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشماي، تىركىشىپ تۇرۇشتى. ئەسلىدە شۈي يۇ شېن پېيىنىڭ لەشكەر باشلىقىغا رازىلىقى يوق ئىدى، مەسلىھەتنى قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈن جۈي شۇ يۈەن شاۋدىن خاپا ئىدى، دېمەك، ئارىدا ئىتتىپاقسىزلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالغا ئىلگىرىلەش كويى يوق ئىدى. يۈەن شاۋنىڭ كۆڭلىدە گۇمان بولغانلىقتىن، لەشكەر تارتىپ تېگىش قىلىش ھەققىدە ئويلانمايتتى. ساۋ ساۋ لۈي بۇنىڭ قول ئاستىدىن ئەل بولۇپ ئۆتكەن سەركەردىلەردىن جاڭ بانى چىڭ، شۈيلەرنى ساقلاشقا قويدى، يۈي جىن بىلەن لى ديەننى لەشكەرلىرى بىلەن دەريا ئۈستىدە ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇدى؛ ساۋ رېننى لەشكەرلەرگە قوشۇن ئەمرى قىلىپ گۇەندۇغا ئورۇنلاشتۇردى. ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى بىر قوشۇننى ئېلىپ پايتەخت شۈيچاڭغا قايتتى.

ئەمدى گەپنى بۇ يافتىن ئاڭلاڭ. ليۇ دەي ۋە ۋاڭ جۇڭ 5 تۇمەن لەشكەر بىلەن كېلىپ شۇيجۇغا 100 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بارگاھ تىكتى. بارگاھ قوشۇنغا ساختىلىق بىلەن «باش ۋەزىر ساۋ ساۋ» ئەلىمى قاداپ قويۇلدى. ئەمما، ئۇلار تېگىش قىلىشقا پېتىنالماي دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن خەۋەر كۈتۈشۈپلا تۇردى. بۇ تەرەپتە ليۇ بېيمۇ ساۋ ساۋنىڭ قوشۇندا راست بار - يوقلۇقىنى بىلەلمەي قارىسىغا ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالماي، دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى خەۋەرلەرنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ئەنە شۇنداق پەيتتە ساۋ ساۋ ليۇ دەي، ۋاڭ جۇڭلارنى جەڭگە كىرىشكە بۇيرۇپ كىشى ئەۋەتتى. ئىككىسى قارارگاھتا كېڭەش قىلىشتى.

— باش ۋەزىر شەھەرگە تېگىش قىلىشىمىزنى بۇيرۇپتۇ، سىز ئالدىن بېرىڭ! — دېدى ليۇ دەي.

— باش ۋەزىر دەسلەپ سىزنى بۇيرۇدى، — دېدى ۋاڭ جۇڭ.

— مەن باش سەركەردە تۇرسام، قانداق قىلىپ ئالدىن بارىدىكەنمەن؟

— مەن سىز بىلەن بىللە لەشكەر باشلاي!

— ئەمىسە چەك تاشلايلى، چەك كىمگە چىقسا ئالدى بىلەن شۇ بارسۇن! — دېدى ليۇ دەي.

شۇنداق قىلىپ «ئاۋۋال» دېگەن ھەرپلىك چەك ۋاڭ جۇڭغا چىقىپ قالدى، ئۇ ئامالسىز، لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، شۇيجۇغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ليۇ بېي ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ چېن دېڭنى كېڭەشكە چاقىرىپ:

— يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنى لياڭدا تۇتۇپ ياتقان بولسىمۇ، مەسلىھەتچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى يۈزىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېخى ئالغا ماڭمىدى. ساۋ ساۋنىڭ قەيەردىلىكى نامەلۇم. ئاڭلىشىمىزچە لياڭدىكى قوشۇندا ساۋ ساۋنىڭ ئەلىمى يوقمىش، ئەكسىچە بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەلىمى بار، — دېدى.

— ساۋ ساۋنىڭ قۇۋلۇق ـ شۇملۇقى تولا. دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپى مۇھىم بولغاچقا، قوشۇنغا شەخسەن ئۆزى نازارەت قىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئەلىمىنى قەستەن تىكلىمىگەن، بۇ يەردە قۇرۇق پوپوزا، تەھدىت ئۈچۈن ئۆز ئەلىمىنى تىكلەتتۇرگەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە ساۋ ساۋ بۇ يەردە ئەمەس، — دېدى چېن دېڭ.

— ئىنىلىرىم! ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار ئەھۋالنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىپ كېلەلەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— كەمىنە ئىنىڭىز بېرىشنى خالايمەن، — دېدى جاڭ فېي.

— سىزنىڭ ئاچچىقىڭىز يامان، بولماسمىكىن، — دېدى ليۇ بېي.

— ساۋ ساۋ بولسىمۇ تۇتۇپ كېلىمەن.

— مەن بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلەي! — دېدى گۇەن يۈي.

— گۇەن يۈي، سىز بارسىڭىز خاتىرجەم بولىمەن، — دېدى ليۇ بېي.

شۇنىڭ بىلەن گۇەن يۈي 3000 لەشكەر ئېلىپ شۈيجۇدىن يولغا چىقتى.

بۇ قىشنىڭ باشلانغان پەيتى بولۇپ، ھاۋا تۇتۇق ۋە بۇلۇتلۇق ئىدى، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى، لەشكەرلەر قارغا قارىماستىن سەپ تۈزدى. گۇەن يۈي قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، ئات چاپتۇرغان پېتى مەيدانغا چىقىپ، ۋاڭ جوڭنى سۆزگە چاقىردى.

ۋاڭ جوڭ چىقىپ:

— باش ۋەزىر كەلدى، نېمە ئۈچۈن ئەل بولمايسىلەر؟ — دېدى.

— باش ۋەزىر مەرھەمەت قىلسۇن، سۆزۈم بار.

— باش ۋەزىر ھە دېسىلا سىز بىلەن كۆرۈشەمتى!

غەزەپلەنگەن گوەن يۈي ئالغا قاراپ ئات چاپتۇردى. ۋاڭ جۈخمۇ نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئېتىلىپ چىقتى. ئىككى ئات بىر ـ بىرىگە دۈچ كەلدى، گوەن يۈي ئېتىنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ قاچتى. ۋاڭ جۈڭ قوغلىدى. تاغ تۆپىلىكىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە، گوەن يۈي ئېتىنى قايتۇرۇپ، قاتتىق بىر نەرە تارتىپ قىلىچىنى ئويناتقان ھالدا توپتوغرا ئېتىلىپ كەلدى. ئاجىزلىق قىلىپ قالغان ۋاڭ جۈڭ ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچماقچى بولۇۋىدى، گوەن يۈي سول قولىدا قىلىچىنى تەتۈر تۇتقىنىچە، ئوڭ قولى بىلەن ۋاڭ جۈخنىڭ ساۋۇت بوغۇچلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېگىرىدىن يۇلۇۋالدى ـ دە، ئېگىرىنىڭ ئالدىغا كۆندىلەڭ قويۇۋېلىپ، ئۆز سېپىگە قايتىپ كەلدى. ۋاڭ جۈخنىڭ لەشكەرلىرى ھەر تەرەپكە پېتىراپ قېچىپ كەتتى. گوەن يۈي ۋاڭ جۈخنى ئېلىپ شۈيجۈغا قايتىپ، ليۇ بېينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى.

— سىز كىم بولىسىز؟ قانداق ۋەزىپىدە؟ ۋەزىرنىڭ نامىدىن ساختىپەزلىك قىلىشقا نېمە ھەققىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— مېنىڭ ساختىپەزلىك قىلىشقا نېمە ھەددىم؟ قۇرۇق پوپوزا بىلەن تەھدىت سېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇلغاندۇق. باش ۋەزىر ھەقىقەتەن بۇ يەردە ئەمەس، — دەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى ۋاڭ جۈڭ.

ليۇ بېي ئۇنىڭ كىيىملىرىنى بېرىپ، شاراب، تائام بەرگۈزدى ھەمدە ۋاقىتلىق قاماققا ئالدى ۋە ليۇدەيىنى تۇتقاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، بىرلىكتە چارە كۆرۈشكە قالدۇردى.

— مەن، — دېدى گۇەن يۈي، — سىلىنىڭ سۇلھى قىلىش غەرەزلىرىنى چۈشىنىپ، تىرىك تۇتۇپ كەلدىم.

— جاڭ فېيىنىڭ ئاچچىقى يامان بولغاچقا ۋاڭ جۇڭنى ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن، دەپ ئەۋەتمىگەنىدىم. بۇنداقلارنى ئۆلتۈرگەننىڭ پايدىسى يوق ، قالدۇرۇلسا مۇرەسسە ئۈچۈن زەمىن ھازىرلىنىدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— ئاغام گۇەن يۈي ۋاڭ جۇڭنى تۇتۇپ كەلدى. مەن بېرىپ لىيۇ دەينى تۇتۇپ كېلەي! — دېدى جاڭ فېي.

— لىيۇ دەي ئۆتمۈشتە يەنجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى بولغان كىشى، خۇلاۋ قورۇلىدا دۇڭ جوغا قارشى يۈرۈشتە بىر لەكنىڭ بېگى ئىدى. بۈگۈن تۇرشاۋۇل قوشۇننى باشلاپ كەلدى. ياۋنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— مۇنداقلار قانچىلىك بىر نېمىتى! مەنمۇ ئاغامغا ئوخشاش تىرىك تۇتۇپ كېلەي! — دېدى جاڭ فېي.

— ئۇنىڭ ھاياتىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇپ، مېنىڭ ئۇلۇغ ئىشىمغا دەخىل سېلىپ قويارسىزمىكىن دەپ قورقىمەن.

— ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويسام، ئورنىغا مەن بېشىمنى تۇتۇپ بېرەي! — دەپ تۇرۇۋالدى جاڭ فېي.

شۇنىڭ بىلەن لىيۇ بېي 3000 لەشكەر بەردى. جاڭ فېي لەشكەرلەرنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

لىيۇ دەي ۋاڭ جۇڭنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ، سەپتىن چىقماي مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى. جاڭ فېي ھەر كۈنى قارارگاھى ئالدىغا كېلىپ ئاغزىنى بۇزدى. لىيۇ دەي ئۇنىڭ جاڭ فېي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، جەڭگە چىقىشقا تېخىمۇ پېتىنالمىدى. جاڭ فېي بىرنەچچە كۈن كۈتتى، لىيۇ دەي

چىقمىدى. نىھايەت جاڭ فېي بىر تەدبىر ئويلىدى ـ دە، بۈگۈن كېچە ئەلياتقۇ ۋاقتىدا ياۋ قارارگاھىنى باسقىلى بارمىز، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى؛ كۈندۈزى ئۆز قارارگاھىدا مەيخورلۇق قىلىپ، مەست بولغان بولۇپ ۋە قەستەن نۆكەرلىرىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ، بىر نۆكەرنى كالتەككە باستى، ئاندىن ئۇنى باغلىتىپ:

— بۈگۈن يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدا، تۇغ قۇربانلىقى قىلىمەن! — دېدى ـ دە، ئۇنى ئەتراپىدىكىلەرگە مەخپىي يوسۇندا قويدۇرۇۋەتتى. قۇتۇلغان نۆكەر ئۆز قارارگاھىدىن ئوغرىلىقچە قېچىپ ليۇ دەيىنىڭ قارارگاھىغا باردى ھەم بۈگۈن كېچە بولىدىغان قارارگاھ باسقىنى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ليۇ دەي ئەل بولۇپ كەلگەن نۆكەرنىڭ تىتىلىپ كەتكەن بەدىنىنى كۆرۈپ، سۆزىگە ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن قارارگاھنى بوشىتىپ قويۇپ، لەشكەرلىرىنى سىرتقا يوشۇرۇپ قويدى. بۇ كېچىسى جاڭ فېي لەشكەرلىرىنى ئۈچ يولغا بۆلدى، ئوتتۇرىسىدىكىلەر ئوتتۇز نەچچە كىشى ئىدى، ئۇلار قارارگاھقا بېسىپ كىرىپ ئوت قويىدىغان بولدى؛ قالغان ئىككى تەرەپتىكىلەرنى ياۋ قارارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئوت يانغان ھامان ئىككى تەرەپتىن كېلىپ قىسماققا ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئېغىر ياتقۇ ۋاقىتلىرىدا جاڭ فېي ئۆزى تاللانغان لەشكەرلىرى بىلەن ليۇ دەيىنىڭ ئارقا يولىنى كەستى؛ ئوتتۇرىدىكى ئوتتۇز نەچچە كىشى قارارگاھقا بېسىپ كىرىپ ئوت قويدى، ليۇ دەيىنىڭ يوشۇرۇپ قويغان لەشكەرلىرى چاپ ـ چاپقا ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا جاڭ فېينىڭ ئىككى ياقتىكى لەشكەرلىرى تەڭلا چىقىپ كەلدى. ليۇ دەيىنىڭ لەشكەرلىرى جاڭ فېي لەشكەرلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۆز ـ ئۆزىدىن تارمار بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشتى. ليۇ دەي بىر تۈركۈم قالدۇق لەشكەرلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تارقاتقۇچىسى

زورغا يول ئېلىپ قاچقانىدى، ئەل جاك فېي بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، تار يولدا كەز كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تېز قاچالمىدى، بىر زەربىدىلا جاك فېي تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىندى. قالغان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى. جاك فېي چاپارمەن ئەۋەتىپ شۈيجۇغا مەلۇم قىلدى. لىيۇ بېي گۇەن يۈيگە قاراپ:

— جاك فېي ئەزەلدىن بېرى قوپال ئىدى. ئەمدى ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگىنىپتۇ، ئەندىشەم تۈگىدى، — دېدى ـ دە، شەخسەن ئۆزى شەھەردىن چىقىپ ئىستىقبال قىلدى.

— ئاغا! مېنى ئالدىراڭغۇ، قوپال دەيتتىڭلە، بۈگۈن قانداق؟ — دېدى جاك فېي.

— تىل بىلەن چېنىشقا تەگمەي، قانداق قىلىپ يەم بىلەن ئىش كۆرمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى لىيۇ بېي.

جاك فېي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بەنت قىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن لىيۇ دەينى كۆرگەن لىيۇ بېي ئالدىرىغان پېتى ئاتتىن چۈشۈپ ئۆز قولى بىلەن بەنتتىن بوشاتتى ۋە:

— ئىنىم جاك فېي ئەدەپسىزلىك قىپتۇ، مۇئاپ قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى ـ دە، شۈيجۇغا باشلاپ كىردى، ۋاڭ جۇڭنى بوشىتىپ، بىرلىكتە بۇلارنى ياخشى كۈتتى.

— بۇنىڭدىن ئىلگىرى چې جۇ كەمىنىلىرىنى ئۆلتۈرمەك بولغىنى ئۈچۈن، ئامالسىزلىقتىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن باش ۋەزىر جانابلىرى مېنىڭدىن خاتا گۇمانلىنىپ، لىيۇ بېي ئىسيان قىلدى، دەپ ئويلاپ، مېنى جازالاش ئۈچۈن ئىككىلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. مەن باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ زور ئىلتىپات ـ مەرھەمەتلىرىگە ئىگە بولغىنىم

ئۇچۇن خىزمەت يەتكۈزۈشنى ئويلاپ يۈرەتتىم، ئىسيان قىلىشقا مېنىڭ نېمە ھەددىم؟ ئىككىلىرى پايتەختتىن شۇيچاڭغا قايتىشقانلىرىدىن كېيىن، مەن ليۇ بېي ئۇچۇن باش ۋەزىر جانابلىرىغا ياخشىلاپ ئىزاھات بېرىشىسىلە، مەن ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلار ئىدىم، — دېدى ليۇ بېي.

— بىزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇمىغان مەرھەمەتلىرى ئۈچۈن، باش ۋەزىر ھۇزۇرىدا، ئىككى جەمەتنىڭ بارلىق قېرى - ياش ئەزالىرى بىلەن جانابلىرىنى قوغداشقا ۋەدە بېرىمىز، — دېدى ليۇ دەي بىلەن ۋاڭ جۇڭ.

ليۇ بېي تەشەككۇر بايان قىلدى. ئەتىسى ئۇلارغا ئۆز لەشكەرلىرىنى تامام قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئۇلارنى شەھەردىن يولغا سېلىپ قويدى.

ليۇ دەي بىلەن ۋاڭ جۇڭلار تېخى ئون چاقىرىم يول يۈرە - يۈرمەيلا ناغرا ئاۋازى بىلەن تەڭ چوڭ يولنى توسۇۋالغان جاڭ فېي نەرە تارتقان ھالدا:

— ئاغام بىلىپ تۇرۇپ يېڭىلىشىپتۇ! تۇتۇۋالغان ئوغرى سەركەردىلەرنى نېمىدەپ قويۇپ بېرىدىكەن؟ — دېدى.

بۇنى كۆرۈپ ليۇ دەي بىلەن ۋاڭ جۇڭ ئىككىسى قورققانلىقىدىن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تىترىشىپ كەتتى. جاڭ فېي كۆزىنى چەكچەيتىپ نەيزىسىنى ئوينىتىپ قىنچە قوغلاپ كەلدى. دەل بۇ چاغدا ئارقىدىن ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم:

— ئەدەپسىزلىك قىلماڭ، — دەپ توۋلىدى. بۇ گۇەن يۈي ئىدى، ليۇ دەي بىلەن ۋاڭ جۇڭ ئۇنى كۆرۈپ ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

— ئاغىمىز قويۇۋەتسە، ئىنىم، سىز نېمىشقا قانۇن - ئەمرگە بويسۇنمايسىز؟ — دېدى گۇەن يۈي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇگۈن قويۇۋەتسەك، كېلەر قېتىم يەنە كېلىدۇ.
— قايتا كەلگىنىدە ئۆلتۈرسەكمۇ كېچىككەنەيمىزغۇ؟!
ليۇ دەي، ۋاڭ جۇڭلار ئارقىســـغا سەنتۈرۈلۈپ تەكرار
ھالدا:
— باش ۋەزىر بىزنىڭ ئۈچ ئەۋلادىمىزنى قىرىۋەتسىمۇ كەلمەيمىز! سەركەردە جانابلىرى كەڭچىلىك قىلسىلا! — دەپ ئىلتىماس قىلىشتى.
— ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى كەلسىمۇ، بىر ئادىمىنى قويماي قىرىۋېتىمەن! بۈگۈن ۋاقىتىنچە ئىككى كاللىنى خاتىرىگە ئېلىپ قوياي! — دېدى جاڭ فېي.
ليۇ دەي ۋاڭ جۇڭلار ۋەھىمە ئىچىدە قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى.
گۈەن يۈي، جاڭ فېيلار قايتىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ:
— ساۋ ساۋ چوقۇم يەنە كېلىدۇ، — دېيىشتى.
— شۈيجۇ ياۋ بىلەن گەز كېلىشىدىغان جاي، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدۇ؛ ئۇنىڭدىن كۆرە لەشكەرلەرنى بۆلۈپ، شياۋپېيغا ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز، پېيچېڭنى ساقلاپ، ئىككى تەرەپتىن تاقابىل تۇرۇپ ساۋ ساۋدىن مۇداپىئە كۆرۈشىمىز لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى سۈن چيەن ليۇ بېيغا.
ليۇ بېي بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، گۈەن يۈينى شياۋپېينى ساقلاشقا بۇيرۇدى. رەپىقىسى گەن خېنىم بىلەن مى خېنىمنىمۇ شياۋپېيغا ئورۇنلاشتۇردى. گەن خېنىم شياۋپېيلىق ئىدى، مى خېنىم مى جۇنىڭ سىڭلىسى ئىدى. سۈن چيەن، جيەن يۇڭ، مى جۇ، مى فاڭلار شۈيجۇنى ساقلاشقا بۇيرۇلدى. ليۇ بېي جاڭ فېينى ئېلىپ شياۋپېيغا ئورۇنلاشتى.
ليۇ دەي بىلەن ۋاڭ جۇڭلار قايتىپ بېرىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار ليۇ بېينىڭ ئىسيان قىلمىغانلىقىنى بايان

قىلىشقانىدى، ساق ساق غەزەپلىنىپ:

— ھە، ئەلنى خورلىغۇچى بەندىلەر، سەنلەرنى قالدۇرساق نېمىگە يارايتتىڭلار، — دەپ تىللاپ ئۇلارنى جاللاتقا بۇيرۇدى. ھەيھات:

*نە ھەددىدۇر ئىت - چۈشقىنىڭ يولۋاس بىلەن ئېلىشماقى،*
*نە ھەددىدۇر بېلىق - راكىنىڭ ئەجدىھا بىلەن چېلىشماقى.*

بۇ ئىككىسىنىڭ ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## مى خېڭنىڭ يالىڭاچ تۇرۇپ ئاسىيلارنى تىللىغانلىقى ئوردا تېۋىپى جى پىڭنىڭ ساۋ ساۋغا ئوغا بېرىپ قىيناققا دۇچار بولغانلىقى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋ لىيۇ دەي بىلەن ۋاڭ جۇڭنى ئۆلتۈرمەك بولۇۋىدى، كۇڭ رۇڭ:

— بۇ ئىككىيلەن لىيۇ بېينىڭ مۇقابىلى ئەمەس، ئەگەر ئۆلتۈرۈلسە، سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئىخلاسىدىن مەھرۇم بولۇشىمىز ئېھتىمال، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ ساۋ ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قالدۇرۇپ، مەنسەپ ـ مائاشلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى. لىيۇ بېينى جازالاش ئۈچۈن ئۆزى لەشكىرىي يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

— ھازىر قىش پەسلى، ھاۋا سوغۇق، لەشكىرىي يۈرۈش قىلىشقا بولماسمىكىن؛ كەلگۈسى باھاردا يۈرۈش قىلىنسىمۇ كېچىككەن بولمايدۇ. ئالدى بىلەن جاڭ شيۇ، لىيۇ بياۋلارنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ كىشى ئەۋەتەيلى، كېيىن شۈيجۇغا تېگىش قىلايلى، — دەپ پىكىر بەردى كۇڭ رۇڭ.

ساۋ ساۋ بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرۈپ، ئالدى بىلەن جاڭ شيۇنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن لىيۇ يېنى ئەۋەتتى. لىيۇ يې شياڭچېڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاۋۋال جيا شۈي بىلەن كۆرۈشۈپ ساۋ ساۋنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى ناھايىتى

ماختىدى. جيا شۈي ليۇ يېنى ئۆز ئۆيىدە قوندۇرۇپ قالدى. ئەتىسى جيا شۈي جاڭ شيۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، ساۋ ساۋنىڭ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش نىيىتىدە ليۇ يېنى ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. دەل كېچەش ئۈستىگە، يۈەن شاۋدىن ئەلچى كەلگەنلىك خەۋىرى كەلدى، جاڭ شيۇ كىرىشكە بۇيرۇدى. ئەلچى كىرىپ مەكتۇپنى تاپشۇردى. جاڭ شيۇ مەكتۇپنى ئوقۇۋىدى، بۇمۇ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش نىيىتىدە يېزىلغان مەكتۇپ ئىكەن.

— ئەلھال ساۋ ساۋغا قارشى قىلغان يۈرۈشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى جيا شۈي ئەلچىدىن.

— قىش پەسلى بولغاچقا، ۋاقىتىنچە جەڭنى توختاتتى. سەركەردە جانابلىرى بىلەن جىڭجۇدىكى ليۇ بياۋ مەشھۇر زات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشقا كەلدىم، — دېدى ئەلچى.

— قايتقاندىن كېيىن يۈەن شاۋغا: «ئۆز ئىنىسىنى پاتۇرمىغان ئادەم، ئەلدىكى مەشھۇر زاتلارنى قانداق سىغدۇرالايدۇ؟!» دەڭ، — دەپ جيا شۈي قاقاقلاپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى ۋە مەكتۇپنى ئۇنىڭ ئالدىدىلا يىرتىپ تاشلاپ ئەلچىنى تىللىغىنىچە چىقىرىۋەتتى.

— ھازىر يۈەن شاۋ كۈچلۈك، ساۋ ساۋ بولسا ئاجىز، بۇگۈن مەكتۇپنى يىرتىپ ئەلچىگە كايىدۇق، ئەگەر يۈەن شاۋ بىزگە قارشى كەلسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى جيا شيۇ.

— ساۋ ساۋغا ئىتائەت قىلغىنىمىز ياخشىراق، — دېدى جيا شۈي.

— مېنىڭ بۇرۇندىن ساۋ ساۋ بىلەن ئاداۋىتىم بار تۇرسا، قانداق سىغىشىمىز؟ — دېدى جاڭ شيۇ.

— ساۋ ساۋغا ئىتائەت قىلىشىمىزنىڭ ئۈچ پايدىسى بار: جانابىي ساۋ ساۋ خاننىڭ ئوچۇق پەرمانى بىلەن ئەلدە يۈرۈش

قىلىۋاتىدۇ، بۇ بىر؛ يۈەن شاۋ كۈچلۈك، بىز ئاجىز بولغان ئەھۋالدا يۈەن شاۋغا بويسۇنساق، بىزگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ، ساۋ ساۋ زەئىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتسەك، ئۇ چوقۇم خۇرسەن بولىدۇ، بۇ ئىككىنچىسى؛ جانابىي ساۋ ساۋنىڭ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىش ئارزۇسى بولغاچقا، شەخس ئاداۋەتنى قايرىپ قويۇپ، پۈتۈن ئەلگە ئەخلاق ـ پەزىلىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم بولىدۇ، مانا بۇ ئۈچىنچىسى. سەركەردە جانابلىرى شۈبھە قىلمىغايلا، — دېدى جيا شۈي.

جاڭ شيۇ ماقۇل بولۇپ، كۆرۈشۈشكە لىيۇ يېنى تەكلىپ قىلدى. لىيۇ يې ساۋ ساۋنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقىنى مەدھىيىلەپ:

— باش ۋەزىر ئەگەر كونا ئاداۋەتنى ساقلىغان بولسا، سەركەردە جانابلىرى بىلەن يارىشىشقا مېنى ئەۋەتەرمىدى؟ — دېدى.

جاڭ شيۇ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ـ دە، جيا شۈيلەر بىلەن پايتەخت شۈيچاڭغا بېرىپ ئەل بولدى. جاڭ شيۇ ساۋ ساۋنى كۆرۈپ پايىدە تىزلاندى. ساۋ ساۋ ئالدىراپ كېلىپ قولتۇقلاپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئازغىنا ئەيىب ئۆتكۈزدۈم، كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ! — دېدى ـ دە، جاڭ شيۇنى ھەيۋە كۆرسەتكۈچى سەركەردە قىلىپ، جيا شۈينى ئوردا نۆكەرلىرى بېگى مەنسىپىگە بەلگىلىدى. ساۋ ساۋ لىيۇ بياۋنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ خەت يېزىشقا جاڭ شيۇنى بۇيرۇدى.

— لىيۇ بياۋ ئادەتتە مەشھۇر زاتلارنى قوبۇل قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا بىرەر قەلىمى شۆھرەتلىك كىشى دەۋەت قىلىشقا بارسا، ئاندىن ئەل بولۇپ ئىتائەت قىلارمىكىن! — دەپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى جيا شۈي.

— كىم بارسا بولار؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ شۈي يۈدىن.

— كۇڭ رۇڭ بۇ خىزمەتكە لايىق، — دېدى شۈي يۇ.

ساۋ ساۋ مۇناسىپ كۆردى. شۇڭا بۇ چىقىپ كۆك رۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— باش ۋەزىر ئەلچىلىك خىزمىتى ئۈچۈن قەلىمى شۆھرىتى چىققان بىر زاتقا ئېھتىياجى چۈشمەكتە، جانابلىرى، بۇ خىزمەتنى ئۈستىلىرىگە ئالامدىلا؟ — دەپ سورىدى. كۆك رۇڭ:

— مى خېڭ، يەنە بىر ئىسمى جېڭ پىڭ دېگەن بىر دوستۇم بار، ئىستىبداتى مەندىن ئون ھەسسە يۇقىرى. بۇ زاتنى خاننىڭ ئەتراپىدا خىزمەت قىلىشقا دەۋەت قىلساق، ھەر ئىشقا كىرەككە كېلىدىغان ئادەم، ئۇ ئەلچىلىككە تازا باب، مەن بۇ كىشىنى خانغا تونۇشتۇراي، — دېدى ـ دە، خانغا مەلۇمات يازدى. مەلۇماتتا مۇنۇلار يېزىلدى:

> كەمىنە خادىملىرىنىڭ ئاڭلىشىچە، ئەلدە پاراكەندىچىلىك بولغان ۋاقىتىدا، خان ئەلنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىن دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىدىكەن. ئۆتمۈشتە ۋۇدى خان ھەزرەتلىرى تەختكە ئولتۇرغاندىمۇ ئەلنى روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن كەڭ پىكىر ـ مەسلىھەتلەر بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغانىكەن. ئالىيلىرى، تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، قازا ـ ھادىسىلەرگە يولۇقۇپ، دائىم دېگۈدەك ئازاب تارتتىلا، ئەۋلىيالارمۇ تاغدىن چۈشتى، دانىشمەنلەرمۇ چىقتى، مەن پىكىيۇەنلىك مى خېڭ، يەنە بىر ئىسمى جېڭ پىڭ دېگەن زاتنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇ بۇ يىل 24 ياشتا بولۇپ، يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە، ئاجايىپ تالانتلىق ئالىم، دەسلەپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىلا ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان؛ چوڭقۇر، سىرلىق نەرسىلەرنى چۈشىنەلەيدۇ، كۆزدىن بىر كەچۈرگەن نەرسىنى يادلىۋالالايدۇ، بىر قېتىم ئاڭلىسا دىلىغا بەند قىلىۋالالايدۇ؛ ئۇ ئۇلۇغ ئىرادە ـ غايىلىك

www.uyghurkitap.com

ئادەم، مەسىلىلەرنى ئەۋلىيالاردەك مۇھاكىمە قىلالايدۇ، ساك خۇڭياك كۆڭلىدە ھېساب چىقىرىشقا ماھىر، جاڭ ئەنشىنىڭ خاتىرىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، مى خېڭغا سېلىشتۇرغاندا، ھېچ ئارتۇقچىلىقى يوق. تەبئىي سۇباتلىق، تۈز، يۈركى پاك؛ ياخشىلىقنى كۆرسە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇرسەن بولىدۇ، يامانلىقنى ئۆز رەقىبىدەك ئۆچ كۆرىدۇ. رېن زۇڭ* ۋېي بېگىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ قۇسۇرىنى ئېيتالايدىكەن، شى يوي** ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماستىن، ۋېي بېگىنىڭ بۇزۇق ئادەملەرنى ئۆلۈغ ۋەزىر قىلىشىنى توسقانىكەن. مى خېڭ ئۇلاردىن قېلىشمايدۇ؛ 100 يىرتقۇچ قۇش بىر دانە بېلىقچىگە قوشقا يەتمەيدۇ؛ ئەگەر مى خېڭ ساراي ئەمەلدارى بولىدىغان بولسا، چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىگەن بولاتتى. ئۇ مۇنازىرىچى، سۆزمەن، ئىشچان، قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ تۈگۈنىنى يېشىپ بېرەلەيدۇ، ياۋغا ئۇچراپ قالغاندا ئۆزىنى تۇتالايدۇ.

ئۆتمۇشتە جىيايى*** قارام ئەللەرگە بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، خون خاقانى شەن يۈينى غەربىي خەن خاندانلىقىغا ئىتائەت قىلدۇرىمەن، دېگەنىكەن. جۇڭ جۈن جەنۇبىي يۈي ئېلىنىڭ ۋاڭىنى ئارغامچا بىلەن خەن خاندانلىقىغا يېتىلەپ ئېپكېلىمەن دەپ، جەنۇبىي يۈي ئېلىنى ئەل قىلدۇرغانىكەن. بۇ يىگىتلەرنىڭ ئالىيجانابلىقى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ.

---

* رېن زۇڭ — جەنگو دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى. ۋېي بېگى باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى ئاڭلاپ تازا ئاچچىقلىنىۋاتقاندا، بېرىلگەن تەنقىدنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالىغان.

** شى يوي — ئىسمى چيۇ، يەنە بىر ئىسمى زى يوي بولۇپ، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ تۆرىلىرىدىن. ئۇ ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي ۋېي بېگىنىڭ بۇزۇق ئادەملەرنى ۋەزىر قىلىشىغا قارشى چىققان.

*** جىيايى — غەربىي خەن خاندانلىقى دەۋرىنىڭ سىياسىي ئوبزورچىسى. ئۇ خانغا: ئەگەر مېنى قارام ئەللەرگە خىزمەتكە تەيىن ئەتسىلە، مەن خون خاقانى شەن يۈينى چوقۇم ئىتائەت قىلدۇرۇپ، بويرۇقىمىزغا بويسۇندۇرغان قىلىمەن، دېگەنىدى.

بۇ يېقىندا لۇ سۇي، يەن شياڭلارمۇ پەۋقۇلئاددە تالانتلىق كىشىلەرنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىپ بىردىنلا ياساۋۇل ئامبال مەنسىپىنى بەردى. مى خېڭخىمۇ ئەنە شۇنداق قىلىش كېرەك. مۇنداق قىلىش — ئەجدىھانى ئاسماندا جەۋلان قىلغۇزۇپ، ھاۋادا قانات قاققۇزغانغا، ئۇپۇقتا ئاۋازنى ياڭرىتىپ ھەسەن - ھۈسەن چاقناتقانغا ئوخشاش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زامانىمىزدىكى تالانتلىق دانىشمەنلەرنى گەۋدىلەندۇرۇپ تۆت قوۋۇقنىڭ* ھەشەمىتىنى ئارتتۇرىدۇ. بۇ گويا ئاسماندا چېلىنغان سازدەك بولۇپ، تېخىمۇ بىر گۈزەل، يېقىملىق مەنزىرە بەخش ئېتىدۇ. خاقانىمىز ھەرىمىدە ئىنتايىن قىممەتلىك جاۋاھىراتلار ساقلانغان بولىدۇ.

مى خېڭغا ئوخشاش ئادەملەرنى كۆپ تاپقىلى بولمايدۇ. «جىچۇ» ۋە «ياڭئا» قوشاقلىرى** بىلەن رەققاسلارنى ياخشى سەھنە ئىگىلىرى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. تۇلپار ئاتلارنى ۋاڭ لياڭ بىلەن بولې لارگىنا كۆرۈپ بىلەلەيدۇ. كەمىنە ناتىۋان خادىملىرى ھېچ نەرسىنى بىلمىسەممۇ، ئاڭلىغىنىمنى مەلۇم قىلماي تۇرالمايمەن. ئالىيلىرى، ھېكىم - دانىشمەنلەرنى ئېھتىياتلىق بىلەن قوبۇل قىلىشلىرىنى ۋە ئوبدان سىناپ كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. مى خېڭنى ئاددىي كىيىندۇرۇپ، ھۇزۇرلىرىغا چاقىرتىپ كۆرۈرلەر. ئەگەر سىماسى پەۋقۇلئاددە كۆرۈنمىسە، ھۇزۇرلىرىدا خاقانىمىزنى ئالدىغانلىق گۇناھىغا سازاۋەر بولاي!

خان مەلۇماتنى كۆرگەندىن كېيىن، ساۋ ساۋغا بەردى. ساۋ ساۋ كىشى بۇيرۇپ مى خېڭنى چاقىرتىپ كەلدى. سالامدىن

* قەدىمدە ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ئورنى تۆت قوۋۇقتا جايلاشقانىدى.
** جىچۇ — قوشاق، شائىر چۇي يۈەن يازغان. ياڭئا — خەلق قوشىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىيىن ساۋ ساۋ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋشقا تەكلىپ قىلمىدى. مى خېڭ ئاسمانغا قاراپ، «ئالەم شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، نېمە ئۇچۇن بىرەرمۇ ئادىمى يوق» دەپ ئاھ ئۇردى.

— مېنىڭ قول ئاستىمدا، زامانىمىزنىڭ نەچچە ئونلىغان قەھرىمانلىرى بار، نېمىشقا ئادەم يوق ئىكەن؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— كىملەر ئىكەن، ئاڭلاپ باقسام؟ — دېدى مى خېڭ.

— شۈن يۈي، شۈي يۈ، گوجيا، چېڭ يۈيلەر بار، بۇلار كاتتا تەدبىرلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر. شياۋخې* بىلەن چېن پىڭ** بۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ. جاڭ لياڭ، شۈي چۇ، لى ديەن، يۈي جىنلار باركى، جەسۇرلۇقتا بۇلارنىڭ تەڭدىشى يوق، سېن پېڭ، ما ۋۇلار*** بۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ. لۈي چيەن، مەن چۇڭ مىرزام؛ يۈي جىن، شۈي خۇاڭلار تۇرشاۋۇللۇرۇم بولىدۇ؛ شيا خۇدۇن ئەلدىكى ئاجايىپ تالانت ئىگىسى، ساۋ جېن ئەلدىكى بەختىيار سەركەردە، ھە، ئادىمىم يوقمىكەن؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— جانابلىرى، يېڭىلىشتىلا، — دېدى مى خېڭ كۈلۈپ، — بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيمەن: شۈن يۈينى تەزىيەگە، ئاغرىقلاردىن ھال سوراشقا، شۈي يۈنى مازارنىڭ شەيخلىقىغا، چېڭ يۈينى ئىشىك تاقايدىغان دەرۋازىۋەنلىككە، گوجيانى ماقالە ۋە نەزمە، ئوقۇشقا، جاڭ لياۋنى ناغرا چېلىپ جاڭ ئۇرۇشقا، شۈي چۇنى كالا ۋە ئات بېقىشقا، يۈي جىننى ئەرزلەرنى يىغىپ پەرمان ئوقۇشقا، لى ديەننى خەت - چەك، ئېلان توشۇشقا، لۈي چيەننى قىلىچ چاقلاپ، شەمشەر ياساشقا، مەن چۇڭنى مەي

* شياۋ خې — خەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ليۇ باڭنىڭ ۋەزىرى، خەن خاندانلىقىنى قۇرۇشتا زور خىزمەت يەتكۈزگەن ئادەم.
** چېن پىڭ — خەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ليۇ باڭنىڭ ۋەزىرى، ناھايىتى تەدبىرلىك ئاقىل دۆلەت ئەربابى ئىدى.
*** سېن پېڭ، ماۋۇ — خەن خاندانلىقىنىڭ 16 - خانى گۇاڭ ۋۇنىڭ پالۋانلىرى بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە تەڭدىشى يوق پالۋانلار ئىدى.

ئېچىپ قۇيقا يېيىشكە، يۈي جىننى قورماتام ياساشقا، شۇي خۇاڭنى ئىت - چوشقا ئۆلتۈرۈشكە سالسا بولىدۇ؛ شياخۇدۇن «تولغان سەركەردە»، ساۋجېنلىرى «پارىخور ھاكىم» دەپ ئاتالسا بولىدۇ. قالمىش ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كىيىم ئىلگىكى، نان قېپى، مەي تۇڭى، گۆش خالتىلىرىدىن ئىبارەتتۇر!

— سېنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتىڭ بار؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ.

— رەسەتچىلىك، جۇغراپىيىدىن بىلمەيدىغىنىم يوق؛ ئۈچ دىن، توققۇز ئىلىمدىن* ئۇقمايدىغىنىم يوق؛ يۇقىرىدا خان بىلەن تەڭلىشىپ، ياۋ، شۇن بولالايمەن. تۆۋەندە ئەخلاق - پەزىلەت بويىچە كۇڭزى، يەن خۇيلەر بىلەن تەڭلىشەلەيمەن. مېنى قانداقمۇ پەسكەش رەزىللەر بىلەن بىر قاتاردا قويغىلى بولسۇن؟ — دېدى مى خېڭ.

بۇ چاغدا ساۋ ساۋنىڭ يېنىدا تۇرغان جاڭ لياۋ قىلىچىنى ئېلىپ مى خېڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى، ساۋ ساۋ:

— ھازىر بىزدە بىر ناغرىچى كەم ئىدى؛ ئەتىگەن ۋە كەچلىكتە بولىدىغان سالاملىق ساراي مەرىكىلىرىدە ناغرا چېلىش ۋەزىپىسىنى مى خېڭ ئادا قىلسۇن! — دەپ بۇيرۇدى.

مى خېڭ ئۇنىمەستىن ماقۇل بولۇپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئادەم قوپال گەپ قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەيمىز؟ — دېدى جاڭ لياۋ.

— بۇ ئادەمنىڭ ئۇزۇندىن بېرى شۆھرىتى بولۇپ، يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئەگەر بۈگۈن ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئەلدىكىلەر بىزنى سىغدۇرماپتۇ، دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئىستىبداتلىق دەپ ھېسابلىغاچقا، قەستەن

* ئۈچ دىن — كۇڭفۇزىچىلىق، داۋىزىم، بۇددىزىم؛ توققۇز ئىلىم — توققۇز تۈرلۈك ئىلمىي ئېقىم، ئومۇمەن تۈرلۈك ئىلمىي ئېقىم، تۈرلۈك كەسپىي ساھەلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاقارەتلەپ ناغرا مەمۇرى قىلىپ قويدۇم، — دېدى ساۋ ساۋ.
ساۋ ساۋ ئەتىسى خاندانلىق مەھكىمىدە چوڭ مەرىكە ـ سورۇن تەييارلاپ مېھمان چاقىردى، ناغرىچىنى ناغرا چېلىشقا بۇيرۇدى. كونا ناغرىچىلار: «ناغرا چالغاندا يېڭى كىيىم كىيىش لازىم» دېگەن بولسىمۇ، مى خېڭ كونا كىيىمى بىلەن كىرىپ كېتىۋەردى ۋە «بېلىق تۇتۇش» مۇقامىغا شۇنداق خۇش ئاھاڭ، شۇنداق زىل چالدىكى، زالدىكى مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر:
— نېمە ئۈچۈن كىيىم يەڭگۈشلىمىدىڭىز؟ — دېيىشتى، مى خېڭ شۇئان كونا كىيىملىرىنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولۇۋالدى. بۇنى كۆرگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى يۈزلىرىنى ئېتىۋالدى. مى خېڭ چىرايىنىمۇ بۇزماستىن ئىشتىنىنى كىيىشكە باشلىدى.
— خان ئەجدادلىرى ئىبادەتخانىسىدا نېمىشقا ئەدەپسىزلىك قىلىسىز؟ — دەپ توۋلىدى ساۋ ساۋ.
— خاننى ۋە يۇقىرىنى ئالداش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. مەن ئاتا ـ ئانامدىن تۇغما ھالىتىمنى، يەنى پاك ۋۇجۇدۇمنى كۆرسەتتىمغۇ! — دەپ مۇقابىل تۇردى مى خېڭ.
— سىز پاك ئىكەنسىز، ئۇنداقتا كىم ئىپلاس ئىكەن؟ — دېدى ساۋ ساۋ.
— سىز دانىشمەنلەر بىلەن نادانلارنى تونۇمايسىز، كۆزىڭىز كور؛ شېئىرىي كىتابلارنى ئوقۇمايسىز، ئاغزىڭىز ئىپلاس؛ توغرا سۆزلەرنى قوبۇل قىلمايسىز، قۇلىقىڭىز گاس؛ ئۆتمۈش ۋە ھازىرنى ئۇقمايسىز، ۋۇجۇدىڭىز ئىپلاس؛ بەگلەرنى سىغدۇرمايسىز، ئىچىڭىز ئىپلاس؛ دائىم تەختنى تارتىۋېلىشنى ئويلايسىز، دىلىڭىز ئىپلاس! مەن ئېلىمىزدە ئاتاقلىق بىر زات، لېكىن ناغرىچى قىلىپ ئىشلەتتىڭىز، بۇ قىلمىقىڭىز ياڭ خۇنىڭ جۇڭ نىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى، جاڭ ساڭنىڭ مېڭ زىنى ھالاك

قىلغانلىقى ئەمەسمۇ! خان - بەگ بولمەن دەپ كىشىنى مۇنداق ئاياغ ئاستى قىلامدىكەن؟ — دېدى مى خېڭ.

بۇ چاغدا كۆك رۇڭ مەرىكە - سورۇندا ھازىر ئىدى. ئۇ ساۋ ساۋنىڭ مى خېڭنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن سۆزگە ئارىلىشىپ:

— مى خېڭنىڭ گۇناھى ئەمگەكتىكى گۇناھكارلارنىڭكىگە ئوخشاش، جانابلىرىنىڭ كايىشلىرىغا ئەرزىمەيدۇ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— سىزنى ئەلچىلىك ئۈچۈن جىڭجۇغا بۇيرۇيمەن، — دېدى ساۋ ساۋ مى خېڭغا قاراپ، — ئەگەر لىيۇ بياۋ ئەل بولۇپ كەلسە، سىزنى ۋەزىر قىلىمەن.

مى خېڭ بېرىشقا ئۇنىمىدى. ساۋ ساۋ ئۈچ ئات ئىگەرلىتىپ ئىككى كىشىنى ئارىغا ئېلىپ مېڭىشقا، قول ئاستىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالارنى كۇنچېقىش قوۋۇقنىڭ تېشىغا چىقىپ، مەي بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

— مى خېڭ كەلگەندە ئورنىمىزدىن تۇرمايلى! — دېدى شۈن يۈي.

مى خېڭ كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىۋىدى، ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى، مى خېڭ ئۈن سېلىپ يىغلىدى.

— نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى شۈن يۈي.

— مۇردىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدىم، نېمە ئۈچۈن يىغلىماي؟ — دېدى مى خېڭ.

— بىز مۇردا بولساق، سىز بېشى يوق قۇترىغان مەلئۇنسىز! — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— مەن خەن خاندانلىقىنىڭ خادىمىمەن، ساۋ ساۋچىلاردىن ئەمەسمەن، نېمىشقا بېشىم يوقكەن؟ — دېدى مى خېڭ.

كۆپچىلىك ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، شۈن يۈي

www.uyghurkitap.com

دەرھال باشقىلارنى توسۇپ:

— بۇ چاشقان، قۇشقاچتەك مەخلۇق ئۈچۈن قىلىچنى بۇلغاشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى.

— گەرچە چاشقان، قۇشقاچقا ئوخشاش بولسامۇ، مەندە ئىنسانىيەتچىلىك بار؛ سىلەر بولساڭلار زىياندىش ھاشارەتلەردىن ئىبارەت! — دېدى مى خېڭ.

كۆپچىلىك غەزەپ بىلەن تارقىلىپ كېتىشتى.

مى خېڭ جىڭجوغا كېلىپ، ليۇ بياۋ بىلەن كۆرۈشتى، گەرچە ليۇ بياۋنى ئالىيجاناب دەپ مەدھىيىلىگەن بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ھەجۋىي ئاربلاش تەنە قىلدى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى قالغان ليۇ بياۋ ئۇنى خۇاڭزۇ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن جياڭشياغا ئېبرىشقا بۇيرۇدى.

— مى خېڭ جانابلىرىنى مەسخىرە قىلدى، خورلىدى. نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەيدىلا؟ — دەپ سورىدى بىرى ليۇ بياۋدىن.

— مى خېڭ ساۋ ساۋنى تولا ھاقارەتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەلنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەستىن، ئەلچى قىلىپ ماڭا ئەۋەتكەن، يەنى مېنىڭ قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئەلئارادا دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈردى، دېگەن بەدنامنى ماڭا ئارتماقچى بولغان. مەن بۈگۈن ئۇنى خۇاڭ زۇ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتىم. بۇنىڭدىن غەرىزىم ساۋ ساۋغا بىلىمدانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت، — دەپ جاۋاب بەردى ليۇ بياۋ.

ھەممە «ناھايىتى ياخشى بوپتۇ» دېيىشتى.

بۇ ۋاقىتتا، يۈەن شاۋنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىمۇ يېتىپ كەلدى. ليۇ بياۋ مەسلىھەتچىلىرىدىن:

— يۈەن شاۋمۇ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، ساۋ ساۋنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى مى خېڭمۇ بۇ يەردە، قانداق قىلساق بولاركىن؟ — دەپ كېڭەش سورىدى.

— ئەلھال ئىككى ئەزىمەت تىركىشىپ تۇرۇپتۇ. سەركەردە

جانابلىرى بىرەرتە ئىش قىلىمەن دەيدىغان بولسىلا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياۋنى يوقىتىشلىرى كېرەك. ئەگەر بۇنداق بولمايدىكەن، ياخشىسىنى تاللاپ بويسۇنۇش لازىم. هازىر ساۋ ساۋ ئۆز لەشكەرلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانماقتا، دانىشمەنلەرنىڭ كۆپى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئەھۋالغا قارىغاندا، دەسلەپ يۇەن شاۋنى ئېلىپ، ئارقىدىن جياڭدۇغا لەشكەر يۆتكەيدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇنداقتا سەركەردە جانابلىرى توسۇيالماي قالارلامىكىن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە پۈتۈن جىڭجۇ بىلەن ساۋ ساۋغا قوشۇلساق، ساۋ ساۋ سەركەردە جانابلىرىغا ئەلۋەتتە چوڭ ئىلتىپاتتا بولىدۇ، — دېدى مىرزا ـ ئەمىر نۆكەر خەن سۇڭ.

— سىز هازىرچە پايتەخت شۇيچاڭغا بېرىپ، ئەھۋالنى كۆزىتىپ كېلىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېڭەشەيلى! — دېدى ليۇ بياۋ.

— خان، ۋەزىرلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەسسىسى بار. كەمىنىلىرى بۈگۈن سەركەردە جانابلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتىمەن، سۇغا چۈش، ئوتقا كىر دېسىلىمۇ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن. ئەگەر سەركەردە جانابلىرى يۇقىرىدا خانغا، تۆۋەندە جانابىي ساۋ ساۋغا ئىتائەت قىلىدىغان بولسىلا، مېنى ئەۋەتسىلە؛ ئەگەر گۇمانلىرى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمىگەن بولسىلا، مەن پايتەختكە بارسام، خان ناۋادا بىرەرتە خىزمەت مەرھەمەت قىلىپ قالسا، خاننىڭ خادىمى بولۇپ قالىمەن ـ دە، سەركەردە جانابلىرى ئۈچۈن جان تىكەلەيمەن، — دېدى خەن سۇڭ.

— سىز ئالدى بىلەن بېرىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپ كېلىڭ، مېنىڭ باشقا ئويلىغىنىم بار، — دېدى ليۇ بياۋ.

خەن سۇڭ ليۇ بياۋ بىلەن خەيرلىشىپ پايتەخت شۇيچاڭغا كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. ساۋ ساۋ شۇئان خەن سۇڭنى

ياساۋۇل بەگ، لىڭلىڭنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى.

— خەن سۇڭ ئەھۋالنى كۆزەتكىلى كەلگەن كىشى، كىچىككىنىمۇ ئەجىر - خىزمەت كۆرسەتكىنى يوق، چوڭ ئەجىر - خىزمەت بېرىۋەتتىملە، مى خېڭدىن ھېچ دېرەك يوق، ۋەزىر جانابلىرى نېمە ئۈچۈن سوراپ باقمايلا؟ — دېدى شۈي يۈي.

— مى خېڭ مېنى ناھايىتى قاتتىق ھاقارەتلىدى، شۇڭلاشقا ئۇنى ليۇ بياۋنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتتىم، يەنە سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

ئاندىن ليۇ بياۋنى دەۋەت قىلىش ئۈچۈن خەن سۇڭنى جىڭجۇغا قايتۇردى. خەن سۇڭ قايتىپ كېلىپ، ليۇ بياۋ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئوردىنىڭ ئالىيجاناپلىقى، پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلىدى، خاننىڭ خىزمىتىگە بېرىش ئۈچۈن ليۇ بياۋنى دەۋەت قىلدى. ليۇ بياۋ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئالا كۆڭۈللۈك قىپسەن! — دېدى - دە، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

— سەركەردە جانابلىرى، سىلى مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋاتىدىلا، مەن سىلىدىن يۈز ئۆرۈمىدىم! — دېدى خەن سۇڭ داد - پەرياد قىلىپ.

— خەن سۇڭ بارماستىن ئىلگىرى بۇ سۆزنى ئېيتقانىدى، — دەپ ليۇ بياۋنىڭ ئېسىگە سالدى كۇەي لياڭ. ليۇ بياۋ كەچۈرۈم قىلدى.

بۇ ئەسنادا ئادەملەر خۇاڭ زۇنىڭ مى خېڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، ليۇ بياۋ سەۋەبىنى سورىدى، خەۋەر ئەكەلگۈچىلەر:

— خۇاڭ زۇ مى خېڭ بىلەن مەرىكە - سورۇندا ئىچىشىپ، مى خېڭدىن: «جانابلىرى پايتەخت شۈيچاڭدا قانداق يارامىلىق ئەربابلارنى كۆردىلە؟» دەپ سورىغانىكەن، مى خېڭ: «چوڭ

ئوغۇل كۆلڭ رۇڭ، كىچىك ئوغۇل ياڭ دېڭىزلار بار. بۇ ئىككى ئادەمدىن باشقا يارامىلىق ئەرباب يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خۇاڭ زۇ: «مەن قانداق؟» دېگەنىكەن، مى خېڭ: «سىز گوياكى بۇتخانىدىكى ئارخات - بۇرھان، تاۋاپ - نەزىرنى قوبۇل قىلىشتىن باشقا، ھېچقانداق كارامىتىڭىز يوق» دەپتۇ. خۇاڭ زۇ: «مېنى لاي ۋە ياغاچ بۇتقا ئوخشاتتىڭ!» دەپ خاپا بولۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. مى خېڭ ئۆلگەنگە قەدەر ئۇنى تىللاپ - سۆكۈپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

لىيۇ بياۋ مى خېڭنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئاھ چەكتى ۋە ئۇنى يىڭۋۇجۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدۇردى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىشقان:

*ئاجايىپ ئىقتىدار ئەھلى تۇغۇلغان ئەسلىدىن خۇاڭ زۇ،*
*تۇگەشتى چېقىلىپ گۆھەر كەبى جياڭشىدا مى خېڭمۇ.*
*ئۆتەر بولساڭ قەدەم تاشلاپ بۇگۈنكىم ياڭ ۋۇجۇدىسەن،*
*رەھىمسىز دەھشىتى بىرلە ئاقار كۆك سۇنى كۆرگەيسەن.*

ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇ مى خېڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۈلۈپ:

— يارىماس تىلى زەھەر، ئاخىر ئۆز بېشىنى يەپتۇ! — دېدى ۋە لىيۇ بياۋنىڭ ئەل بولۇپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، جازالاش ئۈچۈن لەشكىرىي يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

— يۈەن شاۋ باستۇرۇلمىدى، لىيۇ بېي يوقىتىلمىدى، ئەگەر جياڭ، خەنگە لەشكەر تارتساق، ئۇنىڭدا باشنى قويۇپ، قول ۋە پۇت بىلەنلا بولۇپ كەتكەن بولۇپ قالىمىز. شۇڭا ئاۋۋال يۈەن شاۋنى، كېيىن لىيۇ بېينى يوقاتساق، جياڭ خەننى بىر دەمدىلا تۈپتۈز قىلىۋەتكىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى شۈن يۈي. ساۋ ساۋ بۇنى ماقۇل كۆردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى گەپنى بۇياقتىــــن ئاڭلاڭ. دۇڭ چېڭ لىۇ بېي كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ زىفۇلار بىلەن كېچە ـ كۈندۈزلەپ كېڭەش قىلىشقان بولسىمۇ، بىرەرتە ھەرىكەت قىلىشقا ھېچبىر ئىلاج تېپىشالمىدى. جيەنئەننىڭ 5 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن خاننى مۇبارەكلەش مۇراسىمىدا، دۇڭ چېڭ ساۋ ساۋنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ تەكەببۇر، زوراۋان بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، غەزىپىگە چىدىماي ئاغرىپ قالدى. خان ئۆز قېيناغىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، داۋالاش ئۈچۈن ئوردا تېۋىپىنى ئەۋەتتى. بۇ تېۋىپ لوياڭدىن بولۇپ، ئىسمى زاتى جى تەي، يەنە بىر ئىسمى چېڭ پىڭ ئىدى. ئۇنى ئەل ئىچىدە جى پىڭ دەپ ئاتىشاتتى، ئۇ زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق ھېكىمى ئىدى. جى پىڭ دۇڭ چېڭنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك يېنىدا تۇرۇپ داۋالىدى، ئۇ ھەمىشە دۇڭ چېڭنىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئاھ چەككەنلىكىنى كۆرسىمۇ، سوراشقا پېتىنالمىدى.

پانۇس بايرىمى يېتىپ كەلگەندە، جى پىڭ خەيرلىشىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، دۇڭ چېڭ ئىككىيلەن بىرگە ئىچىشەيلى، دەپ ئېلىپ قالدى. ئەلياتقۇ مەھەلگىچە ئىچىشىپ، دۇڭ چېڭ ھېرىپ كەتكەچكە كىيىمى بىلەنلا يېتىــــپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇشتۇمتۇت ۋاڭ زىفۇ باشلىق تۆت كىشى كەلدى، دەپ مەلۇم قىلىشتى مۇلازىملار. دۇڭ چېڭ چىقىپ ئىستىقبال قىلدى.

— ئۇلۇغ ئىش ئەپلىشىپ كېلىۋاتىدۇ! — دېدى ۋاڭ زىفۇ.

— قېنى ئېيتسىلا ئاڭلاپ باقاي! — دېدى دۇڭ چېڭ.

— لىۇ بياۋ يۈەن شاۋ بىلەن بىرلىشىپ 50 تۈمەن لەشكەر بىلەن ئون يولغا بۆلۈنۈپ تېگىش قىلىۋېتىپتۇ. ماتېڭ خەن سۈي بىلەن بىرلىشىپ 72 تۈمەن شىلياڭ لەشكىرى بىلەن ئۇستۇن تەرەپتىن قىرغىن قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ، ساۋ ساۋ شۈيچاڭدىكى ھەممە لەشكەرلىرىنى ئىككى تەرەپلەپ ياۋغا قارشى ماڭدۇردى،

هازىر شەھەر بوش. ئەگەر بەش ئائىلىدىكى خىزمەتچى - خادىملارنى يىغساق بىرەر مىڭ ئادەم بولىدۇ. ساۋ ساۋ سارىيىدا بوگۆن كېچە پانۇس بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەرىكە - سورۇندىن پايدىلىنىپ، سارايىنى قامال قىلايلى - دە، تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ ئۆلتۈرەيلى. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق لازىم! — دېدى ۋاڭ زىفۇ.

دۇڭ چېڭ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ شۇئان دەرگاھىدىكى خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ، قوراللارنى تەييارلاشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى ساۋۇت كىيىپ، نەيزىسىنى ئېلىپ ئاتلاندى، ئىچكى دەرۋازا ئالدىدا جەم بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا لەشكىرىي يۈرۈش قىلىشقا ۋەدىلەشتى. كېچىسى ئەلياتقۇغا چېلىنغان تاكتاكنى ئاڭلىغان هامان، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى يېتىپ كەلدى. دۇڭ چېڭ شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ توپتوغرا ساۋ ساۋ مەرىكە - سورۇن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئارقا خانىغا كىرىپ كەلدى - دە، «ئوغرى ساۋ ساۋ، توختا!» دەپ توۋلىدى. ئۇ شەمشىرىنى بىرلا ئۇرۇش بىلەن ئۇنى يىقىتتى. دۇڭ چېڭ شۇئان ئويغىنىپ كەتتى، ئاغزىدا تېخىچە ساۋ ساۋنى تىللاشنى داۋام قىلدۇردى، ئەپسۇسكى بۇ چۈش ئىدى.

— سىلى ساۋ ساۋ جانابلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى جى پىڭ ئالدىغا كېلىپ.

دۇڭ چېڭ قورقۇپ كېتىپ بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى. جى پىڭ:

— خانىنىڭ قېيناغىسى جانابلىرى، چۆچۈمىسىلە، مەن گەرچە بىر تېۋىپ بولساممۇ، خەن خاندانلىقىنى ئۇنتۇغىنىم يوق. مەن ئۆزلىرىنىڭ ھەمىشە ئاھ - پەرياد چەككەنلىرىنى كۆرگەن بولساممۇ، سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. هازىر جۆيلۈپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن ھەقىقىي سىرنى بىلىۋالدىم. مەندىن يوشۇرمىسىلا، ئەگەر مېنى ئىشقا سالىدىغان ئورۇنلىرى بولسا

بۇيرۇسىلا، يەتتە پۇشتۇمنى يوقىتىۋەتسىمۇ، پۇشايمان قىلمايمەن، — دېدى جى پىڭ.

— چىن يۈرىكىڭىزدىن چىققان سۆز ئەمەس، دەپ ئېھتىيات قىلىمەن، — دېدى دۇڭ چېڭ يۈزىنى ئېتىپ يىغلاپ تۇرۇپ. جى پىڭ بىر بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ قەسەمياد قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن دۇڭ چېڭ كەمەردىكى پەرماننى چىقىرىپ جى پىڭگە كۆرسەتتى، ئاندىن:

— لىيۇ بېي بىلەن ما تېڭ كېڭىشىپ قىلىپ ئۇمىدلىرىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى. ھېچبىر ئىلاج تاپالماي، كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدىم، — دېدى.

— جانابىي ھەربىرلىرىنىڭ بۇنىڭغا باش قاتۇرۇشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق. مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ ھاياتى مېنىڭ قولۇمدىلا، — دېدى جى پىڭ.

دۇڭ چېڭ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. جى پىڭ:

— مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ بېشى دائىم شەقىقە كېسىلى بىلەن ئاغرىيدۇ، بۇ كېسەلنىڭ ئاغرىقى ئىلىكلەر ئىچىگە كىرىدۇ؛ كېسىلى قوزغالغان ھامان مېنى داۋالاشقا چاقىرىدۇ. قاچان بولمىسۇن، مېنى چاقىرسىلا، بىر ئىچىم ئوغا بىلەن جېنىنى ئالىمەن، بۇنىڭغا قىلىچ ۋە لەشكەرلىرىنىڭ نېمە ھاجىتى، — دېدى.

— ئەگەر بۇنداق بولىدىغان بولسا، خەن خاندانلىقىنىڭ خالاسكارلىرى جانابلىرىغا يۆلىنىدۇ! — دېدى دۇڭ چېڭ.

شۇنىڭ بىلەن جى پىڭ خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. دۇڭ چېڭ كۆڭلىدە خۇرسەن بولدى - دە، ئاستا مېڭىپ ئىچكىرىگە كىردى، تاسادىپەن مالايلىرىدىن چىن چىڭتۇڭنىڭ دېدەك يۈن يىڭ بىلەن بىر پىنھان جايدا مەخپىي پىچىرلىشىپ تۇرغانلىقى كۆزىگە چۈشۈپ قالدى. دۇڭ چېڭ غەزەپلىنىپ ئەتراپتىن

خىزمەتكارىنى چاقىرتىپ ئۇلارنى تۇتتۇردى ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولدى، ئايالى تىلىشىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ھەربىرىنىڭ دۈمبىسىگە 40 تىن كالتەك ئۇرغۇزدى - دە، چىن چىڭتۇڭنى سوغۇق ئۆيگە سولاپ قويدى. چىن چىڭتۇڭ ئاداۋەت ساقلاپ، ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە، تۈن يېرىمىدا قولۇپنى بۇزۇپ، تامدىن ئارتىلىپ قاچتى - دە، ساۋ ساۋنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ، ئېيتىدىغان مەخپىي سىرىم بار، دەپ مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ مەخپىي بىر ئۆيدە قوبۇل قىلىپ، ئەھۋالنى سورىدى. چىن چىڭتۇڭ:

— ۋاڭ زىفۇ، ۋۇ زىلىيەن، جوڭ جى، ۋۇ شۇ، ما تېڭ بەشەيلەن خوجايىنىمنىڭ ئۆيىدە مەخپىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. بۇ كېڭەش چوقۇم باش ۋەزىر جانابلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان كېڭەش. شۇنىڭدەك خوجايىنىم بىر پارچە ئاق ياغلىق چىقاردى، نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. بۇ يېقىندا جى پىڭ بارمىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ ئانت ئىچتى، بۇنى ھەم كۆردۈم، — دەپ سۆزلەپ بەردى.

ساۋ ساۋ چىن چىڭتۇڭنى ئۆز دەرگاھىغا يوشۇردى. دۇڭ چېڭ ئۇنى باشقا بىرەر جايغا قېچىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك دەپ دېرىكىنى قىلمىدى.

ئەتىسى ساۋ ساۋ يالغاندىن شەقىقە بولۇپ ئاغرىپ، جى پىڭنى داۋالاشقا چاقىرتتى. جى پىڭ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ مۇناپىقنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتى كەلگەننىكەن!» دېدى - دە، يېنىغا زەھەر يوشۇرۇپ ئوردىغا كىردى. ساۋ ساۋ كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ، جى پىڭنى دورا بېرىشكە بۇيرۇدى.

— بۇ كېسەل بىر ئىچىم دورا بىلەن ساقىيىدۇ، — دېدى جى پىڭ ۋە دورا قۇمدىنىنى ئەكەلتۈرۈپ، دورىنى ساۋ ساۋنىڭ ئالدىدىلا قايناتتى. قايناپ يېرىمى قالغاندا، يوشۇرۇنچە زەھەر سېلىپ، شەخسەن ئۆزى ئېلىپ كېلىپ تۇتتى. ساۋ ساۋ زەھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارلىقىنى بىلىپ، قەستەن كەينىگە سۆرەپ ئىچمىدى.

— قىزىقىدا ئىچىۋالسىلا، ئازغىنا تەر چىقسا ساقىيىدىلا! — دېدى جى پىڭ.

— سىز كۆڭزى كىتابلىرىنى ئوقۇغان كىشىسىز، ئەلۋەتتە، ئەدەپ دېگەن نەرسىنى بىلىسىز كېرەك: خان كېسەل بولۇپ دورا ئىچىدىغان بولسا، ۋەزىرلەر ئالدىن تېتىپ كۆرۈشى كېرەك، ئاتا كېسەل بولسا، ئوغۇل دورىنى تېتىپ كۆرۈشى لازىم. سىز مېنىڭ ئىشەنچلىك كىشىمسىز، نېمىشقا ئالدىن تېتىپ كۆرۈپ، ئاندىن بەرمەيسىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— دورا كېسەل داۋالايدۇ، ساق ئادەمنىڭ تېتىشى نېمە ھاجەت؟ — دېدى جى پىڭ ۋە ئىشنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئالغا قەدەم تاشلاپ، ساۋ ساۋنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ دورىنى ئاغزىغا قۇيماقچى بولدى. ساۋ ساۋ ئىتتىرىۋىدى، دورا يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى ـ دە، دورا تۆكۈلگەن خىشلار يېرىلىپ كەتتى. ساۋ ساۋ گەپ قىلىپ بولغىچىلىك ئەتراپتىكىلەر جى پىڭنى تۇتۇۋالدى.

— مەن نەدىمۇ كېسەل بولاي، قەستەن سېنى سىنىغانىدىم، دېگەندەك ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىڭ بار ئىكەن! — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان 20 نەپەر قاۋۇل گۇندىپاينى چاقىرىپ، جى پىڭنى ئارقا باغقا ئېلىپ بېرىپ سوراق ۋە قىيىن ـ قىستاققا ئالدى. ساۋ ساۋ ئۆزى شىپاڭغا ئولتۇردى، باغلانغان جى پىڭ يەرگە ياتقۇزۇلدى. جى پىڭنىڭ رەڭگىرويى ئۆزگەرمىدى ۋە قىلچىمۇ قورقۇش كۆرۈنمىدى. ساۋ ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ساڭا ئوخشاش بىر تېۋىپنىڭ مېنى زەھەرلەشكە نېمە ھەددى؟ چوقۇم سېنى كۈشكۈرتكەن كىشى بار. ئەنە شۇ كىشىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، سېنى كەچۈرىمەن، — دېدى.

— سەن خاننى خورلاۋاتقان مۇناپىقسەن، ئەلدىكى ھەممە

ئادەم سىنى ئۆلتۈرمەكچى ئىزدەيدۇ. يالغۇز مەنمىدىم! — دېدى جى پىڭ تولۇپ تۇرۇپ.

ساۋ ساۋ قايتا - قايتا قىيناپ سورىدى.

— مەن ئۆزلۈكىمدىن سىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدىم، مېنى بىرى كۈشكۈرتۈشى كېرەكمىدى؟ بۈگۈن مېنىڭ ئىشىم ئەمەلگە ئاشمىدى، ئۆلسەم مەيلى! — دېدى ئۇ.

ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ گۇندىپايلارغا قاتتىق ئۇرغۇزدى. ئىككى ئاش پىشىمغىچە ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىنىڭ ساق يېرى قالمىدى، پەلەمپەيلەر قانغا بويىلىپ كەتتى. ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇلسا گۇۋاھچىنىڭ يوقىلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ساۋ ساۋ گۇندىپايلارغا بىر پىنھان جايدا ئارام ئالدۇرۇشنى بۇيرۇدى.

ئىككىنچى كۈنى مەرىكە - سورۇن ھازىرلاپ ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكلىپ قىلدى. يالغۇز دۇڭ چېڭ ئاغرىق باھانىسى بىلەن كەلمىدى. ۋاڭ زىفۇلار ساۋ ساۋنىڭ گۇمان قىلىشىدىن قورقۇپ ئىلاجسىز كەلدى. بۈگۈنكى مەرىكىنى ساۋ ساۋ ئىچكىرىكى سارايغا ھازىرلىدى. قەدەھلەر بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋ:

— مەرىكىدە كۆڭۈل ئاچىدىغان بىر نەرسە يوق، مەندە بىر ئادەم بار، ھەرقايسىلىرىنى كەيپلىكتىن ئويغىتىپ قويىدۇ، — دېدى - دە، 20 گۇندىپايغا قاراپ: «ئېپچىقىڭلار!» دېدى. بىر پەستىلا ئۇزۇن تاقاق كىيگۈزۈلگەن جى پىڭ پايىگە سۆرەپ كېلىندى.

— ھەر بىرلىرىگە نامەلۇم، بۇ ئادەم بۇزۇقلار توپى بىلەن بىر تىللىق بولۇۋېلىپ، خاندانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلدى، مەن ساۋ ساۋغا سۇيىقەست قىلدى؛ بۈگۈن تەڭرى بۇلارنى يەكسان قىلدى. بۇنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ بېقىشسىلا! — دېدى ساۋ ساۋ ۋە ئالدى بىلەن ئۇنى يەنە بىر كالتەكلەتتى. جى پىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هوشىدىن كەتسە، يۈزىگە سۇ پۈركۈدى. هوشىغا كەلگەن جى پىڭ كۆزىنى ئېچىپ، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ:

— مۇناپىق ساۋ ساۋ! مېنى ئۆلتۈرمەي نېمىنى كۈتمەكچىسەن؟ — دەپ تىللىدى.

— شېرىكلىرىڭ ئاۋۋال ئالتە كىشى بولۇپ، سېنىڭ بىلەن جەمئىي يەتتە كىشى بولغان، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

جى پىڭ ھېچ نەرسە دېمەستىنلا تىللاۋەردى. ۋاڭ زىفۇ باشلىق تۆتەيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ خۇددى چوغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بولۇشۇپ قالدى. ساۋ ساۋ بىر تەرەپتىن ئۇرغۇزۇپ، بىر تەرەپتىن سۇ سەپكۈزۈپ تۇردى. لېكىن جى پىڭدە قىلچىمۇ كەچۈرۈم سوراش نىيىتى بولمىدى. ئۇنىڭ ئىقرارغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ يەنە ئېچىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى.

ھەممە مەنسەپدارلار مەرىكىدىن قايتىشتى، ساۋ ساۋ ۋاڭ زىفۇ باشلىق تۆت كىشىنىلا كېچىلىك مەرىكىگە ئېپقالدى. تۆتەيلەننىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئىلاجىسىز قېلىپ قېلىشتى.

— سىلەرنى قالدۇرماس ئىدىم، بىر سورايدىغان ئىش بولغاچقا ئېپقالدىم. تۆتىڭلار دۇڭ چېڭ بىلەن بىرەر مەسلىھەت قىلىشقانمۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— ھېچ بىر ئىش ئۈستىدىن مەسلىھەت ئۆتكۈزگىنىمىز يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ زىفۇ.

— ئاق ياغلىقتا نېمە يېزىلغانىدى؟

تۆتەيلەننىڭ ھەممىسى يوشۇرۇپ ئېيتىشمىدى. ساۋ ساۋ چىن چىڭتۇڭنى چاقىرىپ يۈزلەشتۈردى.

— سەن قەيەردە كۆردۈڭ؟ — دېدى ۋاڭ زىفۇ.

— سىز كۆپچىلىكتىن ئاۋۋال يوشۇرۇندىڭىز، ئالتەيلەن بىرلىكتە ئىمزا قويدىڭىزلار، نېمىشقا تانىسىز؟ —

دېدى چىن چىڭتۆمۈر.
— بۇ ئوغرى خان قېپىناغىسىنىڭ دېدىكى بىلەن پاھىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن، خوجايىنى ئۇنىڭغا كايىغاندى، بۇنىڭ خوجايىنىغا قىلغان تۆھمەت سۆزىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ زىفۇ.
— جى پىڭنى زەھەر سېلىشقا دۇڭ چېڭ بۇيرۇمىسا كىم بۇيرۇيدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.
ۋاڭ زىفۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.
— بۈگۈن كېچە ئۆزلۈكىڭلاردىن مەلۇم قىلساڭلار كەچۈرۈم قىلىمەن؛ ئىش ئاشكارا بولۇپ بولغاندىن كېيىن بولسا، مۇئاپ قىلىش قىيىن! — دېدى ساۋ ساۋ.
تۆتەيلەن، مۇنداق ئىش يوق، دەپ تۇرىۋالدى. ساۋ ساۋ ئەتراپتىكىلەرنى چاقىرىپ، تۆتەيلەننى زىندانغا سالدى.
ئەتىسى ساۋ ساۋ ئادەملىرىنى ئېلىپ، ئاغرىق دۇڭ چېڭنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. دۇڭ چېڭ بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى.
— نېمە ئۈچۈن كېچە مەرىكىگە بارمايدىلا؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.
— كېسىلىم تولۇق ساقىيىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن تالا - تۈزگە چىقالمىدىم، — دېدى دۇڭ چېڭ.
— بۇ ئەل غېمىدە بولغان كېسەل ئوخشايدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ.
دۇڭ چېڭ چۆچۈپ، داڭ قېتىپ قالدى.
— خان قېپىناغىسى جانابلىرى! جى پىڭنىڭ ئىشىنى بىلەمدىلا؟
— بىلمەيمەن.
— نېمىشقا بىلمەيدىلا؟ — دېدى ساۋ ساۋ سوغۇق كۈلۈپ

www.uyghurkitap.com

ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە توۋلاپ، — ئىلىپكىلىڭلار ئۇنى! خان قىيناغىنىنىڭ كېسىلىنى ساقايتسۇن!

دۇڭ چېلىڭ ئۆزىنى قويىۋەتكەن جاي تاپالماي قالدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە 20 گۇندىپاي جى پىڭنى سۆرەپ پايىگە ئېلىپ كەلدى.

— مۇناپىق ساۋ ساۋ! — دەپ ئاغزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى جى پىڭ.

ساۋ ساۋ دۇڭ چېڭغا جى پىڭنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئادەم ۋاڭ زىفۇ باشلىق تۆت كىشى بىلەن بىر تىللىق بولۇۋالغان. ھەممىسىنى قولغا ئالدىم. يەنە بىر كىشى تېخى قولغا چۈشمىدى، — دېدى ۋە جى پىڭگە قاراپ، — كىم سېنى مېنى زەھەرلەشكە ئەۋەتكەندى؟ تېز ئىقرار قىل! — دېدى.

— تەڭرى مېنى سەن مۇناپىقنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەندى! — دەپ جاۋاب بەردى جى پىڭ.

ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ يەنە ئۇرغۇزدى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تازالىقى قالمىغانىدى. دۇڭ چېڭ ئولتۇرغان جايىدىن ئۇنى كۆرۈپ، گويا يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك بولدى.

— سېنىڭ ئەسلىدە ئون بارمىقىڭ بار ئىدى، بۈگۈن نېمىشقا توققۇز بارمىقىڭ قالدى؟ — دېدى ساۋ ساۋ يەنە.

— ئەل مۇناپىقنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئانت ئىچكەنمەن!

ساۋ ساۋ پىچاق ئەكەلدۈرۈپ، پايىدىلا ئۇنىڭ قالغان توققۇز بارمىقىنى كەستۈردى ۋە:

— بىراقلا كېسىپ ساڭا ئانت ئىچكۈزەي! — دېدى.

— ھېلى مۇناپىقنى چايناپ يۇتۇشقا ئاغزىم، تىللاشقا تىلىم بار! — دېدى جى پىڭ.

ساۋ ساۋ تىلىنى كېسىشكە بۇيرۇدى.

— توختاڭلار، مەن ئەمدى قىيناقىقا چىدىيالمىدىم، ئىقرار

قىلاي، مېنى بوشىتىڭلار، — دېدى جى پىڭ.

— بوشاتقان ـ بوشاتمىغاننىڭ نېمە دەخلىسى؟ — دېدى ساۋ ساۋ ۋە باغلاقنى يېشىشنى بۇيرۇدى.

جى پىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوردا تەرەپكە يۈزلىنىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— مەن ئەل ئۈچۈن مۇناپىق ئوغرىنى يوقىتىپ تاشلىيالمىدىم. تەقدىر ـ ئىرادە شۇنداق ئىكەن! — دېدى ـ دە، پايىگە ئۇسۇپ ئۆلۈۋالدى.

ساۋ ساۋ ئۇنىڭ جەسىتىنى پارچىلاپ، كوچىغا ئاچىقىپ سازايى قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ ۋەقە جيەنئەننىڭ 5 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ئېيىدا بولغانىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تارىخ يازغۇچى مەنسەپدار تەرىپىدىن تۆۋەندىكى نەزمە پۈتۈلگەن:

*سارغىيىپ رەڭگى تۈگەشكەن ھالىدىن خەن خانلىقى،*
*بار ئىدى جى پىڭ ئىسىملىك كاتتا بىر ئەل تېۋىپى.*
*يوق قىلىشقا ئىچتى ئانت ئەلنىڭ مۇناپىقلىرىنى،*
*خان يولىغا قىلدى تەقدىم، ئاتىدى ھاياتىنى.*
*قىيىنىغانچە چىقتى ئوت ـ ئاتەش مىسال ھەر بىر سۆزى،*
*كۆرسىتىپ جان كەتكۈدەك دەھشەت ئارا غەيرەتنى.*
*ئاقتى ھەر بىر بارمىقىدىن قىپقىزىل قان شارقىراپ،*
*قالدۇرۇپ دۇنياغا ئۇ كەتتى كارامەت نامىنى.*

ساۋ ساۋ جى پىڭنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ، ئەتراپتىكىلەرگە چىن چىڭتوڭنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۆز ھۇزۇرىدا تۇرغۇزدى ـ دە:

— بۇ كىشىنى تونۇمسىز؟ — دەپ دۆڭ چېڭدىن سورىدى.

— قاچقۇن قۇل بۇ يەردە ئىكەن! — دېدى غەزەپلەنگەن دۆڭ چېڭ، — دەرھال ئۆلتۈرۈش لازىم!

— ئۇ ئاسىيلارنىڭ قوزغىلاڭ قىلماقچى بولغانلىقىنى دەسلەپ مەلۇم قىلدى، ھازىر بۇنى گۇۋاھلىق ئۈچۈن ئېپكەلدىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىم ئۆلتۈرەلەيدىكەن؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر جانابلىرى، نېمە ئۈچۈن بىر قاچقۇن قۇلنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك سۆزىنى ئاڭلايدىلا؟ — دېدى دۇڭ چېڭ. ساۋ ساۋ:

— ۋاڭ زىفۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدىم. ئۇلار پاكىتلىرى بىلەن ئىقرار قىلدى. سەن تېنىپ كېتەلەمسەن؟ — دېدى ـ دە، ئادەملىرىگە ئۇنى تۇتقۇزدى ھەمدە ئادەملىرىنى توپتوغرا دۇڭ چېڭنىڭ ھوجرىسىنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئاختۇرۇش نەتىجىسىدە كەمەردىكى پەرمان، قول قويغان ئەھدىنامىلەر تېپىلدى. ساۋ ساۋ بۇنى كۆرۈپ كۈلدى ۋە:

— ھەي چاشقان مەخلۇقلار! مۇنداق قىلىشقا نېمە ھەددىڭلار بار؟ — دېدى ـ دە، ئادەملىرىگە دۇڭ چېڭنىڭ پۈتۈن بالا ـ چاقىلىرى ۋە خىزمەتكارلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرماستىن قاماققا ئېلىشنى بۇيرۇدى.

ساۋ ساۋ سارايغا قايتقاندىن كېيىن، پەرمان ۋە ئەھدىنامىنى كۆپچىلىك مەسلىھەتچىلىرىگە كۆرسىتىپ، شيەندى خاننى تەختتىن چۈشۈرۈش، يېڭى خان تىكلەش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى. ھەيھات:

*قاندا پۈتۈلگەن پەرمان بولدى بىر قۇرۇق ئارمان،*
*ئاپەت ياغدى ئەھدىنامە ۋەجىدىن قىچىپ ئىمان.*

شيەندى خان ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## ئەل مۇناپىقىنىڭ قاتىللىق قىلىپ كىچىك خانىشنى ئۆلتۈرگەنلىكى
## خان تاغىسىنىڭ يېڭىلىپ يۈەن شاۋدىن پاناھ تىلىگەنلىكى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋ كەمەردىكى پەرماننى كۆرۈپ، مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى، كېڭەشتە ئۇ شيەندى خاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئەخلاق ئىگىسى بولغانلاردىن بىرنى خانلىققا تىكلەش ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

— جانابلىرىنىڭ ھەيۋىسىنىڭ پۈتۈن ئەلنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشى، ئەل ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرۈشلىرى خەن نامىدىن بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇگۈنكى كۈنلۈكتە بەگلەر تىنچىتىلمىدى، ئەگەر ئۆزىمىزچە خاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، يەنە خان تىكلىسەك، چوقۇم جەڭگى - جېدەلگە سەۋەبچى بولۇپ قالىمىز، — دەپ مەسلىھەت بەردى چېڭ يۈي.

ساۋ ساۋ بۇ پەيلىدىن ياندى. دۇڭ چېڭ باشلىق بەش كىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە كىشىلىرىنى ياش - قېرى دېمەستىن، قوۋۇقلار ئالدىدا قەتلىئام قىلغۇزدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەر 700 دىن ئارتۇق كىشى ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەيلى ئەمەلدار، مەيلى پۇقرا بولسۇن كۆز يېشىنى قىلمىغىنى قالمىدى. كېيىنكىلەر مەرھۇم دۇڭ چېڭ ھەققىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىشقان:

*بەردى پەرمان كەمىرى بىرلەن كىيىمنىڭ ئىچىدە،*
*چىقتى ئوردا قوۋۇقىدىن تەڭرىقۇتنىڭ بۇيرۇقى.*
*بىر زاماندا قۇتقۇزۇپ خاننى خەتەردىن ساقلىغان،*
*ئاشۇ خىزمەتكە ئاتاپ ئىنئام بۇگۇن بەرگەنىدى.*
*ئەل غېمىنى كۆپ قىلىپ بولدى كىيسەلگە مۇپتىلا،*
*ئۇيقۇدا چۇش كۆرسىمۇ يوقاتتى خائىننى تولا.*
*ياشىماقتا ئەل ئارا مەڭگۇ ئۇنىڭ ئىرادىسى،*
*يېڭىلىشنى ۋە يېڭىشنى بىلدى كىم ئالدىنئالا.*

يەنە ۋاڭ زىفۇ باشلىق تۆت كىشى ھەققىدە تۆۋەندىكى نەزمە پۈتۈلگەن:

*گەرچە رەختكە قويدى قول سادىق ۋەزىرلەر جان بېرىپ،*
*خان ئۇچۇن مەردانىلەرچە كەتتىلەر قۇربان بولۇپ.*
*ئاشۇ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ھەممىسى سادىق يۈرەك،*
*بىگۇناھ بىچارە مەڭگۇ ياشار 100 جان بولۇپ.*

ساۋ ساۋ دۇڭ چېڭ باشلىق شۇنچىۋالا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ يەنە قەھر ـ غەزىپى بېسىلماي، كىچىك خانىش دۇڭ خېنىمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن شەمشەرلىك ھالدا ئوردىغا كىردى. كىچىك خانىش دۇڭ چېڭنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، خاننىڭ بەختىگە بەش ئايلىق ھامىلدار ئىدى. بۇ كۈنى خان خانىش فۇ خېنىم بىلەن ئارقا سارايدا، دۇڭ چېڭغا بۇيرۇغان خىزمىتى ۋە بۇ ھەقتە بۈگۈنگە قەدەر ھېچبىر ئىش قىلىنمىغانلىقى توغرۇلۇق مەخپىي سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇتلا ساۋ ساۋنىڭ قەھر ـ غەزەپ بىلەن شەمشەر كۆتۈرگەن ھالدا سارايغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشۈپ، قورقۇپ تاتىرىپ كەتتى.

— دۇڭ چېڭنىڭ ئىسيان قىلماقچى بولغانلىقى ئالىيلىرىغا

مەلۇممىكىن؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— دۇڭ جۇ ئۆلتۇرۇلدىغۇ؟

— دۇڭ جۇ ئەمەس، دۇڭ چېڭ! — دېدى ساۋ ساۋ قاتتىق ئاۋاز بىلەن.

— راستىلا بىلمەيدىكەنمەن، — دەپ جاۋاب بەردى خان تىترەپ تۇرۇپ.

— بارماقلىرىنى قانىتىپ پەرمان يازغانلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىلامۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

خان جاۋاب بېرەلمەي قالدى. ساۋ ساۋ ياساۋۇللىرىغا تۇۋلاپ كىچىك خانىش دۇڭ خېنىمنى تۇتتۇرۇپ كەلدى.

— كىچىك خانىش بەش ئايلىق ھامىلدار، باش ۋەزىر، رەھىم قىلىسىلا! — دېدى خان.

— ئەگەر تەڭرى بۇلارنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتمىغان بولسا، مەن بۈگۈن ئۆلگەن بولاتتىم. كەلگۈسى پالاكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ خوتۇننى قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ساۋ ساۋ.

— سوغۇق سارايغا بېكىتىپ قويسىلا، يەڭگىۋالغاندىن كېيىن ئۆلتۈرسىلىمۇ كەچ قالمايدىلا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى خانىش فۇ خېنىم.

— ئاسىيلارنىڭ ئۇرۇقىنى قالدۇرغان بىلەن ئانا قىساسىنى تەلەپ قىلىسىچۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئۆلتۈرۈلگىنىمدە ۋۇجۇدۇمنىڭ تولۇقلۇقىنى، ئوچۇق قالماسلىقىنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى كىچىك خانىش .دۇڭ خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ.

ساۋ ساۋ ئاق يىپەك تانىنى ئالدىغا ئەكەلدۈرۈپ قويدى. خان كىچىك خانىشقا قاراپ:

— باقىي ئالەمگە بارغاندىمۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىمدىن نارازى بولماڭ! — دېدى ـ دە، كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزدى.

www.uyghurkitap.com

خانىش فۇ خېنىممۇ داد ـ پەرياد قىلىپ يىغلىدى. ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ:

— بۇ يەردە بالىلىق قىلمايلى! — دېدى ـ دە، ياساۋۇللىرىغا ئېپچىقىپ ساراي دەرۋازىسى تېشىدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. كېيىنكىلەر كىچىك خانىش دۇڭ خېنىم ھەققىدە مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىشقان:

*كەتتى بوشقا خاقان قىلغان رەھمى ـ ئېھسان،*
*ئىسست تەڭلا ئۆلتۈرۈلدى ئەۋلادى خان.*
*يۈزىن ئېرتىپ تارام ـ تارام تۆكتى ياشلار،*
*بولمىغانغا خالاسكار ھېچ شەۋكەتلىك خاقان.*

ساۋ ساۋ سارايغا نازارەت قىلغۇچى مەمۇرلارغا:

— بۇنىڭدىن كېيىن خانىشنىڭ بىر جەمەت ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مېنىڭ بۇيرۇقمىسىز كىرسە، ئۆلتۈرۈلسۇن. قاراۋۇللۇق قىلغۇچىلار بوشاڭلىق قىلسا، ئوخشاش جازا بېرىلىدۇ، — دەپ بۇيرۇق بەردى. يەنە ئېھتىيات ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك قوشۇنلىرىدىن 3000 كىشىنى ئوردا قورۇقچىلىقىغا قويدى، ئۇلارغا ساۋ خۇڭنى باش قىلدى.

ساۋ ساۋ چېڭ يۈيگە:

— دۇڭ چېڭلار ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ماتېڭ، ليۇ بېيلار ھەم بۇ ساناقنىڭ ئىچىدە، يوقاتماي بولمايدۇ، — دېدى.

— ماتېڭ لەشكەرلىرى بىلەن شىلياڭدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئوڭاي قولغا چۈشۈرگىلى بولمايدۇ؛ مەكتۇپ ئارقىلىق ھال سوراپ خاتىرجەم قىلىپ قويايلى ـ دە، كېيىن پايتەختكە ئالداپ ئەكېلىپ جايلايلى. ليۇ بېي ھازىر شۈيجۇدا ئىككى تەرەپ بولۇپ تۇرۇپتۇ، بۇنىڭغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى گۇەندۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇلار دائىم پايتەخت شۈيچاڭنى ئېلىش غەرىزىدە بولماقتا. ناۋادا كۈنچىقىش

تەرەپكە يۈرۈش قىلساق، ليۇ بېي چوقۇم يۈەن شاۋدىن ھەمدەملىك سورايدۇ. يۈەن شاۋ بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى چېڭ يۈي.

— يوغسۇ، ليۇ بېي ئەزىمەت ئادەم، — دېدى ساۋ ساۋ، — ئەگەر ھازىر زەربە بەرمىسەك، قانات ـ قۇيرۇقى چىقىپ قالغاندا، يوقاتماق قىيىن بولىدۇ. يۈەن شاۋ گەرچە كۈچلۈك بولسىمۇ، تولا گۇمانخور، كەسكىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق!

كېڭەش ئۈستىگە گوجيا تالادىن كىرىپ كەلدى. ساۋ ساۋ:

— مەن كۈنچىقىش تەرەپكە — ليۇ بېينىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى ئىدىم، يۈەن شاۋدىن غەم قىلىپ تۇرۇۋېتىمەن، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.

— يۈەن شاۋ مىجەزى بىقارار، ناھايىتى بەدگۇمان ئادەم، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئارا ھەسەتخورلۇق كۈچلۈك. غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى گو جيا، — ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى يېڭىدىن تەرتىپكە سالدى، كۆپچىلىكنىڭ ئىخلاسى تېخى كۈچلۈك ئەمەس. باش ۋەزىر جانابلىرى كۈنچىقىش تەرەپكە لەشكەر تارتسىلا، بىرلا جەڭدە ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

— دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك گەپ قىلدىلا! — دېدى ساۋ ساۋ خۇرسەن بولۇپ ۋە 20 تۈمەن لەشكەرنى بەش تارامغا بۆلۈپ، شۈيجۇغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئايغاقچىلار ئەھۋالنى شۈيجۇغا مەلۇم قىلدى. سۈن چيەن ئالدى بىلەن شياۋپېيغا كېلىپ گۈەن يۈيگە مەلۇمات بەردى، ئاندىن تېزلىكتە شياۋپېيغا كېلىپ ليۇ بېيغا مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي سۈن چيەن بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— يۈەن شاۋدىن ھەمدەملىك سورىغىنىمىزدىلا بۇ تەھلىكىدىن قۇتۇلالايمىز، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن لىۇ بىي بىر پارچە خەت يېزىپ سۇن چيەنىنى خىبېيغا ئەۋەتتى. سۇن چيەن دەسلەپ تيەن فېڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئەھۋالنى بايان قىلىپ، يۈەن شاۋ بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. تيەن فېڭ سۇن چيەننى باشلاپ كىرىپ يۈەن شاۋ بىلەن كۆرۈشتۈردى. سۇن چيەن خەتنى سۇندى، ئەمما يۈەن شاۋنىڭ چىرايى سۇلغۇن، كىيىم ۋە باش كىيىملىرى تەرتىپسىز ئىدى.

— ھەزرىتى پاسىبانىم! بۈگۈن نېمە بولدىلا؟ — دەپ سورىدى تيەن فېڭ.

— ئۆلىدىكەنمەن! — دېدى يۈەن شاۋ.

— پاسىبانىم نېمىشقا مۇنداق دەيدىلا؟

— مېنىڭ بەش پەرزەنتىم بولۇپ، ئەڭ كىچىكى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بالام ئىدى. ھازىر جاراھەت چىقىپ ھاياتى تەھلىكىدە قالدى. مېنىڭ نەدىمۇ باشقا ئىشلار ھەققىدە پاراڭ سېلىشقۇچىلىكىم بولسۇن.

— بۈگۈن ساۋ ساۋ كۈنچىقىش تەرەپكە — لىۇ بېيغا يۈرۈش قىپتۇ، شۈيچاڭ بوش ئىكەن. ئەگەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەققانىيەت قوشۇنى بىلەن يۈرۈش قىلىدىغان بولساق، يۇقىرىدا خاننى، تۆۋەندە پۇقرانى قۇتقۇزغان بولاتتۇق. بۇ ئاسان قولغا كېلىدىغان پۇرسەت ئەمەس. جانابلىرى ھۆكۈم قىلسىلا، — دېدى تيەن فېڭ.

— بۇنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىمەن، ئەمما كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس، پايدىسىغا چىقماس دەپ قورقىمەن.

— كۆڭۈللىرىدە نېمە غەشلىك بار؟

— بەش پەرزەنتىم ئىچىدە، يېگانىلا مۇشۇ بالام ئالاھىدە بىر بالا ئىدى. ئەگەر بىرەرتە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرسە، مېنىڭ ھاياتىم تۈگىدى دېگەن سۆز، — يۈەن شاۋ شۇنداق دەپ قەتئىيلا يۈرۈش قىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ھەم سۇن چيەنگە

قاراپ، — سىز قايتىپ لىۇ بېي بىلەن كۆرۈشكىنىڭىزدە، سەۋەبلەرنى سۆزلەڭ، ئەگەر مەقسەتتىكىدەك بولماي قالسا، كەلسۇن، باشپاناھ بولىمەن، ھەمدەمدە بولىمەن، — دېدى.
تيەن فېڭ ھاسىسىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:
— بىر بالىنىڭ ئاغرىقىنى دەپ، مۇنداق تەستە كېلىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋەتسەك، ئۇلۇغ ئىشلار كەتتى دېگەن سۆز! ئىست! ئىست! — دېدى ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ چىقىپ كەتتى.
سۇن چيەن يۇەن شاۋنىڭ لەشكەر چىقارغۇسى كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىلاجىسىز كېچىلەپ يول يۈرگىنىچە شياۋپېيغا كېلىپ ۋەقەنى لىۇ بېيغا سۆزلەپ بەردى. لىۇ بېي ئىنتايىن چۆچۈپ:
— ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.
— ئاغا، غەم قىلمىسىلا، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يىراقتىن كەلگەچكە، چوقۇم ھالسىراپ كېلىدۇ؛ كەلگەن ھامان قارارگاھىغا باسقىن قىلساق، ساۋ ساۋنى يوقاتقىلى بولىدۇ! — دېدى جاڭ فېي. لىۇ بېي:
— سىزنى ئەزەلدىن پەقەتلا بىر جەسۇر پالۋان دەپلا قارايتتىم. ئالدىنقى قېتىم لىۇ دەيىنى تۇتۇش ۋاقتىدا، خېلى تەدبىر ئىشلەتتىڭىز، بۇگۇن تەقدىم ئەتكەن بۇ تەدبىرىڭىزمۇ ئۇرۇش سەنئەتلىرىگە مۇۋاپىقتۇر، — دېدى ـ دە، بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ، لەشكەرلەرنى بۆلۈپ، قارارگاھقا باسقىن قىلماق بولدى.
ئەمدى گەپنى ساۋ ساۋدىن ئاڭلاڭ. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن شياۋپېيغا كېلىۋاتقاندى، سەپەر ئۇستىدە قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى، ئۇشتۇمتۇتلا قاراسىدە قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، پىل چىشى كەشتىلەنگەن پەركانە ئەلەم سۇنۇپ كەتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنى ۋاقىتلىق توختاتتى ـ دە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتچىلەرنى يىغىپ:
— بۇ قايداق ئالامەت؟ — دەپ سورىدى.
— شامال قايسى تەرەپتىن چىقتى؟ قانداق رەڭلىك ئەلەمنى سۇندۇردى؟ — دېدى شۇن يۈي.
— شامال كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىن چىقتى، بۇرجەكتىكى پىل چىشى كەشتىلەنگەن قىزىل - كۆك رەڭلىك ئەلەمنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى، — دېدى ساۋ ساۋ.
— باشقا مەسىلە يوق، بۈگۈن كېچە لىۋ بېي چوقۇم قارارگاھ باسقىنى قىلىدۇ، — دېدى شۇن يۈي.
ساۋ ساۋ بېشىنى لىڭشىتتى. تۇيۇقسىز ماۋ جې كىرىپ كەلدى ۋە:
— بايا كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىن شامال چىقىپ كۆك - قىزىل رەڭلىك، پىل چىشى كەشتىلەنگەن بىر ئەلەمنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى. ھەزرەتلىرى بۇنى قانداق ئالامەت دەپ بىلىدىلا؟ — دېدى.
— جانابلىرىنىڭ قارىشى قانداق؟
— پىقىر، بۈگۈن كېچە چوقۇم قارارگاھ باسقىنى قىلغۇچىلار بار دەپ ئويلايمەن، — دېدى ماۋ جې.
بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىنكىلەر مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىشقاندى:

*ئەپسۇس! يېتىم - كۈچسىز ئىدى ئەۋلادى خان،*
*لەشكەر بولۇپ، بارگاھ باسماق ئىدى پىلان.*
*نە بولدى؟! سۇندى ئەلەم، بولدى بەلگۈ،*
*تەڭرى نەچۈن باسماق بولدى مەككارغا بىيان.*

— تەڭرى ماڭا خەۋەر بەرگەن يەردە، ئەلۋەتتە مۇداپىئە كۆرۈش لازىم، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە لەشكەرلەرنى توققۇز تارامغا بۆلدى، بىرلا تارامنى نەيرەڭ ئۈچۈن ئالدىغا چىقىپ قارارگاھ

قۇرۇشقا، قالغان سەككىز تارامنى بۆكتۈرمىگە بۇيرۇدى.

بۇ كېچىسى ئاي خىرە يورۇق ئىدى، ليۇ بېي سولدا، جاڭ فېي ئوڭدا ئىككى تارام لەشكەر بىلەن ئالغا قاراپ كېلىۋاتاتتى؛ پەقەت سۇن چيەنلا شياۋپېينى ساقلاشقا قالدۇرۇلغانىدى.

جاڭ فېي ئۆز تەدبىرىگە ئىشىنىپ، يەڭگىل ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن ئالدىن ساۋ ساۋ قارارگاھىغا باستۇرۇپ كىردى ــ دە، ئۇ يەردە ــ بۇ يەردە تارقاق تۇرغان ئازغىنا كىشىلەرنى كۆردى، مانا بۇ چاغدا تۆت تەرەپتىن زور ياڭغىن چىقتى ــ دە، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا سۈرەن ــ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. جاڭ فېي تۇزاققا چۈشكىنىنى بىلىپ، تېزلىكتە قارارگاھتىن قايتىپ چىقتى. كۈنچىقىش تەرەپتىن جاڭ لياۋ، كۈنپېتىش تەرەپتىن شۈي چۇ، ئاستىن تەرەپتىن يۈي جىن، ئۈستۈن تەرەپتىن لى ديەن، كۈنچىقىش ئاستىن تەرەپتىن شۈي خۇاڭ، كۈنپېتىش ئاستىن تەرەپتىن يۆ جىن، كۈنچىقىش ئۈستۈن تەرەپتىن شيا خۇدۇن، كۈنپېتىش ئۈستۈن تەرەپتىن شيا خۇيۈەنلەر سەككىز تەرەپتىن چاپ ــ چاپ قىلىپ چىقىپ كەلدى. جاڭ فېي گاھ ئالدىغا، گاھ ئارقىغا، گاھى ئوڭغا، گاھى سولغا نەيزە ئۇرۇپ قاتتىق ئېلىشتى؛ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى ئەسلىدە ساۋ ساۋنىڭ كونا لەشكەرلىرى بولغاچقا، ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ ھەممىسى ئەل بولۇپ كەتتى. جاڭ فېي جەڭ ئۈستىدە شۈي خۇاڭغا دۇچ كېلىپ قالدى، بۇلار راسا چاپ ــ چاپ قىلىشتى، بۇ چاغدا يۈي جىن ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ قالدى. جاڭ فېي قىرغىن قىلا ــ قىلا ئاخىر بىر قانلىق يول ئېچىپ قامالدىن چىقىپ كەتتى. پەقەت بىر نەچچە ئون ئاتلىق نۆكەرلىرىلا ئەگىشىپ كەلدى. ئۇ شياۋپېيغا قايتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يولى توسۇلغانىدى؛ شۈيجۇغا بارماق بولغان بولسىمۇ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ توسۇۋېلىشىدىن قورقتى؛ ھېچبىر ئامال تاپالماي، ئاخىر ماڭداڭ تېغىغا كېتىشكە مەجبۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولدى.

قارار گاھ باسقىنى ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقان لىۋ بېي ئەمدىگىنە قارارگاھ قوۋۇقى ئالدىغا كېلىشىگە بىردىنلا سۈرەن ـ چۇقان ئاۋازى چىقىپ كەتتى، ئارقىسىدىن بىر قوشۇن بۆسۈپ چىقىپ، ئادەملىرىنىڭ يېرىمىدىن تولىسىنى بۆلۈپ تاشلىدى. شيا خۇدۇنمۇ يېتىپ كەلدى. لىۋ بېي قامالنى بۆسۈپ چىقىپ قاچتى، شيا خۇيۈەن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. لىۋ بېي ئەتراپىغا قارىدى، پەقەت ئوتتۇز نەچچە ئاتلىق كىشىلا ئەگىشىپ كېلىۋېتىپتۇ؛ شياۋپېيغا قايتماقچى بولۇپ قارىسا، شياۋپېينىڭ ئىچىدىن يالقۇن چىقىۋاتقانلىقى كۆرۈندى، شۈيجۇغا باراي دېسە، پۈتۈن تاغ ـ دالىغا ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يامراپ كەتكەن، يول توسۇلغانىدى. لىۋ بېي ھېچ بارىدىغان يېرىنىڭ ئېپىنى قىلالماي، «يۈەن شاۋ، ئەگەر مەقسەتتىكىدەك بولمىسا، كەلسۇن، دەپ ئېيتقانىكەن، بۈگۈن ۋاقتىنچە بېرىپ پاناھىغا كىرەي، ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشى بىر ئامال قىلاي» دېگەن ئويغا كېلىپ، چىڭجۇ يولىغا قاراپ ئات سالدى ـ دە، لى ديەن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. لىۋ بېي يالغۇز ئات بىر قامچا بولۇپ، يول بار ـ يوقلۇقىغا قارىماي، ئۈستۈن تەرەپكە قاراپ قاچتى، لى ديەن سەركەردە ـ سەرۋازلارنى تۇتۇشقا كىتىپ قالدى.

لىۋ بېي يەككە ئۆزى پاناھ ئىزدەپ چىڭجۇغا قاراپ ماڭدى، كۈنىگە 300 يول بېسىپ، چىڭجۇ سېپىلى ئاستىغا كېلىپ، قوۋۇقنى ئېچىڭلار! دەپ توۋلىدى. قوۋۇق باقار ئۇنىڭ ئىسىم ـ زاتىنى سورۇشۇپ ئايماقبېگىگە مەلۇم قىلدى. ئايماقبېگى يۈەن شاۋنىڭ چوڭ ئوغلى يۈەن تەن ئىدى. يۈەن تەن ئەزەلدىن بېرى لىۋ بېيغا ئىخلاس قىلاتتى. ئۇنىڭ يەككە ئاتلىق بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قوۋۇقنى ئاچتۇرۇپ ئۆزى ئىستىقبال قىلدى ۋە مەھكىمىگە باشلاپ گەندىن كېيىن، ئەھۋالنى تولۇق سورۇشتۇردى. لىۋ بېي يېڭىلىپ قالغانلىقىنى

ۋە پاناھ تىلەپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىشىۋىدى، يۈەن تەن لىيۇ بېيى سارايغا چۈشۈردى ۋە ئاتىسى يۈەن شاۋغا مەلۇمات يوللىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئايمىقىنىڭ كىشىلىرى بىلەن لىيۇ بېينى مۇھاپىزەت قىلىپ يولغا سالدى. پىڭيۈەن تەۋەسىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، شەخسەن يۈەن شاۋنىڭ ئۆزى لىيۇ بېينى ئىستىقبال قىلىش ئۈچۈن ئادەملىرى بىلەن يېجۈندىن 30 چاقىرىم يەرگىچە ئالدىغا چىقتى، لىيۇ بېي تەزىم قىلىپ تەشەككۈر بايان قىلىشىۋىدى، يۈەن شاۋمۇ تېزلىكتە ئەدەپ بىلەن سالام قايتۇرۇپ:

— كىچىك ئوغلۇم كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەمدەمدە بولالمىدىم، كۆڭلۈم بىئارام بولۇپ يۈرەتتى، بەخت - تەلەيگە يارىشا بۈگۈن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئارزۇيۇم ئىدى، — دېدى.

— بېتىم پېقىر لىيۇ بېيلىرى ئۇزۇندىن بېرى دەرگاھلىرىدىن پاناھ تىلەشكە ئارزۇلۇق بولغان بولساممۇ، ھېچبىر پۇرسەت تاپالمىغانىدىم. ئەلھال ساۋ ساۋنىڭ باسقىنىغا ئۇچراپ بالا - چاقىلىرىم ياۋنىڭ قولىدا قالدى. سەركەردە جانابلىرىنىڭ ئەلدىكى زاتلارنى ھوزۇرلىرىغا قوبۇل قىلىشلىرىنى ئويلاپ، خىجالەت - نومۇسۇمنى يوشۇرماي پاناھ تىلەپ كەلدىم. ھوزۇرلىرىدا بولۇپ خىزمەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئانت ئىچىمەن، — دېدى لىيۇ بېي.

يۈەن شاۋ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى، جىجۇدا بىرگە بولدى.

ساۋ ساۋ شۇ كېچىسى شياۋپېينى ئېلىپ، شۇئان شۇيجۇغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن لەشكەر ماڭغۇزدى. مى جۇ بىلەن جيەن يۇڭ شەھەرنى مۇداپىئە قىلالماي، تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. چېن دېڭ شۇيجۇنى تەقدىم قىلدى. ساۋ ساۋ قوشۇنى شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، شەھەر ئاھالىسىنى ئەمىن قىلغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋ مەسلىھەتچىلەرنى چاقىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىياۋپىينى ئېلىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى.

گۆەن يۈي لىيۇ بېيىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بۇ شەھەرنى ئۆلگۈچە قاتتىق مۇداپىئە قىلىشۋاتىدۇ، ئەگەر شىياۋپىينى تېز ئالمىساق، يۈەن شاۋنىڭ بۇ شەھەرنى ئېلىۋېلىشى ئېھتىمال، — دېدى شۈن يۈي.

— ئەزەلدىن تارتىپ گۆەن يۈينىڭ ھەربىي سەنئىتىنى سۆيىمەن ۋە قولغا كەلتۈرۈپ ئىشلەتمەكنى ئىستەيمەن. شۇڭا ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتەيلى، — دېدى ساۋ ساۋ.

— گۆەن يۈي ساداقەت ـ ۋاپا ئەھلىدۇر، چوقۇم ئەل بولمايدۇ. ئەگەر دەۋەت قىلىشقا كىشى ئەۋەتسەك، ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى گوجيا.

— مېنىڭ گۆەن يۈي بىلەن بىرئاز تونۇشلۇقۇم بار، دەۋەت قىلىشقا بېرىشنى خالايمەن، — دېدى چادىردا بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ. بۇ جاڭ لياۋ ئىدى.

— جاڭ لياۋنىڭ گەرچە گۆەن يۈي بىلەن بۇرۇندىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، مېنىڭ قارىشىمدا، گۆەن يۈيگە سۆز كار قىلمايدۇ. مېنىڭ بىر پەتتىم بار، ئالدى بىلەن، گۆەن يۈينى نە ئالغا باسالمايدىغان، نە ئارقىغا چېكىنەلمەيدىغان بىر ۋەزىيەتكە ئەكېلىپ قويۇپ تۇرۇپ، ئاندىن جاڭ لياۋنى دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتسەك، شۇ چاغدا ئۇ كىشى باش ۋەزىر جانابلىرىغا ئەل بولۇشى چوقۇم، — دېدى چېڭ يۈي. ھەيھات:

*يوشۇرۇلدى ئوق بىلەن يا يولۋاس ئاتماققا،*
*سېلىندى يەمچۈك قارماققا بېلىق تۇتماققا.*

ئۇنىڭ پەتتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## تۇپا تاغدا گۇەن يۈينىڭ ئۈچ شەرت قويغانلىقى ساۋ ساۋنىڭ بەيمادا قاتتىق قامالنى بۆسۈپ قۇتۇلۇپ چىققانلىقى

ئەلقىسسە، چېڭ يۈي:

— گۇەن يۈي ئون مىڭلىغان ئادەمگە تېتىيدىغان دىلاۋەردۇر، ئۇنى ئەقىل - پاراسەت ئىشلەتمىسە قولغا چۈشۈرگىلى بولمايدۇ، ئەمدى ليۇ بېينىڭ ئەل بولغان لەشكەرلىرىدىن بىر قىسمىنى شياۋپېيغا كىرگۈزەيلى، ئۇلار قېچىپ كەلدۇق دەپ بارسۇن - دە، ئىچكى تەرەپتىن بولۇشۇش ئۈچۈن شەھەر ئىچىگە يوشۇرۇنسۇن؛ بىز گۇەن يۈينى شەھەردىن چىقىپ ئېلىشىشقا قىزىقتۇرايلى، يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ، باشقا بىر يەرگە باشلاپ كېتەيلى - دە، خىل لەشكەرلەر بىلەن ئۇنىڭ چېكىنىش يولىنى ئېتىپ تاشلايلى، ئاندىن كېيىن ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلساق شۇندا ئەل بولۇشى مۇمكىن، — دېگەن پەنتنى تەقدىم قىلدى. بۇ ساۋ ساۋغا ماقۇل كەلدى. شۇ ئاندىلا ئەل بولغان شۈيجۇ لەشكەرلىرىدىن بىر نەچچە ئونىنى شياۋپېيغا ۋەزىپە بىلەن قايتۇردى، گۇەن يۈي كونا لەشكەرلەر بولغىنى ئۈچۈن گۇمان قىلمايلا ئېلىپ قالدى.

ئەتىسى شياخۇدۇن تۇرشاۋۇل بولۇپ 5000 لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە گۇەن يۈينى جەڭگە ئۈندىدى. گۇەن يۈي جەڭگە چىقمىدى، شياخۇدۇن سىپىل تۈۋىگە لەشكەرلىرىنى ئەۋەتىپ ھاقارەت قىلدۇردى. غەزەپلەنگەن گۇەن يۈي 3000 لەشكەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تارتىپ شەھەردىن چىقتى ـ دە، شياخۇدۇن بىلەن تۇتۇشتى. ئۇنچە رەددى بەدەل ئۆتۈلگەندىن كېيىن، شياخۇدۇن ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچتى. گۇەن يۈي قوغلىدى، شياخۇدۇن ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا قاچتى، گۇەن يۈي 20 چاقىـرىمدەك يەرگە قوغلاپ كېلىپ، ئاندىن شياۋپېي قولدىن كېتىپ قالمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا بىر زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەنلا، سولدىن شۈي خۇاڭ، ئوڭدىن شۈي چۇ باش بولغان ئىككى توپ لەشكەر چىقىپ يول توستى. گۇەن يۈي يولنى بۆسۈپ مېڭىۋىدى، ئىككى تەرەپكە يوشۇرۇپ قويۇلغان لەشكەرلەرنىڭ 100 لەرچە قونداقلىق كاماندىن ئاتقان ئوقلىرى ئۇچۇۋاتقان چېكەتكىدەك كەلگىلى تۇردى. گۇەن يۈي ئۆتەلمەي لەشكەرلىرىنى توختىتىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، شۈي خۇاڭ بىلەن شۈي چۇ توسۇۋېلىپ ئېلىشىشقا چۈشتى. گۇەن يۈي كۈچەپ ئېلىشىپ ئىككىسىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، لەشكەرلىرى بىلەن شياۋپېيغا قايتماقچى بولۇپ ماڭغاندا، شياخۇدۇن توسۇۋېلىپ چاپ ـ چاپقا چۈشتى. گۇەن يۈي كەچكىچە جەڭ قىلسىمۇ ھېچبىر قايتار يول تاپالمىدى ـ دە، نائىلاج بىر توپا تاغقا كەلدى، ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن تاغ چوققىسىغا جايلىشىپ، ۋاقىتلىق ئارام ئالدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بۇ تاغنى پۈتۈنلەي ئورىۋالدى. گۇەن يۈي تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ شياۋپېي شەھىرى ئىچىدىكى ئاسمان ـ پەلەك يانغىننى كۆردى. ئەسلىدە ھېلىقى يالغان ئەل بولۇپ كەلگەن لەشكەرلەر ئوغرىلىقچە قوۋۇقنى ئېچىۋەتكەنلىكتىن، ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە قىرغىن قىلىپ كىرىپ، لەشكەرلىرىگە ئوتقاش كۆتۈرتكۈزۈپ گۇەن يۈينى ئېزىقتۇرۇۋاتاتتى. گۇەن يۈي شياۋپېيدىكى ئوتنى كۆرۈپ ۋەھىمىگە چۈشتى، ئۇ كېچىچە بىر نەچچە قېتىم چاپ ـ چاپ قىلغان بولسىمۇ، ئېتىلغان ئوقيا دەستىدىن قايتىشقا مەجبۇر

بولدى.

گوەن يۈيلەر مىلك بىر جاپادا تاڭنى ئاتقۇزۇپ، ئەمدىگىنە چاپ - چاپ قىلىپ چۈشۈشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى، توساتتىن بىر ئادەم ئات چاپتۇرۇپ تاغقا چىقىپ كەلدى. بۇ جاڭ لياۋ ئىدى. گوەن يۈي قارشى ئالدى ۋە:

— جاڭ لياۋ، مېنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— يوغسۇ، ئۇزۇندىن بېرىكى ئاشىناچىلىقىمىز ئۈچۈن، ئالاھىدە كۆرۈشكىلى كەلدىم، — دېدى - دە، قىلىچىنى تاشلاپ ئاتتىن چۈشۈپ، گوەن يۈي بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، تاغ چوققىسىدا ئولتۇرۇشتى.

— بۇ كېلىشىڭىز مېنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈنغۇ دەيمەن، — دېدى گوەن يۈي.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى جاڭ لياۋ، — ئۆتكەندە، جانابىي ئاغا، مېنى قۇتۇلدۇرغانىدىڭىز، ئاغا، بۈگۈن مەن سىزنى نېمە ئۈچۈن قۇتۇلدۇرمايمەن؟

— ئۇنداق بولسا، ماڭا ھەمدەملەشكىلى كەلدىڭىزمۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى جاڭ لياۋ.

— ماڭا ھەمدەمدە بولمايدىكەنسىز، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟

— ليۇ بېيىنىڭ بار - يوقلۇقى، جاڭ فېيىنىڭ تىرىك ياكى ئۆلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. جانابىي ساۋ ساۋ كېچە شياۋپېينى ئالدى، لەشكەر ۋە پۇقراغا قىلچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىدى، ليۇ بېيىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى چۆچۈتمەستىن، ئاسراش ئۈچۈن خاس قاراۋۇللار قويۇلدى، شۇ تەرىقىدە مۇئامىلە قىلىنىدى. بۇ ئەھۋاللارنى، ئاغا، سىزگە مەلۇم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئالاھىدە كەلدىم.

— بۇ خاسلا مېنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزلەر، — دېدى گوەن يۈي غەزەپلىنىپ، — مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈن گەرچە ئۈمىدسىز ئەھۋالدا قالغان بولساممۇ، ئۆلۈم مېنىڭ نەزەرىمدە ھېچ نەرسە ئەمەس، سىز تېز قايتىڭ، مەن شۇئان تاغدىن چۈشۈپ جەڭ قىلىشقا ھازىرمەن.

— ئاغا، — دېدى جاڭ لياۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — بۇ سۆزلىرىڭىزنى پۈتۈن ئەل مەسخىرە قىلمامدۇ؟

— مەن مەردلىك، ۋاپا ئۈچۈن ئۆلسەمەن، ئەل نېمىدەپ مەسخىرە قىلىدىكەن؟

— ئاغا، بۈگۈن سىز ئۆلىدىغان بولسىڭىز، ئۈچ ئەيىب بىلەن كېتىسىز!

— دەپ بېقىڭا قېنى، قايسى ئۈچ ئەيىب؟

— ئۆز ۋاقتىدا ھاكىم ليۇ بېي سىز بىلەن ئەھدىلەشكەن چاغدا، بىرگە ياشاپ، بىرگە ئۆلۈشكە قەسەم ئىچىشكەنىدى؛ بۈگۈن ھاكىم جانابلىرى يېڭىدىن يېڭىلىپ كېتىپ قالدى، سىز جەڭ قىلىپ ئۆلسىڭىز، ھاكىم قايتا باش كۆتۈرۈپ، سىز ئاغىمىزنىڭ ھەمدىمىگە ھاجىتى چۈشكەندە، ھەمدىمىڭىزگە ئېگە بولالمىسا، ئۆز ۋاقتىدىكى قەسەمگە خىلاپلىق بولۇپ قالامدۇ؟ مانا بۇ ئەيىبىنىڭ بىرىنچىسى؛ ھاكىم ليۇ بېي بالا - چاقىلىرىنى سىزگە ھاۋالە قىلغان، سىز بۈگۈن جەڭدە ئۆلسىڭىز، ئىككى خېنىمنىڭ يۆلىنىدىغان كىشىسى قالمايدۇ، دېمەك، ھاكىم جانابلىرىنىڭ سىزگە يۈكلىگەن جاۋابكارلىقىغا خىلاپ بولۇپ قالىدۇ، مانا بۇ ئەيىبىنىڭ ئىككىنچىسى؛ سىزنىڭ جەڭ ماھارىتىڭىز ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم تارىختىن خەۋىرىڭىز بار، ھاكىم ليۇ بېي جانابلىرى بىلەن خەن خاندانلىقىغا خىزمەت قىلىشنى ئويلىماستىن، قاراپ تۇرۇپ خەتەرلىك ئوتقا سەكرەپ چۈشسىڭىز، ئاددىي يىگىتنىڭ باتۇرلۇقى بولىدۇ، خالاس. قانداق قىلىپ مەردلىك، ۋاپادارلىق بولىدۇ؟ مانا بۇ ئەيىبىنىڭ ئۈچىنچىسى، ئىنىڭىز بۇنى بايان قىلماي ئۆتەلمەيدۇ، — دېدى جاڭ لياۋ.

گۆەن يۈي بىرئاز ئويلىنىپ قالدى ـ دە:
— سىز مەندە ئۈچ ئەيىب بار دېدىڭىز، سىزچە قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سوئال قويدى.
— هازىر تۆت تەرەپنىڭ هەممىسى جانابىي ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قورشالغان، — دېدى جاڭ لياۋ، — ئاغا، ئەگەر ئەل بولمايدىكەنسىز، چوقۇم هالاك بولىسىز؛ ئۆلگەننىڭ پايدىسى يوق، ئۇنىڭدىن كۆرە هازىرچە جانابىي ساۋ ساۋغا ئەل بولۇڭ؛ هاكىم ليۇ بېينىڭ خەۋىرىنى ۋە قەيەردىلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كەتسىڭىز، بىرىنچىدىن، ئىككى خېنىمنى ساقلاپ قالغان بولىسىز، ئىككىنچىدىن، شاپتۇللۇقتىكى قەسەمگە خىلاپلىق قىلغان بولمايسىز، ئۈچىنچىدىن، كەلگۈسىدە ئىشلەش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ساقلاپ قالغان بولىسىز: مانا شۇنداق ئۈچ پايدىسى بار. قېنى ئاغىمىز تولۇق مۇهاكىمە قىلىپ كۆرەرسىز!
— جانابىڭىز ئۈچ پايدا كۆرسەتتىڭىز، مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار، — دېدى گۆەن يۈي، — ئەگەر باش ۋەزىر جانابلىرى كۆنىدىكەن، مەن قۇياقىمنى يېشىمەن؛ كۆنمەيدىكەن، ئۈچ ئەيىب بىلەن ئۆلۈشكە رازىمەن.
— باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ قورسىقى كەڭ، كۆنمەيدىغان نەرسىسى يوق؛ ئۈچ شەرتىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي! — دېدى جاڭ لياۋ.
— بىرىنچى، مەن خان تاغىسى بىلەن بىرلىكتە خەن خاندانلىقىغا خىزمەت قىلىشقا ئانت ئىچكەنمەن، بۈگۈن خەن خانىغا ئەل بولىمەنكى، ساۋ ساۋغا ئەل بولمايمەن؛ ئىككىنچى، ئىككى يەڭگەمگە خان تاغىسىنىڭ مائاش ـ تەمىناتى بېرىلىشى ۋە نە يۇقىرى، نە تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنماسلىقى شەرت؛ ئۈچىنچى، خان تاغىسىنىڭ بار يېرى بىلىنىدىكەن، مەيلى مىڭ يول، تۈمەن يول بولمىسۇن،

www.uyghurkitap.com

خەيرلىشىپ كېتىمەن؛ مانا بۇ ئۈچ شەرت، بىرى كەم بولىدىكەن، كاللام كەتسىمۇ ئەل بولمايمەن. سىزنىڭ تېز بېرىپ مەلۇم قىلىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى گۇەن يۈي.

جاڭ لياۋ ماقۇل دەپ ئاتلاندى، كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ خەن خاندانلىقىغا ئەل بولۇپ، ساۋ ساۋغا ئەل بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ساۋ ساۋ كۈلۈپ كېتىپ:

— مەن خەن خاندانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى بولغىنىم ئۈچۈن، خەن خاندانى مەن بولىمەن، بۇنىڭغا ماقۇل، — دېدى.

— ئىككى خېنىم ئۈچۈن خان تاغىسىنىڭ مائاش - تەمىناتىنى سورايدۇ ھەمدە ھېچكىمنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمىسۇن، دەيدۇ، — دەپ داۋام قىلدى جاڭ لياۋ.

— خان تاغىسىنىڭ مائاشىنى بالا - چاقىلىرى ئۈچۈن ئاشۇرۇپ بېرىمەن، ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپنى قاتتىق مەنئى قىلىش — ئائىلە قانۇنىدۇر، بۇنىڭغا ھېچ شەك يوق، — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئەگەر ليۇ بېيىنىڭ خەۋىرى مەلۇم بولىدىكەن، — دېدى جاڭ لياۋ يەنە، — يىراق - يېقىن دېمەستىن كېتىمەن دەيدۇ.

— مۇنداق بولغاندا گۇەن يۈينى بېقىپ نېمە قىلىمەن؟ بۇ شەرتكە ماقۇل بولۇش قىيىن، — دېدى ساۋ ساۋ بېشىنى چايقاپ.

— يۈي راڭنىڭ ئاددىي كىشىلەر بىلەن ئەربابلار ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىنى* ئاڭلىمىغانمىدىلە؟ — دېدى جاڭ لياۋ، — ليۇ بېي ناھايىتى گۇەن يۈيگە چوڭ ئىلتىپاتلىق مۇئامىلىگىنە قىلىدۇ، خالاس. باش ۋەزىر جانابلىرى تېخىمۇ چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، كۆڭلىنى ئۇتۇۋالىدىغان بولسىلا، گۇەن يۈي نېمىدەپ بويسۇنمايدۇ؟

---

* يۈي راڭ — جەنگو دەۋرىدە ياشىغان ئادەم بولۇپ، پادىشاھ ماڭا ئادەتتىكى كىشىلەرگە قىلغان مۇئامىلىنى قىلسا، مەنمۇ پادىشاھقا ئادەتتىكى كىشىلەردەك مۇئامىلىدە بولىمەن. ئەگەر ماڭا ئەلدىكى ئەربابلارغا قىلغان مۇئامىلىنى قىلىدىكەن، مەنمۇ ئەربابلارچە مۇئامىلە قىلىمەن، دەيدىكەن.

— جاڭ لياۋ! سۆزىڭىز دۇرۇس، بولىدۇ، ئۈچ شەرتىنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى ساۋ ساۋ.

جاڭ لياۋ يەنە تاغقا كېلىپ بۇنى گۇەن يۈيگە مەلۇم قىلدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، باش ۋەزىر جانابلىرى ۋاقتىنچە لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرسۇن، مەن شەھەرگە كىرىپ يەڭگىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋەقەنى ئۇقتۇرغىنىمدىن كېيىن ئەل بولىمەن، — دېدى گۇەن يۈي.

جاڭ لياۋ قايتىپ ساۋ ساۋغا بۇ سۆزنى ئېيتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى 30 چاقىرىم ئارقىغا چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

— بولماسمىكىن، يەنە ساختىپەزلىك بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى شۈن يۈي.

— گۇەن يۈي ۋاپا ئەھلىدۇر، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، — دېدى ـ دە، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ چېكىندۈردى. گۇەن يۈي لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شياۋپېيغا كىردى، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكىنى كۆرۈپ، يەڭگىلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. گەن، مى ئىككى خېنىم گۇەن يۈينىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئالدىغا چىقتى، گۇەن يۈي پەلەمپەيدە سالام قىلىپ تۇرۇپ:

— يەڭگىلىرىمنىڭ ۋەھىمىگە چۈشۈشلىرىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم، بۇ مېنىڭ گۇناھىم، — دېدى.

— خان تاغىسى هازىر قەيەردىكەن؟ — دەپ سورىدى ئىككى خېنىم.

— كەتكەن يېرى مەلۇم ئەمەس، — دېدى گۇەن يۈي.

— ئوتتۇرانچى تاغا، ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى يەنە خېنىملار.

— مەن شەھەردىن چىقىپ جان تىكىپ جەڭ قىلدىم، بىر توپا تاغقا قامالغا كىرىپ قالدىم، جاڭ لياۋ مېنى ئەل بولۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەۋەت قىلدى، مەن ئۈچ شەرت قويدۇم، ساۋ ساۋ ھەممىگە ماقۇل بولدى، شۇ سەۋەبتىن لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ، شەھەرگە كىرىشىمگە مۇسائىدە قىلدى، مەن يەڭگىلىرىمنىڭ رايىنى ئالماستىن ئۆزۈمچە ئىش قىلىشقا پېتىنالمىدىم.

— قايسى ئۈچ شەرت؟ — دەپ سورىدى خېنىملار.

گۈەن يۈي يۇقىرىدىكى ئۈچ شەرتنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى.

— تۈنۈگۈن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرگەن ۋاقىتتا، بىز چوقۇم ئۆلدۇق، دەپ ئويلىغانىدۇق؛ كىم بىلسۇن، بىر تال مويىمىزغىمۇ تەگمىدى، بىرمۇ لەشكەر ئىشىكتىن كىرەلمىدى. ئوتتۇرانچى تاغىمىز ۋەدە بەرگەندىن كېيىن بىزدىن سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ شۇغىنىسى ئاغىلىرىنىڭ خەۋىرى ئۇقۇلغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋ كەتكىلى قويماسمىكىن! — دېدى گەن خېنىم.

— يەڭگىلىرىم، خاتىرجەم بولۇشسىلا، مېنىڭ ئۇ ۋاقىتتا كۆرىدىغان چارەم بار.

— ئۆزلىرى ئەھۋالغا قاراپ بىر نەرسە قىلىسىلا، بىزدەك ئاجىز مەزلۇملاردىن سوراپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى خېنىملار.

گۈەن يۈي خەيرلىشىپ چىقىپ، بىر نەچچە ئون ئاتلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈشكە باردى. ساۋ ساۋ قارارگاھ قوۋۇقىدىن چىقىپ ئىستىقبال قىلدى. گۈەن يۈي ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلدى، ساۋ ساۋمۇ ئالدىراپ جاۋاب قايتۇردى.

— يېڭىلگەن لەشكەرلەر سەركەردىسى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلغان ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ، — دېدى گۈەن يۈي.

— مەن ھەمىشە سىزنىڭ ساداقەت - ۋاپادارلىقىڭىزغا

ھەۋەس قىلاتتىم، بۇگۇن بەختكە يارىشا كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدى، ھاياتىمدىكى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى، — دېدى ساۋ ساۋ.

— جاڭ لياۋ ئارقىلىق ئىلتىجا قىلغان ئۈچ شەرتنى باش ۋەزىر جانابلىرى قوبۇل قىلدىلا، ۋەدە خىلاپ بولۇپ قالماس! — دېدى گۈەن يۈي.

— ئاغزىمدىن چىققان سۆزگە قانداقمۇ خىلاپلىق قىلاي! — دەپ جاۋاب بەردى ساۋ ساۋ.

— ئەگەر خان تاغىسىنىڭ خەۋىرىنى بىلگەن تەقدىردە، سۇ ۋە ئوتنىڭ بولۇشىغا قارىماي كېتىۋېرىمەن. ئۇ ۋاقىتتا خەيرلىشىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭدا مۇئاپ قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى گۈەن يۈي.

— ليۇ بېي ھاياتلا بولىدىكەن، جانابىڭىز كېتىۋېرىڭ؛ بىراق جەڭگى - جېدەل ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلايمەن. جانابىڭىز ھازىرچە كۆڭلىڭىزنى كەڭ تۇتۇڭ، ھەر تەرەپلىمە خەۋەر ئالايلى! — دېدى ساۋ ساۋ.

گۈەن يۈي تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ساۋ ساۋ مەرىكە - سورۇن راسلاپ گۈەن يۈينى كۈتتى. ئەتىسى قوشۇننى ئېلىپ پايتەخت شۈيچاڭغا قايتتى. گۈەن يۈي ھارۋا - چېدىرلار ھازىرلاتتى، ئاندىن ئىككى يەڭگىسىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى - دە، ئۆزى قورۇقداپ يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە مەنزىل - چۈشكۈنلەردە، ساۋ ساۋ ئەتەي ئەدەپسىزلىك تۇغدۇرۇش ئۈچۈن گۈەن يۈينى ئىككى يەڭگىسى بىلەن بىر ئۆيگە چۈشۈرەتتى، گۈەن يۈي شام يېقىپ، ئىشىك تېشىدا تاڭ ئاتقۇچە ئۆرە تۇرۇپ چىقاتتى، قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. ساۋ ساۋ گۈەن يۈينىڭ بۇ قەدەر ئەدەپ ساقلىغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قايىل بولدى. شۈيچاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ساۋ ساۋ گۈەن يۈيگە بىر قورۇ بەردى؛ گۈەن يۈي قورۇنى ئىككى ھويلىغا بۆلدى، ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئىشىكىگە كونا لەشكەرلىرىدىن ئون

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرېسى

كىشىنى قورۇقچى قىلىپ قويىدى، ئۆزى تاشقىرىقى ھويلىدا ئولتۇردى. ساۋ ساۋ گوەن يۈينى شيەندى خان بىلەن كۆرۈشتۈردى، خان ئۇنى ياۋداش سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى، گوەن يۈي تەشەككۈر بايان قىلىپ قايتتى. ساۋ ساۋ ئەتىسى كاتتا مەرىكە ـ سورۇن ھازىرلاپ، ھەممە مەسلىھەتچىلىرى بىلەن سەركەردىلىرىنى چاقىردى، گوەن يۈينى مېھمان سۈپىتىدە تۆرگە ئولتۇرغۇزدى ۋە يەنە يىپەك، كىمخابلار، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەسۋابلار ھازىرلاپ سوۋغا قىلدى. گوەن يۈي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن يەڭگىلىرىگە تاپشۇردى. گوەن يۈي شۈيچاڭغا كەلگەندىن بېرى ساۋ ساۋ ئىنتايىن چوڭ ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت كۆرسەتتى؛ ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۈچ كۈندە بىر كىچىك مەرىكە، بەش كۈندە بىر چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ تۇردى. يەنە گوەن يۈينىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئون گۈزەل قىز ھەدىيە قىلدى. گوەن يۈي بۇلارنى يەڭگىلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئىچكىرى قورۇغا كىرگۈزۈپ بەردى. گوەن يۈي ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئىچكىرى ھويلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلغان ھالدا يەڭگىلىرىدىن ھال سوراپ تۇردى. يەڭگىلىرى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن «تاغا! ئۆز ئىشلىرىغا مەرھەمەت قىلىۋەرسىلە!» دېگەندە ئاندىن قايتار ئىدى. ساۋ ساۋ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قايىل بولدى.

بىر كۈنى ساۋ ساۋ گوەن يۈينىڭ ئۈچىسىدىكى يېشىل كىمخابتىن تىكىلگەن جەڭ تونىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بويىنى ئۆلچەتتى ـ دە، ئاجايىپ ئېسىل كىمخابتىن جەڭ تونى تىكتۈرۈپ ھەدىيە قىلدى. گوەن يۈي قوبۇل قىلىپ ئىچىگە كىيىپ، كونا كىيىمىنى ئۈستىگە كىيىۋالدى. ساۋ ساۋ بۇنى كۆرۈپ:

— گوەن يۈي! بۇ تونىنى نېمە ئۈنچىۋالا ئاياپتىكىز؟ — دېدى كۈلۈپ.

— ئايىمىدىم، كونا تونىى ئاغام لىۋ بېي ھەدىيە قىلغانىدى، بۇنى كىيىپ يۇرسەم ئاغامنىڭ يۈزىنى كۆرگەندەك بولىمەن، باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ يېڭى سوۋغىسىنى كۆرۈپ، ئاغامنىڭ كونا سوۋغىسىنى ئۇنتۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، شۇ سەۋەبتىن ئۇستىگە كىيىۋالدىم.

— ھەقىقىي مەرد ئەھلى! — دەپ ئۇھ تارتتى ساۋ ساۋ.

ساۋ ساۋ ئاغزىدا ماختىغان بولسىمۇ، ھەقىقەتتە كۆڭلىدە خاپا بولدى. بىر كۈنى گۇەن يۈي ئۆيدە ئىدى، تۇيۇقسىز خىزمەتكارلار كېلىپ:

— ئىچكىرىكى ھويلىدا خېنىملار يىغلاپ يىقىلىپ قالدى، نېمە بولدىكىن، بىلەلمىدۇق، سەركەردە جانابلىرى، تېزرەك مەرھەمەت قىلسىلا! — دەپ مەلۇم قىلىشتى. گۇەن يۈي كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ ئىشىكى سىرتىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— يەڭگىلىرىم، نېمە ئۈچۈن مەيۈسلىنىپ يىغلاشتىلا؟ — دەپ سورىدى.

— كېچە چۈشۈمدە ئاغىلىرىنىڭ بىر ئورىغا تىقىلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئويغىنىپ مى خېنىمغا سۆزلەپ بەردىم. ئاغىلىرى ئالەمدىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ، شۇڭلاشقا يىغلاشتۇق، — دېدى گەن خېنىم.

— چۈشتىكى ئىشلارغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇ يەڭگەمنىڭ سېغىنغانلىقلىرى ئۈچۈن كېلىپ چىققان ئىش. قايغۇ قىلىشمىسىلا! — دەپ تەسەللى بەردى گۇەن يۈي.

سۆز ئۇستىگە ساۋ ساۋنىڭ گۇەن يۈينى چايغا تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىسى كېلىپ قالدى. گۇەن يۈي يەڭگىلىرى بىلەن خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. بېرىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. ساۋ ساۋ گۇەن يۈينىڭ چىرايىدىن يىغا چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— يەڭگىلىرىم ئاغىمىزنى ئويلاپ يىغلىشىۋىدى، مېنىڭمۇ ئىختىيارسىز كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كۆز يېشى قىلدىم، — دېدى گۆھەن يۈي.
ساۋ ساۋ كۈلۈپ تەسەللى ئېيتتى ۋە مەي بىلەن كۆڭلىنى ئېچىشقا تىرىشتى. گۆھەن يۈي كەيپ بولۇپ قېلىپ، ساقىلىنى تۇتاملاپ:
— تىرىك تۇرۇپ ئەلگە خىزمەت قىلالمىدىم، ئاغامدىن يۈز ئۆرۈدۈم، ئادەم بولغىنىم قېنى! — دېدى.
— گۆھەن يۈي! ساقىلىڭىز قانچە تال؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.
— تەخمىنەن بىر نەچچە يۈز تالچە بار، ھەر كۈز ئايلىرىدا تۆت - بەش تال چۈشۈپ كېتىدۇ. قىشتا قارا ھەدىرە گەزلىمىلەردىن خالتا تىكىپ ئاسرايمەن، — دېدى گۆھەن يۈي.
ساۋ ساۋ زەرباپلاردىن بىر خالتا ياستىپ گۆھەن يۈيگە ساقال ئاسراش ئۈچۈن تەقدىم قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەنلىك ساراي سالامىدا خان بىلەن كۆرۈشكەندە، خان گۆھەن يۈينىڭ كۆكسىدە يۆپۈقا بىر زەرباپ خالتا ئېسىقلىق تۇرغىنىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى سوراشتۇردى.
— كەمىنىلىرىنىڭ ساقىلىم ئۇزۇن بولغاچقا، باش ۋەزىر جانابلىرى ساقىلىمنى ئاسراش ئۈچۈن بۇ خالتىنى ئىلتىپات قىلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى گۆھەن يۈي.
خان سارايدىلا ساقىلىنى ئاچتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ساقال قورسىقىدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن.
— ھەقىقىي كۆركە ساقال ئىكەن! — دېدى خان.
شۇنىڭدىن باشلاپ گۆھەن يۈي ئەل ئارىسىدا «كۆركە ساقال» دەپ ئاتىلىپ قالدى.
تۇيۇقسىزدىن بىر كۈنى ساۋ ساۋ گۆھەن يۈينى چايغا تەكلىپ قىلدى. مەرىكە تارقىغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋ ئۇزىتىپ چىقىپ، گۆھەن يۈينىڭ ئېتىنىڭ ئورۇقلۇقىنى كۆرۈپ:

— گۇەن يۇي، ئېيتىڭىز نېمە ئانچە ئورۇق؟ — دېدى.

— ۋۇجۇدۇم ئېغىر، ئاتقا ئېغىرلىق قىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئېتىم ھەمىشە ئورۇق، — دېدى گۇەن يۇي.

ساۋ ساۋ ئەتراپىدىكىلەرگە ئات ئىگەرلەپ چىقىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار بىر پەستىلا يېتىلەپ ئېلىپ چىقىشتى. ئات جىرەن ئات ئىدى، ئۇ قىزىل چوغقا ئوخشايتتى، قاۋۇل ئات ئىدى. ساۋ ساۋ ئاتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— جانابىڭىز بۇ ئاتنى تونۇمسىز؟ — دېدى.

— لۈي بۇنىڭ جىرەن تۇلپارى ئەمەسمۇ؟

— شۇ، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە ئاتنى ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەن گۇەن يۇيگە ھەدىيە قىلدى، گۇەن يۇي قايتا تەزىم قىلىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— مەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزگە گۈزەل قىزلار، ئالتۇن، كىمخابلار ھەدىيە قىلدىم، جانابىڭىز بۇنچىۋالا مىننەتدارلىق بىلدۈرمىگەن ئىدىڭىز؛ بۈگۈن ئات ھەدىيە قىلغىنىمدا، خۇشال بولۇپ قايتا - قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈردىڭىز، نېمە سەۋەبتىن ھايۋاننى ئادەمدىن ئارتۇق كۆرىسىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ پەرىشانلىق بىلەن.

— مەن بۇ ئاتنىڭ كۈنىگە 1000 يول باسالايدىغانلىقىنى بىلىمەن. بەختكە يارىشا بۈگۈن بۇ ئاتقا ئىگە بولدۇم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاغامنىڭ بار يېرىنى بىلگەن ھامان بىر كۈندىلا بېرىپ كۆرۈشۈشۈم مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بەردى گۇەن يۇي.

ساۋ ساۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈدى ۋە پۇشايمان قىلدى، گۇەن يۇي خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىشقان:

*شانۇ شەۋكەتلىك بولۇپ ئۈچ ئەلدىكى مەزدلەر ئارا،*
*بىر قورۇنى ئىككى بۆلدى سوردى دەۋران ھەم يەنە.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*كۇتسىمۇ مەككار ۋەزىر كۆپ ھىيلە ـ نەيزەڭ ئىشلىتىپ،*
*بولمىدى ساۋ ساۋغا گۇەن يۇي باش ئېگىپ ئەل زادىلا.*

ساۋ ساۋ جاڭ لياۋدىن:

— مەن گۇەن يۇيگە ياخشى ئىلتىپات كۆرسەتتىم. لېكىن ئۇ ھەمىشە كېتىش خىيالىدا. بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلەي! — دېدى جاڭ لياۋ ۋە ئەتىسى بېرىپ گۇەن يۇي بىلەن كۆرۈشتى. سالام ـ سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— مەن سىزنى باش ۋەزىرگە تونۇشتۇرغانىدىم، كەمسىتىلىپ قالمىغانسىز؟ — دېدى جاڭ لياۋ.

— باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ چوڭ ئىلتىپاتىدىن مىننەتدارمەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزۈم بۇ يەردە بولغان بىلەن، كۆڭلۈم خان تاغىسىدا. شۇڭلاشقا كېتىش ئارزۇسىدىن كېچەلمەيمەن، — دېدى گۇەن يۇي.

— ئاغا، پىكرىڭىز خاتا. دۇنياغا كېلىپ قەدىر ـ قىممەتنى پەرق ئېتەلمىگەنلەر ئەركەك ھېسابلانمايدۇ، ليۇ بېينىڭ جانابىڭىزغا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى باش ۋەزىرنىڭكىدىن ئارتۇق چۇشمەس، نېمە ئۈچۈن كېتىش ئارزۇسىدىن يانالمايسىز؟

— مەن جانابىي ساۋ ساۋنىڭ كۆرسەتكەن چوڭ ئىلتىپات ـ مەرھەمەتلىرىنى بىلىمەن. بىراق مەن يەنە خان تاغىسىنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا ئىگە بولغىنىمدىن تاشقىرى، ئۆلۈم ـ كۆرۈمدە بىللە بولۇشقا ئانت ئىچكەنمەن. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە ئاخىرغىچە بولمىساممۇ، ئەمما جانابىي ساۋ ساۋغا چوقۇم ئەجىر ـ خىزمەت يەتكۈزگىنىمدىن كېيىن كېتىمەن.

— ئەگەر ليۇ بېي ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا، ئۇنداقتا جانابىڭىز نەگە قايتىسىز؟ — دەپ سورىدى جاڭ لياۋ.

— ئۇنداقتا يەر ئاستىغا قايتىشنى خالايمەن.

جاڭ لياۋ گوەن يۈينىڭ بەربىر قالماسلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈپ راستىنى ئېيتتى. ساۋ ساۋ:

— ھەر ئىشتا ئۆز خوجايىنىنى ئۇنتۇماسلىق، بۇ ئالەمدىكى ۋاپا ئەھلىلىرىنىڭ ئىشىدۇر! — دەپ ئاھ چەكتى.

— گوەن يۈي خىزمەت يەتكۈزۈپ، ئاندىن كېتىمەن دەپتۇ، ئەگەر خىزمەت يەتكۈزگىلى قويمىساق كېتەلمەيدىغۇ! — دېدى شۈن يۈي. ساۋ ساۋ بۇنى مەقبۇل كۆردى.

ئەمدى گەپنى ليۇ بېيدىن ئاڭلاڭ. ليۇ بېي يۈەن شاۋنىڭكىدە كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك غەم - قايغۇدا ئۆتتى.

— ليۇ بېي! نېمىشقا دائىم غەمكىن يۈرىدىلا؟ — دەپ سورىدى يۈەن شاۋ.

— ئىككى ئىنىمدىن خەۋەر يوق، بالا - چاقىلىرىم مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى؛ يۇقىرىدا ئەلنى، تۆۋەندە ئۆي - ۋاقىنىمنى قوغدىيالمىدىم، نېمىشقا غەم قىلماي؟ — دېدى ليۇ بېي.

— مېنىڭ ئۆزۈمدىن بېرى شۈيچاڭغا لەشكەر تارتىش نىيىتىم بار ئىدى. ئەمدى باھار كېلىپ ھاۋامۇ ئىللىپ قالدى، بۇ لەشكەر تارتىشنىڭ ياخشى پەيتى، — دېدى يۈەن شاۋ ۋە ساۋ ساۋنى يوقىتىش ھەققىدە كېڭەش ئۆيۈشتۈردى.

— بۇنىڭدىن مۇقەددەم ساۋ ساۋ شۈيجۇغا تېگىش قىلغان ۋاقىتتا، پايتەخت شۈيچاڭ بوش ئىدى، شۇنداق ئوبدان پەيتتە يۈرۈش قىلمىدۇق؛ بۈگۈن شۈيجۇ ساۋ ساۋ تەرىپىدىن ئېلىندى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كۆچىگە كېلىۋالدى، ئەمدى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۆچۈن ۋاقىت كۈتۈش كېرەك. قاچانكى بىر بوشلۇق بولىدىكەن، ئەنە شۇ چاغدا لەشكەر

تارتساق بولارمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى تيەن فېڭ.
— مەن ئويلىنىپ باقاي! — دېدى يۈەن شاۋ ۋە ليۇ بېيغا، — تيەن فېڭ مېنى مۇستەھكەم مۇداپىئەگە تەرغىب قىلىۋاتىدۇ، سىلىچە قانداق؟ — دېدى.
— شاۋ ساۋ خاننى خورلاۋاتقان مۇناپىق، ئەگەر جانابلىرى ئۇنى جازالىمىسىلا ئەل ئارىسىدا مەردلىكلىرىگە تەسىر يەتكۈزەرمىكىن! — دېدى ليۇ بېي.
— ليۇ بېي، سۆزىڭىز ناھايىتى توغرا. - دېدى يۈەن شاۋ ۋە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. تيەن فېڭ يەنە كېڭەش بېرىۋىدى، يۈەن شاۋ غەزەپلىنىپ، — سىلەر قەلەم تۇتۇپلا جەڭ ئىشلىرىغا سەل قاراپ، مېنى ئۇلۇغ ھەققانىي ئىشلاردىن مەھرۇم قويماقچىمسىلەر! — دەپ كايىدى.
— ئەگەر كەمىنە خادىملىرىنىڭ سۆزىنى ئالماي يۈرۈش قىلسىلا، زەپەر قىلغىلى بولمايدۇ! — دەپ ئىلتىجا قىلدى تيەن فېڭ بېشىنى چايقاپ.
يۈەن شاۋ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، ليۇ بېي ئاران تەسلىكتە تىلىۋالدى. تيەن فېڭ زىندانغا تاشلاندى.
جۈي شۇ تيەن فېڭنىڭ زىندانغا قامالغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يىغىپ مال - مۈلۈكلىرىنى بۆلۈپ بەردى ۋە:
— مەن لەشكەر بىلەن بىرگە بارىمەن، نۇسرەت قازانساق ئابرۇي تاپىمىز، ئەگەر يېڭىلىپ قالىدىغان بولساق، مېنىڭ ھاياتىمغا كاپالەت يوق! — دەپ ئالدىنئالا ۋىدالاشتى، ھەممەيلەن يىغلىشىپ ئۇزىتىپ قالدى.
يۈەن شاۋ ئۇلۇغ سەركەردە يەن لياڭنى تۇرشاۋۇل قىلىپ، بەيماغا تېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى.
— يەن لياڭ ئىچى تار، ئۇ گەرچە جەسۇر بولسىمۇ، يالغۇز

بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى جوۋي شۇ.

— ئۇ مېنىڭ ئالىي سەركەردەم، سىلەر باھا بېرەلمەيسىلەر! — دېدى يۈەن شاۋ.

قوشۇن لياڭغىچە يېتىپ كەلدى. دۆڭ جۇن ھاكىمى ليۇ يەن تېزلىكتە شۇيچاڭغا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ ياۋغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزدى.

گۇەن يۈي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋەزىر سارىيىغا بېرىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ لەشكەر تارتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كەلدىم. كەمىنىلىرى تۇرشاۋۇل بولۇپ بېرىشنى خالايتتىم، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— سەركەردە جانابىڭىزنى ئاۋارە قىلغىمىز كەلمىدى. ئەگەر خىزمەت چىقىپ قالسا، تەكلىپ قىلارمىز، — دېدى ساۋ ساۋ.

گۇەن يۈي قايتتى. ساۋ ساۋ 15 تۈمەن لەشكەرنى ئۈچ قوشۇنغا بۆلۈپ يولغا راۋان بولدى. يول ئۈستىدە ليۇ يەننىڭ ئەھۋالىنىڭ جىددىيلىكىنى مەلۇم قىلىپ يازغان ئالاقىلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تاپشۇرۇۋالدى ـ دە، ئۆزى 5 تۈمەن لەشكەر ئېلىپ ئالدى بىلەن بەيماغا يېتىپ كەلدى ۋە بىر توپا تاغ ئېتىكىگە قارارگاھ قۇردى. يىراقتىن، تاغ ئالدىدىكى كەڭ تۈزلەڭ دالىدا يەن لياڭنىڭ 10 تۈمەن كىشىلىك تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ سەپ تۈزگەنلىكى كۆرۈندى. ساۋ ساۋ تەشۋىشكە چۈشۈپ ئارقىسىغا قاراپ بۇرۇن لۈي بۇنىڭ قول ئاستىدا بولغان سەركەردە سۇڭ شيەنگە:

— سىزنى لۈي بۇنىڭ كۈچلۈك سەركەردىلىرىدىن دەپ ئاڭلىغانىدىم، بۈگۈن يەن لياڭ بىلەن ئېلىشىپ بېقىڭ، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

سۇڭ شيەن خوپ دېدى ـ دە، نەيزىسىنى ئېلىپ ئات بىلەن

توپتوغرا مەيدانغا چۈشتى.

قىلىچچىنى ئېگىزرىگە كۆندىلەڭ قويۇپ نىشان تۇغىنىنىڭ ئاستىدا تۇرغان يەن لياڭ سۇڭ شيەننىڭ يېتىپ كەلگىنىنى كۆردى ـ دە، قاتتىق بىر نەرە تارتىپ، ئات چاپتۇرغىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. ئۈچ رەددى بەدەل ئۆتمەستىنلا، قىلىچنىڭ چۈشۈشى بىلەن سۇڭ شيەننى مەيداندىلا چېپىپ تاشلىدى.

— راستتىنلا جەسۇر سەركەردە ئىكەن، — دەۋەتتى قاتتىق چۆچۈگەن ساۋ ساۋ.

— مېنىڭ ھەمراھىمنى ئۆلتۈردى، قىساسىنى ئالاي! — دېدى ۋېي شۈي.

ساۋ ساۋ رۇخسەت قىلدى. ۋېي شۈي نەيزىسىنى ئېلىپ ئاتلىق مەيدانغا چۈشۈپ، يەن لياڭنى قاتتىق تىللىدى. يەن لياڭ ئۈندىمەستىن بىرىنچى زەربىدىلا بېشىغا قىلىچ سالدى. ۋېي شۈي ئات ئاستىغا قىلىچلىنىپ تاشلاندى.

— كىم مۇقابىل بولالايدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

شۈي خۇاڭ مانا مەن دەپ مەيدانغا چىقتى، يەن لياڭ بىلەن 20 رەددى بەدەل ئېلىشتى ـ دە، يېڭىلىپ ئۆز سېپىگە قايتىپ كەلدى، ھەممە پالۋانلار ۋەھىمىگە چۈشتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى، يەن لياڭمۇ لەشكەرلىرىنى قايتۇردى.

ساۋ ساۋ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پالۋاننىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ غەمگە چۆكتى.

— مەن يەن لياڭغا تاقابىل تۇرغۇدەك بىر كىشىنى تونۇشتۇرىمەن، — دېدى چېڭ يۈي.

— كىم؟

— گۈەن يۈيدىن باشقىسى بىكار.

— مەن ئۇنىڭ خىزمەت يەتكۈزۈپ كېتىپ قېلىشىدىن قورقىمەن.

— ليۇ بېي بارلا بولسا، — دېدى چېڭ يۈي، — چوقۇم

يۈەن شاۋدىن پاناھ تىلەيدۇ. بۈگۈن گۇەن يۈينىڭ كۈچى بىلەن يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنى تارمار قىلساق، يۈەن شاۋ گۇمان قىلىپ چوقۇم ليۇ بېينى ئۆلتۈرىدۇ. ليۇ بېي ئۆلسە، گۇەن يۈي نەگە بارىدۇ؟

ساۋ ساۋ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ۋە شۇئان گۇەن يۈينى تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. گۇەن يۈي يەڭگىلىرى بىلەن خوشلاشقىلى كىردى. يەڭگىلىرى:

— تاغا! بۇ بېرىشلىرىدا خان تاغىسىنىڭ خەۋىرىنى ئالغاچ كەلسىلە! — دېيىشتى.

گۇەن يۈي «خوپ، بولىدۇ» دەپ چىقىپ، قارا ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىلىچىنى ئېلىپ، جىرەن تۇلپارىغا مىندى-دە، بىر نەچچە كىشىنىڭ ھەمراھلىقى بىلەن بەيماغا كېلىپ، ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. ساۋ ساۋ:

— يەن لياڭ ئارقىمۇ ئارقا ئىككى پالۋاننى ئۆلتۈردى، جاسارىتىگە تەڭ كەلگىلى بولمىدى، شۇڭا سىزنى ئالاھىدە كېڭەشكە چاقىردىم، — دېدى.

— مەن قاراپ باقاي! — دېدى گۇەن يۈي.

ساۋ ساۋ ئۇنى مەي بىلەن كۈتتى. بىردىنلا، يەن لياڭ جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلىنىشىۋىدى، ساۋ ساۋ گۇەن يۈينى تۇپا تاغقا باشلاپ چىقىپ نەزەر سالدى. ساۋ ساۋ بىلەن گۇەن يۈي ئولتۇردى، باشقا سەركەردىلەر چۆرىدەپ ئۆرە تۇرۇشتى. ساۋ ساۋ تاغ باغرىدىكى يەن لياڭنىڭ سەپلىرىنى، تۇغلىرىنىڭ ئوچۇق روشەنلىكىنى، نەيزە-قىلىچلىرىنىڭ سۈرلۈك پارقىراپ تۇرغانلىقىنى، تەرتىپلىك ۋە ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكىنى گۇەن يۈيگە كۆرسىتىپ:

— خېبېي لەشكەرلىرى نېمىدېگەن سالتەنەتلىك-ھە! — دېدى.

— ماڭا خۇددى توخۇ-ئىتلاردەكلا كۆرۈنۈۋاتىدۇ! — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈەن يۈي.
— كەشتىلىك تون، زەر قۇياق كىيگەن، قىلىچ تۇتۇپ، سەركەردە كۈنلۈكى ئاستىدا ئاتلىق تۇرغان كىشى يەن لياڭ بولىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ.
— مېنىڭچە، — دېدى گۈەن يۈي بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر كۆز تاشلاپ، — يەن لياڭ كاللىسىنى سېتىشقا بەلگە قاداپتۇ!
— سەل چاغلىماسلىق كېرەك، — دېدى ساۋ ساۋ.
— مەن گەرچە ئىستىبدات ئەھلى بولمىساممۇ، تۈمەن لەشكەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، باش ۋەزىر جانابلىرىغا سوۋغا قىلىشنى خالايمەن، — دېدى گۈەن يۈي دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.
— قوشۇندا چاقچاق سۆز قىلىشقا بولمايدۇ، گۈەن يۈي، بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى جاڭ لياۋ.
گۈەن يۈي غەيرەت بىلەن ئاتلىنىپ، قارا ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىلىچىنى تەتۈر تۇتۇپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى تاغدىن چۈشتى. يۇمۇق كۆزىنى چوڭ ئېچىپ، قىيغاچ قېشىنى تىككىسىگە قىلىپ، توپتوغرا ياۋ سېپىگە ئېتىلدى. خېبېي لەشكەرلىرى دولقۇن يېرىلغاندەك بۆلۈنۈپ كەتتى. گۈەن يۈي توغرا يەن لياڭغا قاراپ ئېتىلدى. يەن لياڭ سەركەردە كۈنلۈكى ئاستىدا، گۈەن يۈينىڭ بۆسۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەپ سوراي دەپ تۇرۇشىغا، گۈەن يۈينىڭ جىرەن تۇلپارى تېز بولغاچقا، ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى؛ يەن لياڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچىلىك گۈەن يۈينىڭ قولى كۆتۈرۈلۈپ، قىلىچ چۈشۈش بىلەن يەن لياڭنىڭ جەسىتى ئات ئاستىغا يىقىلدى. گۈەن يۈي چاققانلىق بىلەن ئاتتىن چۈشتى ۋە يەن لياڭنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئېتىنىڭ بويىنىغا ئاستى ـ دە، ئۇچقاندەك ئېتىغا مىنىۋېلىپ، قىلىچىنى ئالدى، خۇددى ئادەم يوق يەرگە كىرىپ قالغاندەك ھېچبىر توسقۇنسىز سەپتىن

چىقتى. خېيبې لەشكەرلىرى قاتتىق قورقۇپ كېتىشىپ، جەڭ قىلماستىنلا ئۆز ـ ئۆزىدىن تارمار بولدى. پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى چاپ ـ چاپقا ئۆتتى، ھەددى ـ ھېسابسىز كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى، نۇرغۇنلىغان ئات، قورال غەنىيمەت ئېلىندى.

گۈەن يۈي ئات چاپتۇرغان پېتى تاغقا چىقتى، سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى تەبرىكلەشتى. گۈەن يۈي كېسىلگەن باشنى ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلدى.

— جانابىي سەركەردە! ھەقىقەتەنمۇ ئەۋلىيا ئىكەنسىز! — دېدى ساۋ ساۋ.

— مەن نېمە! ئىنىم جاڭ فېي 100 تۈمەن كىشىلىك قوشۇن ئىچىدىن ئالىي سەركەردىنىڭ بېشىنى يانچۇقىدىن بىر نەرسە ئالغاندەكلا ئېلىپ تاشلايدۇ، — دېدى گۈەن يۈي.

ساۋ ساۋ قاتتىق ھەيران بولۇپ، ئەتراپىكىلەرگە قاراپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن جاڭ فېيغا يولۇققاندا سەل قارالمىسۇن! — دېدى ـ دە، خاتىرىدە ساقلاش ئۈچۈن چاپىنىنىڭ ئېتىكى ئاستىغا يېزىپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

يەن لياڭنىڭ يېڭىلگەن لەشكەرلىرى قېچىپ كېلىۋېتىپ ئارا يولدا يۈەن شاۋغا ئۇچرىدى ۋە ئۇزۇن ساقال، قىزىل يۈزلۈك، ئۇزۇن قىلىچلىق بىر جەسۇر سەركەردە يەككە ئاتلىق ھالدا سەپكە بۆسۈپ كىرىپ، يەن لياڭنى ئۆلتۈردى، شۇ سەۋەبتىن يېڭىلىپ قالدۇق، دەپ مەلۇمات بېرىشتى.

— ئۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى تەشۋىشلەنگەن يۈەن شاۋ.

— ئۇ چوقۇم ليۇ بېينىڭ ئىنىسى گۈەن يۈي، — دېدى جۈي شۇ.

دەرغەزەپ بولغان يۈەن شاۋ ليۇ بېيغا قاراپ:

— ئىنىڭ مېنىڭ ئەڭ ئامراق سەركەردەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

چوقۇم تىلىڭلار بىر، سېنى قالدۇرۇپ قېلىپ نېمە قىلاتتىم! — دېدى ـ دە، لىۇ بېيىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جاللاتلىرىغا بۇيرۇق بەردى. دەرھەقىقەت:

*دەسلەپ كۆرگەندە ئولتۇردى تۆردە،*
*ئەمدى بوپ مەھبۇس، تۇردى پايىدە.*

لىۇ بېي ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## يۈەن شاۋنىڭ يېڭىلىپ، سەركەردىلىرىدىن ئايرىلغانلىقى گۈەن يۈيىنىڭ تامغىنى ئېسىپ قويۇپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى پېچەتلىگەنلىكى

ئەلقىسسە، يۈەن شاۋ لىيۇ بېينى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، لىيۇ بېي تەمتىرىمەستىن:

— جانابلىرى يالغۇز بىر تەرەپلىمە سۆزنى ئاڭلاپلا بۇرۇنقى قەدىردانلىقنى مۇتلەق تۈگىتىۋېتەمدىلا؟ كەمىنە لىيۇ بېيلىرى شۈيجۈدا يېڭىلگەندىن بېرى ئوتتۇرانچى ئىنىم گۈەن يۈيىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن؛ دۇنيادا چىرايى ئوخشاش ئادەملەر ناھايىتى نۇرغۇن، ئۇزۇن ساقال، قىزىل يۈزلۈك ئادەملا بولسا گۈەن يۈي بولاتتىمۇ؟ جانابلىرى نېمە ئۈچۈن تەكشۈرمەيدىلا؟ — دېدى.

يۈەن شاۋ ئۆز بېشىغا بىر ئىش قىلالمايدىغان شەخس بولغاچقا، لىيۇ بېينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، جۈي شۈنى ئەيىبلەپ:

— سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ ياخشى كىشىنى ئۆلتۈرگىلى تاس قالدىم، — دەپ كايىدى ۋە شۇ ئان يەنە لىيۇ بېينى تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، يەن لياڭنىڭ قىساسىنى ئېلىش كېڭىشىنى ئۆتكۈزدى.

— يەن لياڭ، — دېدى بارگاھ ئىچىدىكى بىر ئادەم قاتتىق ئاۋاز بىلەن، — يېقىن بۇرادىرىم. ھالا مۇناپىق ساۋ ساۋ

تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، قىساسىنى ئالماي قانداق تۇرالايمەن؟
لىيۇ بېي نەزەر تاشلىۋىدى، ئۇ بوي ـ بەستى سەككىز چى، يۈزى ئەپسانىۋى ھېكايىلەردىكى يەككە شاخنىڭ يۈزىگە ئوخشاش ئادەم بولۇپ، خىيىپىلىك ئاتاقلىق سەركەردە ۋېن چۇ ئىكەن.
— سىزدىن باشقىسى يەن لياڭنىڭ قىساسىنى ئالالمايدۇ، مەن سىزگە 10 تۈمەن لەشكەر بېرەي، خۇاڭخېدىن كېچىپ ئۆتۈپ، مۇناپىق ساۋ ساۋنى چاپ ـ چاپ بىلەن قىرغىن قىلغايسىز! — دېدى يۈەن شاۋ ئاھايىتى خۇرسەن بولۇپ.
— بولمايدۇ، ئەلھام يەنجىن، گۇەندۇلارغا لەشكەرلەرنى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشىمىز ئەڭ ياخشى تەدبىر بولىدۇ. ئەگەر يەڭگىللىك بىلەن خۇاڭخېدىن ئۆتۈلسە، بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن تەقدىردە، كۆپچىلىك قايتالماي قالىدۇ، — دېدى جۈي شۇ.
— سىزگە ئوخشاشلار لەشكەرلەرنىڭ روھىنى بوشاشتۇرۇپ، ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈپ كەلدىڭلار، بۇ مېنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىمغا توسقۇن بولدى! سىلەر «لەشكىرىيىدە ئەڭ قىممەتلىك نەرسە مۆجىزىۋى تېزلىك» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — دېدى يۈەن شاۋ غەزەپ بىلەن كايىپ.
جۈي شۇ چىقىپ: «يۇقىرىدىكىلەر ھەيۋە بىلەن مەنمەنلىك قىلىۋاتىدۇ، تۆۋەندىكىلەر خىزمەت تالىشىۋاتىدۇ، ئېقىۋاتقان خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈشكە مېنىڭ ئامالىم قانچە؟» دەپ ئاھ چەكتى ۋە كېسەل بولۇۋېلىپ كېڭەشلەرگە قاتناشمىدى.
— كەمىنىلىرى لىيۇ بېي جانابلىرىنىڭ زور ئىلتىپاتىغا نائىل بولدۇم، ئەمما بىرەر خىزمەت يەتكۈزەلمىدىم، مەن سەركەردە ۋېن چۇ بىلەن بىرگە بېرىشنى خالايمەن: بىرىنچىدىن، جانابلىرىنىڭ كۆرسەتكەن مەرھەمەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرسام، ئىككىنچىدىن، گۇەن يۈنىڭ ئېنىق خەۋىرىنى ئۇقۇپ كەلسەم دەيمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى لىيۇ بېي.

يۈەن شاۋ خۇشال بولدى ۋە ۋېن چۇنى چاقىرىپ لىيۇ بېي بىلەن ئالدىنقى قىسىملارنى بىرگە باشلاپ مېڭىشنى بۇيرۇدى.

— لىيۇ بېي دائىم يېڭىلىپ كەلگەن سەركەردە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قوشۇندا بولۇشى پايدىلىق ئەمەس. جانابلىرى ئۇ كىشىنى ئەۋەتمەكچى بولسىلا، مەن 3 تۇمەن لەشكەر بۆلۈپ بېرەي، ھىماتچى قىسىم بولۇپ بارسۇن! — دېدى ۋېن چۇ.

شۇنىڭ بىلەن ۋېن چۇ 7 تۇمەن لەشكەرنى باشلاپ ئالدىن يۈرۈپ كەتتى، لىيۇ بېينى 3 تۇمەن لەشكەر بىلەن ئارقىدىن كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ساۋ ساۋ گۇەن يۈينىڭ يەن لياڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغان بولدى. خانغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭغا خەنشوۋ بەگلىك مەرتىۋە بەرگۈزدى ۋە تامغا ياساپ تاپشۇردى. بۇ ۋاقىتتا توساتتىن يەنە يۈەن شاۋنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى ۋېن چۇنى ئەۋەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ھازىر خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ يەنجىننى ئىگىلىگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كېلىپ قالدى. ساۋ ساۋ ئالدى بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ، پۇقرالارنى شىخېغا كۆچۈرگۈزۈپ، ئاندىن كېيىن، ئۆزى ياۋغا قارشى لەشكەر باشلىدى؛ ھىماتچى قوشۇنلارنى تۇرشاۋۇل قوشۇن، تۇرشاۋۇل قوشۇنلارنى ھىماتچى قوشۇن بولۇشقا؛ ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەرنى ئالدىن يۈرگۈزۈپ، لەشكەرلەرنى ئارقىدىن مېڭىشقا بۇيرۇدى.

— ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەرنى ئالدىغا قويۇپ، لەشكەرلەرنى ئارقىدا ماڭغۇزۇشتىن مەقسەت نېمە؟ — دەپ سورىدى لۈي چيەن.

— تەمىنات، يەم - خەشەك ئارقىدا بولسا، كۆپىنچە بۇلاش نىشانىسى بولۇپ قالىدىكەن، شۇڭلاشقا ئالدىدا مېڭىشقا بۇيرۇدۇم، — دېدى ساۋ ساۋ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەگەر ياۋ لەشكەرلىرى ئۇچراپ، بولاپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى لۈي چيەن.

— ياۋ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە، ئاندىن بىر نېمە قىلىمىز.

لۈي چيەن گۇماندا بولۇپ قالدى. ساۋ ساۋ ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ياراغ - جابدۇق هارۋىلىرىنى ئۆستەڭ - خەندەك بويلاپ يەنجىنگىچە بېرىشنى بۇيرۇدى، ئۆزى هىماتچى قوشۇندا قالدى، تۇرشاۋۇل قوشۇندا سۈرەن - چۇقان چىقىپ كەتتى، جىددىي خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇغان ئادەملىرى كۆرۈپ كېلىپ:

— خېيىپىلىق ئۇلۇغ سەركەردە ۋېن چۇنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەپتۇ، بىزنىڭكىلەر ئوزۇق - تۈلۈكنى تاشلاپ هەر - ياقلارغا قاچماقتا، هىماتچى قوشۇن ئۇ يەرگە خېلى يىراقتا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېيىشتى.

ساۋ ساۋ قامچىسى بىلەن تۆۋەن تەرەپتىكى كىچىك توپا تاغنى كۆرسىتىپ:

— ئۇ يەرگە ۋاقىتلىق يوشۇرۇنۇش مۇمكىن، — دېدى.

لەشكەرلەر توپا تاغقا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى كىيىم - قوياقلىرىنى يېشىپ ئازراق دەم ئېلىشقا، ئاتلىرىنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇدى. ۋېن چۇ لەشكەرلىرى بېسىپ كەلدى.

— قاراقچىلار كېلىپ قالدى! ئاتلارنى تېز يىغىۋېلىپ، بەيماغا قايتايلى! — دېيىشتى سەركەردىلەر.

— بۇ ياۋنى ئالداش ئۈچۈن قويۇلغان يەمچۈك، نېمە ئۈچۈن قايتىدىكەنمىز! ؟ — دېدى شۈن يۈي ئالدىراپ.

ساۋ ساۋ دەرهال شۈن يۈيگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ كۆز ئىشارىسى قىلدى. شۈن يۈي ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ، قايتا ئېغىز ئاچمىدى. ۋېن چۇ لەشكەرلىرى ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك هارۋىلىرىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، يەنە

ئات بۇلىغىلى كېلىشتى، لەشكەرلىرى پاتىپاراققا چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ساۋ ساۋ لەشكەر ۋە سەركەردىلەرگە توپا تاغدىن ىراق چۈشۈپ چاپ - چاپ قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. ۋېن چۇ لەشكەرلىرى پاتىپاراقلىشىپ كەتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئۇلارنى قورشىۋالدى، ۋېن چۇ قەددىنى رۇسلاپ يەككە ھالدا ئېلىشىشقا باشلىدى، لەشكەرلىرى بىر - بىرىنى دەسسىشىپ كەتتى. ۋېن چۇ بۇلارنى توختىتىۋالالماي، ئېتىنى قايتۇرۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ساۋ ساۋ توپا تاغدا تۇرۇپ:

— ۋېن چۇ خېبېينىڭ ئاتاقلىق سەركەردىسى، ئۇنى كىم تۇتۇپ كېلەلەيدۇ؟ — دەپ توۋلىغانىدى، جاڭ لياۋ بىلەن شۈي خۇاڭ تەڭلا ئات چاپتۇرۇپ چىقتى ۋە:

— ۋېن چۇ! توختا! — دەپ ۋارقىراشتى.

ۋېن چۇ ئارقىسىغا قاراپ ئىككى سەركەردىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، قۇيۇچ نەيزىسىنى قويۇپ، ئوقيايى بىلەن جاڭ لياۋنى نىشانغا ئالدى.

— ھەي مۇناپىق! ئوقيايىڭنى يىغىۋال! — دەپ ۋارقىرىدى شۈي خۇاڭ.

جاڭ لياۋ ناھايىتى تېزلىك بىلەن بېشىنى تۆۋەن قىلدى، ئوق دۇبۇلغىسىغا تېگىپ، پوپۇكىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. جاڭ لياۋ يەنە قوغلىۋىدى، ۋېن چۇنىڭ يەنە ئاتقان بىر ئوقى ئاتنىڭ يۈزىگە تەگدى، ئاتنىڭ ئالدى پۇتى تىزلىنىپ قېلىپ، جاڭ لياۋ يەرگە يىقىلدى. ۋېن چۇ ئېتىنى قايتۇرۇپ كېلىۋىدى، شۈي خۇاڭ چوڭ پالتىسىنى ئوينىتىپ توسۇۋېلىپ تۇتۇشۇپ كەتتى. ۋېن چۇنىڭ ئارقىسىدىن لەشكەرلىرى كېلىپ قالغانلىقتىن، شۈي خۇاڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى، ۋېن چۇ دەريا بويلاپ قوغلىدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئۇشتۇمتۇت ئون نەچچە ئاتلىق بىلەن ئەلەمىنى يەلپۈلدەتكەن، قىلىچ ئوينىتىپ ئات چاپتۇرغان ھالدا بىر سەركەردە يېتىپ كەلدى، بۇ گۇەن يۈي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇ:

— ھەي مۇناپىق، توختا! — دەپ نەرە تارتتى ـ دە، ۋېن چۇغا مۇقابىل بولدى، ئۈچ رەددى ـ بەدەل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، ۋېن چۇنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى، ئۇ ئېتىنى قايتۇرۇپ دەريانى ئايلىنىپ قاچتى. گۇەن يۈيىنىڭ ئېتى تېز چاپقاچقا، ۋېن چۇغا يېتىشىۋالدى ـ دە، ئارقا مېڭىسىگە قىلىچ بىلەن بىرنى سېلىپ، ۋېن چۇنى ئات ئاستىغا دومىلاتتى. ساۋ ساۋ تۆپا تاغدا تۇرۇپ گۇەن يۈيىنىڭ ۋېن چۇنى ئۆلتۈرگىنىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرى بىلەن چاپ ـ چاپقا كىرىشىپ كەتتى، خېبېي لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى سۇغا غەرق بولدى، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئاتلار ساۋ ساۋ تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىندى.

گۇەن يۈي بىر نەچچە ئاتلىقنى باشلاپ، گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا راسا چاپ ـ چاپ قىلىۋاتقاندا، لىيۇ بېي 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن ئارقىدىن كېلىپ قالدى. قوشۇن ئالدىدىكى ئايغاقچىلار لىيۇ بېيغا:

— بۈگۈن يەنە ھېلىقى قىزىل يۈز، ئۇزۇن ساقاللىق ئادەم ۋېن چۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، — دەپ، مەلۇمات بەردى.

لىيۇ بېي ئالدىراپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قاراپ، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئەلەمگە «خەنشۇ بېگى گۇەن يۈي» دېگەن سۆزلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردى ـ دە، كۆڭلىدە خۇداغا شۈكرى ئېيتىپ «ئىنىم ھەقىقەتەن ساۋ ساۋنىڭكىدە ئىكەن!» دېدى. چاقىرىپ كۆرۈشۈشنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ قالغانلىقتىن لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ھەمدەملىشىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان يۈەن شاۋ گۇەندۇغا يېتىپ كېلىپ قارارگاھ قۇردى. گوتۇ، شېن پېيلار يۈەن شاۋ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— بۈگۈن گۇەن يۈي يەنە ۋېن چۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، لىيۇ بېي

ئۇقمىغان كىشى بولۇپ يۈرىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.
يۈەن شاۋ بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ:
— ھە، يوغان قۇلاق ئوغرى! مۇنداق قىلىشقا نېمە ھەددىڭ؟ — دەپ تىللىدى.
بىر پەستىن كېيىن ليۇ بېي يېتىپ كېلىۋىدى، يۈەن شاۋ ئاچچىقىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.
— مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.
— سىز ئىنىڭىزغا يەنە بىر ئۇلۇغ سەركەردەمنى ئۆلتۈرگۈزدىڭىز، نېمە ئۈچۈن گۇناھىڭىز بولمايدىكەن؟
— بىر ئېغىز سۆزۈم بار، ئېيتىۋېلىپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق: ساۋ ساۋ مېنى يامان كۆرىدۇ. بۈگۈن جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىكەنلىكىمنى بىلگىنى ئۈچۈن، مېنىڭ ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىشىم ۋە ھەمدەملىشىشىمدىن قورقۇپ، ئەتەي گۇەن يۈينى ئىككى سەركەردىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن. جانابلىرى بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە غەزەپلىنىدىلا، دېمەك، سىلىنىڭ قوللىرى بىلەن مېنى ئۆلتۈرگۈزمەكچى بولغان. جانابلىرىنىڭ ئويلاپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن.
— راست، ليۇ بېينىڭ سۆزى ئورۇنلۇق. سىلەر مېنى دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈردى دېگەن نامغا قالدۇرماقچىمۇ؟ — دەپ ئەتراپىدىكىلەرگە تۇۋلىدى يۈەن شاۋ ۋە ئۇلارنى چىقىرىۋېتىپ ليۇ بېينى يەنە تۆرگە تەكلىپ قىلدى.
ليۇ بېي رەھمەت ئېيتىپ:
— جانابلىرىنىڭ كەڭچىلىك قىلغان ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن جاۋاب قايتۇرۇشقا ئاجىزمەن. ئىشەنچلىك بىر كىشى ئارقىلىق گۇەن يۈگە بىر پارچە مەخپىي خەت يېزىپ، گۇەن يۈينى مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمدىن خەۋەرلەندۈرسەم، ئۇ چوقۇم كېچە - كۈندۈز دېمەي يېتىپ كېلىدۇ ۋە جانابلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، بىرلىكتە ساۋ ساۋدىن يەن لياڭ، ۋېن چۇلارنىڭ قىساسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالىدۇ، قانداق دەيدىلاكىن؟ — دېدى.

— گۆھەن يۈي مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتسە، ئون يەن لياڭ، ۋېن چۇ مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتكەندەك بولاتتىم، — دېدى يۆەن شاۋ خۇرسەن بولۇپ.

ليۇ بېي مەكتۇپ يازغاندى، ئەۋەتىدىغان مۇۋاپىق كىشى چىقمىدى. يۆەن شاۋ لەشكەرلىرىنى ۋۇياڭغا چېكىنىپ، بىر نەچچە ئون مۇساپىگىچە قارارگاھ قۇرۇپ، جىم تۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ساۋ ساۋ شياخۇدۇننى قىسىملىرى بىلەن گۆەندۇ ئېغىزىنى ساقلاشقا قويدى، ئۆزى قالغان لەشكەرلەر بىلەن پايتەخت شۈيچاڭغا قايتىپ، بەگلەر شەرىپىگە چوڭ مەرىكە بېرىپ، گۆەن يۈينىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ خىزمىتىنى تەبرىكلىدى ھەمدە لۈي چيەنگە قاراپ:

— سەپەردە ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ۋە يەم ـ خەشەكلەرنى ئالدىدا ماڭغۇزۇشۇم ياۋغا يەمچۈك قويۇش تەدبىرى ئىدى، بۇنى يالغۇز شۈن يۈيلا بىلەلىدى، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن قايىل بولۇشتى. مەرىكە تازا قىزىۋاتقاندا ئادەملەر رۇنەندە سېرىق ياغلىقلىقلاردىن ليۇ بى، گۇڭ دۇلار زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشقا كىرىشىپتۇ، ساۋ خۇڭ بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشقان بولسىمۇ، يېڭەلمەپتۇ، شۇڭلاشقا لەشكىرىي ھەمدەملىك سوراپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كىرىشتى. گۆەن يۈي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— كەمىنىلىرى بارلىق كۈچۈم بىلەن رۇنەندىكى قاراقچىلارنى يوقىتاي، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— گۆەن يۈي! زور خىزمەت يەتكۈزدىڭىز، بۇنى تېخى تارتۇقلىمىدۇق، قانداق قىلىپ سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىپ يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇغىلى بولىدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— **ئۇزۇن**غىچە بىكار يۈرسەم، چوقۇم ئاغرىپ قالىمەن، يەنە

بىر سەپەر قىلسام ئىكەن! — دەپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالدى گۇەن يۈي.

ساۋ ساۋ ماقۇل كۆرۈپ، 5 تۈمەن لەشكەر بەردى ۋە يۈي جىن بىلەن يۆ جىننى ياردەمچى سەركەردە قىلىپ تەيىنلەپ، ئەتىسى يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى.

— گۇەن يۈينىڭ ھەر دائىم ليۇ بېي تەرەپكە كېتىش نىيىتى بار، ئەگەر خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالسا چوقۇم كېتىدۇ، يۈرۈشلەرگە ئەۋەتمىۋېرىشكە بولماسمىكىن، — دەپ مەخپىي پىكىر بەردى شۇن يۈي.

— بۇ قېتىم خىزمەت يەتكۈزسۇن، كېيىن ياۋ ئالدىغا ئەۋەتمەيمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

گۇەن يۈي لەشكەرلىرى بىلەن رۇنەنگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ قارارگاھ قۇردى، شۇ كېچىسى قارارگاھ سىرتىدىن ئىككى سۇخەنچى قولغا چۈشۈرۈلدى، گۇەن يۈي بۇلارغا قاراپ، بىرىنىڭ سۇن چيەن ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرنى چىقىرىۋېتىپ سۇن چيەندىن:

— يېڭىلىپ تارقىلىپ كەتكىنىمىزدىن كېيىن، جانابىڭىزدىن ھېچبىر دېرەك بولمىغانىدى، بۇگۈن قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن قېچىپ يۈرۈپ رۇنەنگە كېلىپ قالغانىدىم، بەختكە يارىشا ليۇ بى قوبۇل قىلدى. سەركەردە جانابلىرى قانداق قىلىپ ساۋ ساۋنىڭكىدە بولۇپ قالدىلا؟ گەن، مى خېنىملار سالامەتمۇ؟ — دېدى سۇن چيەن.

گۇەن يۈي بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر- بىرلەپ تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى.

— يېقىندا ئاڭلىشىمچە، — دېدى سۇن چيەن، — جانابىي ليۇ بېي يۈەن شاۋ ھۇزۇرىدا ئىكەن، باراي دېۋىدىم، پۇرسەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىدى. ئەلھال ليۇ بى، گۇڭ دۇ ئىككىيلەن يۈەن شاۋغا ئىتائەت قىلىپ، ساۋ ساۋغا قارشى جەڭ قىلماقتا. خۇداغا شۈكرى، بۈگۈن سەركەردە جانابلىرى بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا، شۇڭلاشقا ئۆكەرگە يول باشلىتىپ، سۇخەنچى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە مەلۇمات بەرگىلى كېلىۋىدىم. ئەته ئىككىيلەن بىر مەيدان جەڭدە يالغاندىن ئۇتتۇرغان بولسۇن ـ دە، جانابلىرى تېزلىكتە ئىككى خېنىمنى ئېلىپ يۈەن شاۋ تەرەپكە ئۆتۈپ، جانابىي ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشسىلە!

— ئاغىمىز يۈەن شاۋنىڭكىدە بولغىنى ئۈچۈن كېچىلەپ بولسىمۇ بېرىشىم لازىم ئىدى، ئەمما مەن يۈەن شاۋنىڭ ئىككى سەركەردىسىنى ئۆلتۈردۈم. ئەمدى ئەھۋال ئەلۋەتتە ئۆزگىچە بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئالدى بىلەن ئۇ تەرەپكە بىر بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىپ، سەركەردە جانابلىرىغا مەلۇم قىلاي! — دېدى سۇن چيەن.

— ئاغامنىڭ يۈزىنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق. ئەمدى شۈيچاڭغا قايتىپ، ساۋ ساۋ بىلەن خەيرلىشىمەن، — دېدى گۇەن يۈي ۋە شۇ كېچىسىلا سۇن چيەننى يوشۇرۇنچە ئۆزىتىپ قويدى. ئەتىسى گۇەن يۈي لەشكەر باشلاپ چىقتى، گۇڭ دۇ جابدۇنۇپ مەيدانغا چىقتى.

— سىلەر نېمە ئۈچۈن خاندانلىقىقا قارشى ئىسيان قىلىسىلەر؟ — دېدى گۇەن يۈي.

— سىز خوجايىنىڭىزدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم تۇرۇپ، مېنى نېمىدەپ ئەيىبلەيسىز؟ — دېدى گۇڭ دۇ.

— مەن قانداق قىلىپ خوجايىنىمدىن يۈز ئۆرۈپتىمەن؟

— ليۇ بېي يۈەن شاۋ ھوزۇرىدا، سىز نېمە ئۈچۈن ساۋ ساۋغا ئىتائەت قىلدىڭىز؟

گۇەن يۈي سۆز قىلماستىن قىلىچىنى ئوينىتىپ ئالغا

ئېتىلدى، گۈلۈڭ دۇ قاچتى، گۈەن يۈي قوغلاپ يېتىشۋالدى. گۈلۈڭ دۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ گۈەن يۈيگە:

— بۈرۈنقى خوجايىنىنىڭ مەرھەمىتىنى ئۇنتۇشقا بولمايدۇ. جانابىڭىز تېز ئالغا ھەرىكەت قىلىڭ، رۇنەننى ئۆتۈنىمىز، — دېدى.

گۈەن يۈي ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشەندى ـ دە، لەشكەرلىرىنى جەڭگە ھەيدەپ چاپ ـ چاپقا چۈشتى، لىۇ بېي، گۈلۈڭ دۇ ئىككىيلەن يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. گۈەن يۈي ئايماق، ناھىيىلەرنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، خەلقنى ئەمىن قىلىپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ شۈيچاڭغا قايتتى، ساۋ ساۋ شەھەردىن چىقىپ ئىستىقبال قىلدى، لەشكەرلىرىنى تارتۇقلىدى.

مەرىكىدىن كېيىن، گۈەن يۈي ئۆيىگە قايتتى ۋە ئىشىك تېشىدا تۇرۇپ يەڭگىلىرىگە سالام قىلدى.

— تاغا! ئىككى قېتىم لەشكىرىي سەپەرگە چىقتىلا، خان تاغىسىنىڭ خەۋىرىنى ئالالىدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى گەن خېنىم.

— يوغسۇ، ئالالمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

گۈەن يۈي قايتىپ چىقتى. خېنىملار ئۆي ئىچىدە يىغلىشىپ:

— خان تاغىسى ۋاپات بولغان ئوخشايدۇ، ئۇنتۇرانچى ئاغىمىز بىزنى ئاياپ ئېيتمايۋاتىدۇ، — دەپ نالە قىلىشتى.

بۇ ۋاقىتتا بىر كونا نۆكەر يىغا ئاۋازىنىڭ توختىمىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ:

— خېنىملار، يىغلاشمىسىلا! خوجايىن خېنىمىدا يۈەن شاۋ ھۇزۇرىدا ئىكەن! — دەپ ئېيتىپ قويدى.

— قانداق ئۇقتىڭىز؟ — دەپ سورىدى خېنىملار.

— سەركەردە گۈەن يۈي بىلەن مەيداندا بىللە ئىدىم،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئامبىرى

مەيداندا بىرى شۇنداق دېدى، — دېدى نۆكەر.

خېنىملار دەرھال گۆەن يۈينى چاقىرتىپ:

— ئاغىلىرى سىلىنگە يۈز ئۆرۈمىگەنىدى، سىلى بۈگۈن ساۋ ساۋنىڭ ئىلتىپاتىغا بېرىلىپ كونا ۋاپادارلىقنى ئۇنتۇپ قاپتىلا، نېمە ئۈچۈن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىزگە ئۇقتۇرمايدىلا؟ — دەپ كايىشتى.

— ئاغام ھەقىقەتەن خېبېيدا ئىكەن، يەڭگىلىرىمگە بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلماسلىقىمنىڭ سەۋەبى، — دېدى گۆەن يۈي بېشىنى لىڭشىتىپ، — سىرنىڭ پاش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭغا ئاستا چارە كۆرۈش لازىم، ئالدىرىغان بىلەن بولمايدۇ.

— ئاغا، بۇ ئىشنى چىڭ تۇتسىلا! — دېدى گەن خېنىم.

گۆەن يۈي قايتىپ چىقىپ، كېچىش تەدبىرىنى ئويلاپ، خاتىرجەمسىزلەندى.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. يۈي جىن لىۇ بېيىنىڭ خېبېيدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ گۆەن يۈينىڭ غەرىزىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن جاڭ لياۋنى ئەۋەتتى. گۆەن يۈي ئىچى پۇشۇپ ئولتۇراتتى. جاڭ لياۋ كىرىپ كەلدى ۋە:

— سىز ئاغىڭىزنىڭ مەيداندا لىۇ بېيىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغانلىقىڭىزنى ئۇقۇپ، ئالاھىدە تەبرىكلەپ كەلدىم، — دېدى.

— قەدىناس خوجايىن ھايات بولسىمۇ، كۆرۈشەلمىدۇق، سۆيۈنىدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى گۆەن يۈي.

— ئاغىڭىز سىزنىڭ لىۇ بېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟ — دېدى جاڭ لياۋ.

— مېنىڭ سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم دوستلۇق

مۇناسىۋىتى؛ لىۇ بېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم دوستلۇق ۋە ئاغا ـ ئىنىلىق مۇناسىۋەت ھەم خوجايىن، ھەم خىزمەتكارلىق مۇناسىۋەت. بۇنى قانداقمۇ تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولسۇن؟

— بۇگۇن لىۇ بېي خېيىيدا ئىكەن، بارامسىز؟ — دەپ سورىدى جاڭ لياۋ.

— ئۆتكەنكى سۆزگە خىلاپلىق قىلىشقا بولامدۇ؟ مېنىڭ ئۇچۇن باش ۋەزىرگە ئىلتىماس قىلىۋرسىز! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى گۇەن يۈي.

جاڭ لياۋ گۇەن يۈينىڭ سۆزلىرىنى ئەينى بىلەن ساۋ ساۋغا يەتكۈزدى.

— تۇتۇپ قېلىشقا ئىلاجىم يوق! — دېدى ساۋ ساۋ.

گۇەن يۈي خىيال سۇرۇپ ئولتۇراتتى. مۇلازىملار تۇيۇقسىزلا بىر كونا تونۇش كىشى كۆرۈشكىلى كەپتۇ، دەپ مەلۇم قىلىشتى، گۇەن يۈي ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى، ئەمما كىرگەن بۇ كىشى ئەسلا تونۇش ئەمەس چىقىپ قالدى.

— جانابلىرى كىم بولىدىلا؟ — دەپ سورىدى گۇەن يۈي.

— مەن يۈەن شاۋنىڭ خىزمەتچىسى، نەنياڭلىق چېن جېن بولىمەن، — دېدى مېھمان.

گۇەن يۈي چۆچۈپ كەتتى ـ دە، دەرھال ئەتراپىدىكىلەرنى چىقىرىۋېتىپ:

— جانابلىرىنىڭ بۇ سەپەرلىرىدىن ئەلۋەتتە بىرەر مۇددىئا بولۇش كېرەك؟ — دېدى گۇەن يۈي.

چېن جېن بىر پارچە خەت چىقىرىپ گۇەن يۈيگە سۇندى گۇەن يۈي خەتكە قارىۋىدى، خەت لىۇ بېيدىن بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

پېقىر لىۇ بېي جانابىڭىز بىلەن شاپتۇللۇقتا ئەھدىنامە تۈزۈپ، بىرگە ئۆلۈشكە ئانت ئىچىشكەنىدۇق. ئەلھال نېمىشقا يېرىم يولدا خىلاپلىق قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەرھەمەت، ساداقەت، ۋاپانى ئۈزۈپ تاشلايسىز؟ جانابىڭىز ئەجىر - خىزمەت يەتكۈزۈپ نام - شۆھرەت ئېلىپ، راھەتتە ئۆتۈش ئۈچۈن، مەن لىۋ بىيىنىڭ بېشى ھېسابىغا زەپەر قازانماق بولۇۋاتىسىز كېرەك! تۈگىمەس سالاملىرىم بىلەن، ئۆلگۈچە بۇيرۇقىڭىزنى كۈتىمەن.

گۇەن يۈي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى ۋە:

— مەن ئاغامنى ئىزدىمەي قويمىدىم، ئەمما قەيەردىلىكىنى بىلەلمىدىم. مەن قانداقمۇ دۆلەتمەن ئېسىلزادىلەردىن بولۇش ئۈچۈن كونا ئەھدىمىزگە خىلاپلىق قىلاي! — دېدى.

— جانابىلىرىنى لىۋ بېي بەك ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە، كونا ئەھدىگە خىلاپلىق قىلمىغان بولسىلا، تېزرەك بېرىپ كۆرۈشۈرلەر! — دېدى چېن جېن.

— ئىنسان دۇنيادا ياشار ئىكەن، — دېدى گۇەن يۈي، — ئۇنىڭ ئىشىنىڭ بىر باشلىنىشى ۋە ئاخىرى بولۇشى كېرەك، ئەكس ھالدا ئۇ ئالىيجاناب ئادەم ئەمەستۇر. مەن ئوچۇق - ئاشكارا كەلدىم. كېتىشىممۇ ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشى كېرەك. مەن ھازىر خەت يېزىپ بېرەي، جانابىلىرى ئاۋارە قىلدىڭ دېمەستىن ئاغامغا يەتكۈزۈپ بەرسىلە. مەن ساۋ ساۋ بىلەن خەيرلەشكەندىن كېيىن يەڭگىلىرىمنى ئېلىپ بېرىپ كۆرۈشىمەن.

— ئەگەر ساۋ ساۋ قوبۇل كۆرمىسە قانداق قىلىدىلا؟

— ئۆلۈشكە رازىمەنكى، بۇ يەردە قېلىشقا رازى ئەمەسمەن!

— ئەمىسە جانابىلىرى تېزدىن مەكتۇپ يازسىلا، ھاكىم لىۋ بېي ئىنتىزار بولۇپ قالمىسۇن.

گۇەن يۈي تۆۋەندىكىچە جاۋاب يازدى:

ۋاپا ئەھلى ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلماس، ساداقەت ئەھلى ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماس، دەپ ئاڭلىغانىدىم.

كەمنە گۆەن يۈي گۆدەكلىكىمدىن تارتىپ ئوقۇغىنىمدىن بېرى ئازدۇر - كۆپتۇر ئەخلاق، ۋاپا دېگەن نەرسىنى بىلەتتىم. ياڭ جۆئەي، زو بۇتاۋ سەرگۈزەشتىسىنى* ئوقۇغىنىمدا ئىختىيارسىز ئاھ چېكەتتىم، كۆزۈمدىن قايتا - قايتا ياش ئاققۇزغانىدىم. بۇنىڭدىن مۇقەددەم شياۋپېينى ساقلاپ تۇرغىنىمدا، ئىچكى جەھەتتە ئوزۇق - تۈلۈك، تاشقىرىدىن ھەمدەملىك ئۈزۈلۈپ قالدى؛ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالاي دېسەم ئىككى يەڭگەم بار بولغاچقا، بۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى يۈزىسىدىن كاللامدىن ئايرىلىپ جېنىمنى پىدا قىلىشقا پېتىنالمىدىم؛ كەلگۈسىدە يۈز كۆرۈشۈش ئۈمىدى بىلەن ۋاقتىنچە شەرتلىك ھالدا بۇ يەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەلھال رۇنەنگە بېرىپ سىلى ئاغامنىڭ خەۋىرىنى ئالدىم. ئەمدى جانابىي ساۋ ساۋ بىلەن خەيرلىشىپ، يەڭگىلىرىمنى ئېلىپ قايتىمەن. ئەگەر مەن باشقا نىيەتتە بولغان بولسام ئەزرائىل جېنىمنى ئالسۇن. يۈرەك - باغرىمدىكى ھەممە نەرسىنى يېزىشقا قەلىمىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

كۆرۈشكىنىمىزدە ئەرز ئېيتارمەن، ئىشىنىشلىرىنى سورايمەن.

چېن جېن خەتنى ئېلىپ قايتتى. گۈەن يۈي ئىچكىرىگە كىرىپ ئەھۋالنى يەڭگىلىرىگە ئۇقتۇردى ۋە شۇئان خەيرلىشىش

---

* ياڭ جۆئەي، زو بۇ تاۋ سەرگۈزەشتىسى — ياڭ جۆئەي، زو بۇتاۋ جەنگو دەۋرىدە ياشىغان كىشىلەر بولۇپ، ئىككىسى ناھايىتى يېقىن دوست ئىكەن. بۇلار چۇ ۋاڭنىڭ ئاقىل ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە بارماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ، يولدا بوران - چاپقۇنغا ئۇچراپتۇ، كىيىملىرى يالاڭلىق قىلىپ، ئوزۇقلىرى يەتمەي قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا زو بۇتاۋ: «سىز كىيىم، ئوزۇق - تۈلۈكنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ!» دەپ ياڭ جۆئەينى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۆزى ئاچ قېلىپ سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپتۇ. كېيىن ياڭ جۆئەي چۇ كىنەزلىكىگە بېرىپ ئالىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپتۇ، داڭقى چىقىپتۇ. مەرھۇم قەدىردان دوستى زو بۇتاۋنىڭ جەسىتىنى تېپىپ دەپنە قىلىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىسى زو بۇتاۋ ياڭ جۆئەينىڭ چۈشىگە كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ دوستىنىڭ ئىلتىپاتىغا جاۋاب قايتۇرۇش نىيىتى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىنكىلەر ئەڭ يېقىن دوستلۇقنى بۇلارغا ئوخشىتىپ ياڭ - زو دوستلۇقى دېيىشەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن باش ۋەزىر ساۋ ساۋ سارىيىغا باردى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ نېمە ۋەجىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، مېھمان قوبۇل قىلماسلىق تاختىسىنى ئىشىككە ئاستۇرۇپ قويدى. گۇەن يۈي مەيۈسلىنىپ قايتتى، كونا نۆكەرلىرىگە ھارۋا ـ ئاتلارنى ھازىرلاپ سەپەرگە دائىم تەييار بولۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى؛ قورۇدىكى ھەدىيە بېرىلگەن ھەممە نەرسىلەرنى قالدۇرۇشنى، قىلچە نەرسىگە تەگمەسلىكنى جېكىلىدى. ئىككىنچى كۈنى يەنە خەيرلىشىش مەقسىتىدە ۋەزىر سارىيىغا باردى، ئىشىكتە يەنە مېھمان قوبۇل قىلماسلىق تاختىسى ئېسىقلىق تۇراتتى. گۇەن يۈي ئۇدا بىر نەچچە قېتىم بارغان بولسىمۇ، زادى كۆرۈشەلمىدى. ئەھۋال ئېيتقىلى جاڭ لياۋنىڭكىگە كەلسە، جاڭ لياۋ كېسەل بولۇۋېلىپ قارشى ئالمىدى. گۇەن يۈي «بۇ باش ۋەزىرنىڭ مېنى كەتكىلى قويماسلىق غەرىزى. مەن كېتىش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىكەنمەن، يەنە نېمىدەپ قالىدىكەنمەن؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، قولىغا قەلەم ئېلىپ ساۋ ساۋغا قايتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەشەككۇر مەكتۇپى يازدى. مەكتۇپنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

كەمىنە گۇەن يۈي، ياش چېغىمدىن بېرى خان تاغىسى بىلەن بىرگە بولۇپ، بىللە ئۆلۈشكە ۋەدىلەشكەنىدىم. بۇ سۆز پۈتۈن ئەلگە مەلۇم، بۇنىڭغا ئاللا گۇۋاھ. بۇنىڭدىن مۇقەددەم شياۋپىي قولۇمدىن كەتكەن ۋاقىتتا، ئىلتىماس قىلغان ئۈچ شەرتىمنى جانابلىرى قوبۇل قىلغانىدىلەر. ئەلھال كونا خوجايىنىمنىڭ يۈەن شاۋ قوشۇنىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بۇرۇنقى ئەھدىنامىنى ئەسلىسەم، ئۇنىڭغا قانداقمۇ خىلاپلىق قىلاي؟ يېڭى ئىلتىپات گەرچە چوڭ بولسىمۇ، كونا ساداقەت ـ ۋاپانى ئۇنتۇش قىيىن. شۇڭلاشقا ئالاھىدە مەكتۇپ بىلەن خەيرلەشتىم، قوبۇل

قىلىشلىرىنى سورايمەن. ئىلتىپات ئۇچۇن ئەجىر - خىزمەت يەتكۈزەلمەي قالغان قىسمىنى كېيىن ئادا قىلىمەن.
مەكتۇپنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، لىپاپىغا سېلىپ كىشى ئارقىلىق ۋەزىر سارىيىغا ئەۋەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قېتىم ھەدىيە قىلىنغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئامبارغا پېچەتلەتتى، خەنشۇ بېگى تامغىسىنى سارايغا ئېسىپ قويدى.
يەڭگىلىرىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى جەرەن تۇلپارنى مىندى. قارا ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، كونا نۆكەرلىرى بىلەن ھارۋىنى قوغداپ، يۇقىرى قوۋۇقتا قاراپ يول ئالدى، قوۋۇقچىلار توسۇۋىدى، كۆزىنى ئالايتقىنىچە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، بىر توۋلىغانىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چېكىنىپ يول بېرىشتى. گۇەن يۈي قوۋۇقتىن چىقىپ نۆكەرلىرىگە:
— سىلەر ھارۋىنى قوغداپ ئالدىن مېڭىۋېرىڭلار، قوغلاپ كەلگۈچىلەرنى مەن توسىمەن، ئىككى خېنىمنى قورقىتىپ قويماڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى.
نۆكەرلەر ھارۋىنى ھەيدەپ خان يولى بىلەن راۋان بولدى.
ساۋ ساۋ گۇەن يۈي مەسىلىسى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپ تېخى بىر قارارغا كەلمىگەنىدى، ئەتراپتىكىلەر گۇەن يۈينىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى. ساۋ ساۋ خەتنى كۆرۈپ بولۇپ قاتتىق چۆچۈدى - دە:
— گۇەن يۈي كېتىپ قاپتۇ! — دەۋەتتى.
ئەنە شۇ ۋاقىتتا، يۇقىرى قوۋۇقنى ساقلاۋاتقان سەركەردە ئۇچقاندەك كېلىپ:
— گۇەن يۈي قوۋۇقتىن زورلۇق بىلەن چىقىپ كەتتى، ھارۋىلىق - ئاتلىق بولۇپ ھەممىسى 20 چە كىشى بار، ئۇستۇن تەرەپكە قاراپ كەتتى، — دەپ مەلۇمات بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۆھەن يۈيىنىڭ قورۇسىدىكىلەرمۇ كېلىپ:
— گۆھەن يۈي ھەدىيە بېرىلگەن ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى پېچەتلەپ، ئون نەپەر گۈزەل قىزنى ئىچكىرىكى سارايدا قالدۇردى. خەنشۇ بېگى تامغىسىنى سارايغا ئېسىپ قويدى، باش ۋەزىرنىڭ بەرگەن ئادەملىرىنى قالدۇرۇپ، كونا نۆكەرلىرى ۋە يۈك - تاقلىرىنى ئالدى - دە، يۇقىرى قوۋۇققا قاراپ كەتتى، — دەپ خەۋەر قىلدى.
ھەممە ھەيران قالدى. بۇ ۋاقىتتا بىر سەركەردە دەس ئورنىدىن تۇرۇپ:
— مەن 3000 جەسۇر ئاتلىق لەشكەر بىلەن گۆھەن يۈينى تىرىك تۇتۇپ كېلىپ، باش ۋەزىر جانابلىرىغا تەقدىم قىلىشنى خالايمەن! — دېدى.
ھەممە نەزەر تاشلىدى، بۇ سەركەردە سەي ياڭ ئىدى. ھەيھات:

*قۇتۇلماق كويىغا چۇشتى تېگى يوق ۋەھشىي غاردىن،*
*قۇتۇلماي چىقتى ئۇچ مىڭدەك گويا چىلبۆرە ئالدىدىن.*

سەي ياڭنىڭ گۆھەن يۈنى قوغلىشىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## كۆركە ساقالنىڭ مىڭلارچە مۇساپىنى يەككە ئاتلىق باسقانلىقى
## خەنشۇ بېگىنىڭ بەش قورۇلدىن ئۆتكۈچە ئالتە سەركەردىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋنىڭ قول ئاستىدىكى پۈتۈن سەركەردىلەر ئىچىدە، جاڭ لياۋدىن باشقا، شۈي خۇاڭنىڭ گۇەن يۈي بىلەن مۇناسىۋىتى قېلىن ئىدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى؛ يالغۇز سەي ياڭلا گۇەن يۈيگە تەن بەرمەيتتى، شۇ سەۋەبتىن بۈگۈن ئۇنىڭ كەتكىنىنى ئاڭلاپ قوغلىماقچى بولدى.

— باشتىكى خوجايىنىنى ئۇنتۇمىدى، كېلىپ ـ كېتىشى ئاشكارا بولدى، ئوغۇل بالا ئىكەن، ھەممىڭلار ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىشىڭلار لازىم، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە توۋلىغىنىچە سەي ياڭنى قايتۇرۇپ قوغلاتمىدى.

— باش ۋەزىر سىلى گۇەن يۈيگە چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتكەنىدىلە، بۈگۈن ئۇ خوشلاشماستىنلا كېتىپ قاپتۇ، كىچىككىنە باغاقتەك بىر خەتنى تاشلاپ قويۇپلا، جانابلىرىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ كېتىپ قالغانلىقى چوڭ جىنايەت. ئۇنىڭ يۈەن شاۋغا قوشۇلۇشىغا يول قويۇش يولۋاسقا قانات قوشۇپ بەرگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، كەلگۈسى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قوغلاپ بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈۋەتكەن تۇزۇك، — دېدى چېلك يۈي.

— بۇرۇن ئۇنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولغان تۇرسام، لەۋزىمدە تۇرمىسام بولامدۇ! ھەركىم ئۆز خوجايىنى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، قوغلىمايلى، — دېدى ساۋ ساۋ. ئۇ يەنە جاڭ لياۋغا قاراپ، — گۈەن يۈي ئالتۇن - كۈمۈشنى پېچەتلىۋېتىپ، تامغىنى ئېسىپ قويۇپ كېتىپتۇ، مال - دۇنياغا كۆڭلىنى بەرمەپتۇ، مەرتىۋە - مائاش ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەپتۇ، مۇنداق ئادەمگە چوڭقۇر ئىخلاس قىلىمەن. ھازىر تېخى ئانچە يىراق كېتىپ قالمىغان بولسا كېرەك، يەنىمۇ ئەتىۋارلاپ ئادەمگەرچىلىك قىلىپ قوياي، سىز ئاۋۋال بېرىپ ئۇنى توختىتىپ تۇرۇڭ، مەن چىقىپ ئۇزىتىپ قوياي ھەمدە كەلگۈسىدە ئەسلەپ قېلىشى ئۈچۈن يول خىراجىتى بېرەي، شۇنىڭدەك سەپەر لىباسى ھەدىيە قىلاي! — دېدى.

جاڭ لياۋ بۇيرۇقنى ئېلىپ، يەككە ئاتلىق ئاۋۋال چىقىپ كەتتى. ساۋ ساۋ بىر نەچچە ئون ئاتلىق بىلەن ئارقىدىن چىقىپ كەلدى.

گۈەن يۈيگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئاستىدىكى جىرەن تۇلپار كۈنىگە 1000 يول باسار ئات بولغاچقا، ئەسلىدە ئۇلار يېتىشەلمەيتتى، لېكىن ھارۋىلارنى قوغداپ مېڭىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاستا كېتىپ باراتتى. ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىدىن: «گۈەن يۈي، سەل توختاڭ!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ جاڭ لياۋنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. گۈەن يۈي ھارۋا ۋە خادىملارنى چوڭ يول بىلەن ئالغا قاراپ تېز مېڭىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى جىرەن تۇلپارنى توختىتىپ، قارا ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىلىچىنى چىڭ تۇتقىنىچە:

— جاڭ لياۋ! ئەجەبا مېنى قايتۇرغىلى قوغلاپ كەپسىزغۇ؟ — دېدى.

— يوغسۇ! باش ۋەزىر سىزنىڭ يىراقتا سەپەر قىلغانلىقىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىتىپ قويماق بولۇپ، توختىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن مېنى ئەۋەتتى، باشقا ھېچقانداق غەرەز يوق، — دېدى جاڭ لياۋ.

— باش ۋەزىرنىڭ ئەڭ قاۋۇل چەۋەندازلىرى كەلگەن ھالەتتىمۇ، ھايات - مامات جېڭى قىلىشقا تەييارمەن، — دېدى گۇەن يۈي.

گۇەن يۈي ئېتىنى كۆۋرۈكتە توختىتىپ، ساۋ ساۋنىڭ بىرنەچچە ئون ئاتلىقنىڭ ئالدىدا ئۈچقاندەك كېلىۋاتقىنىنى، شۈي چۇ، شۈي خۇاڭ، شۈي جىن، لى ديەنلەرنىڭ ئارقىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ساۋ ساۋ گۇەن يۈينىڭ قىلىچىنى كۈندىلەڭ قويغان ھالدا كۆۋرۈكتە ئاتلىق تۇرغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن سەركەردىلىرىگە ئاتلىرىنى توختىتىپ، ئوڭ - سولدا رەتلىك تۇرۇشقا بۇيرۇدى. گۇەن يۈي ئۇلارنىڭ قولىدا قورال يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

— گۇەن يۈي! نېمە ئانچىۋالا ئالدىراپ يولغا چىقتىڭىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— كەمىنىلىرى بۇنىڭدىن بۇرۇن باش ۋەزىر جانابلىرىدىن ئىجازەت سوراپ قويغانىدىم، — دېدى گۇەن يۈي ئات ئۈستىدە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — ئۆز خوجايىنىم ھازىر خېبېيدا ئىكەن، تېز بارماسقا ئىلاجىم يوق. دەرگاھلىرىغا بىرقانچە قېتىم بېرىۋىدىم، قوبۇل قىلىنمىغىنىم ئۈچۈن، مەكتۇپ بىلەن خەيرلىشىشكە مەجبۇر بولدۇم، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى پېچەتلەش، تامغىنى ئېسىپ قويۇش يولى بىلەن باش ۋەزىر جانابلىرىغا قايتۇردۇم. باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ بۇرۇن قىلغان ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— پۈتۈن ئەلنىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل بولۇش نىيىتىدىمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قانداق قىلىپ ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلاي؟ يولدا قىسىلىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن ئالاھىدە يول خىراجىتى تەييارلاپ ئۈزىتىپ كەلدىم، — دېدى ساۋ ساۋ.

سەركەردىلەردىن بىرى ئات ئۈستىدە بىر پەتنۇس ئالتۇن ئېلىپ كەلدى.

— بۇرۇنقى ئىلتىپاتلىرىدىن ئېشىنغانلىرىم بار ئىدى، بۇ ئالتۇن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى تارتۇقلاشقا قالسۇن! — دەپ رەھمەت ئېيتتى گۇەن يۈي.

— بۇ سىزنىڭ يەتكۈزگەن ئەجىر ـ خىزمەتلىرىڭىزنىڭ تۈمەندىن بىرىگىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئازغىنا نەرسە، نېمىشقا قوبۇل قىلمايسىز؟

— ئازغىنا بىر خىزمەت، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق.

— گۇەن يۈي! سىز ئېلىمىزدىكى ۋاپا ئەھلىلىرىدىن، تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن سىزنى قالدۇرۇۋېپ قالالمىدىم. بۇ بىر ياقا لىباس ياخشى كۆڭلۈمنىڭ ئازغىنا نىشانىسى، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە سەركەردىلەردىن بىرىنى تەقدىم قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇ ئىككى قوللاپ تۇتتى.

گۇەن يۈي باشقىچە ئەھۋال بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئاتتىن چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماستىن، قارا ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن لىباسنى ئېلىپ ئۈچىسىغا يېپىنىۋالدى ـ دە، ئېتىنىڭ بېشىنى قايتۇرۇۋېپ، باش ۋەزىرگە:

— ۋەزىر جانابلىرى! ئىلتىپات ئەتكەن لىباسلىرى ئۈچۈن رەھمەت. خەير، يەنە كۆرۈشەرمىز! — دەپ تەشەككۈر بىلدۈردى.

ئاندىن ئۇ كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ يۇقىرى تەرەپكە قاراپ يولغا راۋان بولدى.

— بۇ ئادەم تولىمۇ ئەدەپسىزلىك قىلدى، نېمە ئۈچۈن

تۇتمايمىز؟ — دېدى شۇي چۇ.

— ئۇ دېگەن بىر جان - بىر تەن تۇرسا، بىز ئۇن نەچچەيلەن تۇرساق، نېمىشقا گۇمانلانمىسۇن؟ گېپىم گەپ، قوغلاشقا بولمايدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ.

شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ ئادەملىرىنى باشلاپ شەھەرگە قايتتى، يول بويى گۇەن يۈينى ئەسلەپ ھەسرەت چېكىپ ماڭدى.

ساۋ ساۋ قايتىپ كېتىۋەرسۇن، گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ.

گۇەن يۈي ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن 30 يولچە قوغلاپ ماڭسىمۇ، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى - دە، كۆڭلى دەككە - دۈككە بولۇپ، ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ ئىزدەشكە باشلىدى. تۇيۇقسىزلا تاغ ئۇستىدە بىر ئادەمنىڭ «سەركەردە جانابلىرى، توختىسىلا!» دەپ توۋلىغانلىقى ئاڭلاندى. گۇەن يۈي بېشىنى كۆتۈرۈپ سەپسېلىپ قاراپ، كىمخاب تون كىيگەن، سېرىق ياغلىق چەككەن، قولىدا نەيزە، ئېتىنىڭ بوينىغا بىر دانە كاللا ئېسىلغان بىر يىگىتنىڭ 100 دىن ئارتۇق پىيادە نۆكىرى بىلەن ئۇچقاندەك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى گۇەن يۈي.

يىگىت نەيزىسىنى تاشلاپ، ئاتتىن چۈشۈپ، تىزلىنىپ تەزىم قىلدى. گۇەن يۈي ھىيلە - نەيرەڭ بولمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ ئېھتىياتەن ئېتىنى توختىتىپ قىلىچىنى تۇتقىنىچە:

— پالۋان، ئىسىم - زاتىڭىزدىن خەۋەر تاپسام دەيمەن، — دېدى.

— مەن شياڭياڭلىق بولىمەن، ئىسىم - زاتىم لياۋ خۇا، يەنە بىر ئىسمىم يۈەن جيەن. ئەلنىڭ تىنچسىزلىقى سەۋەبىدىن يۇرت كېزىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، 500 نۆكەر توپلاپ، باسمىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتىمەن. بايا شېرىكىم دۇ يۈەن قۇرۇقچىلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تاغدىن چۈشكەندى،

يېڭىلىشىپ خېنىملارنى بولاپ تاغقا ئېلىپ چىقىپتۇ. خادىملاردىن سوراپ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ خەن خاندانلىقى خاقانىنىڭ تاغىسىنىڭ خېنىملىرى ئىكەنلىكىنى ۋە سەركەردە جانابلىرىنىڭ قوغداپ كېلىۋاتقانلىقلىرىدىن خەۋەر تاپقىنىمدىن كېيىن، دەرھال تاغدىن چۈشۈرۈپ ئۆزىتىپ قويايلى دېسەم، دۇ يۈەن ئەدەپسىزلىك قىلىپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پېشىنى سەركەردە جانابلىرىغا تەقدىم قىلىپ، گۇناھىمنى تىلىگىلى كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— خېنىملار قېنى؟

— ھازىر تاغدا.

گۈەن يۈي تېز ئېلىپ چۈشۈشكە بۇيرۇدى. بىر پەستىلا 100 دىن ئارتۇق كىشى ھارۋىنى ئارىغا ئېلىپ چۈشۈپ كېلىشتى. گۈەن يۈي ئاتتىن چۈشتى ۋە قىلىچىنى يۆلەپ قويۇپ، ھارۋا ئالدىدا قول قوشتۇرغىنىچە:

— يەڭگىلىرىم، قورقۇشتىلىمۇ؟ — دەپ ھال - ئەھۋال سورىدى.

— ئەگەر سەركەردە لياۋ خۇا قوغداپ قالمىغان بولسا، دۇ يۈەن بىزنى خورلاپ دەپسەندە قىلغان بولاتتى، — دېيىشتى خېنىملار.

— لياۋ خۇا خېنىملارنى قانداق قۇتقۇزدى؟ — دەپ سورىدى گۈەن يۈي مۇلازىملاردىن.

— دۇ يۈەن خېنىملارنى تاغقا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن لياۋ خۇاغا، ئىككىمىز ئۇلارنى بىردىن خوتۇنلۇققا ئالايلى، دېۋىدى، لياۋ خۇا سۈرۈشتە قىلىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئىززەت ۋە ھۆرمەت كۆرسەتتى؛ دۇ يۈەن بۇنىڭغا ئۇنىمىغاندىن كېيىن، لياۋ خۇا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، — دېيىشتى مۇلازىملار.

گۈەن يۈي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، لياۋ خۇاغا رەھمەت

ئېيتتى. لياۋ خۇا نۆكەرلىرى بىلەن گۇەن يۈينى ئۇزىتىپ بارماقچى بولدى. گۇەن يۈي ئۇنى سىرىق ياغلىقلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى ئىكەن، دەپ ئويلاپ ھەمراھ قىلىشنى خالىماي، رەھمەت ئېيتىپ رەت قىلدى. لياۋ خۇا ئالتۇن، زەرباپ ماللار سوۋغا قىلدى، گۇەن يۈي ئۇنىمۇ قوبۇل قىلمىدى.

لياۋ خۇا خەيرلىشىپ ئادەملىرىنى باشلاپ تاغ جىلغىسىغا كىرىپ كەتتى.

گۇەن يۈي ساۋ ساۋنىڭ لىباس ھەدىيە قىلغانلىقىنى يەڭگىلىرىگە بايان قىلىپ بەردى ۋە ھارۋىنى ھەيدەپ مېڭىشقا ئالدىراتتى. كەچ بولغاندا بىر جاڭزىغا كېلىپ قونماقچى بولدى، جاڭزا ئىگىسى ئالدىغا چىقتى، بۇ چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان مويسىپىت بىر بوۋاي ئىدى.

— سەركەردە جانابلىرى، ئىسىم - زاتلىرى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— مەن ليۇ بېينىڭ ئىنىسى گۇەن يۈي بولىمەن.

— يەن لياڭ، ۋېن چۇلارنى ئۆلتۈرگەن گۇەن يۈي ئىكەنلا - دە؟

— شۇنداق.

بوۋاي ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ئۇنى جاڭزىغا تەكلىپ قىلدى.

— ھارۋىدا يەنە ئىككى خېنىم بار، — دېدى گۇەن يۈي.

بوۋاي شۇئان خوتۇنى ۋە قىزلىرىنى چىقىپ قارشى ئېلىشقا چاقىردى. خېنىملار مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، گۇەن يۈي يەڭگىلىرىنىڭ يېنىدا قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇردى. بوۋاي گۇەن يۈينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، گۇەن يۈي:

— يەڭگىلىرىم بار يەردە، مېنىڭ ئولتۇرۇشۇم ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بوۋاي خوتۇنى بىلەن قىزىغا ئىككى خېنىمنى ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ كۇتۇشكە بۇيرۇدى، ئۆزى مېھمانخانىدا گوەن يۆينى كۈتتى. گوەن يۆي بوۋاينىڭ ئىسىم - زاتىنى سورىدى.

— مېنىڭ ئىسىم - زاتىم خۇ خۇا. خوەن دى خان زامانىدا مۇشاۋىر ئىدىم. كېيىن ئىستېپا بېرىپ يېزىغا قايتتىم. ئەلھال ئوغلۇم خوبەن شىڭياڭ ھاكىمى ۋاڭ جىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىدۇ، ئەگەر سەركەردە جانابلىرى ئۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولسىلا، ئوغلۇمغا بىر خېتىم بار، ئالغاچ كەتسىلە! — دېدى خۇ خۇا.

گوەن يۆي قوبۇل تۇتتى.

ئەتىسى چايدىن كېيىن، گوەن يۆي يەڭگىلىرىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، خۇ خۇانىڭ خېتىنى ئېلىپ، خەيرلىشىپ لوياڭغا قاراپ راۋان بولدى. ماڭا - ماڭا دۇڭلىڭ دەپ ئاتىلىدىغان قورۇلغا يېتىپ كەلدى. بۇ قورۇلنى سەركەردە كۇڭ شيۇ 500 لەشكەر بىلەن ساقلايتتى.

گوەن يۆي ھارۋىنى مۇھاپىزەت قىلىپ قورۇلغا چىقىپ كەلدى، لەشكەرلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بىلەن كۇڭ شيۇ قورۇلدىن چىقىپ ئۇنى ئىستىقبال قىلدى. گوەن يۆي ئاتتىن چۈشۈپ. كۇڭ شيۇ بىلەن سالاملاشتى.

— سەركەردە جانابلىرى نەگە ماڭدىلا؟ — دەپ سورىدى كۇڭ شيۇ.

— باش ۋەزىر بىلەن خەيرلىشىپ ئاغامنى ئىزدەپ خېبېيغا كېتىۋاتىمەن.

— خېبېيدىكى يۈەن شاۋ دەل باش ۋەزىرنىڭ رەقىبى؛ سەركەردە جانابلىرى، بۇ سەپەرلىرىدە باش ۋەزىرنىڭ بەرگەن رۇخسەتنامىسى باردۇر، ئەلۋەتتە؟ — دېدى كۇڭ شيۇ.

— سەپىرىمىز بەك ئالدىراش بولۇپ قىلىپ ئالالماي قاپتىمەن، — دېدى گوەن يۆي.

— رۇخسەتنامىلىرى بولمىسا، مەن باش ۋەزىرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئىجازەت ئالاي، ئاندىن ماڭسىلا، — دېدى كۇڭ شيۇ.
— ئىجازەت ئېلىپ كەلگۈچىلىك مېنىڭ سەپىرىم كېچىكىپ قالىدۇ، — دېدى گۇەن يۈي.
— قانۇن شۇنداق، باشقا ئىلاجىم يوق.
— مېنى قورۇلدىن ئۆتكۈزمەمسىز؟
— ئەگەر ئۆتمىدىغان بولسىلا، بالا - چاقىلىرىنى گۆرۈگە قويۇپ كەتسىلە!
گۇەن يۈي دەرغەزەپ بولۇپ، كۇڭ شيۇنى ئۆلتۈرۈشكە قىلىچىنى كۆتۈرۈۋىدى، كۇڭ شيۇ چاققانلىق بىلەن قورۇل ئىچىگە كىرىۋالدى - دە، ناغرا چالدۇرۇپ لەشكەرلىرىنى يىغدى، ئۆزى جابدۇنۇپ ئات مىنىپ، قورۇلدىن چۈشۈپ كەلدى ۋە: «ئۆتۈپ باقسىلا قېنى!» دەپ توۋلىدى.
گۇەن يۈي هارۋا ۋە مۇلازىملارنى چېكىنـدۈرۈپ، ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچىنى ئويناتقان پېتى سۆزمۇ قىلماستىن، تۇپتوغرا كۇڭ شيۇغا ئېتىلدى. كۇڭ شيۇمۇ نەيزىسىنى ئوينىتىپ مۇقابىل تۇردى، ئىككى ئات روبىرو بولدى، قۇيۇچ قىلىچنىڭ بىر زەربىسى بىلەنلا كۇڭ شيۇنىڭ جەستى ئات ئاستىغا ئاغدۇرۇلدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قاچتى.
— لەشكەرلەر قاچماڭلار! كۇڭ شيۇنى ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆلتۈردۈم، بۇنىڭ سىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. باش ۋەزىر ساۋ ساۋ جانابلىرىغا كۇڭ شيۇ ماڭا قەست قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىمنى بايان قىلىپ قويساڭلارلا بولىدۇ! — دېدى گۇەن يۈي.
لەشكەرلەر ئات ئالدىدا يەرگە باش ئۇردى.
گۇەن يۈي يەڭگىلىرىنى ئېلىپ قورۇلدىن چىقىپ، لوياڭغا قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. لەشكەرلەر بۇ ئەھۋالنى ئاللىقاچان لو ياڭ هاكىمى خەن فۇغا مەلۇم قىلىشقانىدى، خەن فۇ

سەركەردىلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.
— باش ۋەزىرنىڭ رۇخسەتنامىسى بولمىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، يوشۇرۇن قاچقانلىق بولىدۇ؛ ئەگەر توسۇپ قويمىساق، چوقۇم ئەيىبدار بولۇپ قالىمىز، — دېدى كەنجى سەركەردە مېڭ تەن.
— گوەن يۈي جەسۇر پالۋان، يەن لياڭ، ۋېن چۇلار ئۇنىڭ قولىدا ھالاك بولغان. ئەلھال ئۇنى كۈچ بىلەن توسۇپ بولمايدۇ، پەقەت پەم بىلەنلا تۇتقىلى بولىدۇ، — دېدى خەن فۇ.
— مېنىڭ بىر تەدبىرىم بار، — دېدى مېڭ تەن، — دەسلەپ قورۇل ئېغىزى ئالدىغا توسۇقلار ئورنىتايلى، ئۇ يېتىپ كەلگەندە كەمىنىلىرى كەنجى سەركەردە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشاي ـ دە، يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ، ئۇنى قوغلاتقۇزۇپ كېلەي، جانابلىرى يوشۇرۇن ئوقيا ئاتسىلا. ئەگەر گوەن يۈي ئاتتىن يىقىلىپ چۈشسە، دەرھال تىرىك تۇتۇپ، پايتەختتىكى شۇيچاڭغا ئېلىپ بارساق، چوقۇم چوڭ ئىنئامغا ئىگە بولىمىز.
شۇنىڭ بىلەن مەسلىھەت پىشىپ، ھازىرلىق كۆرۈلدى، ئادەملەر گوەن يۈينىڭ ھارۋىلىرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. خەن فۇ ئوقياسىنى ئېلىپ، ئوقىنى قىستۇرۇپ، 1000 ئادەم بىلەن قورۇل ئاغزىدا سەپ تارتتى ۋە:
— كېلىۋاتقان كىم؟ — دەپ سورىدى.
— خەنشۇ بېگى گوەن يۈي بولىمەن. يولدىن ئۆتمەكچىمەن، — دېدى گوەن يۈي ئات ئۈستىدە تەزىم قىلىپ.
— باش ۋەزىر ساۋ ساۋنىڭ رۇخسەتنامىسى بارمۇ؟
— ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، رۇخسەتنامە ئالماپتىمەن.
— مەن باش ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، سۇخەنچىلەر ئۆتۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆتكۈنچىلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ خاسلا بۇ ئورۇننى ساقلاۋاتىمەن، ئەگەر رۇخسەتنامە بولمايدىكەن،

ئۇنداقتا قاچقۇن ھېسابلىنىسىز.

— دۆڭلىك قورۇلىدىكى كۆك شىۋ مېنىڭ قولۇمدا ئۆلدى، سىزمۇ ئۆلمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ — دېدى گۇەن يۈي غەزەپلىنىپ.

— كىم بۇنى تۇتۇپ كېلىدۇ؟ — دېدى خەن فۇ.

مېڭ تەن ئاتلىنىپ، قوش قىلىچىنى ئوينىتىپ گۇەن يۈيگە ئېتىلدى. گۇەن يۈي ھارۋىنى چېكىندۈرۈپ، ئېتىنى سۈرۈپ قارشى چىقتى. مېڭ تەن ئۈچ رەددى - بەدەل ئېلىشماستىنلا، ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچتى، گۇەن يۈي قوغلىدى، مېڭ تەن گۇەن يۈينى ئالداپ نىشانغا ئېلىپ كېلىش خىيالىدا ئىدى، بىراق گۇەن يۈينىڭ ئېتى چاپقۇر بولغاچقا، ھە دېگەندىلا قوغلاپ يېتىشىۋالدى - دە، بىر قىلىچ بىلەن مېڭ تەننى ئىككى پارە قىلىپ تاشلىدى. گۇەن يۈي ئېتىنى قايتۇرۇپ مېڭىشىغا خەن فۇ قورۇل قوۋۇقىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئوقياسىنى كۈچەپ ئېتىۋىدى، ئوق كېلىپ گۇەن يۈينىڭ سول بىلىكىگە تەگدى. گۇەن يۈي ئاغزى بىلەن ئوقنى چىشلەپ سۇغۇرۇۋېلىۋىدى، ئۇ يەردىن توختىماي قان ئاققىلى تۇردى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ خەن فۇغا قاراپ قاتتىق ئات سېلىپ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى قىرغىن قىلىپ پاتىپاراق قىلىۋەتتى، خەن فۇ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، گۇەن يۈي قولىنى كۆتۈرۈپ بىر قىلىچ ئۇرۇپ، خەن فۇنىڭ بېشىنى دولىسى بىلەن ئات ئاستىغا چۈشۈردى. نۆكەرلىرىنى قىرغىن قىلىپ تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ھارۋىنى مۇھاپىزەت قىلىپ قورۇلدىن ئۆتكۈزۈپ كەتتى.

گۇەن يۈي يېپەك رەختلەردىن كېسىۋېلىپ جاراھىتىنى تاڭدى، يولدا باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇزۇن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماستىن، كېچىچە سىشۈي قورۇلىغا قاراپ ماڭدى. سىشۈي قورۇلىنى ساقلىغۇچى پالۋان بىڭجۇلۇق، ئىسىم - زاتى بىيەن شى ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ زەنجىرلىك ئومۇت ئىشلىتەتتى؛ ئۇ ئەسلىدە سىرىق ياغلىقلىقلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن ئىدى، ساق ساۋغا ئەل بولغىنىدىن كېيىن، قورۇل ساقلاشقا ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇ گوەن يۈينىڭ كېلىشۋاتقىنىنى ئاڭلاپ: قورۇل ئالدىدىكى ئىقلىم بۇتخانىسىغا 200 دىن ئارتۇق كاللا كېسەرنى مۆكتۈرۈپ قوياي، ئاندىن گوەن يۈينى ئالداپ ئېلىپ كىرىپ، قەدەھ چېقىش بەلگىسى بىلەن جايلىۋېتەي، دېگەن ئويغا كەلدى ۋە بۇ ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، گوەن يۈينىڭ ئالدىغا چىقىشقا قورۇلدىن چىقتى.

گوەن يۈي بىيەن شىنىڭ ئىستىقبالغا چىققىنىنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈشتى.

— سەركەردە جانابلىرىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىرى ئەلنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، ھەممە سىلىگە ئىخلاس قىلىدۇ! ئەلھال خان تاغىسىنى ئىزدەپ ماڭغانلىرى ساداقەت ـ ۋاپادارلىقنىڭ تولۇق ئىپادىسى! — دېدى بىيەن شى.

گوەن يۈي كۆڭ شيۇ، خەن فۇلارنى ئۆلتۈرگەنلىك ۋەقەلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— سەركەردە جانابلىرىنىڭ بۇلارنى ئۆلتۈرۈشلىرى ھەق، باش ۋەزىرنى كۆرگىنىمدە ئۇلارنىڭ ئۈچۈن ئەھۋالنى بايان قىلىمەن، — دېدى بىيەن شى.

گوەن يۈي خۇشال بولۇپ ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قورۇلدىن ئۆتۈپ، ئىقلىم بۇتخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. بارلىق راھىبلار قوڭغۇراق چېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىقلىم بۇتخانىسى ئەسلىدە خەن خاندانلىقىنىڭ خانلىرىدىن مىڭ دى خانىنىڭ خۇشبۇي ئىسرىق سالىدىغان جايى بولغانىدى، ھازىر بۇ يەردە 30 نەچچە راھىب بار ئىدى. راھىبلارنىڭ ئىچىدە گوەن يۈينىڭ بىر يۇرتدىشى بولۇپ، ئۇنىڭ راھىبلىق نامى پۇجىڭ ئىدى. بۇ ۋاقىتتا پۇجىڭ بۇتخانىدىكى

هازىرلىقىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنىدى، شۇڭلاشقا ئالدىغا ئۆتۈپ گۇەن يۈي بىلەن سالاملاشتى ۋە:

— سەركەردە جانابلىرى پۇدۇڭدىن ئايرىلغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— 20 يىلچە بولۇپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى گۇەن يۈي.

— پېقىر راھىبنى تونۇمدىلا؟

— يۇرتتىن ئايرىلىپ كەتكىلى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى، تونۇيالمىدىم.

— پېقىر راھىب بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى بىرلا ئۆستەڭ ئايرىپ تۇراتتى، — دېدى پۇ جىڭ.

بيەن شى پۇ جىڭنىڭ يۇرتداشلىق مۇناسىۋەتلەرنى سۆزلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئىشنى پاش قىلىپ قويمىسۇن دېگەن ئەندىشىدە:

— مەن سەركەردە جانابلىرىنى مەرىكە ـ سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ كەلسەم، سەن راھىب بۇ يەردە نېمانچە ۋالاقلايسەن؟ — دەپ تۇۋلىدى.

— يوغسۇ، يۇرتداشلار يولۇققاندا، نېمە ئۈچۈن ئۆتكەن ئىشلار سۆزلەنمىسۇن، — دېدى گۇەن يۈي.

پۇ جىڭ گۇەن يۈينى ھۇجرىسىغا چايغا تەكلىپ قىلدى.

— خېنىملار ھارۋىدا، ئاۋۋال ئۇلارغا چاي بېرىڭلار! — دېدى گۇەن يۈي.

پۇ جىڭ خېنىملارغا چاي بېرىشنى بۇيرۇپ، ئاندىن گۇەن يۈينى خانا كالانغا باشلىدى ۋە قولى بىلەن يېنىدىكى راھىبلىق خەنجىرىنى تۇتۇپ، گۇەن يۈيگە كۆز ئىشارىسى قىلدى، گۇەن يۈي چۈشىنىپ، مۇلازىملىرىنى قىلىچلىرىنى ئېلىپ يېقىن ئەگىشىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. بيەن شى گۇەن يۈينى تالاۋەتخانىدا ھازىرلانغان مەرىكە ـ سورۇنغا تەكلىپ قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— جانابىي بيەن شى! سىزنىڭ مېنى تەكلىپ قىلىشىڭىز ياخشى غەرەزدىمۇ ياكى يامان غەرەزدىمۇ؟ — دەپ سورىدى گوەن يۈي.

بيەن شى جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا، گوەن يۈي چوڭ پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان كاللا كېسەرلەرنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بىر نەرە تارتىپ:

— بيەن شى! مەن سېنى ياخشى ئادەم ھېسابلىغۇدىم، نېمە قىلىق بۇ؟ — دەپ توۋلىدى.

بيەن شى ئىشنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، «قول سېلىڭلار!» دەپ ئادەملىرىگە ۋارقىرىدى.

ئەتراپتىكىلەر قول سېلىشقا ئۇمتۇلۇۋىدى، گوەن يۈي شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ھەممىسىنى شەمشەرلەپ تاشلىدى، بيەن شى تىلاۋەتخانىدىن چىقىپ دالانى ئايلىنىپ قاچتى، گوەن يۈي شەمشىرىنى تاشلاپ ئۇزۇن قىلىچىنى ئېلىپ قوغلىدى. بيەن شى زەنجىرلىك ئومۇتىنى يوشۇرۇۋېلىپ گوەن يۈيگە تاشلاندى، گوەن يۈي ئۇزۇن قىلىچى بىلەن ئومۇتنى قايرىۋېتىپ، قوغلاپ كېلىپ، بىر قىلىچ سېلىش بىلەن بيەن شىنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى ـ دە، شۇئان يەڭگىلىرىدىن خەۋەر ئېلىشقا چىقسا، ئالدىنقاچان قورۇل لەشكەرلىرى قامال قىلىۋالغانىكەن، بۇلار گوەن يۈينىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە قېچىشىپ كەتتى. گوەن يۈي ئۇلارنى قوغلاپ ھەر تەرەپكە تارقىتىۋېتىپ، ئاندىن پۇ جىڭغا:

— جانابىي ئۇستاز! ئۆزلىرى بولمىغان بولسىلا، مۇناپىقلارنىڭ قولىدا ھالاك بولغان بولاتتىم! — دەپ تەشەككۈر ئېيتتى.

— ئەمدى مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇم مۇمكىن ئەمەس، خۇرجۇن ـ قاچىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، باشقا بىرەر تەماكان تاپاي. يەنە كۆرۈشكۈچە سالامەت بولۇڭلار! — دېدى پۇ

جىلىڭ.

گۇەن يۇي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىپ، ھارۋىنى قوغدىغان ھالدا، شىڭياڭغا راۋان بولدى.

شىڭياڭ ھاكىمى ۋاڭ جى خەن فۇ بىلەن قۇدا ئىدى؛ ئۇ گۇەن يۇينىڭ خەن فۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى، شۇڭا گۇەن يۇينىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى - دە، قورۇلنى ساقلاشقا ئادەم قويدى. گۇەن يۇي يېتىپ كەلگەندە، ۋاڭ جى يالغان ھىجىيىپ ئىستىقبال قىلدى، گۇەن يۇي ئاغىسىنى ئىزدەپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ ھال ئېيتتى.

— سەركەردە جانابلىرى، يول ئازابى چەكتىلە، خېنىملارغا ھاردۇق يەتكەندۇ، شەھەرگە كىرىپ، سارىيىمىزدا بىر كېچە قونۇپ، ئەتە سەپەرگە چىقسىلىمۇ يامان بولماس، — دەپ ئىلتىماس قىلدى ۋاڭ جى.

گۇەن يۇي ۋاڭ جىنىڭ سەمىمىيىتىنى كۆرۈپ، يەڭگىلىرى بىلەن شەھەرگە كىردى. سارايىنىڭ ھەممىسى تولۇق سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىكەن. ۋاڭ جى مەرىكە - سورۇنغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، گۇەن يۇي ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ بارمىغانلىقتىن، ئادەملىرى ئارقىلىق سارايغا تاۋاق ئەۋەتىپ بەردى. گۇەن يۇي يول ئازابى چەككەنلىكتىن، كەچلىك تاماقتىن كېيىن، يەڭگىلىرىنى سارايدا ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى، مۇلازىملىرىنى ئاتلارنى تويغۇزۇپ، ئاندىن ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئۆزىمۇ ساۋۇتىنى يېشىپ ئارام ئېلىشقا ياتتى.

ۋاڭ جى ئۆزىنىڭ مىرزىسى خۇ بەننى مەخپىي چاقىرىپ:

— گۇەن يۇي باش ۋەزىرگە بويۇنتاۋلىق قىلىپ قېچىپ كەلدى، يولدا يەنە ھاكىم ۋە قورۇل ساقلىغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. جىنايىتى ئۇچۇن ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلىدۇ! بۇ ئادەمنى كۈچ بىلەن يېڭىش قىيىن. سىز بۈگۈن ئاخشام 1000

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لەشكەر بىلەن سارايىنى مۇھاسىرىگە ئېلىڭ، ھەر ئادەم بىردىن ئوتقاش ھازىرلىسۇن، ئېغىر ياتقۇ ۋاقتىدا تەڭلا ئوت قويۇلسۇن ـ دە، مەيلى كىم بولسا بولسۇن كۆيدۈرۈلسۇن! مەن ئارقىدىن لەشكەر باشلاپ بېرىپ بولۇشىمەن، — دەپ ئەمىر قىلدى.

خۇ بەن ئەمىر بويىچە لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئوتۇن ۋە تۇترۇق بولىدىغان نەرسىلەرنى مەخپىي ھازىرلاپ سارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ۋاقتى كەلگەندە ئىش باشلاشقا تەق قىلىپ قويدى. خۇ بەن كۆڭلىدە «ئۇزۇندىن بېرى گۇەن يۈينىڭ نامىنى ئاڭلايمەن، ئەمما قانداقراق ئادەم، كۆرگىنىم يوق. بىر قاراپ باقايچۇ!» دېگەن ئويدا سارايغا كىردى. ئۇ:

— سەركەردە گۇەن يۈي قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ساراي بېگىدىن.

— ئۆدۈلقى سارايدا كىتاب كۆرۈۋاتقان كىشى شۇ!

خۇ بەن ئوغرىلىقچە ساراي ئالدىغا كېلىپ، گۇەن يۈينىڭ سول قولى بىلەن ساقىلىنى تۇتۇپ، چىراغ تۈۋىدە ئۈستەلگە يۆلىنىپ كىتاب كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ھەيران بولغىنىدىن ئىختىيارسىز:

— خۇدا بەرگەن ئادەم ئىكەن، — دەپ تاشلىدى.

— كىم؟ — دەپ سورىدى گۇەن يۈي.

خۇ بەن كىرىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— شىڭياڭ ھاكىمىنىڭ قول ئاستىدىكى مىرزا خۇ بەن بولىمەن، — دېدى ئۇ.

— شۈيچاڭ يېنىدىكى خۇ خۇانىڭ ئوغلى بولماڭ يەنە؟ — دەپ سورىدى گۇەن يۈي.

— مەن شۇ بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى خۇ بەن.

گۇەن يۈي خىزمەتكارلىرىنى چاقىرىپ يۈكلەرنىڭ ئىچىدىن خەتنى ئالدۇرۇپ خۇ بەنگە بەردى. خۇ بەن خەتنى كۆرۈپ بولۇپ

بىر ئۇھ تارتىپ:

— تاس قاپتىمەن ياخشى ئادەمنى خاتا ئۆلتۈرۈپ قويغىلى! — دېدى ۋە مەخپىي هالدا، — ۋاڭ جى كۆڭلى بۇزۇق، ۋىجدانسىز ئادەم، سەركەردە جانابلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ سارايىنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلغۇزدى، ئېغىر ياتقۇ ۋاقتىدا ئوت قويۇلماقچى. مەن ئالدىن بېرىپ سېپىل قوۋۇقىنى ئېچىۋېتەي، سەركەردە جانابلىرى تېزدىن هازىرلىق كۆرۈپ يولغا چىقسىلا! — دېدى.

هەيران بولغان گۈەن يۈي ئالدىراپ قۇياقىنى كىيىپ، قىلىچىنى ئېلىپ ئاتلاندى، يەڭگىلىرىنى هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ سارايدىن چىقتى. دېگەندەك، لەشكەرلەر قوللىرىدا ئوتقاش تۇتۇپ بۆيرۈق كۈتۈشۈپ تۇرغانىكەن. گۈەن يۈي ئالدىراپ سېپىل قوۋۇقىغا كېلىپ، قوۋۇقنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، هارۋىلارنى تېز هايدىتىپ قوۋۇقتىن ئاچىقىپ كەتتى.

خۇ بەن قايتىپ كېلىپ ئوت قويغۇزدى. گۈەن يۈي بىرنەچچە يول ماڭماستىنلا ئارقا تەرەپتىن لەشكەرلەر ئوتقاش كۆتۈرۈپ قوغلاپ كېلىشتى.

— گۈەن يۈي! توختا! — دەپ توۋلاپ كېلىۋاتاتتى هەممىنىڭ ئالدىدىكى ۋاڭ جى.

— يارىماس ئەبلەخ! سېنىڭ بىلەن مېنىڭ هېچبىر ئاداۋىتىم يوق ئىدى، نېمە ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ مېنى كۆيدۈرمەكچى بولدۇڭ! — دەپ تىللىدى گۈەن يۈي ئېتىنى توختىتىپ.

ۋاڭ جى ئات سۈرۈپ قىلىچ ئويناتقان پېتى گۈەن يۈيگە ئېتىلىپ كەلدى. گۈەن يۈي ئۇنى قاپ بېلىدىن ئىككى پارە قىلىپ تاشلىدى، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قوغلاپ تارقىتىۋەتتى ۋە ئۆزىنىڭ هارۋىلىرىنى تېز مېڭىشقا بۇيرۇدى، ئۆزى يول بويى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

خۇ بەندىن مىننەتدار بولۇپ كەلدى. . .

خۇاجۇ تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە، كىشىلەر لىيۇ يەنگە مەلۇم قىلدى. لىيۇ يەن ئون نەچچە ئاتلىقنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ ئىستىقبال قىلدى.

گۇەن يۈي ئات ئۈستىدە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ھاكىم جانابلىرى! ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى سالامەت تۇردىلىمۇ؟ — دېدى.

— جانابلىرى نەگە سەپەر قىلدىلا؟ — دېدى لىيۇ يەن.

— باش ۋەزىر بىلەن خەيرلىشىپ، ئاغامنى ئىزدەپ چىققتىم.

— لىيۇ بېي يۈەن شاۋنىڭكىدە، يۈەن شاۋ باش ۋەزىرنىڭ رەقىبى تۇرسا، باش ۋەزىر قانداق قىلىپ جانابلىرىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىغا ئىجازەت بەرسۇن؟

— ئۆتكەندە شەرت بىلەن ۋەدىلەشكەندۇق.

— خۇاڭخې دەرياسى كېچىكىنىڭ قورۇلىنى ھازىر شيا خۇدۇننىڭ سەركەردىلىرىدىن چىن چى ساقلاۋاتىدۇ. ئۇ جانابلىرىنى ئۆتكۈزمەسمىكىن!

— جانابىي ھاكىم! ماڭا كېمە ئىلتىپات قىلسىلا نېچۇك؟

— كېمە بارلىقىغۇ بار، لېكىن بېرەلمەيمەن.

— بۇنىڭدىن بۇرۇن يەن لياڭ، ۋېن چۇلارنى ئۆلتۈرۈپ جانابلىرىنى تەھلىكىدىن قۇتقۇزغانىدىم. بۈگۈن بىر دانە كېمە سورىسام، نېمە ئۈچۈن بەرمەيدىلا؟

— شيا خۇدۇن بىلىپ قالسا، چوقۇم مېنى ئەيىبلەيدۇ.

گۇەن يۈي لىيۇ يەننىڭ كارغا كەلمەس ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھارۋىلارنى ھەيدىتىپ ئالغا راۋان بولدى.

خۇاڭخې دەرياسى كېچىكىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، چىن چى لەشكەر باشلاپ چىقىپ:

— كېلىۋاتقان كىم؟ — دەپ سورىدى.

— خەنشۇ بېگى گۇەن يۈي بولىمەن.
— بۇگۇن يول نەگە؟
— ئاغام ليۇ بېينى ئىزدەپ خېبېيغا كېتىۋاتىمەن، كېچىكتىن ئۆتۈشكە ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن.
— باش ۋەزىرنىڭ رۇخسەتنامىسى بارمۇ؟
— مەن باش ۋەزىرنىڭ قول ئاستىدىكى كىشى ئەمەسمەن، رۇخسەتنامە نېمە ئىش قىلسۇن!
— مەن سەركەردە شيا خۇدۇننىڭ ئەمرى بىلەن بۇ قورۇلنى ساقلاۋاتىمەن. قانات چىقىرىپمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيسىز!
— يوللاردا يول توسقانلارنى ئۆلتۈرگىنىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى غەزەپ بىلەن گۇەن يۈي.
— سىز نامسىز سەركەردىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە يارايسىز، ماڭا قول سالالامسىز؟ — دەپ تەنە قىلدى چىن چى.
— سىلى يەن لياڭ، ۋېن چۇلارغا قارىغاندا نېمىتىلە؟ — دېدى گۇەن يۈي غەزەپ بىلەن.
چىن چىمۇ غەزەپلىنىپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ، توپتوغرا گۇەن يۈيگە ئات سالدى. ئىككى ئات روبىرو بولدى، بىر زەربىدىلا گۇەن يۈينىڭ قىلىچى چىن چىنىڭ كاللىسىنى يەرگە ئۇچۇرۇۋەتتى.
— مېنى توسقان كىشىنى ئۆلتۈردۈم، قالغانلار قورقماڭلار! چاپسان كېمە هازىرلاپ، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار! — دېدى گۇەن يۈي.
لەشكەرلەر دەرھال كېمىنى قىرغاققا ياندىتى، گۇەن يۈي يەڭگىلىرىنى كېمىگە چىقىرىپ دەريادىن ئۆتتى. دەريانىڭ ئۇ چېتى يۈەن شاۋغا تەئەللۇق ئىدى. گۇەن يۈي بەش قورۇلدىن ئۆتكىچىلىك ئالتە سەركەردىنى ئۆلتۈردى. بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىشقان:

www.uyghurkitap.com

*خوشلنشىپ ۋەزىر بىلەن ئالتۇن تامغا قايتۇرۇپ،*
*ئاغىنسىنى تاپقىلى قىلدى سەپەر ئات چاپتۇرۇپ.*
*مىنگىنى جەرەن كەبى تۇلپار ئىدى مىڭ يول باسار،*
*قارا ئەجدىھا بەش قورۇلدىن ئۆتتى تىغ - شەمشەر ئۇرۇپ.*
*ئەل ئارا مەشھۇر ئىدى سادىق، ۋاپادار خىسلىتى.*
*تەڭدىشى يوق مەردلىكى ئەلنى ھاياجانلاندۇرۇپ.*
*بولدى تەسۋىر تىمىسى ئۆتمۈشتىن ھازىر كۈنگىچە،*
*قىلدى پالۋانلارنى نابۇت، ئۇ ئۆزى تەنھا يۇرۇپ.*

گۈەن يۈي ئات ئۈستىدە ئاھ چېكىپ ئۆز - ئۆزىگە: «مەن يول ئۈستىدە ئادەم ئۆلتۈرمەكچى ئەمەس ئىدىم، ئىلاج بولمىدى. جانابىي ساۋ ساۋ بىلسە، ياخشىلىققا يامانلىق قىلدى دەر، ئەلۋەتتە» دېدى.

شۇنداق كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئۈستۈن تەرەپتىن بىر ئاتلىق كېلىپ:

— گۈەن يۈي! بىر ئاز تۇرۇپ تۇرسىلا! — دەپ توۋلىدى.

گۈەن يۈي ئېتىنى توختىتىپ قارىۋىدى، ئۇ سۈن چيەن ئىكەن.

— رۇنەندە ئايرىلغىنىمىزدىن كېيىنكى ئەھۋاللار قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى گۈەن يۈي.

— ليۇ بى، گۇڭ دۇلار، جانابلىرى قايتقاندىن كېيىن رۇنەننى قايتۇرۇۋالدى؛ مېنى خېبېيگە ساۋ ساۋنى يوقىتىش تەدبىرى ھەققىدە يۈەن شاۋ بىلەن سۆزلىشىش، ليۇ بېي بىلەن كېڭىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، خېبېينىڭ سەركەردىلىرى بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدىكەن، تيەن فېڭ تېخى ھەپسىدە، جۈي شۇ ئىشتىن بوشىتىلىپتۇ؛ شېن پېي بىلەن گوتۇ ئۆزئارا ھوقۇق دەۋاسى قىلىشىپتىپتۇ؛ يۈەن شاۋنىڭ ئۆزى بەد گۇمان، كەسكىن ئەمەس ئىكەن. مەن ليۇ بېي جانابلىرى بىلەن ئاۋۋال بۇ يەردىن قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتىم. ئەلھال ليۇ

بېي جانابلىرى ليۇ بى بىلەن بىرلەشكىلى رۇنەنگە كەتتى. سىلىنى بىلمەستىن يۈەن شاۋنىڭكىگە بېرىپ قېلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ، يولدا كۇتۇۋېلىش ئۇچۇن مېنى ئالاھىدە ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى. بەختكە يارىشا بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق، سەركەردە جانابلىرى خان تاغىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۇچۇن، چاپسان رۇنەنگە ماڭسىلا، — دېدى سۇن چيەن.

گۈەن يۈي سۇن چيەننى خېنىملار بىلەن كۆرۈشتۈردى. خېنىملار ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. سۇن چيەن:

— يۈەن شاۋ خان تاغىسىنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەكچى بولدى، بەختكە يارىشا خان تاغىسى ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ، رۇنەنگە كەتتى، خېنىملار گۈەن يۈي بىللە بېرىپ كۆرۈشسىلە، — دېدى.

ئىككى خېنىم يۈزلىرىنى ئېتىپ، كۆز يېشى قىلىشتى.

گۈەن يۈي سۇن چيەننىڭ سۆزى بويىچە خېبېي يولىدىن بۇرۇلۇپ، ئۇدۇل رۇنەنگە يول ئالدى. شۇنداق كېتىۋاتقىنىدا، ئارقا تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، بىر توپ لەشكەر چىقىپ كەلدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان شيا خۇدۇن:

— گۈەن يۈي، توختاڭ! — دەپ توۋلىدى. ھەيھات:

*ئالتە سەركەردە توسۇپ يول، بولدى بىھۇدە ھالاك،*
*كەلدى قوغلاپ يەنە بىرى، تالاشتى ئۇستۇنلۇك بىراق.*

گۈەن يۈينىڭ زادى قانداق قۇتۇلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## گۆەن يۈينىڭ سەي ياڭنى ئۆلتۈرۈپ ئىنىسىنى گۇماندىن چىقارغانلىقى
## خوجايىن بىلەن خادىملارنىڭ گۇچېڭ شەھىرىدە جەم بولغانلىقى

ئەلقىسسە، گۆەن يۈي سۈن چيەن بىلەن يەڭگىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ رۇنەنگە كېتىپ باراتتى، كۇتمىگەندە شيا خۇدۇن 300 ئاتلىق لەشكەر بىلەن كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ قالدى. سۈن چيەن هارۋىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئالغا كېتىۋەردى.

— سىز مېنى قوغلاپ كېلىپ باش ۋەزىرنىڭ ئالىيجانابلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەكچىمۇسىز؟ — دېدى گۆەن يۈي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئېتىنى توختىتىپ، قىلىچ تۇتقان هالدا.

— بۇ ھەقتە باش ۋەزىر بىزگە ئوچۇق ئۇقتۇرۇش بەرمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز يول بويى ئادەم ئۆلتۈرۈپ كەلدىڭىز ھەم مېنىڭ پالۋىنىمنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتايىن زور ئەدەپسىزلىك قىلدىڭىز! شۇڭلاشقا مەن ئالاھىدە سىزنى تۇتقىلى كەلدىم، باش ۋەزىرگە ئاپىرىپ بېرىمەن، نېمە قىلسا ئۆزى قىلسۇن! — دېدى شيا خۇدۇن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئېتىنى سۈرۈپ قىلىچ ئوينىتىپ ئېلىشماقچى بولدى. دەل شۇ پەيتتە، ئارقا تەرەپتىن بىر

چاپارمەن ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:
— گۇەن يۇي بىلەن ئېلىشماڭ! — دەپ توۋلىدى.
گۇەن يۇي ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قىمىر قىلمىدى. چاپارمەن قويىنىدىن باش ۋەزىرنىڭ ئالاقىسىنى چىقىرىپ شيا خۇدۇنگە بېرىپ:
— باش ۋەزىر سەركەردە گۇەن يۇينىڭ ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقىغا ئىخلاس - مۇھەببەت قويغىنى ئۇچۇن، قورۇللاردا توسۇپ قويۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ، مېنى بۇ ئالاقە بىلەن ھەممە قورۇللارغا خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى، — دېدى.
— باش ۋەزىر گۇن يۇينىڭ يول بويى قورۇل ساقلاۋاتقان سەركەردىلەرنى ئۆلتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى شيا خۇدۇن.
— بۇنى ئاڭلىمىدى، — دېدى چاپارمەن.
— مەن بۇنى تىرىك تۇتۇپ باش ۋەزىرگە ئېلىپ باراي، باش ۋەزىر ئۆزى قويۇپ بەرسۇن.
— مەن سىزدىن قورقىمەنمۇ؟ — دېدى غەزەپلەنگەن گۇەن يۇي ۋە قىلىچ ئوينىتىپ شيا خۇدۇنگە قاراپ ئات سالدى. شيا خۇدۇنمۇ نەيزىسى بىلەن ئېتىلدى. ئىككى ئات روبىرو بولدى، ئون رەددى بەدەل ئۆتە - ئۆتمەيلا، توساتتىن يەنە بىر ئاتلىق ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ:
— ھاي، سەركەردىلەر! بىر پەس توختاشسىلا! — دەپ توۋلىدى. شيا خۇدۇن نەيزىسىنى توختىتىپ بۇ چاپارمەندىن:
— باش ۋەزىر گۇەن يۇينى تۇتسۇن دېدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، باش ۋەزىر قورۇللارنى ساقلاۋاتقان سەركەردىلەر-نىڭ سەركەردە گۇەن يۇينى توسۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، مېنى ئالاقە بىلەن ئۇقتۇرۇش قىلغىلى ئەۋەتكەنىدى، — دېدى چاپارمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— باش ۋەزىر بۇنىڭ يول بويى ئادەم ئۆلتۈرگىنىنى بىلەمدۇ؟

— ياق؟

— ئادەم ئۆلتۈرگىنىنى ئاڭلىمىغان بولسا، قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ، — دېدى ـ دە، شىيا خۇدۇن قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ، گۇەن يۈينى مۇھاسىرىگە ئالدى.

گۇەن يۈي دەرغەزەپ بولۇپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ جەڭنى قارشى ئالدى. ئىككىسى ئەمدى ئېلىشماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا سەپنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاتلىق ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى ـ دە:

— گۇەن يۈي! شىيا خۇدۇن! ئۇرۇشماڭلار! — دەپ توۋلىدى.

بۇ جاڭ لياۋ ئىدى. ھەر ئىككىسى ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. جاڭ لياۋ بۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— گۇەن يۈي قورۇللاردا سەركەردىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قويغاچقا، يولدا توسۇلۇپ قالمىسۇن دەپ، ھەممە قورۇللارغا ئۆتكۈزۈش قىلىش ئۈچۈن باش ۋەزىر مېنى بۇيرۇق بىلەن ئەۋەتتى، — دېدى.

— چىن چى سەي ياڭنىڭ جىيەنى، ئۇ چىن چىنى ماڭا تاپشۇرغانىدى، بۈگۈن ئۇ گۇەن يۈي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، قانداقمۇ بولدى قىلىمەن؟ — دېدى شىيا خۇدۇن.

— سەركەردە سەي ياڭنى كۆرگىنىمدە ئۆزۈم چۈشەنچە بېرىمەن. باش ۋەزىر ئالىيجانابلىق قىلىپ، گۇەن يۈينى توسمىدى، سىزلەر باش ۋەزىرنىڭ رايىغا خىلاپلىق قىلماسلىقىڭىزلار كېرەك، — دېدى جاڭ لياۋ.

شىيا خۇدۇن ئىلاجسىز ئادەملىرىنى قايتۇردى.

— گۇەن يۈي! ئەمدى نەگە بارماقچى بولىسىز؟ — دەپ سورىدى جاڭ لياۋ.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى گۇەن يۈي، — ئاغام ھازىر يۈەن

شاۋنىڭكىدە ئەمەس ئىكەن، پۈتۈن ئەلنى كېزىپ يۈرۈپ بولسىمۇ تاپىمەن.

— هازىرچە ليۇ بېينىڭ قەيەردىلىكى نامەلۇم بولغانلىقتىن، ۋاقتىنچە يەنە باش ۋەزىرنىڭ يېنىغا قايتىسىڭىز، قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى جاڭ لياۋ.

— نەدە مۇنداق قائىدە بار! جاڭ لياۋ، سىز باش ۋەزىر بىلەن كۆرۈشكىنىڭىزدە مېنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرۈشىنى ئىلتىماس قىلىپ قويارسىز! — دېدى گۈەن يۈي كولۇپ تۇرۇپ ۋە جاڭ لياۋ بىلەن خەيرلەشتى.

جاڭ لياۋ، شىيا خۇدۇنلارمۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىشتى.

گۈەن يۈي هارۋىغا يېتىشىۋېلىپ، بولغان ۋەقەنى سۈن چيەنگە سۆزلەپ بەردى. ئۇلار بىرلىكتە بىرنەچچە كۈن يول يۈردى. بىر كۈنى تاسادىپىي قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يۈك - تاق ۋە كىيىم - كېچەكلەر هۆل بولۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا يىراق تۆپىلىكتە بىر جاڭزا كۆرۈندى، گۈەن يۈي هارۋىلارنى ئاشۇ تەرەپكە هەيدىتىپ، شۇ يەردە قونماقچى بولدى. جاڭزىدىن بىر بوۋاي چىقىپ قارشى ئالدى. گۈەن يۈي كېلىشتىكى مەقسىتىنى بوۋايغا سۆزلىۋىدى، بوۋاي ناھايىتى ئۇچۇق چىراي بىلەن:

— مېنىڭ ئىسمىم - زاتىم گو چاڭ، ئۆمرۈم بويى مۇشۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئۇزۇندىن بېرى جانابلىرىنىڭ نام - شۆھرەتلىرىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، بەختكە يارىشا بۈگۈن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدى، — دېدى - دە، جاڭزىغا تەكلىپ قىلىپ، خېنىملارنى ئىچكىرىكى قورۇغا، گۈەن يۈي بىلەن سۈن چيەننى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن مال سويۇپ، مەي تۈتۈپ مېھمان قىلدى. يۈك - تاق ۋە كىيىم - كېچەكلەر ئۇنتقا قاقلاپ قۇرۇتۇلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئات - ئۇلاغلار ئوبدان

بېقىلدى. گۈگۈم ۋاقتى بولغاندا، ياشقىنا بىر يىگىت بىرنەچچە ئادىمى بىلەن جاڭزىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل مېھمانخانىغا كىردى.

— ئوغلۇم، سەركەردىگە تەزىم قىل، — دېدى گو چاڭ ئوغلىنى چاقىرىپ ۋە گۈەن يۈيگە قاراپ، — بۇ كەمىنىلىرىنىڭ ئوغلى، — دېدى.

— نەدىن كېلىشى؟ — دەپ سورىدى گۈەن يۈي.

— ئۇۋدىن قايتىشى، — دېدى گو چاڭ.

بۇ ياش بالا گۈەن يۈي بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

— كەمىنىلىرى دېھقانچىلىق ۋە ئوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىمەن. مۇشۇ بىرگىنە ئوغلۇم بار، ئەسلى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماستىن، ئوۋچىلىق بىلەنلا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ ئائىلىمىزنىڭ بەختسىزلىكى! — دېدى گو چاڭ كۆز يېشى قىلىپ.

— ھازىر مالىمانچىلىق زامانى، — دېدى گۈەن يۈي، — ئەگەر قورال ـ ياراغ ھۈنىرى پىششىق بولسا، خىزمەت يەتكۈزۈپ نام ـ شۆھرەت قازىنالايدۇ. نېمىگە بەختسىزلىك دەيسىز؟

— ئەگەر ئۇ قورال ـ ياراغ ھۈنىرىنى مەشىق قىلسا، ئىرادىلىك كىشى بولاتتىغۇ؟ ئەلھال سەرگەردان بولۇپ قىلمايدىغان قىلىقى يوق، شۇڭلاشقا پىقىر بوۋاي غەم قىلىمەن، — دېدى گو چاڭ.

گۈەن يۈيمۇ ئاھ چېكىپ، بوۋاينىڭ ھەسرىتىگە ئورتاقلاشتى. كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، گو چاڭ خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. گۈەن يۈي بىلەن سۈن چيەن ئەمدى ياتماقچى بولۇپ تۇرۇۋشىغا تۇيۇقسىزلا ئارقا قورۇدىن ئاتنىڭ كىشنىگەن، ئادەملەرنىڭ ۋايجانلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈەن يۈي ئادەملىرىنى چاقىرىۋىدى، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. گۈەن يۈي سۈن چيەن

بىلەن شەمشەر كۆتۈرۈپ چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، گو چاڭنىڭ ئوغلى يەردە تولاپ يېتىپتۇ. مۇلازىملار ئۇنىڭ ئورتاقچىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ. گوەن يوي ۋەقەنى سورۇشتۇرۇۋىدى، مۇلازىملار:

— بۇ ئادەم جىرەن تۇلپارنى ئوغرىلىغىلى كەلگەنىكەن، ئات تېپىۋېتىپتۇ. بىز ۋايجان دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ چىقساق، بۇلار بىز بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ھەي رەزىل ئوغرى! مېنىڭ ئېتىمنى ئوغرىلاشقا قانداق پېتىندىڭ! — دەپ ئەدەپلىمەك بولدى گوەن يوي خاپا بولۇپ.

— مېنىڭ بۇ يارىماس ئوغلۇم كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىپتۇ! قېرى خوتۇنۇم بۇ ئوغلىنى بەك ياخشى كۆرەتتى، سەركەردە جانابلىرى رەھىم قىلىپ كەڭچىلىك قىلسىلا! — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى گو چاڭ چىقىپ.

— بۇ ئوغۇل راست يارىماس ئادەم بولۇپ قاپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە مۇۋاپىق ئىكەن، ھەقىقەتەن «ئاتىنىڭ بالىسى بولماپتۇ!» ئۆزلىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن گۇناھىنى كەچۈردۈم، — دېدى گوەن يوي ۋە مۇلازىملىرىغا ئاتقا ئوبدان قاراشنى بۇيرۇپ قويۇپ، ئورتاقچىلارنى تارقىتىۋەتتى، ئاندىن سۇن چيەن بىلەن مېھمانخانىغا قايتىپ كىرىپ دەم ئالدى.

ئەتىسى گو چاڭ خوتۇنى بىلەن مېھمانخانا ئالدىغا كېلىپ:

— ئىتىنىڭ بالىسى كىچە گۇناھ ئۆتكۈزدى، سەركەردە جانابلىرىنىڭ كەڭچىلىكلىرى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز! — دېيىشتى.

— ئۇنى چاقىرىپ قويسىلا، مەن ئوبدان بىر نەسىھەت قىلىپ قوياي! — دېدى گوەن يوي.

— سۇبھى ۋاقتىدا بىرنەچچە يارىماس شېرىكلىرى بىلەن چىقىپ كەتتى، قاياققا كەتكىنىنى بىلمەيمەن، — دېدى گو چاڭ.

گوەن يوي گو چاڭ بىلەن خەيرلەشتى، ئاندىن يەڭگىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، جاكزىدىن چىقتى ــ دە، سۇن چيەن بىلەن بىللە ھارۋىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تاغ يولى بىلەن سەپەرگە راۋان بولدى. تېخى 30 چاقىرىمچە ماڭمىغانىدى، تاغ ئارقىسىدىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىپ كەلدى، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئالدىدىكىسىنىڭ بېشىغا سېرىق ياغلىق تېڭىلغان، ئۇچىسىغا جەڭ تونى كىيگەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكىسى گو چاڭنىڭ ئوغلى ئىدى.

— مەن ساماۋى سەركەردە جاڭ جياۋنىڭ پالۋانلىرىدىنمەن! تېز، جىرەن تۇلپارنى قالدۇرۇڭ، ئاندىن ئۆتكۈزىمەن! — دېدى سېرىق ياغلىق تاڭغان كىشى.

گۇەن يۈي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ھەي نادان تەلۋە! سەن ئۆتمۈشتە جاڭ جياۋغا ئەگىشىپ قاراقچىلىق قىلغان بولساڭ، ئۈچ بۇرادەر — ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنىڭ نامىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ؟ — دېدى.

— مەن قىزىل يۈز، ئۇزۇن ساقاللىقى گۇەن يۈي دەپ ئاڭلىغانىمەن، ئەمما يۈزىنى كۆرمىگەنىمەن، سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى سېرىق ياغلىق تاڭغان ئادەم.

گۇەن يۈي قىلىچىنى يىغىپ، ئېتىنى توختاتتى ۋە ساقال خالتىسىنى يېشىپ، ساقىلىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى.

ھېلىقى ئادەم ئېتىدىن چۈشۈپ، گو چاڭنىڭ ئوغلىنىڭ ئارقا سېكىلىكىدىن تۇتۇپ ئات ئالدىدا تىزلاندۇردى. گۇەن يۈي ئۇنىڭ ئىسىم ــ زاتىنى سورىدى.

— ئىسىم ــ زاتىم پېي يۈەنشاۋ بولىدۇ. جاڭ جياۋ ئۆلگەندىن كېيىن، خوجايىنسىز قالدىم، جاڭگاللاردا يۈرۈپ، ئاخىر مۇشۇ ئورۇننى ماكان قىلدىم. بۈگۈن ئەتىگەن مۇنۇ مۇناپىق كېلىپ: «دۆلدۆل ئېتى بار مېھمان بىزنىڭكىدە قوندى» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كېلىپ، مېنى بۇ ئاتنى بۇلاشقا ئالايتەن قىچقىرىپ كەلگەنىدى، نەدىن بىلەي، بۇ يەردە **سەركەردە**

جانابلىرىغا ئۇچراپ قالدىم، — دېدى.

گو چاڭنىڭ ئوغلى يەر ئوپۇپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى.

گۇەن يۇي:

— مەن ئاتاڭنىڭ يۇز - خاتىرىسى ئۇچۇن سىنى ئەپۇ قىلدىم! — دېۋىدى، گو چاڭنىڭ ئوغلى بېشىنى ئېلىپ بەدەر تىكىۋەتتى.

— سىز مېنى كۆرمىگەن ئىكەنسىز، نامىمنى قەيەردىن ئاڭلىغان ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى گۇەن يۇي پېي يۇەنشاۋدىن.

— بۇ يەردىن 20 چاقىرىم نېرىغا موزاي تاغ دېگەن بىر تاغ جايلاشقان، بۇ تاغدا گۇەنشىلىك جۇ ساڭ دېگەن بىر ئادەم ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدە 1000 جىڭلىق نەرسىلەرنى بىمالال كۆتۈرەلەيدىغان كۈچى بار، ئۇ بومبۇر ساقال، سالاپەتلىك بىر كىشى؛ ئەسلىدە سېرىق ياغلىقلىقلاردىن جاڭ باۋنىڭ پالۋىنى ئىدى. جاڭ باۋ ئۆلگەندىن كېيىن، جاڭگاللارنى ماكان تۇتقانىكەن، ئەنە شۇ كىشى سەركەردە جانابلىرىنىڭ نام - شۆھرەتلىرىنى ماڭا كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىدى، كۆرۈشۈش يولىنى تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئېچىنىپ يۈرەتتۇق، — دېدى پېي يۇەنشاۋ.

— جاڭگال ئەزىمەتلەرنىڭ ماكانى ئەمەس. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىلىقىڭلارنى تاشلاپ توغرا يولغا مېڭىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاك قىلماڭلار! — دەپ نەسىھەت قىلدى گۇەن يۇي.

پېي يۇەنشاۋ رەھمەت ئېيتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا يىراقتا كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەم كۆرۈندى.

— بۇ چوقۇم جۇ ساڭ بولۇشى كېرەك، — دېدى پېي يۇەنشاۋ.

گۇەن يۇي ئېتىنى توختىتىپ كۈتتى. دېگەندەك قارامتۇل يۈزلۈك، ئېگىز بويلۇق، قولىدا نەيزىسى بار بىر ئادەم

كۆپچىلىكنى باشلاپ يېتىپ كەلدى ـ دە، گۆەن يۈينى كۆرۈپلا ھەيران بولدى ۋە خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي:

— بۇ سەركەردە گۆەن يۈي ئەمەسمۇ؟ — دېدى، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ يولنىڭ بىر تەرىپىدە يەر ئوپۇپ تۇرۇپ يەنە:

— جۇ ساڭ تەزىم ۋە ھۆرمەتتە، — دېدى.

— ئەزىمەت، مېنى قەيەردە كۆرگەنىدىڭىز؟ — دېدى گۆەن يۈي.

— بۇرۇن سېرىق ياغلىقلىقلاردىن جاڭ باۋ بىلەن بىرگە بولغان ۋاقتىمدا جانابلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرگەنىدىم، مەن قاراقچىلار توپىغا قوشۇلۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن خىزمەتلىرىگە بارالمىدىم. بۈگۈن بەختكە يارىشا بۇ يەردە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولدى. سەركەردە جانابلىرىنىڭ مېنى تاشلىماستىن، نۆكەرلىككە قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن. ھەر ئان سىلىگە ئەگىشىپ خىزمەتلىرىدە ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى جۇ ساڭ.

— ئەگەر سىز مېنىڭ بىلەن بىرگە كېتىدىغان بولسىڭىز، ئادەملىرىڭىز قانداق قىلىدۇ؟ — دېدى گۆەن يۈي جۇ ساڭنىڭ سەمىمىي ئىخلاسىنى كۆرۈپ.

— بىرگە كېتىشنى خالىغانلار ماڭسۇن، خالىمىغانلار قالسۇن! — دېدى جۇ ساڭ.

— بىرگە كېتىشنى خالايمىز! — دەپ تۇۋلاشتى كۆپچىلىك نۆكەرلەر.

گۆەن يۈي ئېتىدىن چۈشتى ۋە ھارۋا ئالدىغا كېلىپ يەڭگىلىرىگە ۋەقەنى مەلۇم قىلىپ ئىجازەت سورىدى.

— تاغا! پايتەختتىن شۈيچاڭدىن چىقىپ يەككە ھالدا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق، نۇرغۇن مۇشكۇلاتلارنى ئۆتكۈزدۇق، لەشكەرگە ھاجىتىمىز چۈشمىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن لياۋ خۇا بىرگە بولۇشنى ئۆتۈنۈۋىدى، قوبۇل قىلمىدىلا، ئەمدىلىكتە نېمىشقا جۇ ساڭنى

ئادەملىرى بىلەن قوبۇل قىلماق بولۇپ قالدىلا؟ بىز بولساق ئەقلىمىز قىسقا مەزلۇمە ئاجىزلارمىز، ئۆزلىرى ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرسىلە، — دېدى گەن خېنىم.

— يەڭگەمنىڭ سۆزلىرى دۇرۇس! — دېدى گوەن يۇي ۋە جۇ ساڭغا قاراپ، — خېنىملار قوبۇل كۆرمىدى، دىلكەشسىزلىكىم ئەمەس، ئىلاجىم يوق، سىلەر ۋاقتىنچە تاغقا قايتىپ تۇرۇڭلار، مەن ئاغامنى تاپقاندىن كېيىن، سىلەرنى تەكلىپ قىلاي.

— مەن بولسام بىر قوپال ئادەممەن. قاراقچى بولۇپمۇ قالغانمەن؛ بۈگۈن سەركەردە جانابلىرىغا يولۇققۇشۇم، گويا قۇياشنى قايتا كۆرگىنىمگە ئوخشاشتۇر. بۇ پەيتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە قانداق چىدايمەن. ئەگەر كۆپچىلىكنىڭ بىرگە بولۇشى ئەپ كەلمىسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پېي يۈەنشاۋ بىلەن قالسۇن. مەن يالغۇز بېشىمغا جانابلىرى بىلەن بىللە پىيادە كېتىمەن، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بولسىمۇ كېتىۋېرىمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالدى جۇ ساڭ.

گوەن يۇي بۇ سۆزنى يەڭگىلىرىگە ئېيتتى. گەن خېنىم:

— بىر - ئىككى كىشى بولسا مەيلى، ھېچ نەرسىگە دەخلىسى يەتمەس، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن گوەن يۇي جۇ ساڭغا ئادەملىرىنى پېي يۈەنشاۋغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

— مەن ھەم سەركەردە گوەن يۇي جانابلىرى بىلەن بىرگە بېرىشنى خالايمەن، — دېدى پېي يۈەنشاۋ.

— ئەگەر سىزمۇ كېتىپ قالسىڭىز، ئادەملەر تاراپ كېتىدۇ؛ ھازىرچە سىز بۇلارغا باش بولۇپ تۇرۇڭ، مەن سەركەردە بىلەن بىرگە مېڭىپ تۇراي، تۇرىدىغان بىرەر ئورۇن بولغاندا، سىلەرنى ئېلىشقا كېلىمەن، — دېدى جۇ ساڭ.

پېي يۈەنشاۋ مەيۇسانە بىر ھالەتتە ئايرىلىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇ ساك گۇەن يۈي بىلەن بىللە رۇنەنگە قاراپ راۋان بولدى. بىرقانچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن، يىراقتا بىر تاغلىق شەھەر كۆرۈندى. گۇەن يۈي يەرلىك پۇقرادىن:

— بۇ قەيەر؟ — دەپ سورۇشتە قىلدى.

— بۇ يەر گۇچېڭ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي مۇقەددەم جاڭ فېي دېگەن بىر سەركەردە بىرقانچە ئون ئاتلىق بىلەن ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى قوغلىۋېتىپ، گۇچېڭنى ئىگىلىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى لەشكەر توپلاپ ئات ئالماقتا. يەم ـ خەشەك ۋە ئاشلىق يىغماقتا، ھازىر 4 — 5 مىڭ لەشكىرى بار. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ ئەھۋالنى تونۇشتۇردى پۇقرا.

— شۈيجۇ قولدىن كېتىپ تاراپ كەتكىنىمىزدىن بېرى، ئىنىمنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمەي كەلگەنىدىم، بۇ يەردە ئىكەنلىكى كىمنىڭ ئېسىگە كەلسۇن، — دېدى گۇەن يۈي خۇرسەن بولۇپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەڭگىلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سۈن چيەننى شەھەرگە ئەۋەتتى.

جاڭ فېي ماڭداڭ تېغىدا بىرەر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، لىۇ بېينىڭ خەۋىرىنى ئالىمەن دەپ تاغدىن چىقتى، سەپىرى گۇچېڭغا توغرا كېلىپ، قەرزگە ئاشلىق سوراپ شەھەرگە كىردى. ھاكىم ئاشلىق بەرگىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن، جاڭ فېي غەزەپلىنىپ ھاكىمنىڭ تامغىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى قوغلىۋەتتى ـ دە، شەھەرنى ئىگىلەپ ۋاقىتلىق ماكان قىلدى. ئەنە شۇ كۈنى سۈن چيەن گۇەن يۈينىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شەھەرگە كىرىپ، جاڭ فېي بىلەن كۆرۈشتى، سالامدىن كېيىن:

— لىۇ بېي يۈەن شاۋنىڭكىدىن چىقىپ، رۇنەنگە كەتتى. ئەلھال گۇەن يۈي شۈيچاڭدىن يەڭگىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە

يېتىپ كەلدى، سەركەردە جانابلىرى، ئىستىقبالغا چىقسىلا، — دېدى.

جاڭ فېي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇندىمەستىن جابدۇنۇپ نەيزىسىنى ئالغىنىچە ئېتىغا مىندى ـ دە، 1000 دىن ئارتۇق لەشكىرىنى باشلاپ شەھەرنىڭ يۇقىرى قوۋۇقىدىن چىقتى. ھەيران بولغان سۇن چيەن سوراشقا پېتىنالماي، ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى.

گۇەن يۈي جاڭ فېينىڭ چىققانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن چەكسىز خۇرسەن بولدى، ئۇ قىلىچىنى جۇ ساڭغا بېرىپ، قارشى ئېلىشقا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. دومىلاق كۆزى چەكچەيگەن، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن جاڭ فېي ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك نەرە تارتىپ گۇەن يۈيگە نەيزە سانجىشقا باشلىدى. ھەيران بولغان گۇەن يۈي ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى نەيزە زەربىسىدىن دالدىغا ئالدى ۋە:

— ئەزىز ئىنىم، نېمىشقا مۇنداق قىلىسىز؟ شاپتۇللۇقتىكى ئەھدىنامىنى ئۇنتۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— سەن ۋاپاسىزلىق قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە قايسى يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىڭ؟ — دېدى جاڭ فېي توۋلاپ.

— مەن قانداقچە ۋاپاسىزلىق قىلدىم؟

— سەن ئاغامدىن يۈز ئۆرۈپ، ساۋ ساۋغا تەسلىم بولدۇڭ، بەگ ۋە تۆرە بولدۇڭ. بۈگۈن كېلىپ مېنى گوللىماقچىمۇ سەن! بۈگۈن مۇشۇ يەردە يا سېنى ئۆلتۈرىمەن، يا ئۆزۈم ئۆلىمەن!

— سىزنىڭ ئەسلىدە بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوق! مېنىڭمۇ چۈشەندۈرۈپ كېتىشىم تەس. ھازىر يەڭگىلىرىم مانا بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، ئەزىز ئىنىم، ئۆزىڭىز سوراپ كۆرۈڭ!

خېنىملار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھارۋىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ:

— كىچىك تاغا! نېمىشقا بۇنداق قىلىدىلا؟ — دېيىشتى.

— يەڭگىلىرىم! ئازغىنا تۇرۇپ تۇرۇشسىلا، مەن بۇ ۋاپاسىزنى ئۆلتۈرگىنىمدىن كېيىن، ھەرقايسىلىرىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىمەن، — دېدى جاڭ فېي.

— چوڭ تاغىمىز ھەرقايسىلىرىنىڭ سىرتىغىنى ئالالماي، ۋاقىتلىق ساۋ ساۋنىڭكىدە بولۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەلھال ئاغىلىرىنىڭ رۇنەندە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خەتەرلىك توسقۇنلارغا قارىماستىن، بىزنى بۇ يەرگە قەدەر مۇھاپىزەت قىلىپ كەلدى. كىچىك تاغا، خاتالاشمىسىلا! — دېدى گەن خېنىم.

— چوڭ تاغىمىز، ئىلاجىسىزلىقتىن شۈيچاڭدا تۇرۇپ قالغانىدى، — دېدى مى خېنىم.

— يەڭگىلىرىم! بۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆزىنى بوياپتۇ! سادىق ۋەزىرلەر ئۆلىدۇكى، خورلانمايدۇ. مەرد يىگىتنىڭ ئىككى خوجايىنى بولامدىكەن؟ — دېدى جاڭ فېي.

— ئەزىز ئىنىم! ماڭا ئۇۋال قىلماڭ، — دېدى گۈەن يۈي.

— گۈەن يۈي جانابلىرىنى ئالاھىدە ئىزدەپ كەلدى! — دېدى سۈن چيەن.

— نېمىشقا سىزمۇ جۆيلۈيسىز؟ بۇنىڭ نىيىتى بۇزۇق، چوقۇم مېنى تۇتۇپ بەرگىلى كەلدى! — دېدى جاڭ فېي.

— ئەگەر مەن سىزنى تۇتقىلى كەلگەن بولسام، — دېدى گۈەن يۈي، — لەشكەر ئېلىپ كەلگەن بولاتتىم.

— مانا بۇلار لەشكەر ئەمەسمۇ؟ — دېدى جاڭ فېي قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

گۈەن يۈي ئۆرۈلۈپ قارىغۇدەك بولسا، دېگەندەك، چاڭ - توزانلار ئىچىدە بىر توپ لەشكەر يېتىپ كېلىۋاتاتتى. لەپىلدىگەن تۇغلاردىن ساۋ ساۋنىڭ قوشۇنلىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. دەرغەزەپ بولغان جاڭ فېي:

— ئەمدى يەنە بىر نەرسە دېيەلەمسەن؟ — دېدى - دە،

ئۇزۇن ساپلىق يىلان باشلىق نەيزىنى سانجىشقا تەمشەلدى.

— ئەزىز ئىنىم، توختاڭ! سىز قاراپ تۇرۇڭ، — دېدى گۇەن يۈي، — مەن بۇ كەلگەن سەركەردىنى ئۆلتۈرۈپ، ھەقىقىي يۈرىكىمنى كۆرسىتەي!

— ئەگەر نىيىتىڭ چىن بولىدىغان بولسا، مەن ئۈچ قېتىم دۇمباق چېلىپ بولغۇچە كەلگىنىنى ئۆلتۈرسەن! — دېدى جاڭ فېي.

گۇەن يۈي ماقۇل بولدى، بىردەمدىن كېيىن ساۋ ساۋ قوشۇنى يېتىپ كەلدى. قوشۇن باشلىقى سەركەردە سەي ياڭ ئىدى. ئۇ قىلىچ ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرغىنىچە كېلىپ:

— سەن مېنىڭ جىيەنىم چىن چىنى ئۆلتۈرۈپ بۇ يەرگە قېچىپ كەپسەن! مەن باش ۋەزىرنىڭ ئەمرى بىلەن مەخسۇس سېنى تۇتقىلى كەلدىم! — دەپ توۋلىدى.

گۇەن يۈي ئۇندىمەستىن قىلىچىنى كۆتۈردى. جاڭ فېي ئۆزى دۇمباق چېلىشقا باشلىدى. تېخى بىرىنچى قېتىملىق دۇمباق چېلىنىپ بولمىغانىدى، گۇەن يۈينىڭ قىلىچى ئۇرۇلۇش بىلەنلا سەي ياڭنىڭ بېشى يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى پىتىراپ قاچتى. گۇەن يۈي نىشان تۇغ كۆتۈرگەن لەشكەرنى تۇتۇۋېلىپ، نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— جىيەنىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقلىرىنى ئاڭلىغان سەي ياڭ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، خېبېيگە كېلىپ سىلى بىلەن ئېلىشماقچى بولغانىدى. باش ۋەزىر قوبۇل قىلماستىن، لىۋ بېيغا قارشى رۇنەنگە ئەۋەتتى. كۈتمىگەندە بۇ يەردە ئۆزلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، — دېدى لەشكەر.

گۇەن يۈي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنى جاڭ فېيغا سۆزلەپ بېرىشكە بۇيرۇدى. جاڭ فېي گۇەن يۈينىڭ شۈيچاڭدىكى ئەھۋاللىرىنى تولۇق تەپسىلاتى بىلەن لەشكەرلەردىن سۈرۈشتۈردى. لەشكەرلەر ۋەقەنى باشتىن-ئاخىرىغىچە تەپسىلى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، جاڭ فېي ئاندىن ئىشەندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئەنە شۇ ۋاقىتتا شەھەر ئىچىدىكى لەشكەرلەر كېلىپ:
— شەھەرنىڭ تۆۋەن قوۋۇقى سىرتىدا ئون نەچچە ئاتلىق ناھايىتى جىددىي كېلىۋاتىدۇ، كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، — دەپ مەلۇم قىلدى.

جاڭ فېي گۇمانلىنىپ تۆۋەن قوۋۇقتىن چىقىپ قارىۋىدى، قىسقا ئوقيا ئاسقان ئون نەچچە ئاتلىقنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئاتلىقلارمۇ جاڭ فېينى كۆرگەن ھامان ئاتلىرىدىن چۈشتى. بۇلار مى جۇ، مى فاڭلار ئىدى. جاڭ فېيمۇ ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈشتى.

— شۈيجۇ قولدىن كېتىپ تارقىلىپ كەتكىنىمىزدىن كېيىن، بىز ئاغا ـ ئىنى ئىككىمىز يۇرتىمىزغا قاچقانىدۇق. يىراق ـ يېقىنغا كىشى ئەۋەتىپ، گۇەن يۈينىڭ ساۋ ساۋغا ئەل بولغانلىقىنى، خوجايىن جانابلىرىنىڭ خېبېيدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. يەنە جيەن يۇڭنىڭ خېبېيگە پاناھ تىلەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، يالغۇزلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكلىرىنى بىلەلمىگەنىدۇق. تۈنۈگۈن يولدا بىر تۈركۈم يولۇچىغا يولۇقتۇق. ئۇلار: «جاڭ ئۇرۇقىدىن بولغان، چىراي شەكلى مۇنداق ـ مۇنداق بىر سەركەردە ئەلھال گۇچېڭنى ئىگىلىدى» دېيىشتى. بىز ئاغا ـ ئىنى ئىككىمىز، بۇ چوقۇم سەركەردە جاڭ فېي بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدۇق ـ دە، ئىزدەپ سوراپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، بەختكە يارىشا كۆرۈشتۇق! — دېدى مى جۇ.

— ئاغام گۇەن يۈي بىلەن سۈن چيەن يەڭگىلىرىمنى ئېلىپ ھازىر يېتىپ كەلدى. ئاغىمىزنىڭ بار يېرىمۇ مەلۇم بولدى، — دېدى جاڭ فېي.

مى جۇ بىلەن مى فاڭ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، بىرلىكتە كېلىپ گۇەن يۈي ھەم خېنىملار بىلەن كۆرۈشتى. جاڭ فېي يەڭگىلىرىنى شەھەرگە باشلاپ كىردى، ياmۇلغا كېلىپ

ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، خېنىملار گۇەن يۈينىڭ سەرگۈزەشتىلە-
رىنى سۆزلەپ بېرىشىدى، جاڭ فېي هۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدى
ۋە گۇەن يۈينىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. مى جۇ، مى
فاڭلارمۇ تەسىرلەندى. جاڭ فېيمۇ ئايرىلغاندىن كېيىنكى
سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن،
مەرىكە - سورۇن هازىرلاپ خۇشاللىقلىرىنى تەبرىكلەشتى.

ئەتىسى، جاڭ فېي گۇەن يۈيگە قوشۇلۇپ ليۇ بېي بىلەن
كۆرۈشۈش ئۈچۈن رۇنەنگە بارماقچى بولۇۋىدى، گۇەن يۈي:
— ئەزىز ئىنىم، سىز يەڭگىلىرىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ
ۋاقىتىنچە بۇ شەھەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن سۈن چيەن بىلەن
بېرىپ ئاغىمىزنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلەي! — دېدى.
جاڭ فېي قوبۇل كۆردى.
گۇەن يۈي بىلەن سۈن چيەن بىرنەچچە ئاتلىق نۆكەر ئېلىپ
رۇنەنگە كەلدى. ليۇ بى بىلەن گۇڭ دۇ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.
— خان تاغىسى قېنى؟ — دەپ سورىدى گۇەن يۈي.
— خان تاغىسى بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردى - دە،
لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ، كېڭەش ئۈچۈن
خېبېيدىكى يۈەن شاۋ هۇزۇرىغا كەتتى، — دېدى ليۇ بېي.
بۇنى ئاڭلاپ گۇەن يۈينىڭ ھەپسىلىسى پۈچ بولدى.
— قايغۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق، يەنە بىر جاپا چېكىپ
خېبېيگە بېرىپ، خان تاغىسىغا خەۋەر قىلىپ قويساق
بولىدىغۇ! — دېدى سۈن چيەن.
گۇەن يۈي بۇ سۆزگە ماقۇل بولۇپ ليۇ بېي، گۇڭ دۇلار
بىلەن خەيرلەشتى - دە، يەنە گۇچېڭغا قايتىپ ئەھۋالنى جاڭ
فېيغا سۆزلەپ بەردى. جاڭ فېي ئۇلار بىلەن بىللە خېبېيگە
بارماقچى بولدى.
— بۇ شەھەر بىزنىڭ ماكانىمىز، ئۇنى يەڭگىللىك بىلەن

تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەن يەنە سۇن چيەن بىلەن يۈەن شاۋنىڭكىگە بېرىپ، ئاغامنى تاپاي، يەنە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشايلى. ئەزىر ئىنىم، سىز بۇ شەھەرنى مۇستەھكەم ساقلىغايسىز! — دېدى گۇەن يۈي.

— تاغا! سىز ئۇنىڭ سەركەردىلىرىدىن يەن لياڭ بىلەن ۋېن چۇنى ئۆلتۈرگەن تۇرسىڭىز، قانداق بارالايسىز؟ — دېدى جاڭ فېي.

— ھېچگەپ يوق. مەن ئۇ يەرگە بارغىنىمدىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرىمەن، — دېدى گۇەن يۈي ۋە جۇ ساڭنى چاقىرىپ، — موزاي تېغىدىكى پېي يۈەنشاۋنىڭ قول ئاستىدا قانچىلىك ئادەم بار؟ — دەپ سورىدى.

— 4 — 5 يۈزچە كىشى بار، — دېدى جۇ ساڭ.

— مەن بۇگۈن يېقىن يول بىلەن ئاغامنى ئىزدەپ بارىمەن. سىز موزاي تاغقا بېرىپ، بۇ ئادەملەرنى ئېلىپ ـ دە، چوڭ يول بىلەن ئالدىمىزغا چىقىڭ، — دەپ بۇيرۇدى.

جۇ ساڭ بۇيرۇق ئېلىپ يولغا چىقتى.

گۇەن يۈي سۇن چيەن بىلەن يىگىرمە نەچچە ئاتلىق بولۇپ خېبېيگە راۋان بولدى. ئۇلار خېبېي تەۋەسىگە يېتىپ كېلەي دېگەندە، سۇن چيەن:

— سەركەردە جانابلىرى، سىلى ئالدىراپ كىرمەي، بۇ يەردە ۋاقىتلىق دەم ئېلىپ تۇرسىلا، ئالدى بىلەن مەن كىرىپ خان تاغىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئايرىم مەسلىھەتلىشەي، — دەپ پىكىر بەردى.

گۇەن يۈي ماقۇل بولدى ـ دە، ئالدى بىلەن سۇن چيەننى يولغا سالدى، ئاندىن يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر جاڭزىغا قونۇش ئۇچۇن نۆكەرلىرى بىلەن باردى. جاڭزىدىن ھاسا تايانغان بىر بوۋاي چىقىپ، گۇەن يۈي بىلەن كۆرۈشتى. گۇەن يۈي ئۇنىڭغا راست گېپىنى ئېيتتى.

— مەنمۇ گۇەن ئۇرۇقىدىن، ئىسمىم دىلڭ بولىدۇ. ئۇزۇندىن بېرى ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، بەختكە يارىشا بۇگۇن كۆرۈشۇشكە نېسىپ بوپتۇ، — دېدى بوۋاي.

ئاندىن ئۇ ئىككى ئوغلىنى چاقىرىپ گۇەن يۈي بىلەن كۆرۈشتۇردى، گۇەن يۈينى ياخشى كۈتۈپ، نۆكەرلىرىنىمۇ جاڭزىغا ئورۇنلاشتۇردى.

سۈن چيەنگە كەلسەك، ئۇ يالغۇز ئۆزى جىجۇغا كىرىپ، ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۇپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

— جيەن يۇڭمۇ بۇ يەردە، ئۇنى مەخپىي چاقىرتىپ كېلىپ، بىر كېڭەش قىلايلى، — دېدى ليۇ بېي.

بىر پەستىلا جيەن يۇڭ يېتىپ كېلىپ، سۈن چيەن بىلەن كۆرۈشتى ۋە بىرلىكتە بۇ يەردىن قۇتۇلۇش تەدبىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى.

— جانابىي تەقسىر، ئەتە يۈەن شاۋ بىلەن كۆرۈشۇپ، — دېدى جيەن يۇڭ، — جىڭجۇغا بېرىپ ليۇ بياۋنى بىرلىكتە ساۋ ساۋنى يوقىتىشقا دەۋەت قىلاي، دەپ ئىجازەت سورىسىلا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىش لازىم.

— بۇ ناھايىتى ياخشى تەدبىر! ئەمما، جانابلىرى مېنىڭ بىلەن بىرگە بارمامدىلا؟ — دېدى ليۇ بېي.

— مېنىڭمۇ بۇ يەردىن قۇتۇلۇش تەدبىرىم بار، — دېدى جيەن يۇڭ.

مەسلىھەت بىر يەرگە كەلدى. ئەتىسى ليۇ بېي يۈەن شاۋ بىلەن كۆرۈشۇپ:

— ليۇ بياۋ جىڭشياڭ قاتارلىق توققۇز ئايماقنى ئىدارە قىلىپ ساقلىماقتا. لەشكىرى خىل، ئاشلىقى مول. شۇڭلاشقا ساۋ ساۋنى بىرلىكتە يوقىتىشقا ئىتتىپاق تۈزسەك بولاتتى، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ ھەقتە بۇرۇن مەن ئەلچى ئەۋەتكەنىدىم، ئۇ ياق قوبۇل قىلمىدى، — دېدى يۈەن شاۋ.

— بۇ ئادەم مەن بىلەن ئۇرۇقداش بولىدۇ. مەن بېرىپ دەۋەت قىلسام چوقۇم رەت قىلمايدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— ئەگەر لىيۇ بياۋنى قولغا كەلتۈرسەك، لىيۇ بىېدىن كۆپ ئارتىپ چۈشەتتى، — دېدى يۈەن شاۋ، ئاندىن لىيۇ بېينى بېرىشقا بۇيرۇدى ۋە يەنە، — بۇ يېقىندىن ئاڭلىشىمچە گۈەن يۈي ساۋ ساۋدىن ئايرىلىپ خېبېيگە كېلىۋېتىپتىمىش. ئەگەر كەلسە يەن لياڭ، ۋېن چۇلارنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرىمەن، — دېدى.

— جانابىي تەقسىر، ئۇنى بۇنىڭدىن بۇرۇن خىزمەتكە سالماق بولغانلىرى ئۈچۈن چاقىرتتۇدىم. ئەمدى يەنە نېمىشقا ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ قالدىلا؟ يەن لياڭ بىلەن ۋېن چۇ ئىككى بۆغا بولسا، گۈەن يۈي بىر يولۋاس. ئىككى بۆغىنىڭ ئورنىغا بىر يولۋاسقا ئىگە بولسىلا، يەنە نېمىشقا رازى بولمايدىلا؟ — دېدى لىيۇ بېي.

— مەن ھەقىقەتەن ئۇنى ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈن، — دېدى يۈەن شاۋ، — ھەزىللەشتىم. جانابلىرى يەنە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتسىلا، تېزرەك يېتىپ كەلسۇن.

— سۇن چيەن چاقىرغىلى بارسا بولىدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

يۈەن شاۋ ناھايىتى خۇرسەن ھالدا ماقۇل بولدى. لىيۇ بېي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جيەن يۇڭ كىرىپ:

— لىيۇ بېي بۇ مېڭىشىدا قايتىپ كەلمەيدۇ، مەنمۇ باراي. بىرىنچىدىن، لىيۇ بياۋنى بىرلىكتە دەۋەت قىلاي، ئىككىنچىدىن، لىيۇ بېيغا نازارەت قىلاي، — دېدى.

يۈەن شاۋ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، جيەن يۇڭنى لىيۇ بېي بىلەن بىرگە بېرىشقا بۇيرۇدى.

— ليۇ بېي ئالدىنقى قېتىم ليۇ بىنى دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بارغاندى، نەتىجىسى بولمىدى؛ ئەلھال جيەن يۈڭ بىلەن جىڭجۇغا ئەۋەتىدىغان بوپتىلا، چوقۇم قايتىپ كەلمەيدۇ، — دەپ پىكىر بەردى گوتۇ.

— سىز كۆپ شۈبھىلەنمەڭ، جيەن يۈڭنىڭ ئۆز ئامالى بار، — دېدى يۈەن شاۋ.

گوتۇ ئاھ ئۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ليۇ بېي گۇەن يۈيگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سۈن چيەننى شەھەردىن ماڭدۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن جيەن يۈڭ بىلەن ئىككىسى يۈەن شاۋ بىلەن خەيرلىشىپ، ئاتلىق شەھەردىن چىقىشتى. ئايماق تەۋەسىنىڭ چېتىگە كەلگەندە ئۇلارنى سۈن چيەن كۈتۈۋالدى ۋە بىرلىكتە گۇەن دىڭنىڭ جاڭزىسىغا كېلىشتى. گۇەن يۈي ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ليۇ بېينىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. گۇەن دىڭ ئىككى ئوغلىنى ئۆزى بىلەن بىللە مېھمانخانا ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى. ليۇ بېي ئىسىم ـ زاتىنى سورىۋىدى، گۇەن يۈي:

— بۇ كىشى كەمىنە ئىنىلىرى بىلەن ئۇرۇقداش بولۇپ، ئىككى ئوغلى بار. چوڭى گۇەن نىڭ، قەلەم ئىشلىرىنى ئۆگىنىپتۇ، كىچىكى گۇەن پىڭ، ئەلەم ئىشىنى ئۆگىنىپتۇ، — دېدى.

— كەمىنىلىرى كىچىك ئوغلۇمنى سەركەردە گۇەن يۈي جانابلىرىغا قوشۇپ قويۇشنى خالايمەن، بىلمىدىم، قوبۇل قىلارلىمىكىن؟ — دېدى گۇەن دىڭ.

— نەچچە ياشقا كىردى؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— 18 گە، — دېدى گۇەن دىڭ.

— ئاتا! ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ئىنىمىزنىڭ تېخى ئوغلى يوق، ئوغۇللۇققا بەرسىلە قانداق؟ — دېدى ليۇ بېي.

گۆەن دىڭ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئوغلى گۆەن پىڭگە گۆەن يۈيىنى ئاتا، ليۇ بېيىنى تاغا، دەپ ئاتاپ تەزىم قىلىشقا بۇيرۇدى.

ليۇ بېي يۈەن شاۋنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، تېز يولغا چىقتى. گۆەن پىڭ گۆەن يۈيگە ئەگىشىپ يولغا چىقتى.

گۆەن دىڭ بىر مەنزىل ئۇزىتىپ قايتتى.

گۆەن يۈي موزاي تاغ يولىغا قاراپ مېڭىشنى ئېيتتى. ئۇلار سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا جۇ ساڭ بىرنەچچە ئون كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ يارىلانغان ھالدا ئۇچرىشىپ قالدى. گۆەن يۈي جۇ ساڭنى ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە نېمە ئۈچۈن يارىلانغانلىقىنى سورىدى.

— مەن موزاي تاغقا بېرىشتىن ئىلگىرى، بىر يەككە ئاتلىق پالۋان كەپتۇ. پېي يۈەنشاۋ ئۇنىڭغا مۇقابىل بولغانىكەن، بىر زەربىدىلا ئۇ پېي يۈەنشاۋنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئادەملىرىنى يىغىۋېلىپ، تاغ تۇرانى ئىگىلىۋاپتۇ. مەن بېرىپ ئادەملەرنى چاقىرغان ۋاقتىمدا، مۇشۇ ئادەملەرلا ئۆتتى. قالغانلىرى قورقۇپ ئۆز مەيلىچە ئۆتەلمىدى. مەن ئۇ پالۋانغا قايىل بولماستىن جەڭ قىلدىم، ئۇ ئۇدا بىرنەچچە رەت ئۇتتى، مەن ئۈچ يەردىن جاراھەتلەندىم، شۇڭلاشقا ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىشقا كەلدىم، — دېدى جۇ ساڭ.

— ئۇ ئادەمنىڭ چىراي ـ شەكلى قانداق ئىكەن؟ ئىسمى ـ زاتى نېمە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— ناھايىتى غەيۇر باتۇر ئىكەن، ئەمما ئىسمى ـ زاتىنى بىلەلمىدىم، — دېدى جۇ ساڭ.

شۇنىڭ بىلەن گۆەن يۈي ئالدىدا، ليۇ بېي ئارقىدا موزاي تاغقا قاراپ مېڭىشتى. جۇ ساڭ تاغ تۈۋىگە كېلىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى، ھېلىقى پالۋان قورالىنىپ، نەيزە تۇتقان ھالدا،

ئات قويغان پېتي ئادەملىرى بىلەن تاغدىن چۈشۈپ كەلدى.

— ۋاي سىز جاۋ يۈن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ليۇ بېي قامچىسى بىلەن ئىشارە قىلىپ توۋلاپ تۇرۇپ.

بۇ پالۋان ليۇ بېينى كۆرۈپ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، يول بويىدا يەر ئوپۇپ تەزىم قىلدى. بۇ ھەقىقەتەن جاۋ يۈن ئىدى. ليۇ بېي، گۈەن يۈيلەرمۇ دەررۇ ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈشتى ۋە قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سورىدى.

— ھاكىم جانابلىرىدىن ئايرىلغىنىمدىن كېيىن، — دېدى جاۋ يۈن، — گۇڭسۇن زەن سۆزگە كىرمىدى، ئاقىۋەتتە لەشكەرلىرىمىز يېڭىلدى، ئۆزى ئوتتا ھالاك بولدى. يۈەن شاۋ بىرنەچچە قېتىم مېنى خىزمىتىگە چاقىرتتى، مەن يۈەن شاۋمۇ ئادەم ئىشلىتەلەيدىغان ئادەم ئەمەس، دەپ قاراپ، ئۇنىڭ يېنىغا بارمىدىم. كېيىن شۈيجۇغا بېرىپ ھاكىم جانابلىرىنىڭ خىزمىتىگە كىرمەكچى بولغانىدىم، بىراق شۈيجۇنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى، گۈەن يۈينىڭ ساۋ ساۋغا ئەل بولغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ يۈەن شاۋ ھۇزۇرىدا ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلىدىم، بىرنەچچە قېتىم بارايمۇ دېۋىدىم، لېكىن يۈەن شاۋنى رەنجىتىپ قويارمەنمىكىن دەپ بارمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەلدە سەرگەردان بولۇپ، ماكان تاپالمىدىم. بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن مۇقەددەم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، پېي يۈەنشاۋ تاغدىن چۈشۈپ ئېتىمنى بۇلىماقچى بولدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئۆلتۈردۈم ـ دە، بۇ يەرنى ماكان قىلدىم. يېقىندىن بېرى جاڭ فېينىڭ گۇچېڭدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم. قوشۇلۇشقا باراي دېدىمىيۇ، راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلىيالمىدىم، بۈگۈن بەختكە يارىشا ھاكىم جانابلىرى بىلەن بۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالدۇق!

ليۇ بېي ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. گۈەن يۈيمۇ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— مەن دەسلەپ، سىزنى كۆرگەن ۋاقتىمدىلا زادى ئايرىلغۇم يوق ئىدى. بەختكە يارىشا، مانا بۈگۈن ئۇچراشتۇق! — دېدى لىۋ بېي.

— مەنمۇ خوجايىن تاللاپ پۈتۈن ئەلنى كەزدىم، ھاكىم جانابلىرىدەك كىشىنى يولۇقتۇرمىدىم. بۈگۈن بىرگە بولدۇق، ئۆلگۈچە خىزمەتلىرىنى قىلىمەن، بۇ يولدا بېشىم كەتسىمۇ ئارمىنىم يوق! — دېدى جاۋ يۈن.

ئۇ شۇ كۈنىلا تاغ تۇراغا ئوت قويۇپ، ئادەملىرىنى ئېلىپ لىۋ بېي بىلەن گۇچېڭغا قاراپ راۋان بولدى.

جاڭ فېي، مى جۇ، مى فاڭلار ئىستىقبالغا چىقىپ، ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىردى، كۆرۈشكەنلىرىدىن كېيىن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىشىپ كەتتى. خېنىملار گۈەن يۈينىڭ سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىپ بەرگىنىدە، لىۋ بېي ھاياجانلىنىپ تەسىرلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاغا ئاتاپ ئات، كالا قۇربانلىق قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن لەشكەرلەر تارتۇقلاندى. لىۋ بېي ئىنىلىرى بىلەن قايتا كۆرۈشكەنلىكى، خادىملارنىڭ كېمىيىپ كەتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن جاۋ يۈنگە ئىگە بولغانلىقى، گۈەن يۈينىڭ گۈەن پىڭ، جۇساڭغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، چەكسىز خۇشال بولدى ۋە ئۇدا بىرنەچچە كۈن مەرىكە - سورۇن ئۆتكۈزۈپ مەيۈازلىق قىلىشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىنكىلەر مۇنۇ مەدھىيىنى چىقىرىشقان:

*ئەينى ۋاقىت بۇرادەرلەر بۆلۈنگەن،*
*خەت - ئالاقە، خەۋەرلەر ھەم ئۈزۈلگەن.*
*بۈگۈن بەگۇ سىپاھلارمۇ تويلىنىپ،*
*يولۋاس بىلەن ئەجدىھادەك جەملەنگەن.*

بۇ ۋاقىتتا لىۋ بېي، گۈەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈن، سۈن چيەن، جيەن يۇڭ، مى جۇ، مى فاڭ، گۈەن پىڭ، جۇ ساڭلار ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ 4000 — 5000 لەشكەرگە ئىگە

بولغانىدى. ليۇ بېي گۇچېڭنى تاشلاپ رۇنەنگە بارماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ليۇ بى، گۇڭ دۇلارنىڭ رۇنەنگە تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىسى كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار لەشكەرلىرىنى ئېلىپ رۇنەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى، لەشكەر توپلاپ، ئات ئېلىشقا ۋە يۈرۈش هازىرلىقلىرىنى كۆرۈشكە كىرىشتى. بۇ گەپ مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى يۇەن شاۋدىن ئاڭلاڭ. يۇەن شاۋ ليۇ بېينىڭ قايتمىغىنىنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى لەشكىرىي يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا:

— ليۇ بېيدىن قايغۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق. بىزنىڭ كۈچلۈك رەقىبىمىز ساۋ ساۋ، ئۇنى يوقاتماي بولمايدۇ. ليۇ بياۋ گەرچە جىڭجۇنى ئىگىلەپ ياتقان بولسىمۇ، لېكىن كۈچسىز. جياڭدۇڭدىكى سۇن سې ئۇچ دەريا، ئالتە ئايماقنى تۇتاش ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىپ جايلىشىۋالدى، مۇشاۋىرلىرى، پالۋانلىرى ئىنتايىن كۆپ. ساۋ ساۋغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتەيلى! — دەپ مەسلىھەت بەردى گو تۇ.

يۇەن شاۋ بۇ سۆزنى قوبۇل كۆردى-دە، خەت يېزىپ سۇن سې بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن چېن جېننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. دەرهەقىقەت:

*بارغاچ باتۇر خېبېيدىن،*
*چىقتى پالۋان جياڭدۇڭدىن.*

بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## غەزەپلەنگەن «كىچىك دوكەر»نىڭ يۈي جىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

## «كۆك كۆز ئوغلان»نىڭ جياڭدۇڭنى ئىلىكىگە ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، سۈن سې جياڭدۇڭنى چاڭگىلىغا ئالغاندىن بىرى، تاللانغان خىل لەشكەر ۋە مول ئوزۇق - تۈلۈككە ئىگە بولغاندى. ئۇ جيەنئەننىڭ تۆتىنچى يىلى ليۇجياڭنى تۇيۇقسىز زەربە بىلەن ئالدى، ليۇشۈننى يەڭدى، يۈي فەننى ئەيىبنامە بىلەن يۈيجاڭغا ئەۋەتتى، يۈيجاڭ ھاكىمى خۇا شىن ئەل بولدى. شۈنىڭ بىلەن ھەيۋىسى جاھانغا بىر كەلدى. ئۇ زەپەر خەۋەرلىرىنى پايتەختكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەلۇمات يېزىپ جاڭ خۇڭنى شۈيچاڭغا ئەۋەتتى. ساۋ ساۋ سۈن سېنىڭ كۈچلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «شىر بەچچىسى بىلەن ئېلىشماق قىيىن!» دەپ ئاھ چەكتى. شۈنىڭ بىلەن ساۋ رېننىڭ قىزىنى سۈن سېنىڭ كىچىك ئىنىسى سۈن كۇاڭغا توي قىلىپ بېرىپ، ئىككى تەرەپ ئۇرۇق - تۇغقان بولۇشتى ۋە جاڭ خۇڭنى شۈيچاڭدا ئېلىپ قالدى. سۈن سې ئەمىر لەشكەر بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ساۋ ساۋ قوبۇل قىلمىغانلىقتىن، سۈن سې خاپا بولۇپ، دائىم شۈيچاڭغا تېگىش قىلىش نىيىتىدە بولۇپ كەلدى. ۋۇجۇن ئايمىقىنىڭ ھاكىمى شۈي گۇڭ پايتەخت شۈيچاڭغا مەخپىي ئەلچى

ئەۋەتىپ، ساۋ ساۋغا تۆۋەندىكى مەلۇماتنى يازدى:

سۇن سې چەۋەنداز پالۋان بولسىمۇ، شياڭ جىگە
ئوخشاپ قالىدۇ. خاقانىمىز ئالىي ھەزرەتلىرى
كۆرۈنۈشكە يېقىنچىلىق قىلىپ، نام ـ شۆھرەت بېرىپ،
ئۇنى پايتەختكە چاقىرتىۋالغانلىرى تۈزۈك؛ كېيىنكى
ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ چەت دىيار ـ
ئايماقلارنى بېسىپ يېتىشىغا يول قويماسلىق كېرەك.

بۇ خەتنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەلچى دەريادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا دەريانى ساقلاپ ياتقانلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، سۇن سېنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى. سۇن سې خەتنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئەلچىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى ۋە يالغاندىن شۇي گۇڭنى كېڭەشكە چاقىردى. شۇي گۇڭ يېتىپ كەلگەندە، سۇن سې خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— سەن مېنى ئۆلۈمگە ئىتتىرمەكچى بولدۇڭمۇ! — دېدى ـ دە، ياساۋۇللىرىغا ئۇنى دارغا ئېسىشنى بۇيرۇدى. شۇي گۇڭنىڭ ئۆيىدىكىلەر تامام قېچىپ كېتىشتى. شۇي گۇڭنىڭ ئۆي خىزمەتكارلىرىدىن ئۈچ كىشى شۇي گۇڭنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ئېپىنى قىلالماي يۈردى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇن سې دەنتۇنىڭ شىشەن تېغىغا ئادەملىرى بىلەن ئوۋغا چىقتى، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چوڭ بۇغا ئۇچرىدى ـ دە، سۇن سې ئات چاپتۇرۇپ قوغلاپ كەتتى، يېتىشىپ قالاي دېگەندە، ئورمانلىق ئىچىدىن نەيزە ۋە ئوقيا تۇتقان ئۈچ كىشى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. سۇن سې ئېتىنى توختىتىپ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بىز خەن داڭنىڭ نۆكەرلىرى، بۇغا ئوۋلاشقا چىققانىدۇق، — دېدى ئۇلار.

سۈن سې ئەمدىگىنە تىزگىن ئۇرۇپ ماڭماق بولۇۋىدى، ھېلىقى ئادەملەردىن بىرى سۈن سېنىڭ سول پۇتىغا نەيزە سانجىدى. ئىنتايىن چۆچۈگەن سۈن سې شارتتىدە شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ چېپىۋىدى، شەمشەرنىڭ سېپى قولىدا قېلىپ، تىغى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. يەنە بىرى ئوقيا ئېتىۋىدى، سۈن سېنىڭ يۈزىگە كېلىپ تەگدى. سۈن سې يۈزىدىكى ئوقنى تارتىۋېلىپ، ئۆز كامانىغا بەتلەپ ئاتتى، ئوق ئاتقان نۆكەر يەرگە يىقىلدى. قالغان ئىككىسى نەيزىسىنى سۈن سېغا كەلسە ـ كەلمەس سانجىشقا باشلىدى ۋە:

— بىز شۈي گۇڭنىڭ خىزمەتكارلىرى، ئالايىتەن خوجايىنىمىزنىڭ قىساسىنى ئالغىلى كەلدۇق! — دەپ توۋلاشتى.

سۈن سېنىڭ قولىدا باشقا قورال بولمىغانلىقىدىن كامان بىلەنلا قارشىلىق كۆرسەتكەچ كېيىنگە چېكىنىپ ماڭدى. بۇ ئىككىسى جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئۆزىنى زادى قويۇپ بەرمىدى. سۈن سېنىڭ بىرنەچچە يېرىگە نەيزە تەگدى، مىنگەن ئېتىمۇ يارىلاندى. سۈن سې ئىنتايىن خەۋپلىك ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، چېڭ پۇ بىرنەچچە ئادىمى بىلەن كېلىپ قالدى.

— قاراقچىلارنى ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى سۈن سې.

چېڭ پۇ نۆكەرلىرى بىلەن بىردەكلا ئېتىلىپ كېلىپ شۈي گۇڭنىڭ ئۆي خىزمەتكارلىرىنى قىيما قىلىۋەتتى. سۈن سېنىڭ يۈزى قانغا بويالغان، تېنى ئېغىر جاراھەتلەنگەنلىكىنى كۆرگەن چېڭ پۇ دەررۇ خەنجەر بىلەن تونىنى كېسىپ ئۇنىڭ جاراھىتىنى تاڭدى ۋە داۋالاش ئۈچۈن ۋۇخۇيغا قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىنكىلەر شۈي گۇڭنىڭ خىزمەتكارلىرىنى

مەدھىيىلەپ مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىشتى:

*باشقۇرۇپ چاڭجياڭ سۇيىنى سۇن سې مەرد غەيرەت بىلەن،*
*ئۇۋغا چىقتى، تاغدا قالدى تەھلىكە — دەھشەت بىلەن.*
*ئۆلدى شۇي گۇڭ خادىمىدىن ئۇچىسى ۋاپانى دەپ،*
*ئۆلسە يۈي راڭ قالمىدى ئەل ئۇنچىلا ھەيرەت بىلەن.*

سۇن سې يارىدار بولۇپ قايتقاندىن كېيىن، ھېكىم خۇا تۇنى ئىزدەتكەنىدى، بەختكە قارشى خۇا تۇ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە كېتىپ قالغان بولۇپ، ۋۇخۇيدا پەقەت شاگىرتىلا قالغانىدى، ئۇنى داۋالاشقا بۇيرۇدى.

— ئوقنىڭ ئۇچى دورا بىلەن سۇغىرىلغانىكەن، — دېدى شاگىرت كېسەلنى كۆرۈپ، — زەھەر ئۇستىخانغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن 100 كۈن تىنچ يېتىپ دەم ئېلىش لازىم، شۇنداقتا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. ناۋادا خاپىغان تېشىغا تېپىپ، سەپرايى ئۆرلىسە، كېسەلنى ساقايتىش قىيىن بولىدۇ.

سۇن سېنىڭ مىجەزى چۇس بولغانلىقتىن، كېسەلنىڭ دەرھاللا ساقىيىشىنى خالايتتى. دەم ئالغىنىغا ئەمدىگىنە 20 نەچچە كۈن بولغاندا شۇيچاڭدىكى جاڭ خۇڭدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئۇنى چاقىرتىپ ئەھۋالنى سورىدى.

— جانابلىرىدىن ساۋ ساۋ ناھايىتى قورقىدۇ؛ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مۇشاۋىرلىرىمۇ سىلىگە قايىل؛ پەقەت گوجيالا قايىل ئەمەس، — دېدى ئەلچى.

— گوجيا نېمە دېدى؟

ئەلچى بىر نېمە دېيەلمىدى. سۇن سې غەزىپىگە كېلىپ قايتا سوراپ تۇرۇۋالدى. ئەلچى ئىلاجسىز قېلىپ راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى:

— گو جيا ساۋ ساۋغا: «سۇن سېدىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزى يەڭگىل ھەم ھېچنېمىگە ھازىرلىق قىلمايدۇ،

مىجەزى چۈش ھەم تەدبىرسىز، جاسارىتى بار، پاراسىتى يوق، كەلگۈسىدە زاتى پەسلەرنىڭ قولىدا ھالاك بولغۇسى» دېدى، — دېدى ئەلچى.

سۈن سې بۇنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچتى ـ دە:

— بەچچىغەر، مېنى پىسەنت قىلماسقا نېمە ھەددىكەن ئۇنىڭ! مەن شۇيچاڭنى ئېلىشقا قەسەم ئىچتىم! — دېدى ۋە ساقىيىشىنى كۈتمەستىنلا لەشكەر تارتىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزمەك بولدى.

— تېۋىپ جانابلىرىنى 100 كۈنگە قەدەر ھەرىكەتلەنمەسكە مەسلىھەت بەرگەنىدى، بۈگۈن بىردەملىك خاپىلىققا چىدىماي، نېمىشقا يەڭگىللىك بىلەن قىممەتلىك ۋۇجۇدلىرىغا سەل قارايدىلا؟ — دەپ كېڭەش بەردى جاڭ جاۋ.

دەل مۇشۇ سۆزنىڭ ئۈستىگە يۈەن شاۋنىڭ ئەلچىسى چېن جېننىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم قىلىندى. سۈن سې ئۇنى چاقىرىپ گەپ سورىدى. چېن جېن يۈەن شاۋنىڭ كۈنچىقىش تەرەپتىكى ۋۇ ئېلى بىلەن كېلىشىپ ساۋ ساۋنى بىرلىكتە يوقىتىشقا تاشقى تەرەپتىن ھەمدەمدە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سۈن سې ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، شۇ كۈنىلا سەركەردىلىرىنى يىغىپ سېپىل راۋىقىدا چېن جېن شەرىپىگە مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزدى. ئىچكۈلۈك قىزىغان ۋاقىتتا، بىردىنلا سەركەردىلەر بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ راۋاقتىن چۈشكىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان سۈن سې بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— ئەۋلىيا يۈي جى راۋاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا سەركەردىلەر تاۋاپ ـ زىيارەت قىلىش ئۈچۈن چۈشۈپ كېتىشتى، — دېدى قېشىدىكىلەر.

سۈن سې ئورنىدىن تۇرۇپ، سالاسۇنغا يۆلىنىپ قاراپ، ئۈچىسىغا قۇش پەيلىرىدىن توقۇلغان جەندە كىيگەن، قولىغا ھاسا تۇتقان بىر دەرۋىشنىڭ يولدا تۇرغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا پۇقرالارنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇشبۇي ئىسرىق سىلىپ يەر ئۇپۇپ تەزىم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— بۇ قانداق جادۇگەر؟ تېز تۇتۇپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى غەزەپلەنگەن سۇن سې.

— بۇ ئادەمنىڭ ئىسىم - زاتى يۇي جى، كۇنچىقىش تەرەپتە ئىستىقامەت قىلىدۇ. ۋۇخۇيغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. دەمىدە سۇيى تارىتىپ كۆپ ئاغرىقلارنى ساقايتىۋەتتى. ئەل ئىچىدە، زامانىمىزدىكى ئەۋلىيا، دەپ نام ئالدى، بۇ كىشىنى رەنجىتىشكە بولمايدۇ، — دېدى قېشىدىكىلەر.

— تېز تۇتۇپ كېلىڭلار! خىلاپلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى تېخىمۇ غەزەپلەنگەن سۇن سې.

مۇلازىملار ئىلاجسىز راۋاقتىن چۈشۈپ، يۇي جىنى راۋاققا ئېلىپ چىقتى.

— ھەي تەلۋە دەرۋىش! نېمە ئۈچۈن ئاھالىنى ۋەسۋەسىگە سالىسەن؟ — دېدى سۇن سې.

— پېقىر لاڭيا سارىيىنىڭ دەرۋىشى بولىمەن. شۇندى خان زامانىسىدا، مەن دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغىش ئۈچۈن تاغقا چىققىنىمدا، ياڭچۈي بۇلىقىدا كېسەللەرنى داۋالاش ھەققىدىكى ئۇسۇللار مەزمۇن قىلىنغان «ئامانلىق، مەڭگۈ ياشارتىش يولى» ناملىق 100 نەچچە توملۇق ئەنبىيانامىگە ئىگە بولغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاللا يولىدا ۋەز - نەسىھەت، ئەمرىمەرۇپ ئىشلىرىنى ئېلىپ باردىم. ئەلنى قۇتقۇزۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم، ھېچكىمنىڭ بىر تىيىنلىق نەرسىسىنى ئالغىنىم يوق. قانداقسىگە ئەلنىڭ كۆڭلىنى ۋەسۋەسىگە سالغان بولىمەن، — دېدى يۇي جى.

— سەن ئەلنىڭ بىر تىيىنلىق نەرسىسىنى ئالمىساڭ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەرنى نەدىن تاپىسەن؟ سەن سېرىق ياغلىقلىق جاڭ جياۋ قاتارىدىكىلەردىن بولىسەن، بۇگۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

يوقىتىلمايدىكەنسەن، كەلگۈسىدە چوقۇم پالاكەتلەرگە سەۋەب بولىسەن! — دېدى سۇن سې ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە، — ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

— دەرۋىش يۈي جى جىياڭدۇڭدا بىرنەچچە ئون يىللار ئىستىقامەت قىلدى، ھېچبىر ئۆتكۈزگەن خاتالىقى يوق، ئۆلتۈرۈشكە بولماسمىكىن! — دەپ مەسلىھەت بەردى جاڭ جاۋ.

— بۇنداق جادۇگەرلەرنى ئۆلتۈرۈش ئىت - توڭگۇزنى ئۆلتۈرگەنچىلىك ئىش! — دېدى سۇن سې.

ھەممە مەنسەپدارلار يالۋۇرۇپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالدى، چېن جېنمۇ نەسىھەت قىلدى. سۇن سې ئاچچىقىدىن يانماي، ئۇنى ھازىرچە زىندانغا سېلىشقا بۇيرۇدى. مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى تارقىلىشتى. چېن جېنمۇ ئارام ئېلىش ئۈچۈن سارايغا قايتتى.

سۇن سې ئۆيگە قايتقۇچە، ئىچكى ھەرەمدىكىلەر ۋەقەنى سۇن سېنىڭ ئانىسى ۋۇ ۋالىدە خېنىمغا ئۇقتۇرۇپ بولۇشقانىدى. ۋالىدە خېنىم سۇن سېنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— ئاڭلىشىمچە سىز ئەۋلىيا يۈي جىنى زىندانغا سېلىپسىز. بۇ زات كۆپ ئادەملەرنى كېسەلدىن ساقايتتى، لەشكەر ۋە پۇقرانىڭ ھەممىسى ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماڭ! — دېدى.

— بۇ جادۇگەر، — دېدى سۇن سې، — جادۇگەرلىك يولى بىلەن ئەلنى ۋەسۋەسىگە سالىدۇ، يوقاتماي بولمايدۇ.

ۋالىدە خېنىم قايتا - قايتا نەسىھەت قىلدى.

— ئانا، سىلى خەقنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىسىلا، ئوغۇللىرىنىڭ بۇنىڭغا ئامالى بار، — دېدى سۇن سې ۋە يۈي جىنى سوراققا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن زىندان بېشىنى چاقىرتتى. زىندان بېشىمۇ يۈي جىنىڭ مۇخلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۈي جى زىنداندىكى ۋاقتىدا، تاقاق ۋە كىشەنلەرنى تامام ئېلىپ

تاشلىغانىدى؛ سۈن سې چاقىرتقاندىلا، تاقاق ـ كىشەنلەرنى سىلىپ ئېلىپ چىقتى. بۇنى ئاڭلىغان سۈن سې غەزەپلىنىپ زىنداندان بېشىغا قاتتىق كايىدى ۋە يۈي جىنى تېخىمۇ مەھكەم بەند قىلدۇرۇپ زىندانغا سالدى. جاڭ جاۋ باشلىق ئون نەچچە كىشى بىرلىكتە ئىلتىماس يېزىپ، ئەۋلىيا يۈي جىنى كېپىللىككە بېرىشنى سۈن سېدىن ئۆتۈنۈپ سورىدى.

— جانابلار، ھەممەيلەن بىلىم ئەھلىلىرى، نېمە ئۈچۈن قائىدىنى چۈشىنىشمەيدىلا؟ ئۆتكەندە جياۋ جۇ ئايمىقىنىڭ بېگى جاڭ جىن يامان يولغا ئىشىنىپ، دۇمباق ـ قالۇن چالدۇرۇپ، خۇشبۇي ئىسرىق سالدۇراتتى، بېشىنى دائىم قىزىل ياغلىق بىلەن ئوراپتتى ۋە ئۆزىچە بۇ ئىشلىرىنى لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ قۇدرىتىگە ياردىمى تېگىدۇ، دەيتتى. ئاقىۋەتتە ياۋ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇنداق ئىشلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق، ھەرقايسىلىرى چۈشەنمەيۋاتىدىلا. مېنىڭ يۈي جىنى ئۆلتۈرۈشۈم، بۇزۇق ئەۋھام ـ خۇراپاتلارنى مەنئى قىلىپ، ئەلنى ئويغىتىش ئۈچۈندۇر! — دېدى سۈن سې.

— مەن ئەزەلدىن دەرۋىش يۈي جىنىڭ دۇئا ـ تىلەك يولى بىلەن شامال چىقىرىش، يامغۇر ياغدۇرۇشنى بىلىمەن. ئەلھال قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرۇپتۇ. يامغۇر تىلەتكۈزۈپ گۇناھىنى يۇغۇزساق بولمامدۇ؟ — دېدى لۈي فەن.

— قېنى، مەن بۇ جادۇگەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي! — دېدى سۈن سې ۋە شۇ ھامانلا يۈي جىنى زىنداندىن ئاچىقتۇرۇپ تاقاق ۋە كىشەنلەرنى ئالدۇرۇۋېتىپ، مۇنارغا چىقىپ يامغۇر تىلەشكە بۇيرۇدى. يۈي جى ئەمىرگە بويسۇنۇپ، غۇسىل قىلىپ، كىيىم يەڭگۈشلىدى ۋە ئارغامچا بىلەن ئۆزىنى قىزىق ئاپتاپتا باغلىدى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان پۇقرا كوچىلارغا سىغماي كەتتى.

— مەن پۇقرانى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۈچ چى چوڭقۇرلۇقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يامغۇر تىلەيمەن، ئەمما، بەرىبىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلمايمەن، — دېدى يۈي جى جامائەتكە قاراپ.

— جانابىمىز مۆجىزىلىرىنى كۆرگەندە ئەلۋەتتە قايىل بولار! — دېدى جامائەت.

— رىزقىم شۇ يەرگىچىلىك، قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى يۈي جى.

بىردەمدىلا سۈن سېنىڭ ئۆزى مۇنارغا يېتىپ كەلدى ۋە:

— ئەگەر چۈش ۋاقتىغىچە يامغۇر ياغمىسا، يۈي جى كۆيدۈرۈپ تاشلانسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ـ دە، ئادەملەرگە قۇرۇق ئوتۇن،* شاخ ـ شۇمبا ھازىرلىتىپ كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. چۈش بولاي دېگەندە، بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھاۋا تۇتۇلۇپ، بۇلۇتلار يىغىلىشقا باشلىدى.

— چۈش بولۇپ قالدى، ھاۋا تۇتۇلغىنى بىلەن يامغۇر يوق، دەل جادۇگەرنىڭ ئۆزى ئىكەن! — دېدى سۈن سې.

ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرگە يۈي جىنى كۆتۈرتۈپ ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، تۆت تەرەپتىن ئوت قويدۇردى. يانغىن چىقىشقا باشلىدى. بىردىنلا بىر قارا تۈتەك ئاسمانغا ئۆرلىدى، ئارقىدىنلا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىشى بىلەن تەڭ چاقماق چېقىپ، يامغۇر قۇيۇۋەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كوچىلار ئۈستەڭگە ئايلاندى. تاغ جىلغىلىرى سەلگە لىق تولدى. يامغۇر سۈيى تولۇق ئۈچ چى كېلەتتى. يۈي جى ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتقان ھالدا قاتتىق بىر ۋارقىرىۋىدى، بۇلۇتلار تارقىدى، يامغۇر توختاپ، قايتا ئاپتاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن پۇقرا ۋە بەگلەر يۈي جىنى ئوتۇن دۆۋىسىدىن قولتۇقلاپ چۈشۈرۈپ، بەندىتىن بوشاتتى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەجا كەلتۈرۈپ، مىننەتدارلىق بىلدۈردى. سۈن سې بەگلەر بىلەن پۇقرانىڭ كىيىملىرىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىگە

قارىماستىن، سۇ ئىچىدە تەزىم قىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئوغىسى قايىندى ـ دە:

— كۇن ئىچىلىش، يامغۇر يېغىش تەقدىرى قىسمەت، جادۇگەر تاسادىپىي پۇرسەتتىن پايدىلاندى، سىلەر نېمە مۇنچىۋالا قايمۇقىسىلەر! — دەپ توۋلىدى ـ دە، شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ ئەتراپىدىكىلەرگە يۇي جىنى تېز ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ھەممە بەگلەر يالۋۇرۇپ تىلەپ تۇرۇۋالدى، سۇن سې دەرغەزەپ بولۇپ:

— سىلەر يۇي جىغا ئەگىشىپ ئىسيان كۆتۈرمەكچىمۇ! — دەپ توۋلىغاندىن كېيىنلا، بەگلەر قايتا ئېغىز ئاچالماي قالدى. سۇن سېنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر ياساۋۇل يۇي جىغا بىر قىلىچ ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ بېشى يەرگە چۈشتى، شۇئان بىر پارچە قويۇق ئىس تۇرۇلۇپ چىققان پېتى كۇنچىقىش ئۇستۇن تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. سۇن سې جادۇگەرلىك، ئىغۋاگەرچىلىك گۇناھلىرىنى تۇگىتىش ئۇچۇن، يۇي جىنىڭ جەسىتىنى سازايى قىلدۇردى.

كېچىچە بوران چىقىپ، يامغۇر ياغدى، تاڭ ئاتارغا يېقىن يۇي جىنىڭ جەسىتى غايىب بولدى، جەسەتنى ساقلاۋاتقانلار ئەھۋالنى سۇن سېگە مەلۇم قىلىۋىدى، سۇن سې غەزەپلىنىپ ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرمەك بولدى، بۇ چاغدا توساتتىن بىر ئادەم مېھمانخانا ئالدىدىن ئاستا قەدەم بېسىپ كىرىپ كەلدى، سۇن سې قاراپ ئۇنىڭ يۇي جى ئىكەنلىكىنى بىلدى، سۇن سې قەھرى ـ غەزەپكە كېلىپ شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ چېپىشقا ئىنتىلدى ـ دە، شۇئان ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى. ئەتراپىدىكىلەر يۆلەشتۇرۇپ ياتاقخانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى، ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ۋۇ ۋالىدە خېنىم سۇن سېنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ:

— ئوغلۇم، سىز ئەۋلىيا يۇي جىنى گۇناھسىز ئۆلتۈرۈپ، بۇ بالاغا يولۇقتىڭىز! — دېدى.

— ئوغۇللىرى كىچىكىمدىن بېرى، — دېدى سۇن سې

www.uyghurkitap.com

كۆلۈپ، — ئاتام بىلەن بىللە قىلغان يۈرۈشلەردە ئادەمنى كەندىر چاپقاندەك چاپتىم، ئەجەبا ھېچبىر بالاسى تەگمىگەنىدىغۇ؟ بۈگۈن بىر جادۇگەرنى ئۆلتۈرۈپ، چوڭ بىر ئاپەتنى ئوتتىدىن كۆتۈردۈم، نېمىشقا ئەكسىچە ماڭا بالا تېگىدىكەن؟

— ئىشەنمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن مۇشۇنداق بولدى؛ ئەمدى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ بالا - قازادىن قۇتۇلۇش لازىم! — دېدى ۋالىدە خېنىم.

— مېنىڭ ھاياتىم ئاللانىڭ تەقدىرىگە باغلىق، جادۇگەر ماڭا ھېچقانداق بالا - قازا كەلتۈرەلمەيدۇ؛ نېمە ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلىپ ئىبادەت قىلىدىكەنمەن؟ — دەپ تورۇۋالدى سۇن سې.

ئوغلىنى ئىشەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى پەملىگەن ۋالىدە خېنىم ئىبادەت، دۇئا - تىلەك يوللىرى بىلەن بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشلىرى ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلەرگە ئاستىرتىن بۇيرۇق بەردى.

شۇ كېچىسى ئەلياتقۇ مەھەلدە، سۇن سېنىڭ ئىچكىرىكى ھۇجرىسىدا تۇيۇقسىز بىر سوغۇق شامال چىقىپ، چىراغ بىر ئۆچۈپ، يەنە يېنىپ قالدى. سۇن سې يۈي جىننى چىراغنىڭ كۆلەڭگىسىدە كارىۋات ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ھالدا كۆرۈپ قالدى - دە:

— مەن ھاياتىمدا، سېھىر - جادۇنى يوقىتىپ، ئەلنى تىنچىتىشقا ئانت ئىچكەنمەن! سەن جىن - شەيتان تۇرۇقلۇق ماڭا يېقىنلىشىشقا قانداق پېتىنىۋاتىسەن! — دەپ توۋلىدى ۋە باش تەرىپىدىكى شەمشەرنى ئالتى، بىراق يۈي جى بىردىنلا غايىب بولدى.

ۋالىدە خېنىم بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەمگە پاتتى. سۇن سې زورغا ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلماق بولدى.

— پەيغەمبىرىمىزمۇ: «جىن - ئەرۋاھلار ئۆز پەزىلىتىنى كۆرسەتسە، كاتتا ئىش بولىدۇ»، «يۇقىرى - تۆۋەن ئەرۋاھلارغا

دۇئا ـ تەلەپتە بولۇش كېرەك» دەپتىكەن، جىن ـ ئەرۋاھلارغا ئىشەنمەي بولمايدۇ. سىز بىكاردىن ـ بىكارغا موللام يۈي جىنى ئۆلتۈردىڭىز، بۇنىڭ بالاسى تەگمەي قالامدۇ؟ مەن كىشى بۇيرۇپ ئايماقتىكى پاكلىنىش ئىبادەتخانىسىغا دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلغۇزدۇم، ئۆزىڭىز بېرىپ دۇئا ـ تەلەپ قىلىپ قايتىڭ. شۇنداقتا چوقۇم بالا ـ قازادىن ئامان قالىسىز، — دېدى ئانىسى.

سۇن سې ئانىسىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلالماي، ئىلاجىسىز تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ، پاكلىنىش ئىبادەتخانىسىغا باردى. دەرۋىشلەر ئۇنى خانىغا باشلاپ كىرىپ، خۇشبۇي ئىسرىق سېلىشقا تەكلىپ قىلدى. سۇن سې ئىسرىق سالغان بولسىمۇ، گۇناھىنى تىلىمىدى. بىردىنلا ئىسرىقدانىنىڭ ئىچىدىكى ئىس تارالماي بىر گۇمبەز ھاسىل قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە يۈي جى تىك ئولتۇراتتى. سۇن سې غەزەپلىنىپ تۇكۇرۇپ تىللىدى ۋە خانىدىن چىقىپ ماڭدى، يۈي جى يەنە سۇن سېنىڭ كۆزىگە خانا ئىشىكىنىڭ ئۈستىدە غەزەپ بىلەن قاراپ ئۆرە تۇرغان ھالدا كۆرۈندى. سۇن سې ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ:

— سىلەر جادۇگەرنىڭ جىنىنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— كۆرمىدۇق! — دېيىشتى قېشىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى.

سۇن سې يېنىدىن شەمشىرىنى ئېلىپ قەھرى ـ غەزەپ بىلەن يۈي جىگە ئاتقانىدى، شەمشەر بېرىپ بىر ئادەمگە تېگىپ ئۇنى يىقىتتى، كۆپچىلىك قارىۋىدى، يىقىلغان كىشى ئالدىنقى كۈنى يۈي جىنى ئۆلتۈرگەن نۆكەر ئىكەن، شەمشەر مېڭىسىگە تەگكەنلىكتىن، ئۇ يەتتە ئەزايىدىن قان ئېقىپ ئۆلدى. سۇن سې ئۇنى ئاچچىقىپ كۆمۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى. سۇن سې ئىبادەتخانىدىن چىقىپ كېلىۋېتىپ، يۈي جىنىڭ ئىبادەتخانىغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇ ئىبادەتخانا جادۇگەرنىڭ يوشۇرۇن ماكانى ئىكەن! — دېدى ـ دە، ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئىبادەتخانىنى بۇزۇشقا 500 ياساۋۇلنى بۇيرۇدى. ياساۋۇللار ئىبادەتخانىنىڭ ئۆگزىسىدىكى كاھىشلارنى بۇزماق بولۇۋىدى، يۈي جى ئۆگزىدە تىك تۇرغان هالدا كۆرۈندى، كاھىشلار يەرگە ئۇچقاندەك تاشلاندى. سۇن سې دەرغەزەپ بولۇپ ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋىشلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشنى ۋە ئىبادەتخانىغا ئوت قويۇشنى بۇيرۇدى. سۇن سې يانغىن ئىچىدە يەنە ئۆرە تۇرغان يۈي جىنى كۆرۈپ غەزىپىگە چىدىماي ئۆيىگە قايتتى. ئۆيى ئالدىغا كەلگىنىدە يۈي جىنىڭ يەنە دەرۋازا ئالدىدا ئۆرە تۇرغىنىنى كۆردى ـ دە، ئۆيىگە كىرمەستىن، ئۈچ قوشۇننى باشلاپ، شەھەر تېشىغا چىقىپ قارارگاھ قۇردى ۋە سەركەردىلىرىنى چاقىرىپ، ساۋ ساۋغا قارشى يۈەن شاۋغا ھەمدەم بولۇپ، ساۋ ساۋغا ئىككى تەرەپتىن قىسىپ تېگىش قىلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىش ھەققىدە كېڭەش ئۇيۇشتۇردى. سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى:

— تەقسىر، قىممەتلىك تەنلىرى تېخى ساقايغىنى يوق، يەڭگىللىك قىلىشقا بولمايدۇ. ساقايغانلىرىدىن كېيىن، يۈرۈش قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىشتى.

بۇ كېچىسى سۇن سې قارارگاھدا يۈي جىنىڭ چېچى چۇۋۇلغان ھالەتتە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تىنماي توۋلاپ كەتتى. ئەتىسى ۋۇ ۋالىدە خېنىم سۇن سېنى ئۆيىگە چاقىرتتى. سۇن سې قايتىپ كېلىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى. ۋالىدە خېنىم ئوغلىنىڭ رەڭگىدىن كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئوغلۇم! چىرايىڭىزدىن كېتىپ قاپسىز! — دەپ يىغلىۋەتتى.

سۇن سې ئەينەك ئالدۇرۇپ قاراپ، ئىنتايىن ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەتراپىدىكىلەرگە:

— مەن نېمىشقا مۇنچىۋالا ئورۇقلاپ كەتتىم؟ — دېدى.

ئۇ تېخى سۆزىنى تۈگەتمىگەنىدى، يۈي جى يەنە بىردىنلا ئەينەك ئىچىدە پەيدا بولۇپ قالدى. سۈن سې ئەينەكنى ئۆرۈپ قاتتىق بىر توۋلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن جاراھىتىنىڭ ئاغزى يىرتىلدى ـ دە، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى. ۋالىدە خېنىم ئۇنى ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. ئۇ بىر پەستىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

— ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم! — دەپ ھەسرەت چەكتى، ئاندىن جاڭ جاۋلارنى ۋە ئىنىسى سۈن چۈەننى ئالدىغا چاقىرتىپ، — ئەل ھازىر مالىمانچىلىقتا، ۋۇ، يۈ بەگلىكلىرى ئۆتكەن بۇ جاينىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇچ دەريانىڭ مۇستەھكەملىكىگە تايىنىپ زور ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ، جاڭ جاۋ، سىلەر ئىنىمغا ياخشى قارىشىڭلار، — دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

ئاندىن ئۇ تامغىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، سۈن چۈەنگە تەڭلەپ:

— جياڭدۇڭنىڭ ئاھالىسىنى قوزغاپ، ئىككى سەپ ئارىسىدا ماھىرلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئەلدىكلەر بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا كەلگەندە، ئىنىم سىز ماڭا يېتەلمەيسىز؛ دانىشمەن ـ قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا سېلىپ جياڭدۇڭنى قوغداشتا ھەممىنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىشتا، مەن سىزگە يېتەلمەيمەن. ئەزىز ئىنىم، ئاتىمىزنىڭ ۋە كەمىنە ئاغىمىزنىڭ بۇ دۇنيانى مىڭ بىر جاپادا قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئەستە تۇتۇپ، ياخشىلاپ ئىدارە قىلغايسىز! — دېدى.

سۈن چۈەن قاتتىق يىغلىغان ھالدا تەزىم بىلەن تامغىنى تاپشۇرۇۋالدى.

— ئانا! ئوغۇللىرىنىڭ ئەجىلى يەتتى، خىزمەتلىرىنى قىلىپ دۇئالىرىنى ئالالمايدىغان بولدۇم. بۈگۈن تامغىنى ئىنىمغا تاپشۇردۇم، ئۆزلىرىنىڭ ئەتە ـ ئاخشامدا تەربىيىدە بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاتامنىڭ ۋە مېنىڭ كونا ئادەملىرىمىزگە

ھەرگىز سەل قارالماسلىقىنى ۋە ئېتىبار بېرىلىشىنى ئۆتۈنىمەن! — دېدى سۇن سې.

— ئىنىڭىز ياش، ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمىسا قانداق قىلارمىز؟ — دېدى ئانىسى يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئىنىمنىڭ ئىستېبداتى مەندىن ئون ھەسسە ئۈستۈن، ئۇلۇغ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئىچكى ئىشلاردا بىر قارارغا كېلەلمىگەندە جاڭ جاۋدىن، تاشقى ئىشلاردا كەسكىن قارارغا كېلەلمىگەندە جۇ يۈيدىن مەسلىھەت سوراڭلار. ئەپسۇسكى، جۇ يۈي بۇ يەردە ئەمەس، ئۆزىگە دەرقەمتە تۇرۇپ ۋەسىيەت قىلالمىدىم! — دېدى ۋە باشقا ئىنىلىرىنى چاقىرتىپ، — مېنىڭ ۋاپاتىمدىن كېيىن، سىلەر سۇن چۈەنگە ياردەملىشىڭلار. ئەۋلادىمىز ئىچىدە يامان نىيەتلىكلەر چىقىپ قالسا، بىرلىكتە يوقىتىڭلار؛ ئۇرۇقىمىز ئىچىدە چىققان ئاسىيلارنىڭ جەسەتلىرى ئۇرۇق - جەمەتىمىز قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلمىسۇن! — دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

ئىنىلىرى يىغلىشىپ تۇرۇپ ئەمىر - ۋەسىيەتنى قوبۇل قىلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇن سې رەپىقىسى چياۋ خېنىمنى چاقىرتىپ:

— بەختكە قارشى سىزدىن ئوتتۇرا يولدا جۇدا بولىدىغان ئوخشايمەن، قېينانىڭىزغا ۋاپادارلىق كۆرسىتەرسىز، قېينسىڭلىمنى كۆرگىنىڭىزدە مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى ئېيتىپ قويۇڭ، جۇ يۈي بارلىق كۈچى بىلەن ئىنىمغا ھەمدەملەشسۇن! ئۆمۈر بويى بولغان دوستلۇقىمىزنى يەردە قويمىسۇن! — دېدى.

ئۇ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ كۆزى يۇمۇلۇپ، ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ۋاپات قىلغان ۋاقتىدا 26 ياشتا ئىدى، بۇ ماتەم مۇناسىۋىتى بىلەن كېيىنكىلەر مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەن:

*كۈنچىقىش تۈۋەندە قىلغاچ يەككە - يېگانە ئۇرۇش،*
*ئەل ئارا بولدى نىسىپ «كىچىك دوكەر» دەپ ئاتىلىش.*

*هەرىكىتى — چاققانلىقى گوياكى كۈچلۈك ئارسلان،*
*تەدبىرى — قارارلىرى كەسكىن ئىدى لاچىنسىمان.*

*ئۈچ دېڭىز - دەريانى ئەيلەپ تىنچ - ئامان كۈچ - قۇدرىتى،*
*هەر تامانغا بولدى مەشھۇر پۇر بولۇپ، نام - شۆھرىتى.*
*نەسىھەت ئەيلەپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ئاخىر ئۆمرىدە،*
*تاپشۇرۇپ ئۆتتى ئۇ جۇ يۈيگە نىيەتتىن ھەممىدە.*

سۇن سې ئۆلگەندىن كېيىن، سۇن چۈەن كارىۋات ئالدىدا يىغلاپ يىقىلىپ قالدى.

— جانابىي سەركەردەم، بۇ يىغلايدىغان ۋاقىت ئەمەس، بىر تەرەپتىن ماتەم ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، بىر تەرەپتىن قوشۇن ۋە ئەل ئىشلىرىنى باشقۇرۇشلىرى لازىم، — دېدى جاڭ جاۋ.

سۇن چۈەن يىغىسىنى توختاتتى. جاڭ جاۋ سۇن جىڭنى ماتەم - دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇدى، سۇن چۈەننى دىۋانغا چىقىپ قەلەمدار - ئەلەمدار بەگلەرنىڭ تەبرىكلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

سۇن چۈەننىڭ بوي - بەستى ئۆزگىچە ئىدى، ئېڭىكى كەڭ، ئاغزى يوغان، كۆزى كۆك، ساقىلى قوڭۇر ئىدى. ئۆتكەندە خەن ئەلچىسى ليۇ ۋەن ۋۇ ئېلىگە كەلگىنىدە، سۇن ئۇرۇقىدىن بولغان ئاغا - ئىنى يىگىتلەرنى كۆرۈپ كىشىلەرگە: «مەن سۇن ئۇرۇقىدىن بولغان ھەممە ئاغا - ئىنىلارنىي كۆردۈم، ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تالانتى، پەزلى - كامالىتى بار بولسىمۇ، ئەمما بەخت - تەلىيى، رىزقى - نېسىۋىسى ئوخشاش ئەمەس. يالغۇزلا سۇن چۈەننىڭ شەكلى - سىماسى ئۇلۇغۋار، بويى - بەستى ئۆزگىچە ئىكەن، بۇ ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئالامىتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدۇ» دېگەنىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

سوْن چوْەنگە كەلسەك، ئۇ سوْن سىنىڭ ۋەسىيەت ـ ئەمرىگە بىنائەن جياڭدۇڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرىنى ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئىشلارنى تېخى رەتكە چۈشۈرۈپ بولالمىغانىدى، جۇ يۈي باۋجيۇدىن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ۋۇغا قايتىپ كەلدى، دېگەن خەۋەر كەلدى.

— جۇ يۈي قايتىپ كەلگەن بولسا، — دېدى سوْن چوْەن، — مەن غەمدىن قۇتۇلدۇم.

جۇ يۈي ئەسلىدە باچيۇنى ساقلاۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭ سوْن سىنىڭ ئوق تېگىپ جاراھەتلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھال سوراش ئۈچۈن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى ئىدى؛ ئەمدى ۋۇ جۈن ئايمىقىغا يېتىپ كەلگەندە، سوْن سىنىڭ ۋاپات قىلغىنىنى ئاڭلاپ، ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېچىلەپ يول يۈرۈپ يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ كېلىپلا سوْن سىنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا تىزلانغىنىچە داد ـ پەرياد سېلىپ يىغلىدى. ۋۇ ۋالىدە خېنىم ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ سوْن سىنىڭ ۋەسىيىتىنى يەتكۈزدى.

— بارلىق كۈچۈم بىلەن تا ئۆلگۈچە خىزمەت قىلىشقا ھازىرمەن! — دېدى جۇ يۈي يەرگە باش ئۇرۇپ تۇرۇپ.

بىر پەستىن كېيىن سوْن چوْەن كىرىپ، جۇ يۈي بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن:

— جانابىڭىزنىڭ مەرھۇم ئاغامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇماسلىقىڭىزنى سورايمەن، — دېدى.

— كاللام كېتىسمۇ، سىرداشلىق ئىلتىپاتىنىڭ بەدىلىنى قايتۇرىمەن، — دېدى جۇ يۈي باش ئۇرۇپ تۇرۇپ.

— بوْگۇن ئاتا ۋە ئاغامدىن قالغان ئۇلۇغ ئىشنى، — دېدى سوْن چوْەن، — قانداق تەدبىر بىلەن ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ؟

— قەدىمدىن بىرى «ئادىمى بارلار تاپار راۋاج، ئادىمى يوقلار بولۇر ئىنقىراز» دېگەن بىر تەمسىل بار. نۆۋەتتىكى تەدبىر

سۈيىتىدە، يۈكسەك دانىشمەنلەر ۋە يىراقنى كۆرەرلەرنى ھەمدەملىككە تەكلىپ قىلساق جىياڭدۇڭنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ، — دېدى جۇ يۈي.

— مەرھۇم ئاغام ئىچكى ئىشلارنى جاڭ جاۋغا ھاۋالە قىلىڭلار، تاشقى ئىشلاردا پۈتۈنلەي جۇ يۈيگە يۆلىنىڭلار دەپ ۋەسىيەت قىلدى، — دېدى سۈن چۈەن.

— جاڭ جاۋ دانىشمەن زاتتۇر. ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدۇ. مەن ئىستېدات ئەھلى ئەمەسمەن. ھاۋالە قىلغان مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىم مۇمكىن، سەركەردە جانابلىرىغا ياردەم ئۈچۈن بىر زاتنى تونۇشتۇرماقچىمەن، — دېدى جۇ يۈي.

سۈن چۈەن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدى.

— ئۇنىڭ ئىسىم - زاتى لۇ سۇ، يەنە بىر ئىسمى زى جىڭ، ئۇ لىنخۇەينىڭ دۇڭچۈەن دېگەن يېرىدىن بولىدۇ. ئۇ لەشكىرىي تەدبىردىن تولۇق خەۋەردار، ناھايىتى تەدبىرلىك كىشى. ئاتىسىدىن ياش ئايرىلغان، ئەلھال ئانىسىنىڭ خىزمىتىدە. ئۆزى دۆلەتمەن، سېخىي كىشى، مال - مۈلكىدىن خەير - ساخاۋەت سۈيىتىدە كەمبەغەللەرگە بېرىپ تۇرىدۇ. كەمسىنلىرى جۇيچاۋغا باشلىق بولۇپ تۇرغىنىمدا، بىرنەچچە يۈز ئادىمىم بىلەن لىنخۇەيدىن ئۆتۈپ قالدىم، ئوزۇق - تۈلۈك كەملىك قىلىپ قالدى. بۇ چاغدا لۇ سۇنىڭ ئۆيىدە ئىككى خامبا* دا، 3000 خودىن گۈرۈچى بار ئىكەن. بېرىپ ياردەم سورىشىدۇق، بىر خامبادىكى گۈرۈچىنى شۇنداقلا سوۋغا قىلدى. مەردلىكى، سېخىيلىكى ئەنە شۇ قەدەر. ئادەتتىكى ۋاقىتىدا شەمشەرۋازلىق، چەۋەندازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئىستىقامەت ئورنى چۈيئادا. ئۇ چوڭ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى

* خامبا — يۇمىلاق ئاشلىق ئامبىرى.

www.uyghurkitap.com

دۇڭچېڭغا ئەكېلىپ دەپنە قىلدى. دوستلىرىدىن لىيۇ زىياڭ ئۇنى چاۋخۇدىكى جېڭ باۋنىڭ خىزمىتىگە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، تېخى بىر قارارغا كەلگىنى يوق. شۇڭلاشقا ئۇنى جانابلىرى تېزرەك تەكلىپ قىلۇرلار، — دېدى جۇ يۈي.

سۇن چۈەن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، جۇ يۈينى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. جۇ يۈي پەرمان بويىچە لۇ سۇنى تەكلىپ قىلىشقا ئۆزى بېرىپ، لۇ سۇ بىلەن كۆرۈشۈپ سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، سۇن چۈەننىڭ تەكلىپىنى ئىزھار قىلدى.

— يېقىندا لىيۇ زىياڭ مېنى چاۋخۇغا بېرىشقا دەۋەت قىلىۋىدى، بارماق بولۇپ تۇرۇۋېدىم، — دېدى لۇ سۇ.

— ئۆتمۈشتە ما يۈەن خان گۇاڭ ۋۇغا: «بۈگۈنكى كۈندە پادىشاھ ۋەزىر تاللايلا قالماستىن، ۋەزىرمۇ پادىشاھ تاللىشى كېرەك» دېگەنىكەن. ھالا سەركەردە سۇن چۈەن دانىشمەنلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ، ئالاھىدە تەمىنات بىلەن كۈتمەكتە، بۇ — ئەلدە كەم ئۇچرايدىغان ئىشلار، جانابلىرى باشقا ئويلىرىنى قويۇپ، مېنىڭ بىلەن بىللە كۈنچىقىش تەرەپتىكى ۋۇ ئېلىگە بارغانلىرى دۇرۇس! — دەپ تۇرۇۋالدى جۇيۈي.

لۇ سۇ قوبۇل قىلدى، ئۇ جۇ يۈي بىلەن بىللە سۇن چۈەن ھۇزۇرىغا كەلدى. سۇن چۈەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھۆرمەت، ئىخلاس بىلدۈردى، كۈن بويى ھارماستىن سۆھبەتلەشتى.

بىر كۈنى ھەممە بەگلەر تارقىغاندا، سۇن چۈەن لۇ سۇنى ئېلىپ قېلىپ بىللە مەي ئىچىشتى، كەچ بولغاندا كارىۋاتتا يانمۇيان يېتىشىپ قالدى، تۈن يېرىمىدە، سۇن چۈەن لۇ سۇدىن:

— ئەلھال خەن خاندانلىقى ئىنقىرازغا يۈزلەنمەكتە. ھەممە جايلاردا پاراكەندىچىلىك تۇغۇلماقتا؛ كەمىنىلىرى ئاتام ۋە

ئاغامنىڭ ئۇلۇغ ئىشىنىڭ مىراسخورى بولدۇم؛ خوەن گوڭ بىلەن ۋېن گوڭلاردەك ئىش قىلاي دەيمەن. جانابلىرى، قانداق يوليورۇق كۆرسىتىدىلاكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆتمۈشتە خەن گاۋزۇ يىدى* خانغا خىزمەت قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، شياڭ يۈينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەنىدى. بۇگۈنكى كۆنلۈكتە ساۋ ساۋنى شياڭ يۈيگە ئوخشىتىش مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، سەركەردە جانابلىرى، سىلى قانداق قىلىپ خوەن گوڭ بىلەن ۋېن گوڭلاردەك ئىش قىلالايدىلا؟ مېنىڭچە خەن خاندانلىقى قايتا جانلىنالمايدۇ، ساۋ ساۋنى ئورتىدىن كۆتۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس. سەركەردە جانابلىرى ئۇچۇن قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىر ئۇچ ئاياغنىڭ بىرى بولۇپ، جياڭدۇڭغا ئوبدان ئورۇنلىشىش، ئەلدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنى كۆزىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ھازىر ئۇستۇن تەرەپتە كۆپ ماجىرا بولۇۋاتقان پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، خۇاڭ زۇنى يوقىتىپ ليۇ بياۋ ئۇستىگە لەشكەر تارتىشلىرى، چاڭجياڭنى پاسىل قىلىپ تۇرۇپ ئۆز تەۋەلىرىنى مۇستەھكەم ساقلاشلىرى لازىم؛ ئۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھلىق ئېلان قىلىپ، پۈتۈن ئەلنى قولغا ئېلىشقا كىرىشىش كېرەك؛ گاۋزۇ ئەنە شۇنداق ئىش قىلغانىدى، — دەپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى لۇ سۇ.

سۇن چۈەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى، ئۇ كېيىمنى يېپىنچاقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەشەككۇر بايان قىلدى. ئەتىسى لۇ سۇغا نۇرغۇن ئىنئام بەردى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا كىيىم، چىمىلدىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى.

لۇ سۇ سۇن چۈەنگە يەنە بىر زاتنى تونۇشتۇردى. بۇ كەڭ بىلىم ئىگىسى، قابىلىيەتلىك، ئانىسىغا ۋاپادار كىشى ئىدى؛

* يىدى — چۇ بەگلىكىنىڭ كىنەزى خوەي ۋاڭ. شياڭ يۈي ئۇنى ھۆرمەتلەپ يىدى خان دەپ ئاتايتتى.

ئۇنىڭ ئىسىم ـ زاتى جوگې جىن، يەنە بىر ئىسمى زى يۈي بولۇپ، لاڭيانىڭ نەنياڭ شەھىرىدىن ئىدى. سۇن چۈەن ئۇنى قەدىرلىك مېھمان سۈپىتىدە كۈتتى. جوگې جىن سۇن چۈەننى يۈەن شاۋغا ھەمدەم بولماسلىققا، ۋاقتىنچە ساۋ ساۋغا بويسۇنغان بولۇپ، پۇرسەت كۈتۈشكە ئۈندىدى. سۇن چۈەن بۇ سۆزنى قوبۇل كۆرۈپ، چېن جېنغا يۈەن شاۋ بىلەن بىرلىك تۈزمەسلىكنى بىلدۈردى ۋە ئۇنى ئالاقە يېزىپ قايتۇردى.

ساۋ ساۋ سۇن سېنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ، جياڭنەنگە لەشكەر تارتماق بولغاندى، ياساۋۇل بېگى جاڭ خوڭ:

— مۇسىبەت ئۈستىدىكىلەرگە لەشكەر تارتىش مەردلىك ئەمەس؛ ئەگەر يېڭەلمەي قالساق، ئوتتۇرىدىكى ئىتتىپاقلىق ئورنىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچقان بولىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە ھۆسىن مۇئامىلىدە بولغىنىمىز ياخشى بولارمىكىن! — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ ساۋ بۇنى قوبۇل كۆردى ـ دە، خانغا مەلۇم قىلىپ، سۇن چۈەننى سەركەردىلىككە ۋە قوشۇمچە كۈيجى ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، جاڭ خوڭنى كۈيجى سەرلەشكەرلىكىگە تەيىنلەپ تامغا بىلەن جياڭدۇڭغا يولغا سالدى.

سۇن چۈەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى، جاڭ خوڭمۇ ۋۇ ئېلىگە قايتىپ كەلدى، شۇڭا ئۇنى جاڭ جاۋ بىلەن بىرلىكتە مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇدى. جاڭ خوڭ سۇن چۈەنگە يەنە بىرەيلەننى تونۇشتۇردى. بۇ زاتنىڭ ئىسىم ـ زاتى گۇ يۇڭ، يەنە بىر ئىسمى يۈەن تەن بولۇپ، كەيتاۋۇل سەي يۇڭنىڭ شاگىرتى ئىدى؛ ئۇ كەم سۆزلۈك، شاراب ئىچمەيدىغان، تەلەپچان، سىلىق بىر شەخس ئىدى. سۇن چۈەن ئۇنى ئۆزىگە قولداش قىلىۋالدى ۋە ھاكىملىق خىزمىتىنىمۇ باشقۇرۇشقا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سۇن چۈەننىڭ جياڭدۇڭدا نوپۇزى،

شان ـ شەۋكىتى ئېشىپ، ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. چىن جىن قايتىپ بېرىپ يۈەن شاۋ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— سۈن سې ئۆلۈپ، سۈن چۈەن ھۆكۈمدارلىقنى قولغا ئاپتۇ. ساۋ ساۋ ئۇنى سەركەردىلىككە تەيىنلەپ، تاشقى تەرەپتىن بولۇشىدىغان بوپتۇ، — دېدى.

ئۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان يۈەن شاۋ جىجۇ، چىڭجۇ، يۇجۇ، بىڭجۇ ئايماقلىرىدىن 70 تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر ئېلىپ شۈيچاڭنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قايتا يۈرۈش قىلدى. دەرھەقىقەت:

*توختىسا جىياڭنەندە ماجىرا ئەمدىلا،*
*جەڭ ئوتى ئۇلغايدى جىبەيدە يەنە.*

كىم يېڭىلىپ، كىم يەڭگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇزىنچى باب

## يۈەن شاۋنىڭ گۈەندۇ جېڭىدە قاتتىق يېڭىلگەنلىكى
## ساۋ ساۋنىڭ ۋۇچاۋنى بېسىۋېلىپ، ئاشلىققا ئوت قويغانلىقى

ئەلقىسسە، يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى گۈەندۇغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شيا خۇدۇن جىددىي مەلۇمات يوللىدى. ساۋ ساۋ ياۋغا قارشى 7 تۈمەن لەشكەر بىلەن يولغا چىقتى، شۈەن يۈيىنى پايتەخت شۈيچاڭنى ساقلاشقا قالدۇردى. يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، زىنداندا ياتقان تيەن فېڭ مەلۇمات يېزىپ: «هازىرچە تىنچ مۇداپىئەدە تۇرۇپ، تەڭرى بۇيرۇغان ۋاقىت ـ سائەتنى كۈتۈش كېرەك، بىھۇدە زور قوشۇن تارتقاننىڭ پايدىسى بولماسمىكىن» دەپ ئۆز پىكرىنى بىلدۈرگەنىدى.

— جانابىي تەقسىر! ئۆزلىرى ھەق ـ ئادالەت يولىدا قوشۇن تارتىۋاتقان بىر پەيتتە، تيەن فېڭ نېمىشقا مۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلىدۇ؟ — دېدى فېڭ جى چېقىمچىلىق قىلىپ.

يۈەن شاۋ غەزەپلىنىپ تيەن فېڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بەگلەر تىلىۋالدى. يۈەن شاۋ قەھرى بىلەن:

— مەن ساۋ ساۋنى تارمار قىلغىنىمدىن كېيىن ئۇنى

جازالايمەن! — دېدى ـ دە، قوشۇننى ئالغا مېڭىشقا ئالدىراتتى، پۈتۈن دالا تۇغ ـ ئەلەم بىلەن قاپلاندى، قىلىچ ـ نەيزىلەر گويا ئورمانىدىكى دەرەخلەردەك سانجاق ـ سانجاق ئىدى. قوشۇن ياڭزۇغا يېتىپ كېلىپ قارارگاھ قۇردى.

جۇي شۇ:

— بىزنىڭ قوشۇنىمىز كۆپ بولسىمۇ، غەيرەت ـ جاسارەتتە قارشى تەرەپتىكىلەرگە يەتمەيدۇ؛ قارشى تەرەپ قوشۇنى خىللانغانيۇ، ئەمما ئوزۇق ـ تۈلۈكى، يەم ـ خەشىكى بىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ. قارشى تەرەپ قوشۇنىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى كەمچىل بولغاچقا، تېز جەڭ قىلىش ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق؛ بىزنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز يېتەرلىك بولغاندىن كېيىن، مۇداپىئە قىلىش يولى بىلەن ئاستا ئۇرۇش قىلغىنىمىز تۈزۈك. ئەگەر بىز ۋاقىتنى سوزۇۋەتسەك، ياۋ لەشكەرلىرى ئۇرۇشماستىنلا ئۆز ـ ئۆزىدىن تارمار بولىدۇ، — دەپ پىكىر بەردى.

— تيەن فېڭ لەشكەرلىرىمىزنى مەنىۋى جەھەتتىن سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدى، قايتقىنىمدىن كېيىن، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن دېدىم. سەنمۇ مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتىسەنغۇ! — دېدى يۈەن شاۋ ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ، — جۇي شۇنى قوشۇن ئىچىدە بەندكە ئېلىڭلار، ساۋ ساۋنى يوقاتقىنىمدىن كېيىن، تيەن فېڭ بىلەن بىرلىكتە جازالايمەن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن 70 تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇننى تۆت تەرەپتىن چۆرىدەپ قارارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇدى، قوشۇن 90 چاقىرىم يەرگىچىلىك سوزۇلدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ئايغاقچىلار ئالغان مەلۇماتلىرىنى گۇەندۇغا يەتكۈزۈپ بەردى. يېڭىدىن يېتىپ كەلگەن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممىسى دېگۈدەك قورقۇشۇپ كەتتى. ساۋ ساۋ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېڭەش ئۆتكۈزدى.
— يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ هاجىتى يوق. بىزنىڭ قوشۇنىمىز خىللانغان قوشۇن، قوشۇندىكىلەرنىڭ هەر بىرى ئون ياۋغا تېتىيدۇ. ئەمما، بىزنىڭ مەنپەئىتىمىز تېز ئۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇرۇش سوزۇلۇپ كېتىدىغان بولسا، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلىرىمىز تۈگەيدۇ - دە، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز، — دېدى شۈن يۈي.
— بۇ سۆزلەر دەل مېنىڭ ئويلىغان يېرىمدىن چىقتى، — دېدى ساۋ ساۋ.
شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەرگە داقا - دۇمباق چېلىپ، سۈرەن - چۇقانلار بىلەن يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلدى. يۈەن شاۋ قوشۇنى قارشى چىقتى، هەر ئىككى قوشۇن رەسمىي سەپ تارتتى. شېن پېي ئىككى قاناتقا 1 تۈمەن كاماندار، نىشان تۇغى ئاستىغا 5000 كاماندار يوشۇرۇپ قويىدى ۋە توپ ئاۋازى بىلەن باراۋەر ئوق ئۈزۈشكە بۇيرۇدى.
ناغرا - دۇمباق ئۈچ قېتىم چېلىنغاندىن كېيىن، بېشىغا زەر دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا زەر قۇياق، كىمخاپ تون كىيگەن، بېلىگە قاشتېشى قاپلانغان كەمەر باغلىغان يۈەن شاۋ ئاتلىق سەپ ئالدىغا كەلدى. ئوڭ - سول تەرەپتە سەركەردىلەردىن جاڭ خې، گاۋ لەن، خەن مېڭلار قاتارلىقلار تۇراتتى. تۇغ - ئەلەم، يوسۇن تاياق - تەبەرلىرى ئىنتايىن سۈرلۈك ۋە رەتلىك ئىدى.
ساۋ ساۋمۇ سېپىنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدىن ئاتلىق چىقىپ كەلدى. شۈي چۇ، جاڭ لياۋ، شۈي خۇاڭ، لى ديەن قاتارلىقلار قوراللىرىنى تۇتۇپ، ئالدى - ئارقىسىدا قوغداپ تۇردى.
— مەن خان ئالدىدا، — دېدى ساۋ ساۋ قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — سىزنى ئۇلۇغ سەركەردىلىككە سايە قىلسام، ئەمدىلىكتە نېمىشقا ئىسيان كۆتۈرىسىز؟

— سىز نامدا خەن خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى بولسىڭىزمۇ، ئەمەلىيەتتە خەن خاندانلىقىنىڭ خائىنى! جىنايىتىڭىز ۋاڭ ماڭ بىلەن دۆڭ جۇنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، يەنە تېخى خەقنى ئىسيان كۆتۈردۈڭ دەيسىزغۇ!؟ — دېدى يۈەن شاۋ غەزەپ بىلەن.

— مەن بۈگۈن پەرمان بويىچە سىزنى جازالاشقا كەلدىم! — دېدى ساۋ ساۋ.

— مەن كەمەردىكى پەرمان بويىچە خائىننى جازالايمەن! — دېدى يۈەن شاۋ.

غەزەپلەنگەن ساۋ ساۋ جاڭ لياۋنى جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى. جاڭ خې ئات ئوينىتىپ ئېتىلىپ كەلدى. ئىككى پالۋان ئارىسىدا 40 — 50 رەددى بەدەل ئۆتۈلسىمۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ساۋ ساۋ بۇنى كۆرۈپ ئىچىدە بارىكاللا ئېيتتى. شۈي چۇ قىلىچىنى ئوينىتىپ بولۇشۇش ئۈچۈن ئات سالغانىدى. گاۋ لەن نەيزىسىنى ئوينىتىپ كېلىپ توسۇۋالدى. تۆت پالۋان جۈپ - جۈپ بولۇپ تۇتۇشقىلى تۇردى. ساۋ ساۋ شيا خۇدۇن بىلەن ساۋ خۇڭنى 3000 دىن لەشكەر ئېلىپ ياۋ سېپىگە باستۇرۇپ كىرىشكە بۇيرۇدى. سەپكە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى كۆرگەن شېن پېي بەلگە توپى ئېتىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپتىكى 1 تۈمەن كامان ئىشقا چۈشتى، بارگاھ قوشۇنىدىكى كاماندازلارمۇ بىردىنلا سەپ ئالدىغا چىقىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. بۇنىڭغا قارشى تۇرالمىغان ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئالمان - تالمان ئاستىن تەرەپكە قاچتى. يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ قىرغىن قىلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ، تاكى گۈەندۇغىچە چېكىندى.

يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ گۈەندۇغا يېقىن جايدا قارارگاھ تىكتى.

— بۈگۈن 10 تۈمەن لەشكەر ئەۋەتىپ، — دېدى شېن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پېپى، — گۆەندۈغا قويايلى، ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھى ئالدىغا توپا تاغ قۇرۇپ، لەشكەرلەرگە ياۋ قارارگاھىغا ئېگىزدىن ئوق ئېتىشنى بۇيرۇيلى. ساۋ ساۋ ئەگەر بۇ يەرنى تاشلاپ كەتسە، بىز بۇ تار ئۆتكەلنى قولغا كەلتۈرەلىسەك، شۈي چاڭنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى.

يۈەن شاۋ بۇنى قوبۇل كۆردى ـ دە، ھەرقايسى قوشۇنلاردىن ساغلام لەشكەرلەرنى تاللىۋېلىپ، تۆمۈر گۈرجەك قاتارلىق قورال ـ سايمانلار بىلەن ساۋ ساۋ قارارگاھى ئالدىغا كېلىپ، توپا تاغ ياساشقا كىرىشتى. ساۋ ساۋ قارارگاھى ئىچىدىكىلەر يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنىڭ توپا تاغ سېلىشقا كىرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، تېگىش قىلىشقا چىقىۋىدى، شېن پېينىڭ كاماندازلىرى مۇھىم جايلارنى توسۇۋالغانلىقتىن ئالغا باسالماي قالدى. ئون كۈن ئىچىدىلا 50 تىن ئارتۇق توپا تاغ بەرپا قىلىندى، ئۈستىگە قالقان ـ توسۇقلار بېكىتىلدى. ئوق ئاتىدىغان كاماندازلار ئاجرىتىلىپ تاغقا چىقىرىلدى، بۇنىڭدىن قورققان ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قالقان بىلەن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشتى. تاكتاك ئاۋازى چىقىش بىلەن تەڭلا توپا تاغنىڭ ئۈستىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇلدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قالقان تۇتۇپ يەرگە يېتىۋالدى، بۇنى كۆرگەن يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى چۇقان سېلىشىپ، كۈلۈشۈپ شاڭخو قىلىشتى. ساۋ ساۋ ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ تەمتىرەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، مەسلىھەتچىلىرىنى يىغىپ تەدبىر سورىدى.

— ياۋنى مەنچىناقلار* بىلەن تارمار قىلىش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى ليۇ يې.

ساۋ ساۋ مەنچىناقنىڭ شەكلىنى سىزىپ كېلىشنى ليۇ يېگە

---

* مەنچىناق — تاش ئاتقۇچ هارۋا.

بۇيرۇدى ۋە شەكىل بويىچە كىچىلەپ بىرنەچچە يۈز دانە مەنچىناق هازىرلىتىپ، قارارگاه تاملىرى ئىچىگە يەنى توپا تاغلاردىكى نارۋانچىلار (ئېگىز شوتىلار) غا قارشى ئورۇنلاشتۇردى. قارشى تەرەپنىڭ كاماندازلىرى ئوق ئاتقان ۋاقىتتا، قارارگاه ئىچىدىكىلەر مەنچىناقنى تەڭلا هەرىكەتكە كەلتۈردى، تاشلار هاۋاغا ئۇچۇشقا باشلاپ، ياۋ لەشكەرلىرى تاشبورانغا تۇتۇلدى. پاناه جاي بولمىغاچقا سانسىز كاماندازلار ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى مەنچىناقلارنى «گۈلدۈرماما هارۋىسى» دەپ ئاتاشتى. شۇنداق قىلىپ يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى ئېگىزدىن تۇرۇپ ئوق ئاتالمايدىغان بولۇپ قالدى. شېن پېي يەنە لەشكەرلەرگە تەشمە يوللار (يەر ئاستى يوللىرى) كولىتىپ، ساۋ ساۋ قارارگاهىنىڭ ئىچىدىن چىقىش تەدبىرىنى تەقدىم قىلدى. بۇلارنى «تەشمىچىلەر قوشۇنى» دەپ ئاتاشتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنىڭ تاغ ئارقىسىدا يەر كولاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ يەنە لىيۇ يېدىن قارشى تەدبىر سورىدى.

— يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى ئوچۇق تېگىش قىلالماستىن، مەخپىي هۇجۇمغا ئۆتمەكچى بوپتۇ. يەنى قارارگاهىمىزنىڭ ئىچىدىن چىقىش ئۈچۈن تەشمە يوللار كولىماقچى بوپتۇ، — دېدى لىيۇ يې.

— ئۇنىڭغا قانداق قارشى تۇرغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— قارارگاهنى ئايلاندۇرۇپ ئۇزۇن خەندەك كولاتساق، قارشى تەرەپنىڭ كولىغان تەشمىسى ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ، — دېدى لىيۇ يې.

ساۋ ساۋ خەندەك كولاشقا كىچىلەپ لەشكەر چىقاردى. يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنىڭ كولىغان تەشمىلىرى خەندەككە كېلىپ تاقالغانلىقتىن كىرىشكە ئىمكانىيەت بولماي، كۈچى بىكارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەرپ بولدى.

ساۋ ساۋ 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر گۇەندۇنى ساقلاپ ياتقانلىقى ئۈچۈن، لەشكىرىي كۈچى بارا ـ بارا ئاجىزلاشتى، ئوزۇق ـ تۈلۈكى كەملىك قىلىشقا باشلىدى. شۇڭلاشقا ئۇ گۇەندۇنى تاشلاپ، شۇيچاڭغا چېكىنىش خىيالىغا كەلگەن بولسىمۇ، قەتئىي بىر قارارغا كېلەلمەي، شۇيچاڭغا ئادەملىرى ئارقىلىق خەت ئەۋەتىپ بۇ ھەقتە شۈن يۈينىڭ رايىنى سورىدى. شۈن يۈيمۇ يازما مەلۇمات ئارقىلىق ئۆز پىكرىنى ساۋ ساۋغا يوللىدى. مەلۇماتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

مەكتۇپلىرىغا قارىغاندا، ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىش ھەققىدە مېنىڭ پىكرىمنى سوراپتىلا. مېنىڭچە، يۈەن شاۋ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دېگەن نىيەت بىلەن گۇەندۇغا پۈتۈن لەشكەرلىرىنى توپلىغان، جانابلىرى ئاجىز بولسىلىمۇ كۈچلۈك رەقىپكە تاقابىل تۇرۇۋاتىدىلا. ئەگەر ئۇ بويسۇندۇرالمايدىكەن، چوقۇم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، پۈتۈن ئەلنى ئىگىلىۋالىدۇ. يۈەن شاۋ لەشكىرى كۆپ بولغان بىلەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلمەيدۇ. ئۆزلىرىدىكى پاراسەت، دانالىق، ئۇرۇش ماھىرلىقى بىلەن ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىشكە يەتمەمدۇ؟! بۈگۈن قوشۇنىمىز گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن چۇ، خەنلەرنىڭ شىڭ ياڭ، چېڭ گاۋ ئارىسىدا قالغىنىدەك ھالەتتە ئەمەس. جانابلىرى ھازىر دائىرىنى بەلگىلەپ ساقلاۋاتىدىلا، ياۋنىڭ كانىيىنى بوغۇپ، ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان قىلىپ قويدىلا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىزگە ئايان بولغان ۋە ئاجىز ھالەتتە تۇرغان بىر ۋاقىتتا چوقۇم بىر ئۆزگىرىش بولماي

قالمايدۇ. بۇ كارامەت كۆرستىدىغان ۋاقىت، پۈرسەتنى ئەسلا قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. قالدى مۇھاكىمە جانابلىرىدىندۇر.

ساۋ ساۋ خەتنى ئالغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى، سەركەردە ۋە لەشكەرلىرىگە جېنىنىڭ بارىچە كۈچلۈك مۇداپىئەدە تۇرۇشنى ئەمر قىلدى. يۇەن شاۋ لەشكەرلىرى 30 چاقىرىم چېكىندى، ساۋ ساۋ پالۋانلىرىنى چارلاشقا چىقىرىپ تۇردى. شۈي خۇاڭنىڭ پالۋانلىرىدىن شى خۇەن يۇەن شاۋنىڭ ئايغاقچىسىنى تۇتۇۋېلىپ، شۈي خۇاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. شۈي خۇاڭ ئۇلارنىڭ قوشۇنىدىكى ئەھۋاللارنى سۈرۈشتە قىلدى. قولغا چۈشكەن ئايغاقچى:

— ئۇلۇغ سەركەردە خەن مېڭ ئاشلىق ئېلىپ لەشكەرلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىزنى يولنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ئەۋەتكەنىدى، — دېدى.

شۈي خۇاڭ بۇ ئەھۋالنى ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى.

— خەن مېڭ ئادەتتىكى پالۋانلاردىن. بىرەرىنى بىرنەچچە مىڭ يەڭگىل قوراللانغان چەۋەنداز بىلەن ئەۋەتىپ ئوتتۇرا يولدا تېگىش قىلىپ، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلىرىنى ئۈزۈپ قويساق، يۇەن شاۋ قوشۇنى ئۆز - ئۆزىدىن پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى شۈن يۇ.

— كىم بارسا بولار؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— شۈي خۇاڭنى ئەۋەتسەك بولار، — دېدى شۈن يۇ.

شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ شۈي خۇاڭنى شى خۇەن باشلىق ئادەملىرى بىلەن ئالدىن ماڭغۇزۇپ، ئارقىدىن جاڭ لياۋ، شۈي چۇلارنى لەشكەرلىرى بىلەن ھەمدەمگە ئەۋەتتى. شۇ كېچىسى خەن مېڭ بىرنەچچە مىڭ ئاشلىق ھارۋىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ يۇەن شاۋ قارارگاھىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. دەل سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقىنىدا، تاغ جىلغىلىرى ئىچىدىن شۈي خۇاڭ

بىلەن شي خۇەن چىقىپ يول توستى. خەن مىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ جەڭگە كىردى، شۇي خۇاڭ توسۇۋېلىپ تۇتۇشۇپ كەتتى. شي خۇەن ياۋ لەشكەرلىرىنى چاپ - چاپ قىلىپ تارقىتىۋەتتى - دە، ئاشلىق هارۋىلىرىغا ئوت قويۇۋەتتى. خەن مىڭ تەڭ كېلەلمەي ئارقىغا قاراپ قاچتى. شۇي خۇاڭ لەشكەرلىرىگە هەيدەكچىلىك قىلىپ، هارۋىلارنى تامام كۆيدۈرگۈزدى. يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى كۆنپېتىش ئۈستۈن تەرەپتە يانغىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، هەيران بولۇپ چۆچۈپ تۇرۇشىغا يېڭىلىپ قاچقان لەشكەرلەر قايتىپ كېلىپ، «ئاشلىق، يەم - خەشەكلەر بۇلاپ كېتىلدى» دەپ مەلۇم قىلىشتى.

يۈەن شاۋ جاڭ خې بىلەن گاۋلەننى چوڭ يولنى توسۇشقا ئەۋەتتى، بۇلار ئاشلىقنى كۆيدۈرۈپ قايتىپ كېلىۋاتقان شۇي خۇاڭغا دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئەمدى ئۇرۇشماق بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئارقا تەرەپتىن جاڭ لياۋ، شۇي چۇ قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ قالدى. ئۇلار ئىككى تەرەپتىن ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلىپ، يۈەن شاۋ قوشۇنلىرىنى چاپ - چاپ قىلىپ تارقىتىۋەتتى، تۆت سەركەردە لەشكەرلىرىنى جەم قىلىپ گۈەندۇغا قايتىشتى. ساۋ ساۋ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارنى كاتتا تارتۇقلىدى، يەنە لەشكەر ئايرىپ قارارگاھ ئالدىغا قوش قۇرۇپ، ئىككى تەرەپتىن قىستاش سېپى تۈزدى.

خەن مىڭ يېڭىلگەن لەشكەرلىرى بىلەن قارارگاھىغا قايتىپ كېلىۋىدى، يۈەن شاۋ دەرغەزەپ بولۇپ، خەن مىڭنى ئۆلتۈرمەك بولدى، كۆپچىلىك ئۇنى تىلىۋالدى.

— لەشكىرىي يۇرۇشتە ئوزۇق - تۈلۈك مۇھىم، ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. ۋۇچاۋ بىزنىڭ ئاشلىق ئامبىرىمىز، ئۇ يەرنى كۈچلۈك قوشۇن بىلەن مۇھاپىزەت قىلىشىمىز زۆرۈر! — دېدى شېن پېي.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— مېنىڭ تەدبىرىم بېكىتىلگەن، سىز يېدۇغا بېرىپ ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكلەرگە نازارەت قىلغايسىز، ئوزۇق - تۈلۈك كەم بولۇپ قالمىسۇن! — دېدى يۈەن شاۋ.

شېن پېي ئەمر بويىچە يولغا چىقتى. يۈەن شاۋ ئۇلۇغ سەركەردىلىرىدىن چۇنيۈي چيۇڭ باشچىلىقىدا سۇي يۈەنجىن، خەن جۈيزى، لۈي ۋېيخۇاڭ، جاۋرۇي قاتارلىق پالۋانلارنى 2 تۈمەن لەشكەر بىلەن ۋۇچاۋنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. چۇنيۈي چيۇڭنىڭ مىجەزى چۇس، شارابخور بولغانلىقتىن لەشكەرلەر ئۇنىڭدىن بەك قورقاتتى؛ ۋۇچاۋغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ كۈن بويى دېگۈدەك پالۋانلار بىلەن ئىچكىلىككە بېرىلىپ كېتەتتى.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ قالغىنى ئۈچۈن، شۈيچاڭغا دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنلارغا تېزلىكتە ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك توپلاپ كېچىلەپ ئەۋەتىپ بېرىشنى شۈن يۈيگە بۇيرۇغانىدى. چاپارمەن مەكتۇپنى ئېلىپ 30 چاقىرىم ماڭماستىنلا، يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ بەند قىلىنغان ھالدا مەسلىھەتچى شۈي يۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. شۈي يۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى زى يۈەن بولۇپ، ياش ۋاقتىدا ساۋ ساۋ بىلەن ئاغىنە ئىدى، ئەلھال يۈەن شاۋ ھۇزۇرىدا مەسلىھەتچىلىك قىلاتتى. ئۇ چاپارمەننىڭ يېنىدىن تېپىلغان ساۋ ساۋنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك تەلەپ قىلىپ يازغان خېتىنى يۈەن شاۋنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— ساۋ ساۋنىڭ گۈەندۇغا بىز بىلەن تىركىشىپ تۇرغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى، شۈيچاڭ چوقۇم بوش قالدى؛ ئەگەر لەشكەر ئاجرىتىپ شۈيچاڭغا كېچىلەپ تېگىش قىلىشقا يولغا سالساق، شۇ چاغدىلا شۈيچاڭنى ئالغىلى، ساۋ ساۋنى تىرىك تۇتقىلى بولىدۇ، ئەلھال ساۋ ساۋنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىككى يوللاپ تېگىش قىلايلى! — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ساۋ ساۋ بەك ھىيلىگەر، بۇ ئۇنىڭ ياۋنى ئالداش تەدبىرى، — دېدى يۈەن شاۋ.

— ئەگەر بۇگۈن ئالمىساق، كېيىن ئۆزىمىز زىيانغا ئۇچراپ قالىمىز! — دېدى شۈي يۇ.

دەل بۇ كېچەشىنىڭ ئۇستىگە يېجۇدىن چاپارمەن كېلىپ، يۈەن شاۋغا شېن پېيىنىڭ مەلۇماتىنى سۇندى. مەلۇماتتا ئالدى بىلەن ئۇزۇق - تۈلۈك توشۇش ئىشلىرى ئېيتىلىپ كېلىپ، ئاخىردا شۈي يۇنىڭ جىجۇدىكى ۋاقتىدا، خەلقتىن قالايمىقان پارا ئالغانلىقى، ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى ۋە جىيەنى باج مەبلەغلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۆز يانچۇقلىرىغا سالغىنى ئۈچۈن قامالغانلىقى بايان قىلىنغانىدى. يۈەن شاۋ مەلۇماتنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن ھالدا:

— ھەي پارىخور ئوغرى! قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ ئالدىمدا تەدبىر كۆرسىتىپ يۈرىسەن! سېنىڭ ساۋ ساۋ بىلەن كونا ئاشنالىقىڭ بار، ئېھتىمال ئۇنىڭدىنمۇ پارا ئېلىپ، ئۇنىڭغا سۇخەنچىلىك قىلىپ قوشۇنۇمنى ئالداپ يۈرگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەسلىدە كاللاڭنى ئېلىش لازىم ئىدى. خەير بۇگۇنچە بېشىڭ بويۇنۇڭدا تۇرۇپ تۇرسۇن! تېز چىقىپ كەت! بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما! — دېدى.

شۈي يۇ چىقىپ ئاسمانغا قاراپ، ئاھ ئۇرۇپ: «ھەق سۆز قۇلىقىغا سەت ئاڭلىنىدۇ، كېڭەش بەرسە قوبۇل قىلمايدۇ. ئوغلۇم بىلەن جىيەنىم شېن پېيىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپتۇ، قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ جىجۇ خەلقى بىلەن كۆرۈشىمەن!» دېدى - دە، شەمشىرىنى ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەك بولدى.

— جانابلىرى، ھاياتلىرىنى بۇنچىۋالامۇ قەدىرلىمەمدىلا؟ يۈەن شاۋ توغرا سۆزنى قوبۇل قىلمايدۇ، كەلگۈسىدە چوقۇم ساۋ ساۋغا ئەسىر چۈشكۈسى، ئۆزلىرىنىڭ ساۋ ساۋ بىلەن كونا

ئاشناچىلىقلىرى بولغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن زۇلمەتتىن كېچىپ، يورۇقلۇققا بارمايلا؟ — دەپ ئەتراپىدىكىلەر نەسىھەت قىلىپ شەمشىرىنى تارتىۋالدى.

بۇ ئىككى ئېغىز سۆز شۈي يۈنى ئويغاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساۋ ساۋغا قوشۇلۇشقا كەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىن ئەل ئارىسىدا تۆۋەندىكى نەزمە چىققان:

*يۈەن شاۋنىڭكى پۈر بولدى جاسارىتى جوڭخۇاغا،*
*ئىست گۈەندۇ ھەرىكىتى كەتتى بوشقا ـ بىكارغا.*
*ئەگەر ئىشلەنگەن بولسا شۈي يۈ كەبى تەدبىرلەر،*
*قالمايتتى بۇ ئەل ھەرگىز تالىتى بولۇپ ساۋ ساۋغا.*

شۈي يۈ قارارگاھىدىن يوشۇرۇن چىقىپ، ساۋ ساۋ قارارگاھىغا كېلىۋاتاتتى، يولدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان لەشكەرلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى.

— مەن باش ۋەزىرنىڭ كونا دوستلىرىدىن بولىمەن، تېزلىكتە نەنياڭلىق شۈي يۈ قوبۇل سورايدۇ، دەپ مەلۇم قىلىڭلار! — دېدى شۈي يۈ.

لەشكەرلەر دەرھال قارارگاھقا مەلۇم قىلدى. بۇ چاغدا ساۋ ساۋ يېتىش ئۈچۈن يېشىنگەنىدى، شۈي يۈنىڭ يوشۇرۇن قېچىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولغىنىدىن، پۇتىغا ئايىغىنىمۇ كىيمەستىن يالاڭغىداقلا ئالدىغا چىقتى، شۈي يۈنى يىراقتىن كۆرۈپلا، چاۋاك چېلىپ كۈلدى ۋە قولىدىن تۇتۇپ قارارگاھقا باشلاپ كىردى ـ دە، ئاۋۋال يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى.

— جانابلىرى خەن خاندانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى. مەن بولسام ئاددىي بىر ناتىۋان ئادەم، نېمانچىۋالا ھۆرمەت قىلىدىلا؟ — دېدى شۈي يۈ ۋە ئالدىراپ كېلىپ ساۋ ساۋنى يۆلىدى.

— جانابلىرى مېنىڭ قەدىناس دوستۇم بولىدىلا، سىلىگە بولغان مۇناسىۋەتتە مەن ئۇنۋان ۋە نامىمنى ئىشلىتەلەيمەنمۇ! —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېدى ساۋ ساۋ.

— مەن خوجايىن تاللىماي، يۈەن شاۋنىڭكىدە ئورۇنلاشقانىدىم، — دېدى شۈي يۇ، — سۆزۈمگە كىرمىدى، تەدبىرىمگە قۇلاق سالمىدى، بۈگۈن ئۇنى تاشلاپ، كونا قەدىردانىمنى ئىزدەپ كەلدىم، خىزمەتلىرىگە قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن.

— جانابلىرى كېلىمەن دېسىلە، مېنىڭ ئىشىم ئەمەلگە ئاشتى دېگەن سۆز! يۈەن شاۋنى يوقىتىش تەدبىرىنى كۆرسەتسىلە.

— مەن يۈەن شاۋغا ھازىرقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەڭگىل قوراللانغان ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن شۈيچاڭغا تېگىش قىلايلى، بۇ باش ۋە ئايىغىدىن تەڭلا تېگىش بولىدۇ، دەپ مەسلىھەت بېرىۋىدىم، ئاڭلىمىدى، — دېدى شۈي يۇ.

— ئەگەر يۈەن شاۋ بۇ سۆزگە كىرگەن بولسا، — دېدى ساۋ ساۋ ئىنتايىن چۆچۈپ، — مەن تۈگەشكەن بولاتتىم.

— ھازىر جانابلىرىنىڭ قانچىلىك ئوزۇق - تۈلۈكلىرى بار؟

— بىر يىل يەتكۈدەك ئاشلىق بار.

— ئۇنداق ئەمەستۇر؟ — دېدى شۈي يۇ كۈلۈپ.

— يېرىم يىل يېتەر.

شۈي يۇ يېڭىنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە چادىرنىڭ سىرتىغا قەدەم تاشلاپ:

— مەن سەمىمىي نىيىتىم بىلەن كەلگەنىدىم، سىلى مېنى ئالداۋاتىدىلا، مېنىڭ ئۈمىدىمدىكىدەك بولمىدى! — دېدى.

— شۈي يۇ خاپا بولمىسىلا، — دېدى ساۋ ساۋ ئۇنى توختىتىۋېلىپ، — راستىنى ئېيتاي، ھازىر بار ئاشلىق ئۈچ ئايغا يېتىدۇ.

— ئەلدىكىلەر سىلىنى مەككار دەيتتى، راست مەككار ئىكەنلا! — دېدى شۈي يۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— جەڭدە نەيرەڭ بولماي بولمايدۇ، دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىلە؟! — دېدى ساۋ ساۋمۇ كۈلۈۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ، — قوشۇندا پەقەت مۇشۇ ئايغا يەتكۈدەكلا ئاشلىق قالدى.

— مېنىڭدىن يوشۇرمىسىلا، ئاشلىق پۈتۈنلەي تۈگىگەن! — دېدى شۈي يۇ تۇۋلاپ تۇرۇپ.

— قەيەردىن بىلدىلە؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ ھەيران بولۇپ.

— مۇنۇ خەتنى كىم يازغان؟ — دەپ ساۋ ساۋنىڭ شۇن يۈيگە يازغان خېتىنى كۆرسەتتى شۈي يۇ.

— نەدىن قولغا چۈشۈردىلە؟

شۈي يۇ چاپارمەننى قولغا چۈشۈرۈۋالغان ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى. ساۋ ساۋ شۈي يۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— شۈي يۇ، كونا قەدىردانلىق شەرىپى ئۈچۈن كەلگەندىن كېيىن، ماڭا يوليورۇق كۆرسەتسىلە! — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— جانابلىرى، يېتىم قوشۇن بىلەن كۈچلۈك ياۋغا قارشى تۇرۇۋاتىدىلا، تېز نۇسرەت قازىنىش يولى ئىزدىمەيدىكەن، چوقۇم ئۆلۈم يولىغا قاراپ ماڭغانلىق بولىدۇ. مېنىڭ بىر تەدبىرىم باركى، بۇ تەدبىر بىلەن ئۈچ كۈنگە قالماي يۈەن شاۋنىڭ 100 تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىنى جەڭ قىلماستىنلا تارمار قىلغىلى بولىدۇ. جانابلىرى، ئاڭلاشنى خالامدىلا؟

— قېنى، ياخشى تەدبىرلىرىنى ئاڭلايلى! — دېدى ساۋ ساۋ خۇشاللىق بىلەن.

— يۈەن شاۋنىڭ لەشكىرىي ئوزۇق - تۈلۈكى، ئەسلىھە - جابدۇقلىرىنىڭ ھەممىسى ۋۇچاۋدا ساقلىنىدۇ. ئەلھال چۈنيۈي چيۇڭ بۇ يەرنى ساقلىماقتا. چۈنيۈي چيۇڭ ئۆزى شارابخور،

بىخۇد نەرسە، جانابلىرى خىل قوشۇنلارنى تاللاپ، يۈەن شاۋنىڭ پالۋانلىرىدىن جاڭ چىنىڭ تەمىنات توشۇغىلى كەلگەن لەشكەرلىرى نامىدا بېرىپ، ئاشلىق، يەم - خەشەك، جابدۇقلىرىغا ئوت قويىدىغان بولسىلا، يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى ئۈچ كۈنگە قالماي ئۆز - ئۆزىدىن پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى شۈي يۇ.

ساۋ ساۋ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، شۈي يۇغا چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۆز قارارگاھىدا ئېلىپ قالدى.

ئەتىسى ساۋ ساۋ شەخسەن ئۆزى 5000 ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەر تاللاپ، ئاشلىق بۇلاش ئۈچۈن ۋۇچاۋغا بارماقچى بولدى.

— يۈەن شاۋنىڭ ئاشلىق ساقلاۋاتقان يېرىدە ھازىرلىقى بولماي قالۇرمۇ؟ باش ۋەزىر جانابلىرى، ئۇ يەرگە يەڭگىللىك قىلىپ ئۆزلىرى بارسىلا بولماس، بەلكىم شۈي يۇ ئالداۋاتىدىغاندۇر! — دېدى جاڭ لياۋ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. شۈي يۇنىڭ بىزگە كېلىشى تەڭرىنىڭ يۈەن شاۋنى ھالاك قىلىشىدۇر، — دېدى ساۋ ساۋ، — ھازىر قوشۇنىمىزدا ئوزۇق - تۈلۈك كەم، ئۇزاققىچە چىداشلىق بېرىشىمىز مۈشكۈل؛ ئەگەر شۈي يۇنىڭ تەدبىرىنى قوللانمىساق، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بەندىكە سالغان بولىمىز، خالاس. شۈي يۇ بىزنى ئالدىغان بولسا، بىزنىڭ قارارگاھىمىزدا قېلىشقا ئۇنامتى؟ مېنىڭمۇ ئۇزۇندىن بېرى قارارگاھ باسقىنى قىلغۇم بار ئىدى. بۇگۈنكى ئوزۇق تالاش ئىشى مۇقەررەر بىر ئىش بولۇپ قالدى، جانابىڭىز ھەرگىز شۈبھىلەنمەڭ!

— ئۇنداق بولسا، يۈەن شاۋنىڭ بوشلۇقىمىزدىن پايدىلىنىپ بۇ يەرگە باسقىن قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك، — دېدى جاڭ لياۋ.

— مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان ئويلاپ قويدۇم، — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ.

هەر ئېھتىمالغا قارشى شۇن يۇ، جيا شۇي، ساۋ خۇڭ ۋە شۇي يۇلارنى چوڭ قارارگاھنى ساقلاشقا قويدى. شيا خۇدۇن بىلەن شيا خۇيۇەننى بىر توپ لەشكەر بىلەن سولغا، ساۋ رېن بىلەن لى دىيەننى بىر توپ لەشكەر بىلەن ئوڭغا يوشۇرۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاڭ لياۋ بىلەن شۇي چۇنى ئالدىغا، شۇي خۇاڭ بىلەن يۇي جىننى ئارقىغا قويدى، ئۆزى باشقا سەركەردىلەر بىلەن ئوتتۇرىدا ماڭدى. 5000 لەشكەر يۈەن شاۋ قىسىملىرىنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرىنـــــى كۆتۈرۈپ، تۇترۇق ۋە خەشەك ئوتۇن ئالغىنىچە، يىكچە چىشلىتىپ، ئاتلارنىڭ ئېغىزدۇرۇقلىرىنى چىڭ تارتىپ، زاۋال ۋاقتىدا ۋۇچاۋغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ كېچىسى پارلداپ تۇرغان يۇلتۇزلار پۈتۈن ئاسماننـــى قاپلاپ كەتكەنىدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىـــــن ئاڭلاڭ. جۈي شۇ يۈەن شاۋ تەرىپىدىن قوشۇن ئىچىدە قاماققا ئېلىنغانىدى. بۇ كېچىسى ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئالاھىدە نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاراپ بېقىش ئۈچۈن زىندان نازارەتچىسىگە ئۆزىنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىشنى ئېيتتى. ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ تەتۈرسىگە يۈرۈپ تەرەفە يۇلتۇزى بىلەن نەشرە يۇلتۇزى ئارىسىغا تەئەررۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىـــق چۆچۈپ: «بالايىقازا يېتىپ كەپتۇ» دېدى ـ دە، شۇئان كېچىلەپ يۈەن شاۋ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ چاغدا يۈەن شاۋ مەست بولۇپ يېتىپ قالغانىدى، ئۇ جۈي شۇنىڭ مەخپىي مەلۇماتى بار ئىكەن دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنى چاقىرتىپ سورىدى.

— مەن يۇلتۇزلارنى كۆزىتىۋىدىم، زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ سەئىد سەئۇد يۇلتۇزى بىلەن بەلخ يۇلتۇزى ئارىسىدا تەسكىرىي ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، يورۇقلۇق شولىسىنىـــــڭ تەرەفە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇلتۇزى بىلەن نەشرە يۇلتۇزىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرگە بەرق ئۇرۇپ كىرگەنلىكىنى كۆردۈم، ئاسىيلار قوشۇنى باسقىن قىلارمىكىن دەيمەن. ۋۇچاۋ بىزنىڭ ئاشلىق ساقلاۋاتقان يېرىمىز، ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرمەي بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تېزلىكتە قورۇللار، تاغ ئارىلىرىغا خىل لەشكەرلەر بىلەن كۈچلۈك پالۋانلارنى چارلاشقا قويۇپ، ساۋ ساۋنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىنىش لازىم! — دەپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى جۈي شۇ.

يۈەن شاۋ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلىنىپ:

— سەن ھازىر گۇناھكارسەن، قالايمىقان جۆيلۈپ كۆپچىلىكنى ۋەسۋەسىگە سېلىشقا قانداق پېتىندىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋە زىندان نازارەتچىسىنى چاقىرىپ، — مەن ساڭا قاماقتا تۇتۇشقا بۇيرۇسام، نېمە ئۈچۈن چىقاردىڭ! ؟ — دەپ كايىدى ـ دە، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، ئورنىغا باشقا ئادەمنى جۈي شۇنى نازارەت قىلىشقا قويدى.

— قوشۇنىمىز ئىنقىراز ھارپىسىدا تۇرۇپتۇ، ئۆلۈكۈمنىڭ قەيەردە قېلىشىنى ھەم ئۇقمايمەن! — دېدى يۈەن شاۋ ھۆزۈرىدىن چىققان جۈي شۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىن ئەل ئارىسىدا مۇنۇ قوشاق چىققان:

*ياخشى سۆزنى ئەكسىچە كۆردى ئۇ يامان،*
*يۈەن شاۋ ئىدى تەدبىرسىز ئەقلى يوق نادان.*
*كۆيدى ۋۇچاۋ ئاشلىقى، تەۋرىدى ئۇلى،*
*ساقلاپ قالماق بولۇشتى جىجۇنى ئامان.*

ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېچىلەپ يول يۈرۈپ، يۈەن شاۋنىڭ بىر قارارگاھىدىن ئۆتكەندى، ئۇ يەردىكىلەر بۇلارنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقان قوشۇن ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— بىز جىياڭ چى قوشۇنى، ئەمر بويىچە ۋۇچاۋدىن ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە كېتىۋاتىمىز! — دېگۈزدى ساۋ ساۋ.

يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى ئۆز تۇغ ـ ئەلەملىرىنى كۆرۈپ بىزنىڭكىلەر ئىكەن دەپ گۇمان قىلمىدى. ئۇلار بىز جىياڭ چىنىڭ قوشۇنى دەپ، بىرنەچچە ئورۇندىن ئالداپ توسقۇنسىز ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، باش توخۇ ۋاقتىدا ۋۇچاۋغا يېتىپ باردى. ساۋ ساۋ ئەتراپقا لاۋا ـ چاۋا بىلەن ئوت قويغۇزدى، سەركەردە ـ سەرۋازلىرى دۇمباق چېلىپ، سۇرەن ـ چۇقانلار بىلەن شەھەرگە كىرىپ باردى.

بۇ ۋاقىتتا چۇنيۈي چيۇڭ پالۋانلىرى بىلەن ئىچكىۋازلىق قىلىپ، مەست بولۇپ چېدىرىدا ياتاتتى؛ ئۇ دۇمباق، چۇقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ نېمە سۇرەن ـ چۇقان؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئۇنى ئىلمەك ئوقۇرۇق بىلەن ئىلىپ يىقىتتى. ئاشلىق توشۇپ ئەمدى قايتقان سۇي يۈەنجىن بىلەن جاۋ رۇي دان ئامبىرىدىكى يانغىننى كۆرۈپ، جىددىي ھالدا ھەمدەمگە كېلىشتى. ساۋ ساۋ قوشۇنىدىكىلەر ئۇچقاندەك كېلىپ ساۋ ساۋغا:

— ئارقىمىزدىمۇ ياۋ قوشۇنى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلارغا قارشى لەشكەر ئايرىپ بەرسىلە، — دېيىشتى.

— پالۋانلار! غەيرەت بىلەن ئالغا! ئارقىمىزدىكى ياۋ لەشكەرلىرى يېقىن كەلگەندە، ئاندىن ئارقىغا قايتىپ ئېلىشىڭلار! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ساۋ ساۋ.

شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر بەس ـ بەستە چاپ ـ چاپقا چۈشۈپ كەتتى. بىر پەستىلا يانغىن ئەۋج ئېلىپ، ئىس ـ تۈتەك ئاسماننى قاپلاپ كەتتى.

سۇي يۈەنجىن، جاۋ رۇي — ئىككى پالۋان لەشكەرلىرى بىلەن ھەمدەمگە كېلىۋىدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى ئارقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۇراپ جەڭگە سالدى. ئىككى پالۋان بەرداشلىق بېرەلمەي، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ قولىدا ھالاك بولدى، ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەكلەر تامام كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. چۈنيۈي چيۇڭ قولغا چۈشۈپ ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ قۇلاق، بۇرۇن ۋە بارماقلىرىنى كەستۈرۈپ، ئاتقا باغلىتىپ، خورلاش ئۈچۈن يۈەن شاۋنىڭ قارارگاھىغا ھەيدىۋەتتى.

يۈەن شاۋ بارگاھىدا ئىدى، ئۇ ئۈستۈن تەرەپتە پەلەككە تۇتاشقان يانغىن بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى ئاڭلاپ، ۋۇچاۋدا چاتاق چىققانلىقىنى بىلدى ـ دە، دەرھال چېدىردىن چىقىپ قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلىرىنى چاقىرىپ، ھەممەمگە لەشكەر ئەۋەتىش ئۈستىدە كېڭەش قۇردى.

— مەن گاۋلەن بىلەن بىرگە قۇتقۇزۇشقا باراي! — دېدى جاڭ خې.

— ياق، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئاشلىق بۇلاشقا چىققانىكەن، دېمەك، ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى بارماي قالمايدۇ؛ ساۋ ساۋ يۈرۈشكە چىققانىكەن، قارارگاھى چوقۇم بوش قالىدۇ، شۇڭا، قوشۇنلىرىمىز بىلەن ئاۋۋال ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا باستۇرۇپ كىرىشىمىز لازىم؛ ساۋ ساۋ بۇنى ئاڭلىسا چوقۇم تېز قايتىدۇ؛ بۇ، سۇن بىننىڭ «جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ۋېي بەگلىكىنى مۇھاسىرە قىلىش» تەدبىرى، — دېدى گوتۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، ساۋ ساۋ قۇۋ ئادەم. ئۇ سىرتقا چىققاندا، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئىچكى تەرەپنى پۇختىلاپ قويىدۇ. بۈگۈن ساۋ ساۋ قارارگاھىغا قىلىدىغان باسقىنىمىز ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتسىز چىقىپ قالسا، چۈنيۈي چيۇڭغا ئوخشاش، ھەممىمىز تۇتقۇن بولۇپ كېتىمىز! — دېدى جاڭ خې.

— ساۋ ساۋ ئاشلىق بۇلاشقا كىرىشىپ كەتكەندە، قارارگاھىدا لەشكەر قالدۇرامدۇ! ؟ — دېدى گو تۇ ۋە ساۋ ساۋ قارارگاھىغا باستۇرۇپ كىرىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى.

يۈەن شاۋ جاڭ خې بىلەن گاۋلەننى 5000 لەشكەر بىلەن

گوەندۇدىكى ساۋ ساۋ قارارگاھىنى باسقىن قىلىشقا، جياڭ چىنى 1 تۈمەن لەشكەر بىلەن ۋۇچاۋنى خالاس قىلىشقا ئەۋەتتى.

ساۋ ساۋ چۇنيۈي چيۆڭنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنى قىرىپ تارىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كىيىم، قۇياق، تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىپ، چۇنيۈي چيۇڭ قول ئاستىدىكى يېڭىلگەن لەشكەرلەر قىياپىتىدە ئۆز قارارگاھىغا قايتماقتا ئىدى، تاغ ئارىسىدىكى كىچىك يولغا كەلگەندە جياڭ چى قوشۇنىغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. جياڭ چى قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىۋىدى، بۇلار، بىز ۋۇچاۋدا يېڭىلىپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەر، دەپ جاۋاب بەرگەنلىكتىن، جياڭ چى شۇبھىلەنمەي ئات سېلىپ كېتىۋەردى. ئۇشتۇمتۇت جاڭ لياۋ، شۈي چۇلار يېتىپ كەلدى - دە:

— جياڭ چى، توختا! — دەپ ۋارقىرىدى.

جياڭ چى ئالاقزادە بولۇپ تەمترەپ قالدى ۋە جاڭ لياۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جياڭ چى قوشۇنلىرى قىرغىن قىلىنىپ تامام دېگۈدەك يوقىتىلدى. يەنە ئالدى بىلەن ياسانغان ئادەم ئەۋەتىپ: «جياڭ چى شەخسەن ئۆزى ۋۇچاۋدىكى لەشكەرلەرنى قىرغىن قىلىپ تارىتىۋەتتى!» دەپ مەلۇم قىلغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن يۈەن شاۋ ۋۇچاۋغا قايتا ھەمدەم ئۈچۈن كۈچ ئەۋەتمەستىن، گوەندۇغىلا كۈچ ئارتتۇردى.

جاڭ خې بىلەن گاۋلەنگە كەلسەك، ئۇلار ساۋ ساۋ قارارگاھىغا تېگىش قىلغانىدى، سولدىن شيا خۇدۇن، ئوڭدىن ساۋ رېن، مەركەزدىن ساۋ خۇڭلار تەڭلا ئېتىلىپ چىقتى. ئۈچ تەرەپلەپ چاپ - چاپ قىلىش نەتىجىسىدە يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. لەشكەرلەر ئەمدىلا بولۇشۇشقا يېتىپ كېلىشىگە، ساۋ ساۋمۇ ئارقىدىن قىرغىن قىلىپ كېلىپ قالدى - دە، تۆت تەرەپلەپ چاپ - چاپقا چۈشتى. جاڭ خې بىلەن گاۋلەن ئارانلا جېنىنى ئېلىپ قاچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈەن شاۋ ۋۇچاۋدىن يېڭىلىپ قايتقان قالدۇق لەشكەرلەرنى يىغىپ قارارگاھىغا قايتتى. چۇنيۇي چيۇڭنىڭ قۇلاق، بۇرۇن ۋە بارماقلىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەن يۈەن شاۋ:

— ۋۇچاۋ قانداق قولدىن كېتىپ قالدى؟ — دەپ سورىدى.

— چۇنيۇي چيۇڭ مەست بولۇپ يېتىپ قالغىنى ئۈچۈن، ياۋ لەشكىرىگە قارشى تۇرالمىدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى يېڭىلىپ قايتقان لەشكەرلەر.

يۈەن شاۋ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنى شۇئان ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. گوتۇ جاڭ خې، گاۋ لەنلەر قايتىپ كەلسە، ھەق ـ ناھەقلىق ئۈستىدە دەۋا قىلىشىدىن قورقۇپ، ئالدى بىلەن يۈەن شاۋغا:

— جاڭ خې، گاۋ لەنلەر جانابىي تەقسىرنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرسە، چوقۇم خۇشال بولىدۇ، — دەپ چېقىمچىلىق قىلدى.

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ — دېدى يۈەن شاۋ.

— ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئۆزۈندىن بېرى ساۋ ساۋغا ئەل بولۇش نىيىتى بولغاچقا، بۇگۈن ئۇنىڭ قارارگاھىغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكىنىمىزدە ئەتەيلەپ كۈچ چىقىرىشمىدى، شۇڭلاشقا لەشكىرىي جەھەتتىن چىقىم تارتتۇق، — دېدى گو تۇ.

غەزىپىگە كەلگەن يۈەن شاۋ ئۇ ئىككىيلەننى جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن قارارگاھقا چاقىرغىلى كىشى ئەۋەتتى. گو تۇ ئالدىن كىشى ئەۋەتىپ: «جانابىي خوجايىن ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرمەكچى!» دەپ مەلۇم قىلدۇردى. يۈەن شاۋنىڭ ئەۋەتكەن كىشىسى يېتىپ كەلگەندە، گاۋ لەن:

— جانابىي خوجايىن بىزنى چاقىرتىپ نېمە قىلىدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— سەۋەبىنى بىلەلمىدىم! — دېدى بارغۇچى.

شۇنىڭ بىلەن گاۋ لەن شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، بارغۇچىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. جاڭ خې قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

— يۈەن شاۋ پىتنە سۆزلەرنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، چوقۇم ساۋ ساۋنىڭ قولىغا تىرىك چۈشىدۇ، بىز قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈم كۈتىمىزمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ساۋ ساۋغا ئەل بولغان تۈزۈك، — دېدى گاۋ لەن.

— مەندىمۇ ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ نىيەت بار ئىدى، — دېدى جاڭ خې.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئەل بولۇش ئۈچۈن ساۋ ساۋ قارارگاھىغا كەلدى.

— جاڭ خې بىلەن گاۋ لەن ئەل بولغىلى كەپتۇ. راست - يالغانلىقىنى ئۇقالمىدۇق، — دەپ مەلۇم قىلدى شىيا خۇدۇن.

— مەن ئۇلارغا ياخشى ئىلتىپات كۆرسەتسەم، يامان نىيەتلىرى بولسىمۇ، ئۆزگىرىشلىرى مۇمكىن، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان قارارگاھ دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ، ئىككىيلەننى قوبۇل قىلدى. جاڭ خې بىلەن گاۋ لەن قوراللىرىنى تاشلاپ، قوياقلىرىنى يېشىپ، باش ئۇرۇپ يەر قۇچاقلىدى.

— ئەگەر يۈەن شاۋ ھەربىرلىرىنىڭ سۆزىگە كىرگەن بولسا، يېڭىلمىگەن بولاتتى. ئەلھال ئىككىلىرىنىڭ بىزگە كېلىپ قوشۇلۇشلىرى ۋېي زى* نىڭ يىنجۇدىن كەتكەنلىكى، خەن شىن** نىڭ خەن خاندانلىقىغا قوشۇلغانلىقىغا ئوخشاشتۇر، — دېدى ساۋ ساۋ. ئاندىن جاڭ خېنى ياندىش سەركەردە، دۇ بېگى؛ گاۋ لەننى ياندىش سەركەردە، دۇڭلەي بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئىككىيلەن ناھايىتى خۇرسەن بولۇشتى.

يۈەن شاۋ شۈي يۇ، جاڭ خې، گاۋ لەنلەردىن ئايرىلغانلىقى،

---

* ۋېي زى — شاڭ خاندانلىقىنىڭ خانى جۇنىڭ ئاكىسى. نامى چى بولۇپ، ۋەزىر ئىدى. جۇ بۇزۇقچىلىققا بېرىلىپ، ناھايىتى زوراۋان بولۇۋالغان. پىكىر بەرسە قوبۇل قىلمىغان. نەتىجىدە ۋېي زى شاڭ خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرگە كېتىپ قالغان. بىريۈزيەتتىنچى باپتا «ۋېي زىنىڭ جۇغا بېرىشى» دېگىنى شاڭ خاندانلىقىنى جۇ خاندانلىقى يوقاتقاندىن كېيىن ۋېي زىنىڭ جۇ خاندانلىقىغا مەنسەپدار بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

** خەن شىن — خەن خاندانلىقىنىڭ سەركەردىسى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋۇچاۋدىكى ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ۋەھىمىگە چۈشتى. شۇي يۇ ساۋنى تېز تېگىش قىلىشقا دەۋەت قىلدى؛ جاڭ خې بىلەن گاۋ لەن تۇرشاۋۇل بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى؛ ساۋ ساۋ بۇنى ماقۇل كۆردى ـ دە، شۇئان جاڭ خې بىلەن گاۋ لەننى يۈەن شاۋ قارارگاھىغا باسقىن قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇ كېچىسى ئېغىر ياتقۇ ۋاقتىدا لەشكەرلەر ئۈچ تارام بويىچە قارارگاھ باسقىنى قىلدى، قوچاقلاشما جەڭ تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى، ئاندىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز قوشۇنلىرىنى يىغىۋالدى، يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى چىقىم بولدى.

— بۈگۈن سۈەنزاۋ ئارقىلىق يېجۈنگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن بىر توپ لەشكەر؛ يۈەن شاۋنىڭ ئارقا يولىنى كېسىشكە لياڭغا بىر توپ لەشكەر ئەۋەتىلدى، دەپ سۆز تارقىتايلى. يۈەن شاۋ بۇنى ئاڭلىسا چوقۇم ھودۇقۇپ، لەشكەرلىرىنى بىزگە قارشى تۇرۇشقا بۆلۈشكە مەجبۇر بولىدۇ؛ بىز يۈەن شاۋنىڭ لەشكەرلىرىنى ھەر تەرەپكە ماڭدۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلساق، ئۇنى تارمار قىلغىلى بولىدۇ، — دەپ تەدبىر كۆرسەتتى شۇي يۇ.

ساۋ ساۋ ئۇنىڭ تەدبىرىنى ماقۇل كۆرۈپ، لەشكەرلىرى ئارقىلىق ھەر تەرەپكە سۆز تارقاتتى. يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، قارارگاھقا كېلىپ:

— ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى ئىككى يولغا بۆلۈپتۇ: بىر توپ لەشكەر يېجۈنگە، بىر توپ لەشكەر لياڭغا يۈرۈپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلىشتى.

يۈەن شاۋ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ئالاقزادىلىكتە قالدى ـ دە، تېزلىكتە يۈەن تەننى 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن يېجۈننى قوتقۇزۇشقا، شىن مىڭنى 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن لياڭنى قوتقۇزۇشقا بۇيرۇدى، ئۇلار كېچىلەپ يولغا چىقتى.

ساۋ ساۋ يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ، سەككىز تەرەپتىن تەڭلا چىقىپ، تويتوغرا يۈەن شاۋ قارارگاھىغا بېسىپ باردى. يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى قىرىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەر تەرەپكە قېچىشتى ۋە تارمار بولۇپ ۋەتۋەرىكى چىقىپ كەتتى. يۈەن شاۋ قۇياقنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەستىن، يالاڭ كىيىم بىلەن بېشىغا ياغلىق تېڭىپلا ئاتلاندى. كىچىك ئوغلى يۈەن شياڭ ئارقىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. جاڭ لياۋ، شۈي چۇ، شۈي خۋاڭ، يۈي جىن — تۆت سەركەردە قوشۇنلىرىنى باشلاپ يۈەن شاۋنى قوغلىدى. يۈەن شاۋ ئالدىراشلىق بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ كىتاب - ماتېرىياللار، ھارۋا - چېدىرلار ۋە پۇل - ماللارنى تامام تاشلاپ، بارى - يوقى 800 دىن ئارتۇقراق ئاتلىق لەشكىرى بىلەن قاچتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قوغلاپ يېتىشەلمەي، تاشلانغان نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئېلىشتى. بۇ جەڭدە 8 تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم قىرىلىپ، قان ئېرىق بولۇپ ئاقتى. ھەددى - ھېسابسىز ئادەم سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى. ساۋ ساۋ تولۇق نۇسرەت قازاندى، غەنىيمەت چۈشكەن ئالتۇن، مەرۋايىت، دۇردۇن - تاۋارلارنى لەشكەرلىرىگە ھەدىيە قىلىپ بەردى. كىتابلار ئىچىدىن بىر باغلام خەت - چەك تېپىۋېلىندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پايتەختتىكى شۇيچاڭدىكى ۋە قوشۇندىكىلەردىن بەزى كىشىلەرنىڭ يۈەن شاۋ بىلەن يېزىشقان مەخپىي خەتلىرى ئىكەن. ساۋ ساۋنىڭ ئەترابىدىكىلەر:

— ئىسىم - زاتىنى بىر - بىرلەپ ئېنىقلاپ، تۇتۇپ ئۆلتۈرەيلى، — دەپ پىكىر بېرىشتى.

— يۈەن شاۋ قۇدرەت تاپقاندا، مەن چېغىمدا ئۆزۈمنى ساقلىيالمىغىلى تاس قالغاندىم، باشقىلار قانداق قىلسۇن؟ — دېدى ساۋ ساۋ ۋە خەتلەرنى كۆيدۈرۈشنى، بۇ مەسىلىنى سۈرۈشتە

قىلماسلىقنى بۇيرۇدى.

يۇەن شاۋ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قاچقاندا، جۇي شۇ زىنداندا بولغانلىقتىن قاچالماي قېلىپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ساۋ ساۋ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىنىدى. ساۋ ساۋ بۇرۇندىن جۇي شۇ بىلەن تونۇشاتتى. جۇي شۇ ساۋ ساۋنى كۆرۈپلا:

— ئەل بولمايمەن! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

— يۇەن شاۋ تەدبىرسىز ئادەم بولغاچقا جانابلىرىنىڭ سۆزىگە كىرمىدى. نېمىشقا بۇنى ئۇقمايدىلا؟ ئەگەر مەن بۇرۇنراق جانابلىرىغا ئېرىشكەن بولسام، ئەلدىن غېمىم يوق بولغان بولاتتى، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، قوشۇن ئىچىدە ئېلىپ قالدى. جۇي شۇ يۇەن شاۋ ھۇزۇرىغا قايتىش ئۈچۈن قوشۇن ئىچىدە ئات ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالدى. ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ، جۇي شۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى، جۇي شۇنىڭ تاكى ئۆلگۈچە رەڭگى تاتارمىدى. ساۋ ساۋ ئاھ ئۇرۇپ:

— مەن خاتالىشىپ ۋاپا ئەھلىنى ئۆلتۈردۈم! — دەپ پۇشايمان قىلدى ۋە كاتتا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، خۇاڭخې دەرياسى كېچىكىگە گۈمبەز ياسىتىپ ئۇنى ئوبدان دەپنە قىلدى، مازارغا: «ساداقەت قۇربانى جۇي شۇ جانابلىرىنىڭ مەقبەرىسى» دېگەن خەت ئويدۇرۇلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىن ئەل ئارىسىدا مۇنۇ مەدھىيە چىققان:

*بار ئىدى خېبېيدا مەشھۇر — داڭقى چىققان زات تولا،*
*بەردى نام جۇي شۇغا ئەل ـ يۇرت ساپ ۋاپادار دەپ ئۇنڭا.*
*سالسا كۆز دەرھال بىلەتتى سەپ نىچۇك پۈتكەنلىكىن،*
*بىر بېقىپ كۆككە بىلەتتى كۆكتە يۇلتۇزلار سىرىن.*
*يۈرىكى گوياكى بىر تا ئۆلگۈچە سۇنماس پولات،*
*تاكى ئاخىردەمگىچە روھى پەلەك ئۆتتى بۇ زات.*

*قول قويۇپ ساۋ ساۋنىڭ مەردلىك ۋاپادارلىقىغا،*
*ياستىنىپ قويدى مازار قەبرە نىشانىمۇ نامىغا.*

شۇنىڭدىن كېيىن ساۋ ساۋ جىجۇغا تېگىش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى، دەرھەقىقەت:

*گەرچە سەن بولساڭمۇ ئاجىز باش قاتۇرساڭ يېڭىسەن،*
*مەسلىھەتنى ئالمىساڭ كۈچلۈك تۇرۇپمۇ ئۆلىسەن.*

كىم يېڭىلىپ، كىم يەڭگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## ساۋ ساۋنىڭ ساختىلىقىدا يۈەن شاۋنى تارمار قىلغانلىقى
## لىۇ بېيىنىڭ جىڭجۇغا بېرىپ لىۇ بياۋدىن پاناھ تىلىگەنلىكى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋ يۈەن شاۋنىڭ يېڭىلىپ قاچقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سالدى ـ دە، ئۇنى ئىزمۇئىز قوغلىدى. بېشىغا ياغلىق تېڭىپ، يالاڭ كىيىمى بىلەن قاچقان يۈەن شاۋ 800 دىن ئارتۇقراق ئادىمى بىلەن لياڭنىڭ ئۇستۇن قىرغىقىغا ئۆتكەندە، ئۇلۇغ سەركەردە جياڭ يىچۇي ئۆز قارارگاھىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. يۈەن شاۋ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. جياڭ يىچۇي پەرمان چىقىرىپ تارالغان لەشكەرلەرنى توپلاشقا كىرىشتى، كۆپچىلىك يۈەن شاۋنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ يەنە كېلىپ توپلاشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ لەشكىرىي قۇۋۋىتى يەنە جانلاندى ـ دە، كېچەش بىلەن جىجۇغا قايتىشتى. سەپەرگە چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى، بىر قاقاس تاغلىق يەردە قونۇشتى. يۈەن شاۋ چېدىرىدا تۇرۇپ، يىراقتا چىقىۋاتقان يىغا ـ زار ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئاستا بېرىپ تىڭشىدى. يېڭىلگەن لەشكەرلەر يىغلىشىپ، قېرىنداشلىرى بىلەن دوست ـ يارەنلىرىنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەنلىكلىرىنى سۆزلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەيدىلىرىگە ئۆزلىرى

ئۇرۇپ ئۇن سىلىپ يىغلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار ئۆزئارا: «تيەن فېڭنىڭ سۆزىگە كىرگەن بولسا، بىزگە بۇ پالاكەت يوق ئىدى!» دېيىشىۋاتاتتى. يۈەن شاۋ بۇنى ئاڭلاپ: «مەن تيەن فېڭنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىكىمدىن لەشكەرلىرىم يېڭىلدى، سەركەردە ـ پالۋانلىرىم چىقىم بولدى؛ ھالا قايتقىنىمدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قايسى يۈزۈم بىلەن كۆرۈشەرمەن!» دەپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئەتىسى ئاتلىنىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىدا، فېڭ جى لەشكەرلەر بىلەن ئىستىقبال قىلىپ كەلدى.

— مەن تيەن فېڭنىڭ سۆزىگە كىرمەي، مانا مۇشۇ كۈنگە قالدىم، — دېدى يۈەن شاۋ فېڭ جىغا قاراپ، — قايتقىنىمدا ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈشكە خىجالەتتە مەن.

— تيەن فېڭ زىنداندا ‘جانابلىرىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ: «مېنىڭ دېگىنىمدەك بوپتىغۇ!» دەپ مەسخىرە قىپتۇ، — دېدى فېڭ جى چېقىمچىلىق قىلىپ.

— بۇ دۆت مېنى مەسخىرە قىلىشقا پېتىنىپتىمۇ! چوقۇم ئۇنى ئۆلتۈرىمەن! — دېدى يۈەن شاۋ غەزەپلىنىپ ۋە شۇئان جىجۇ زىنداندا ياتقان تيەن فېڭنىڭ بېشىنى ئېلىش ئۈچۈن شەمشەر تۇتقۇزۇپ كىشى ئەۋەتتى.

تيەن فېڭ زىنداندا ئىدى، بىر كۈنى، زىندانبېگى كىرىپ تيەن فېڭنى تەبرىكلەپ:

— ئۆزلىرىنى مۇبارەكلەيمەن! — دېدى.

— قايسى خۇشاللىق ئۈچۈن مۇبارەكلەيسىز؟ — دەپ سورىدى تيەن فېڭ.

— سەركەردە يۈەن شاۋ قاتتىق يېڭىلىپ قايتىپ كېلىۋېتىپتۇ. جانابلىرىغا ئەلۋەتتە چوڭ ئىلتىپات قىلار! — دېدى زىندانبېگى.

— ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم! — دېدى تيەن فېڭ كۈلۈپ.

www.uyghurkitap.com

— ھەممە ئادەم سىلى ئۇچۇن خۇشال بولۇۋاتسا، جانابلىرى نېمە ئۇچۇن ئۆلىدىغان بولدۇم دەيدىلا؟ — دەپ سوئال قويدى.

— سەركەردە يۈەن شاۋ كۆرۈنۈشتە ئالىيجاناب بولغان بىلەن، ئىچى تار ئادەم، ساداقەت، سەممىيەتنىڭ خاتىرىسىنى قىلمايدۇ. ئەگەر نۇسرەت قازانغان بولسا، ئېھتىمال مېنى خۇشاللىقىدىن كەچۈرۈم قىلىشى مۇمكىن ئىدى؛ ھالا يېڭىلىپ قاپتۇ. خىجالەتچىلىكتىنمۇ مېنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ. ھاياتىمدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن، — دېدى تيەن فېڭ.

زىندانبېگى ئىشەنمىدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىزلا شەمشەرلىك چاپارمەن يۈەن شاۋنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كېلىپ، تيەن فېڭنىڭ بېشىنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىلا، زىندانبېگى ئاندىن چۆچۈپ كەتتى.

— مەن ھامان ئۆلۈشۈمنى بىلگەنىدىم! — دېدى تيەن فېڭ. زىندان خادىملىرىنىڭ ھەممىسى كۆز يېشى قىلىشتى.

— دۇنياغا كەلگەن ئەزىمەت يىگىتلەرنىڭ خوجايىنىنىڭ خۇيىنى بىلمەي تۇرۇپلا خىزمىتىنى قىلىشى نادانلىق! بۈگۈنكى ئۆلۈمگە ئەپسۇس قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى! — دېدى ـ دە، زىنداندا ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەل ئارىسىدا كېيىن مۇنۇ نەزمە چىققان:

*كېچە جۈي شۇ قوشۇن ئىچرە بولدى نابۇت خارلىنىپ،*
*ئۆلدى زىنداندىكى تيەن فېڭ ئۇشبۇ كۈن جازالىنىپ.*
*ئۇشتىلىپ ـ سۇندى خېبېينىڭ چىڭ تايانچە لىملىرى،*
*ساق قالامدۇ، ئېيتقىنا، يۈەن شاۋ ئېلىدىن ئايرىلىپ.*

تيەن فېڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئاڭلىغانلىكى كىشىنىڭ ھەممىسى ئېچىنىپ ھەسرەت چېكىشتى.

يۈەن شاۋ جىجۇغا قايتقىنىدىن كېيىن، كۆڭلى بىئارام بولۇپ، پىكرى چېچىلغانلىقى ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى

باشقۇرماي تاشلىۋەتتى. لىۇ ئۇرۇقىدىن بولغان رەپىقىسى ئۆزىگە ۋارىس بەلگىلەپ قويۇشقا ئۇندىدى. يۈەن شاۋنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى: چوڭىنىڭ ئىسمى يۈەن تەن، يەنە بىر ئىسمى شيەن سى بولۇپ، چىڭجۇنى ساقلايتتى؛ ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئىسمى يۈەن شى، يەنە بىر ئىسمى شيەن يى بولۇپ، يۇجۇنى ساقلايتتى؛ كىچىكىنىڭ ئىسمى يۈەن شاڭ، يەنە بىر ئىسمى شيەن خۇ ئىدى، ئۇ يۈەن شاۋنىڭ كېيىنكى خوتۇنى لىۇ خېنىمدىن تۇغۇلغانىدى، ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلى، بوي ـ بەستى كېلىشكەن يىگىت بولغاچقا، يۈەن شاۋ ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغانىدى. يۈەن شاۋ گۇەندۇدا يېڭىلىپ قايتقاندىن كېيىن، لىۇ خېنىم ئۇنىڭغا يۈەن شاڭنىــــى ئۆزىگە ۋارىس قىلىۋېلىشقا سايە قىلدى، يۈەن شاۋ بۇنى شېن پېي، فېڭ جى، شىن پىڭ، گو تۇلارغا مەسلىھەت سالدى. ئەسلىدە شېن پېي بىلەن فېڭ جى يۈەن شاڭ تەرەپدارى، شىن پىڭ بىلەن گو تۇ ئىككىسى يۈەن تەن تەرەپدارى ئىدى، تۆتەيلەننىڭ ھەممىسى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ كۆمچىگە چوغ تارتاتتى.

— بۈگۈن تاشقى ئاپەت تېخى بېسىققىنى يوق، ئىچكى ئىشلارنى بالدۇرراق بەلگىلەپ قويمايمۇ بولمايدۇ، — دېدى يۈەن شاۋ تۆتەيلەنگە قاراپ، — شۇڭلاشقا ئۆزۈمگە ۋارىس بەلگىلەپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم، چوڭ ئوغلۇم يۈەن تەننىڭ مىجەزى چۇس، ئۇرۇشقاق؛ ئوتتۇرانچى ئوغلۇم يۈەن شى كۆڭلــــى يۇمشاق، بىرەرتە ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى قىيىن؛ كىچىك ئوغلۇم يۈەن شاڭدا باتۇرلۇق سالاپەت بار، پازىل دانىشمەنلەرگە ئىخلاس قىلىدۇ، پالۋانلارغا ھۆرمەت كۆرسىتــــــدۇ، مۇشۇ ئوغلۇمنى ئىزىمغا دەسسەتسەم دەيمەن، ھەربىرلىرىنىڭ رايى قانداقكىن؟

— ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئىچىدە چوڭى يۈەن تەن، ئەلھال چەت ئايماقتا؛ جانابلىرى ئەگەر چوڭ ئوغۇلنى ئەمەس، بەلكى كىچىك

ئوغۇلنى ۋارىس قىلىدىغان بولسىلا، بۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ بىخى شۇ يەردىن چىقىدۇ. ھازىر لەشكەرلىرىمىزنىڭ ھەيۋىسى سەل سۇنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋ قوشۇنلىرى يۇرت پاسىلىمىزغا باستۇرۇپ كىردى، ئاتا ـ ئوغۇل، ئاغا ـ ئىنى ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىدىغان ئىشنى قانداقمۇ قىلغىلى بولىدۇ؟ جانابلىرى ھازىرچە ياۋنى چېكىندۈرۈش تەدبىرىنى كۆرسىلە، ۋارىس تىكلەش ئىشىنى كۆپ مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ پىكىر بەردى گو تۇ.

يۈەن شاۋ ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي قالدى.

ئۇشتۇمتۇت يۈەن شىنىڭ 6 تۇمەن لەشكەر بىلەن يۈجۈدىن؛ يۈەن تەننىڭ 5 تۇمەن لەشكەر بىلەن چىڭجۇدىن؛ جىيەنى گاۋ گەننىڭ 5 تۇمەن لەشكەر بىلەن بىڭجۇدىن جىجۇغا ھەمدەمگە كەلگەن خەۋىرى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان يۈەن شاۋ ساۋ ساۋ بىلەن يەنە تۇتۇشماق بولۇپ قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سالدى. بۇ ۋاقىتتا ساۋ ساۋ نۇسرەت قازانغان قوشۇنلىرىنى باشلاپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلارنى يەرلىك خەلق بامبۇك تاۋاقلاردا ئاش ئېلىپ، چەينەك ـ چەينەك شارابلار بىلەن كۈتۈۋالدى. ساۋ ساۋ ساقال، چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان بىرقانچە مويسىپىتىنى كۆرۈپ، چېدىر ـ بارگاھقا چاقىرتىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە:

— ئاتا، قانچە ياشقا كىردىلە؟ — دەپ سورىدى بىر بوۋايدىن.

— ھەممىمىز 100 ياشقا يېقىنلىشىپ قالدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

— لەشكەرلىرىم يېزىلىرىنى پاراكەندە قىلدى، بۇنىڭدىن تولىمۇ بىئارامەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— خۈەن دى خان زامانىدا، — دېدى بوۋاي، — چۇ ۋە سۇڭ زېمىنلىرى تەۋەسىنىڭ ئاسمىنىدا يارقىن سېرىق يۇلتۇز

كۆرۈنگەنىدى، ئىلمىي نۇجۇمدىن خەۋىرى بولغان لياۋدۇڭلۇق يىن كۇي دېگەن زات سەپەر ئۈستىدە بۇ يەردە قونۇپ قالدى ۋە كەمسىنىلەرگە: «سىرىق يۇلتۇزنىڭ سامادا كۆرۈنۈپ دەل بۇ يەرنى يورۇتقانلىقى كەلگۈسى 50 يىل ئىچىدە خان بولىدىغان كىشىنىڭ لياڭ بىلەن پېيى زېمىنى ئارىسىدا چىقىدىغانلىقىغا دالالەتتۇر» دېگەنىدى. بۇنىڭغا بۇ يىل توپتوغرا 50 يىل بولدى. يۈەن شاۋ ئەلنى قاقشاتتى، شۇڭا ئەلنىڭ بەرى ئۇنىڭغا غەزەپلەنمەكتە. باش ۋەزىر جانابلىرى ھەق ۋە ئادالەت قوشۇنىنى باشلاپ، ئەلگە رەھىم قىلىپ، جىنايەتچىلەرنى جازالاۋاتىدىلا، گۇەندۇدىكى بىرلا جەڭ بىلەن يۈەن شاۋنىڭ 100 تۈمەن كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار كەلتۈردىلە، بۇ يىن كۇينىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىلغان سۆزىگە مەقبۇلدۇر، ئەمدى تۈمەن مىڭلىغان پۇقرا تىنچلىق - ئاسايىشلىققا مۇنتەزىردۇر.

— ئاتا! ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىدىكىدەك كىشى بولۇش لاياقىتىگە مۇشەررەپ ئەمەسمەن! — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاندىن كېيىن شاراب، ئوزۇق - تۈلۈك، يىپەك، زەرباب ماللار بىلەن قېرىلارنى تارتۇقلاپ يولغا سالدى ۋە پۈتۈن لەشكەرلەرگە: «ئەگەر يېزىلارغا بېرىپ ئاھالىنىڭ توخۇ - ئىتلىرىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر بولسا، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر قاتارىدا جازاغا تارتىلىدۇ» دەپ ئېلان چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەر چۆچۈپ، شۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى. ساۋ ساۋمۇ كۆڭلىدە خۇرسەن بولدى.

يۈەن شاۋنىڭ تۆت ئايماقتىن 20 — 30 تۈمەندەك لەشكەر توپلاپ، ساڭتىڭغا كېلىپ قارارگاھ تىككەن خەۋىرى كەلدى. ساۋ ساۋمۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئىلگىرىلەپ قارارگاھ تىكتى. ئەتىسى ئىككى قوشۇن قارىمۇقارشى تۇرۇپ سەپ تارتتى. ساۋ ساۋ ئۆز سەركەردىلىرى بىلەن سەپ ئالدىغا كەلدى، يۈەن شاۋمۇ ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوغلى، جىيەنى ۋە قەلەمدار ـ ئەلەمدار مەنسەپدارلىرى بىلەن سەپ ئالدىغا چىقتى.

— يۈەن شاۋ، تەدبىرىڭىز قالمىدى، كۈچىڭىز تۈگىدى، نېمە ئۈچۈن ئەل بولۇشنى ئويلىمايسىز؟ قىلىچ بويۇنغا قويۇلغاندا، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق بولۇپ قالىدۇ! — دېدى ساۋ ساۋ.

يۈەن شاۋ غەزەپلىنىپ سەركەردىلىرىگە قاراپ:

— كىم مەيدانغا چۈشەلەيدۇ؟ — دېدى.

يۈەن شاڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ قوش قىلىچىنى ئوينىتىپ ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا چۈشتى ۋە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئات قويۇپ نامايىش قىلدى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ سەركەردىلىرىدىن.

— يۈەن شاۋنىڭ كىچىك ئوغلى يۈەن شاڭ، — دېيىشتى بىلىدىغانلار.

سۆز تۈگىمەستىنلا بىر پالۋان نەيزىسىنى ئوينىتىپ مەيدانغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ شۈي خۇاڭنىڭ پالۋانى شى خۈەن ئىدى. ئىككى ئات روبىرو بولدى، تېخى ئۈچ رەددى بەدەل ئۆتمەستىنلا يۈەن شاڭ ئېتىنى يان تەرەپكە بۇراپ قاچتى، شى خۈەن قوغلاپ ماڭدى، يۈەن شاڭ كامانىنى توغرىلاپ ئارقىسىغا قارىتىپ ئاتتى، ئوق شى خۈەننىڭ سول كۆزىگە تەگدى ـ دە، ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى. ئوغلىنىڭ يەڭگەنلىكىنى كۆرگەن يۈەن شاۋ قامچىسىنى بىر شىلتىۋىدى، زور قوشۇن يوپۇرۇلۇپ كەلدى ـ دە، قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى، زور بىر قىرغىندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ جاڭ چېلىپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى.

ساۋ ساۋ سەركەردىلىرى بىلەن يۈەن شاۋنى تارمار قىلىش ئۈستىدە كېڭەشتى. كېڭەشتە چېڭ يۈي «ئون تەرەپلەپ لەشكىرىي يۇرۇش قىلىش» تەدبىرىنى تەقدىم قىلىپ، قوشۇننى دەرياغا قەدەر چېكىندۈرۈش، ئون بۆلەك لەشكەرنى يوشۇرۇپ

قويۇپ، ئاندىن يۈەن شاۋنى ئالداپ دەريا بويىغىچە قوغلاپ كېلىدىغان قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە:

— قوشۇنىمىز ئۇچۇن چېكىنىش يولى قالمىغاندا ئۇلار جان تىكىپ ئېلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۈەن شاۋنى يەڭگىلى بولىدۇ، — دېدى.

ساۋ ساۋ بۇ تەدبىرنى ماقۇل كۆرۈپ، ئوڭ ۋە سولغا بەشتىن قوشۇن ئاجراتتى. سول تەرەپ بىرىنچى قوشۇنغا شيا خۇدۇن، ئىككىنچى قوشۇنغا جاڭ لياۋ، ئۈچىنچى قوشۇنغا لى ديەن، تۆتىنچى قوشۇنغا يۆ جىن، بەشىنچى قوشۇنغا شيا خۇيۈەننى بەلگىلىدى؛ ئوڭ تەرەپ بىرىنچى قوشۇنغا ساۋ خۇڭ، ئىككىنچى قوشۇنغا جاڭ خې، ئۈچىنچى قوشۇنغا شۈي خۇاڭ، تۆتىنچى قوشۇنغا يۈي جىن، بەشىنچى قوشۇنغا گاۋ لەننى بەلگىلىدى. بارگاھ قوشۇنىدا شۈي چۇ تۇرشاۋۇل بولىدىغان بولدى. ئەتىسى، ئون قوشۇن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئوڭ ۋە سولغا يوشۇرۇندى. يېرىم كېچە بولغاندا، ساۋ ساۋ شۈي چۇنى لەشكەرلىرى بىلەن يالغاندىن قارارگاھ باسقىنى قىلىش قىياپىتىدە ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇدى. يۈەن شاۋنىڭ بەش قارارگاھىدىكى قوشۇنى تەڭلا كۆتۈرۈلدى. شۈي چۇ لەشكەرلىرى چېكىنىپ قاچتى. يۈەن شاۋ قوشۇنلىرى قوغلاپ كېلىۋەردى، سۈرەن - چۇقان توختىمىدى؛ تاڭ يورۇپ قالاي دېگەندە دەريا بويىغا قوغلاپ كەلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ يولى ئېتىلدى. ساۋ ساۋ توۋلاپ تۇرۇپ:

— ھەي يىگىتلەر، ئالدىڭلاردا يول يوق. نېمە ئۇچۇن جان تىكىپ شىددەتلىك جەڭ قىلمايسىلەر! ؟ — دەپ خىتاب قىلىۋىدى، لەشكەرلەر ئارقىلىرىغا قايتىپ غەيرەت ۋە شىددەت بىلەن جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. شۈي چۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا چاپتۇرۇپ قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئون نەچچە ياۋ پالۋىنىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. يۈەن شاۋ قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. يۈەن شاۋ دەرھال لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ تېز قاچتى، ئارقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قوغلاپ يېتىپ كەلدى. قېچىپ كېتىۋاتقاندا، دۇمباق ئاۋازى چىقىش بىلەن تەڭلا سولدىن شيا خۇيۇەن، ئوڭدىن گاۋ لەن قوشۇنلىرى چىقىپ چاپ - چاپقا ئۆتتى. يۈەن شاۋ ئۈچ ئوغلى ۋە جىيەنىنى يىغىپ جان تىكىپ ئېلىشقاندىن كېيىن بىر يول ئېچىپ قاچتى. يەنە ئون چاقىرىمچە ماڭغاندا، سولدىن يۆ جىن، ئوڭدىن يۈي جىن قوشۇنلىرى ئېتىلىپ چىقتى، يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنى شۇنداق قىرغىنن قىلدىكى، پۈتۈن دالا جەسەت بىلەن قاپلىنىپ، قان ئېرىق بولۇپ ئاقتى. يەنە بىرنەچچە چاقىرىمچە يۈرمەستىن، سولدىن لى ديەن، ئوڭدىن شۈي خۇاڭ قوشۇنلىرى چىقىپ بىر پەس قىرغىن قىلدى. يۈەن شاۋ ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىققۇدەك بولۇپ، ئارانلا كونا قارارگاھىغا يېتىۋالدى. ئاندىن لەشكەرلىرىنى تاماق ئېتىشكە بۇيرۇدى. بۇلار ئەمدى تاماق يېمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، سولدىن جاڭ لياۋ، ئوڭدىن جاڭ خې چىقىپ توپتوغرا قارارگاھقا بېسىپ كىرىشتى. يۈەن شاۋ ئالدىراپ - تەمتىرەپ ئېتىغا مىنىپ ساڭتىڭغا چاپتى. ئادەم ۋە ئۇلاغلار پۈتۈنلەي ھېرىپ كاردىن چىققانلىقتىن، ئازراق دەم ئالماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئارقىدىن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قوغلاپ كەلدى، يۈەن شاۋ جېنىنى قولىغا ئېلىپ قاچتى. قېچىپ كېتىۋاتقىنىدا ئوڭدىن ساۋ خۇڭ، سولدىن شيا خۇدۇن چىقىپ يولنى توسۇۋالدى. بۇ چاغدا يۈەن شاۋ:

— ئەمدى جان تىكىپ ئېلىشمىساق تىرىك قولغا چۈشۈپ كېتىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ، جان - جەھلى بىلەن تۇتۇشۇپ، ئاخىر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. يۈەن شى بىلەن گاۋ گەن ئوقيا ئوقىدا يارىلاندى. لەشكەرلەر تامامەن دېگۈدەك قىرىلىپ كەتتى. يۈەن شاۋ ئۈچ ئوغلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ پۇخادىن چىققۇچە بىر يىغلىۋالدى ۋە ئىختىيارسىز ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. قالغانلار جىددىي

قوتقۇزۇشقا كىرىشىپ ھوشىغا كەلتۈرۈۋالدى، لېكىن يۈەن شاۋنىڭ ئاغزىدىن قان كېلىپ توختىمىدى. يۈەن شاۋ ھەسرەت چېكىپ:

— مەن بىرنەچچە ئون مەيدان جەڭ قىلىپ، مۇنداق شەرمەندە ئاقىۋەتكە قېلىشىمنى ئويلىمىغانىدىم! بۇ تەڭرىنىڭ ماڭا ھالاكەت ئاتا قىلغانلىقى! سىلەر ئۆز ئايماقلىرىڭلارغا قايتىڭلار، مۇناپىق ساۋ ساۋ بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ قەتئىي ئېلىشىشقا بەل باغلاڭلار! — دېدى.

ئاندىن ئۇ ساۋ ساۋ يۈرت پاسىلىمىزغا باستۇرۇپ كىرەرمىكىن دېگەن ئەندىشىدە شىن پىڭ بىلەن گو تۇنى يۈەن تەن بىلەن تېزلىكتە چىڭجۇغا بېرىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇدى؛ يۈەن شىنى يۇجوغا، گاۋ گەننى بىڭجوغا قايتىشقا ۋە لەشكەر يىغىپ تەخلىنىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. يۈەن شاۋ ئۆزى يۈەن شاڭ قاتارلىقلار بىلەن كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن جىجۇغا قايتتى، لەشكىرىي ھوقۇقنى ۋاقىتلىق يۈەن شاڭ، شېن پېي، فېڭ جىلارغا تاپشۇردى.

ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇ ساڭتىڭدا زەپەر قۇچقانلىقتىن، ئۈچ قوشۇننى ياخشى تارتۇقلىدى؛ جىجۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن پايلاقچى ئەۋەتتى. پايلاقچىلار قايتىپ كېلىپ:

— يۈەن شاۋ ئاغرىپ يېتىپتۇ، يۈەن شاڭ، شېن پېيلار شەھەرنى مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلىۋېتىپتۇ؛ يۈەن تەن، يۈەن شى، گاۋ گەنلەر ئۆز ئايماقلىرىغا قايتىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلىشتى.

ھەممەيلەن ساۋ ساۋنى تېز تېگىش قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

— جىجۇنىڭ ئاشلىقى ناھايىتى مول، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېن پېي تەدبىرلىك ئادەم، ئالدىراپ تېگىش قىلغىلى بولمايدۇ. ئەلھال زىرائەتلەر تېخى ئېتىزلىقتا، خەلقنىڭ ئەمگىكى زايە بولۇپ كېتەرمىكىن، كۈزلۈك ھوسۇلدىن كېيىن ئاندىن

ھەربىكەت قىلساقمۇ كەچلىك قىلماس، — دېدى ساۋ ساۋ.
كېچەش ئۇستىگە توساتتىن شۇن يۈيىنىڭ خېتى كېلىپ قالدى، خەتتە: «لىيۇ بېي رۇنەندە لىيۇ بى، گۇڭ دۇلارنىڭ بىرنەچچە تۈمەن لەشكىرىگە ئىگە بولدى. ئۇ ۋەزىر جانابلىرىنىڭ خېبىيگە يۈرۈش قىلغان ۋاقتلىرىدىن پايدىلىنىپ، لىيۇ بىنى رۇنەننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى لەشكەر باشلاپ شۈيچاڭغا تېگىش قىلماق بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ۋەزىر جانابلىرى لەشكەرلەرنى تېز قايتۇرۇپ مۇداپىئە كۆرسىلە» دېيىلگەنىكەن.
ساۋ ساۋ خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى چۆچۈدى، قۇرۇق پوپۇزا قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ساۋ خۇڭنى لەشكەرلىرى بىلەن دەريا بويىغا ئورۇنلاشتۇردى، ساۋ ساۋنىڭ شەخسەن ئۆزى لىيۇ بېيغا قارشى چوڭ قوشۇن باشلاپ رۇنەنگە قاراپ راۋان بولدى.
ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. لىيۇ بېي گۇەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەر بىلەن لەشكەر باشلاپ شۈيچاڭغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن مېڭىپ، راڭشەن تېغىغا ئاز قالغاندا، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىگە يولۇقۇپ قالدى ـ دە، راڭشەن تېغى ئېتىكىگە قارارگاھ تىكتى. ئۇ لەشكەرلىرىنى ئۈچكە بۆلدى: گۇەن يۈي لەشكەرلىرى كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپكە، جاڭ فېي لەشكەرلىرى كۈنپېتىش تۆۋەن تەرەپكە ئورۇنلاشتى. لىيۇ بېي جاۋ يۈن بىلەن تۆۋەن تەرەپكە قارارگاھ تىكتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە لىيۇ بېي دۇمباقلىرىنى چېلىپ سەپ ئالدىغا چىقتى. ساۋ ساۋ سەپ تۈزۈپ، ئاندىن لىيۇ بېينى سۆزگە چاقىردى. لىيۇ بېيمۇ ئاتلىق ئۆزىنىڭ نىشان تۇغىنىڭ ئاستىغا كەلدى.
— مەن سېنى ئىززەتلىك مېھمان قاتارىدا قەدىرلەپ كۈتكەنىدىم، نېمە ئۈچۈن ئىلتىپاتنى ئۇنتۇپ، تۇزكورلۇق قىلىسەن؟ — دەپ تىللىدى ساۋ ساۋ قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ.
— سەن نامدا خەن ۋەزىرى بولساڭمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەل

خائىنسەن! مەن خەن خاندانلىقىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بولىمەن، خاننىڭ مەخپىي پەرمانى بويىچە سەن مۇناپىقنى جازالىغىلى كەلدىم، — دەپ خاننىڭ كىيىم، كەمىرى بىلەن چىقارغان پەرمانىنى ئات ئۈستىدە يادقا ئوقۇپ بەردى ليۇ بېي.

ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ شۈي چۇنى جەڭگە چىقاردى. ليۇ بېينىڭ ئارقىسىدا تۇرغان جاۋ يۈن نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئات سېلىپ چىقتى. ئىككى پالۋان روبىرو بولۇپ 30 رەددى بەدەل ئېلىشقان بولسىمۇ، تەڭ كېلىشىپ قالدى. ئۈشتۈمتۇتلا سۈرەن ـ چۇقان سېلىپ كۆنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىن گۇەن يۈي، كۈنپېتىش تۆۋەن تەرەپتىن جاڭ فېي لەشكەرلىرى بىلەن بۆسۈپ كەلدى. ئۇلار ئۈچ تەرەپلەپ باراۋەرلا چاپ ـ چاپقا چۈشتى. ساۋ ساۋ قوشۇنى يىراقتىن ھېرىپ كەلگەچكە، بەرداشلىق بېرەلمەي، قاتتىق يېڭىلىپ قاچتى. ليۇ بېيمۇ زەپەر قۇچۇپ ئۆز قارارگاھىغا قايتتى.

ئەتىسى جاۋ يۈننى ياۋنى جەڭگە ئۈندەشكە چىقاردى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئون كۈنگىچە جەڭگە چىقمىدى. ليۇ بېي جاڭ فېينى جەڭگە ئۈندەشكە چىقاردى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يەنىلا چىققىلى ئۇنىمىدى. ليۇ بېي گۇمانغا چۈشتى. توساتتىن ئوزۇق ـ تۈلۈك تەمىنات ئېلىپ كېلىۋاتقان گۇڭ دۇنىڭ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى، ليۇ بېي جىددىي بېرىپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جاڭ فېينى ئەۋەتتى. يەنە شيا خۇدۇننىڭ ئارقىدىن ئۆتۈپ رۇنەننى ئېلىشقا كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ليۇ بېي ئىنتايىن ھودۇقۇپ:

— مۇنداق بولغان تەقدىردە، مېنىڭ ئالدى ـ كەينىم ياۋ لەشكەرلىرى بولۇپ، قايتىدىغان يېرىم قالمايدىغۇ! — دېدى ـ دە، شۈئان رۇنەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن گۇەن يۈينى تېز بېرىشقا بۇيرۇدى. ھەر ئىككى قوشۇن يولغا راۋان بولدى. بىر كۈن ئۆتمەستىنلا چاپارمەنلەر كېلىپ شيا خۇدۇننىڭ رۇنەننى

www.uyghurkitap.com

ئالغانلىقى، ليۇ بېينىڭ شەھەرنى تاشلاپ قاچقانلىقى، گۇەن يۈينىڭ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي ناھايىتى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە يەنە گۇڭ دۈنى خالاس قىلغىلى كەتكەن جاڭ فېينىڭمۇ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى تېز قايتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ تېگىشىدىن قورقتى. شۇنداق بىر پەيتتە قارارگاھ تېشىدا شۇي شۇنىڭ جەڭگە ئۈندەۋاتقانلىقى مەلۇم قىلىندى. ليۇ بېي چىقىپ جەڭ قىلىشقا پېتىنالمىدى، تاڭ ئاتار ۋاقتىدا لەشكەرلىرىنى ياخشى تويۇندۇرۇپ، ئالدىن پىيادە لەشكەرلەرنى، ئارقىدىن ئاتلىق لەشكەرلەرنى يولغا سالدى، قارارگاھ ئىچىدە ئادەم باردەك كۆرسىتىش ئۈچۈن تاكتاك ئۇرغۇزدى. ليۇ بېيلار قارارگاھتىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى ـ دە، بىرنەچچە چاقىرىمچە مېڭىپ بىر توپا تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە، پۈتۈن ئەتراپنى ئوتقاش يورۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، تاغ ئۈستىدە: «ليۇ بېينى قاچۇرۇپ قويماڭلار! باش ۋەزىر بۇ يەردە مەخسۇس كۈتۈپ تۇرۇپتۇ!» دېگەن ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى. ليۇ بېي ھودۇقۇپ قېچىشقا يول ئىزدىدى.

— جانابىي تەقسىر، غەم قىلمىسىلا! ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋەرسىلە، — دېدى جاۋ يۈن ۋە نەيزىسىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈپ، ئات سۈرۈپ قىرغىن بىلەن يول ئاچتى، ليۇ بېيمۇ قوش بىسلىق جۈپ شەمشىرىنى ئويىنىتىپ ئارقىدىن ماڭدى. دەل جەڭ ئۈستىگە شۇي چۇ قوغلاپ كېلىپ قالدى ـ دە، جاۋ يۈن بىلەن كۈچەپ ئېلىشقىلى تۇردى. ئارقا تەرەپتىن يۈي جىن بىلەن لى ديەنمۇ كېلىپ قالدى. ليۇ بېي ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ، يولنىڭ ئوي ـ دۆڭنىمۇ ئىلغىماي قاچتى، قىرغىن ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاشقاندىن كېيىن، ليۇ بېي تاغ

قاپتاللىرى ئىچىدە يەككە ئاتلىق بولۇپ جىنىنى ئېلىپ قاچتى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا، يان تەرەپتىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ كەلدى. ليۇ بېي قاتتىق چۆچۈپ نەزەر سالدى، بۇ يېڭىلگەن 1000 دىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكىرى بىلەن ليۇ بېينىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ليۇ بى ئىكەن؛ سۇن چيەن، جيەن يۇڭ، مى فاڭلارمۇ يېتىپ كېلىشتى ۋە:

— شيا خۇدۇننىڭ لەشكەرلىرى كۈچلۈك ئىكەن، شۇڭلاشقا شەھەرنى تاشلاپ قاچتۇق، ساۋ ساۋ لەشكەرلىـــرى قوغلاپ كېلىـۋىدى، بەختكە يارىشا، گۇەن يۈي يېتـــىپ كېلـــىپ توسۇۋالغانلىقتىن ئاران قۇتۇلۇپ چىقتۇق، — دېدى.

— گۇەن يۈي ھازىر قەيەردىدۇ؟ — دېدى ليۇ بېي.

— سەركەردە جانابلىرى، ھازىرچە مېڭىپ تۇرايلى، بۇ كېيىن مەلۇم بولار، — دېدى ليۇ بېي.

بۇلار ئەمدىلا بىرنەچچە چاقىرىم يول مېڭىشىغا، دۇمباق ئاۋازىنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ ئالدى تەرەپتىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ كەلدى. قوشۇننىڭ ئالدىدىكى پالۋان جاڭ خې ئىدى.

— ليۇ بېي، تېز ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بول! — دەپ توۋلىدى جاڭ خې.

ليۇ بېي ئەمدى ئارقىغا چېكىنەي دەپ تۇرۇشىغا، تاغ ئۈستىدە قىزىل ئەلەمنىڭ ئايلىنىپ بەلگە بېرىشى بىلەن بىر توپ لەشكەر تاغ جىراسى ئىچىدىن چىقىپ كەلدى، ئالدىدىكى پالۋان گاۋ لەن ئىدى. ليۇ بېي ئۆچۈن ئىككىلا تەرەپنىڭ يولـــى ئېتىلگەنىدى. چارىســـىز قالغان ليۇ بېي ئاسمانغا قاراپ: «يارەببىم! مېنى نېمانچىۋالا مۇشكۈل ھالەتكە تاشلايسەن! ئەمدى ئىش بۇ يەرگە يەتتى، ئۆلگىنىم ياخشى!» دەپ نالە قىلىپ، شەمشىرىنى ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

— مەن جان تىكىپ جەڭ قىلىپ، يول ئېچىپ سىلىنى قۇتقۇزىمەن! — دېدى ليۇ بى دەرھال ليۇ بېينى تۇتۇۋېلىپ ۋە

سۆزىنى تۈگىتىپلا چىقىپ گاۋ لەن بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. ئۈچ رەددى بەدەل ئۆتمەستىنلا، گاۋ لەن ليۇ بىننى قىلىچلاپ ئات ئاستىغا چۈشۈردى. ليۇ بېي ئالاقزادە بولۇپ، ئۆزى جەڭگە چىقماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، گاۋ لەن قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپى ئۆزلۈكىدىن پاتىپاراقلىشىپ كەتتى. بىر پالۋان سەپ يېرىپ كېلىپ نەيزىسىنى كۆتۈرۈش بىلەن گاۋ لەن ئاتتىن موللاقلاپ چۈشتى. بۇ جاۋ يۈن ئىدى. ليۇ بېي ئۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. جاۋ يۈن ئات چاپتۇرۇپ، نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئارقا قوشۇننى قوغلاپ تارمار قىلىۋەتتى، ئاندىن ئالدىنقى سەپكە كېلىپ جاڭ خې بىلەن يەككە ئېلىشتى. جاڭ خې جاۋ يۈن بىلەن ئوتتۇز نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، تەڭ كېلەلمەي ئېتىنى بۇراپ قاچتى. جاۋ يۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاپ ـ چاپ قىلىپ ماڭدى، جاڭ خېنىڭ لەشكەرلىرى ئۆتكەلنى قاتتىق ساقلاپ تۇرۇۋالدى، يول تار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يول تالىشىش جېڭى بولۇۋاتقاندا، گۇەن يۈي، گۇەن پىڭ، جۇ ساڭلار 300 لەشكەر بىلەن كېلىپ قالدى. ئىككى تەرەپتىن ئارىغا ئېلىپ قىلىنغان ھۇجۇم نەتىجىسىدە جاڭ خې چېكىنىدۇرۇلۇپ، ھەممەيلەن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، تاغنىڭ مۇھىم يەرلىرىنى ئىگىلەپ قارارگاھ تىكتى.

ليۇ بېي جاڭ فېيىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن گۇەن يۈينى ئەۋەتتى.

جاڭ فېي ئەسلىدە گۇڭ دۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىققان بولسىمۇ، گۇڭ دۇ بۇ چاغدا شيا خويۇەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى؛ جاڭ فېي غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ شيا خويۇەننى چېكىنىدۇرۇپ، ئىزىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندا، يۈ جىن لەشكەرلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى.

گۇەن يۈي يول ئۈستىدە يىغىلغان لەشكەرلەرگە ئۇچراپ سۈرۈشتە قىلغاندىن كېيىن، بېرىپ يۈ جىن لەشكەرلىرىنى

قىرغىن قىلىپ چېكىندۈرۈپ، جاڭ فېينى خالاس قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قايتىپ بېرىپ لىيۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى. بۇ چاغدا ئادەملەر ساۋ ساۋنىڭ زور قوشۇن بىلەن قوغلاپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. لىيۇ بېي بالا - چاقا، قېرى - زەئىپلەرنى سۇن چيەنگە ھاۋالە قىلىپ، ئاندىن يولغا سېلىپ، ئۆزى گۇەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەر بىلەن ئارقىدا قېلىپ ئۇرۇشا - ئۇرۇشا چېكىندى. ساۋ ساۋ لىيۇ بېينىڭ يىراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى يىغىۋېلىپ قوغلىمىدى.

لىيۇ بېينىڭ يېڭىلگەندىن كېيىن قالغان لەشكەرلىرى 1000 غا يەتمەيتتى، بۇلار ۋەتۆەركى چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىغا بىر دەريا ئۇچرىدى، يەرلىك خەلقتىن سۈرۈشتە قىلىپ، بۇنىڭ خەنجياڭ دەرياسى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. لىيۇ بېي بۇ يەردە ۋاقىتلىق قارارگاھ تىكتى. يەرلىك خەلق ئۇنىڭ لىيۇ بېي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قوي، شاراب تەقدىم قىلدى. بۇلار سايدا مەيۋازلىق قىلىشتى.

— ھەر بىرىڭلار خانغا ياردەم بېرىش تالانتىغا ئىگە كىشىلەرسىلەر، — دېدى لىيۇ بېي ھەسرەت چېكىپ، — بەختكە قارشى مەن لىيۇ بېي بىلەن بىرگە بولۇپ قالدىڭلار. مېنىڭ تەلىيىم كاج بولغاچقا، سىلەرنىمۇ ئاۋارە قىلىپ يۈرۈپتىمەن، ئەلھال ئالىقانچىلىك يېرىمىز يوق. ھەربىرىڭلارنىڭ ئىستىقبالىغا زامىن بولماي دەيمەن. سىلەر نېمە ئۈچۈن مېنى تاشلاپ، بىرەر دانا خوجايىنىنىڭ پاناھىغا سېغىنىپ، خىزمەت يەتكۈزۈپ مەرتىۋىگە ئېرىشىش يولىنى قىلمايسىلەر؟

ھەممە يۈزلىرىنى ئېتىپ يىغلاشتى.

— ئاغا! سىلى يېڭىلىشىۋاتىدىلا، — دېدى گۇەن يۈي، — ئۆتمۈشتە گاۋزۇ شياڭ يۈي بىلەن ئەلنى تالاشقاندا، بىرنەچچە قېتىم شياڭ يۈي تەرىپىدىن يېڭىلگەنىدى، كېيىن جيۇلىشەندىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر مەيدان جەڭدە زەپەر قۇچۇپ، 400 يىل داۋام ئەتكەن خاندانلىق ئۈچۈن ئاساس سالغانىدى. يىغىش - يىغلىش ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش، قانداقمۇ ئىرادىنى بوشاشتۇرۇشقا بولسۇن!

— يىغىشىنىڭمۇ، يىغلىشىنىڭمۇ ئۆز ۋاقتى - قەرەلى بولىدۇ، ئىرادىنى يوقىتىشقا بولمايدۇ. جىڭجۇ بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس. ليۇ بياۋ توققۇز ئايماقنى ئىدارە قىلىۋاتىدۇ، لەشكىرى كۈچلۈك، ئاشلىقى مول، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇمۇ جانابلىرىغا ئوخشاشلا خەن خاندانلىقىنىڭ ئۇرۇق - نەسەبىدىن. نېمىشقا ئۇنىڭدىن پاناھ تىلىمەيمىز؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى سۇن چيەن.

— قوبۇل قىلماسمىكىن دەيمەن؟ — دېدى ليۇ بېي.

— مەن ئاۋۋال بىرىپ ئۇنى قايىل قىلاي، ئۆز تەۋەسىدىن چىقىپ ئىستىقباللىرىغا ئېلىپ چىقىمەن، — دېدى سۇن چيەن.

ليۇ بېي ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، سۇن چيەننى كېچىلەپ جىڭجۇغا بىرىشقا بۇيرۇدى. سۇن چيەن جىڭجۇغا بىرىپ، ليۇ بياۋ بىلەن كۆرۈشتى. سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن:

— جانابلىرى، ليۇ بېي بىلەن بىرگە ئىدىلە، بۇ يەرگە نە سەۋەبتىن كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى ليۇ بياۋ.

— هاكىم ليۇ بېي ئېلىمىزدىكى قەھرىمانلاردىندۇر، گەرچە لەشكەر، پالۋانلىرى ئاز بولسىمۇ، خاندانلىققا خىزمەت يەتكۈزۈش ئىرادىسى كۈچلۈك؛ رۇنەندىكى ليۇ بى، گۇڭ دۇلار تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ئۇنى ئۆلگۈچە ھمايە قىلدى. جانابلىرى هاكىم جانابلىرى بىلەن نەسەب جەھەتتىن خەن خاندانلىقىغا مەنسۇپ بولۇشىدىلا؛ هالا هاكىم ليۇ بېي يىغىدىن يىغىلدى، شۇڭلاشقا جياڭدۇڭغا بىرىپ سۇن چۈەندىن پاناھ تىلىمەكچى بولۇۋىدى، كەمىنىلىرى سۇن چيەن «تۇغقاننى تاشلاپ ياتقا بىرىش يارىمايدۇ. جىڭجۇدىكى سەركەردە ليۇ بياۋ جانابلىرى

دانىشمەن كىشىلەرنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ، شۇڭا، بارلىق مەشھۇر كىشىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلسا خۇددى دەريا سۈيى كۆنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئاققاندەك ئىش بولىدۇ. ئۇ سىلىنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىغۇ، ئاخىر؟ » دېۋىدىم، ھاكىم جانابلىرى ئاندىن مېنى سالام بېرىپ، سۆزلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، زات ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قاراشلىق بىز! — دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى سۇن چيەن.

ليۇ بياۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ:

— ليۇ بېي مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ، ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئەمما كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىدى. بۈگۈن ئىلتىپات قىلىپ كەپتۇ، بۇ بولسىمۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ بەختىمدۇر! — دېدى ليۇ بياۋ.

— ياق بولمايدۇ. ليۇ بېي دەسلەپ لۈي بۇغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ساۋ ساۋغا خىزمەت قىلدى، بۇ يېقىندا يۈەن شاۋدىن پاناھ تىلىدى. ھېچقايسىسىدا ئاخىرغىچە بولالمىدى. بۇنىڭدىن بۇ ئادەمنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەر بۈگۈن قوبۇل قىلىدىكەنمىز، ساۋ ساۋ چوقۇم بىزگە قارشى ئاتلىنىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا بىھۇدە جەڭگى - جېرا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە سۇن چيەننىڭ بېشىنى ئېلىپ ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلساق، ساۋ ساۋ جانابىي تەقسىرگە چوقۇم چوڭ ئىلتىپاتتا بولىدۇ، — دەپ چېقىمچىلىق قىلدى سەي ماۋ.

— مەن سۇن چيەن ئۆلۈمدىن قورقىدىغان ئادەم ئەمەسمەن. ھاكىم ليۇ بېي ئەلگە سادىق بولۇپ، ساۋ ساۋ، يۈەن شاۋ، لۈي بۇغا ئوخشاشلاردىن ئەمەس. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشى ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن بولغانىدى. بۈگۈن سەركەردە ليۇ بياۋ جانابلىرى خەن خاندانلىقىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى بولغاچقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىق ئۈچۈنلا مىڭلارچە چاقىرىم يىراقلىقتىن پاناھ تىلەپ كېلىۋاتىدۇ. سىلى نېمانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ياخشىلارنى كۆرەلمەيدىلا! — دېدى سۇن چيەن تەرنى ھېچ بوزماستىن.

— مېنىڭ قارارىم قارار، سىز تولا بىلجىرلىماڭ! — دەپ سەي ماۋغا كايىدى ليۇ بياۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ.

سەي ماۋ خىجالەتچىلىكتە چىقىپ كەتتى. ليۇ بياۋ ليۇ بېيغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سۇن چيەننى يولغا سالدى - دە، ئۆزى شەھەردىن 30 چاقىرىم يىراقلىققا ئىستىقبال قىلىپ چىقتى. ليۇ بېي ليۇ بياۋنى كۆرۈپ ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن سالام قىلدى. ليۇ بياۋمۇ ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. ليۇ بېي گۇەن يۈي، جاڭ فېي قاتارلىق باشلىقلارنى ليۇ بياۋ بىلەن كۆرۈشتۈردى. ليۇ بياۋ بۇلارنى جىڭجۇغا باشلاپ كىرىپ، ئايرىم تۇرالغۇ جاي، چۇشكۇنخانىلار ئاجرىتىپ ئورۇنلاشتۇردى.

ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇ ليۇ بېينىڭ جىڭجۇغا بېرىپ، ليۇ بياۋدىن پاناھ تىلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، لەشكەر تارتىپ تېگىش قىلماقچى بولدى.

— يۈەن شاۋ تېخى ئوتتۇرىدىن چىقىرىلماي تۇرۇپلا، جىڭجۇ، شياڭچېڭلارغا تېگىش قىلساق، ناۋادا يۈەن شاۋ ئۈستۈن تەرەپتىن تۇتۇش قىلسا، ئۇنداقتا يېڭىش - يېڭىلىش نامەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە لەشكەرلىرىمىزنى شۇيچاڭغا قايتۇرۇپ، كۈچ توپلاپ ماغدۇرىمىزغا كېلىۋالايلى - دە، كېلەر يىلى باھاردا يەر - جاھان ئىللىغاندا، ئالدى بىلەن يۈەن شاۋ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ، ئۇنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، جىڭشياڭنى ئېلىشىمىز لازىم. مۇنداق بولغاندا، ئاستىن - ئۈستۈن ئىككى تەرەپلەپ مەنپەئەتنى بىرلا ھەرىكەتتە قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى چېڭ يۈي.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ، لەشكەرلىرىنى پايتەخت — شۇيچاڭغا قايتۇردى. جيەنئەننىڭ 7 - يىلى 1 -

ئايدا، ساۋ ساۋ يەنە لەشكىرىي يۈرۈش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئالدى بىلەن شيا خۇدۇن بىلەن مەن چۇڭنى ليۇ بياۋغا قارشى تۇرۇپ، رۇنەننى ساقلاشقا ئەۋەتتى؛ ساۋرېن بىلەن شۇن يۈينى شۈيچاڭنى ساقلاشقا قالدۇردى، ئۆزى چوڭ قوشۇن باشلاپ گۇەندۇغا بېرىپ قارارگاھ قۇردى.

يۈەن شاۋغا كەلسەك، ئۇ بۇلتۇرقى ئاغرىقى بىلەن قان تۈكۈرۈشى بىرئاز ئوڭلانغاندىن كېيىن، ئەمدى شۈيچاڭغا تېگىش قىلماقچى بولۇپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەشتە شېن پېي:

— بۇنىڭدىن مۇقەددەم گۇەندۇ بىلەن ساڭتىڭدىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرىمىزدىن كېيىن، لەشكەرلىرىمىزنىڭ روھىي ھالىتى تېخى جانلانغىنى يوق؛ ھازىرچە مۇستەھكەم مۇداپىئە كۆرۈپ، پۇقرا ۋە لەشكەرلىرىمىزنى ماغدۇرىغا كەلتۈرۈۋالايلى، — دەپ پىكىر بەردى.

دەل مەسلىھەتنىڭ ئۈستىگە ساۋ ساۋنىڭ جىجۇغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ گۇەندۇغا چۈشكەن خەۋىرى كەلدى.

— ياۋ لەشكەرلىرىنى شەھەر خەندىكى ۋە سېپىل تۈۋىگە كەلگىنىگە قەدەر كۈتۈپ، ئاندىن قارشى چىققان بىلەن ئىش قولدىن كېتىپ قالىدۇ. ئۆزۈم چوڭ قوشۇن باشلاپ چىقىپ ئېلىشىمەن، — دېدى يۈەن شاۋ.

— ئاتا، ئۆزلىرىنىڭ كېسەللىرى تېخى سەللىمازا بولۇپ كەتكىنى يوق، بىراق سەپەرگە چىقىشلىرى مۇمكىن ئەمەس. كەمىنە پەرزەنتلىرى ياۋغا قارشى قوشۇن باشلاپ چىقاي، — دەپ ئىجازەت سورىدى يۈەن شاڭ.

يۈەن شاۋ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى، ئاندىن ساۋ ساۋنى تارمار كەلتۈرۈشكە تۆت تەرەپلەپ يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن چىڭجۇدىن يۈەن تەننى، يۇجۇدىن يۈەن شىنى، بىڭجۇدىن گاۋ گەننى چاقىرىشقا كىشى ئەۋەتتى. ھەيھات:

www.uyghurkitap.com

*جەڭ دۇمبىقى ئەمدىلا چېلىنغانتى رۇنەنگە،*
*جىبىي ناغرىسى يەنە قوزغىتۇەتتى سەپەرگە.*

بۇ جەڭدە كىم يېڭىپ، كىم يېڭىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## يۈەن شاڭنىڭ جىجۇنى ئېلىپ ئۈستۈنلۈك تالاشقانلىقى
## شۈي يۈنىڭ جاڭخې دەرياسىنىڭ يارىنى بۇزۇش تەدبىرى تەقدىم قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، يۈەن شاڭ شى خۈەننى ئۆلتۈرگىنىدىن كېيىن، ئۆزىنى جەسۇر ـ غەيۇر ھېسابلاپ، ئاغىلىرى يۈەن تەنلەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەستىنلا، ئۆزى بىرنەچچە تۈمەن لەشكەر باشلاپ لىياڭغا بېرىپ، ساۋ ساۋنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتى. جاڭ لياۋ ئالدىن مەيدانغا ئات سېلىپ چۇشتى، يۈەن شاڭمۇ نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئېتىلدى، ئۈچ رەددى بەدەل ئۆتمەستىنلا، يۈەن شاڭ تەڭ كېلەلمەي قاتتىق يېڭىلىپ قاچتى. جاڭ لياۋ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي چاپ ـ چاپ قىلدى، يۈەن شاڭ قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي، ئاخىر لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ جىجۇغا قېچىپ كېلىۋالدى. يۈەن شاڭنىڭ يېڭىلىپ قايتقان خەۋىرى يۈەن شاۋغا قاتتىق تەسىر قىلدى ـ دە، كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ قالدى، نۇرغۇن قان قۇسۇپ، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى. ليۇ خېنىم ئۇنى دەرھال ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزدى، ئۇنىڭ كېسىلى بارا ـ بارا ئېغىرلاشتى. ليۇ خېنىم ئالدىراشلىق بىلەن شېن پېي، فېڭ جىلارنى يۈەن شاۋنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا چاقىرتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرەتلىك ئىشلار ھەققىدە كېڭەش قىلدى. يۈەن شاۋ تىلدىن قالغانلىقتىن قولى بىلەن ئىشارەتلا قىلاتتى.

— يۈەن شاۋ ۋارىسلىرى بولىسا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى لىيۇ خېنىم.

يۈەن شاۋ بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىق قىلدى.

شېن پېي يۈەن شاۋنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ۋەسىيەت يازدى. يۈەن شاۋ ئورنىدىن ئۆرۈلۈپ قاتتىق بىر تۇۋلىدى ـ دە، يەنە نۇرغۇن قان قۇسۇپ ۋاپات بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىن ئەل ئارىسىدا تۆۋەندىكى نەزمە چىققان:

*بەگ ۋەزىر بولغاندا چىقتى نامى مەشھۇر دەر جاھان،*
*ھەم يىگىتلىك ۋاقتىدا بولغان ئۆزى بەگ، ئۆزى خان.*
*ئۇ قۇرۇق چاقماق بىلەن 3000 چېۋەرنى جەم قىلىپ،*
*100 تۈمەنلەپ پەھلىۋان — باتۇر قوشۇننى توپلىغان.*

*قوي ئەگەر ئورالسا يولۋاس تېرىسىگە يەنە قوي،*
*گەر توخۇي سۈمۈرغ بولۇپ كەتسىمۇ ئۇ يەنە توخۇي.*
*شۇ ئىدىكى ئېچىنىشلىق ئەلا ئېغىر ئەھۋال بىراق،*
*ئاغا ـ ئىنى جېڭى بىرلەن خانىۋەيران بولدى ئۆي.*

يۈەن شاۋ ئۆلگەندىن كېيىن، شېن پېيلار ماتەم ـ دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇردى. لىيۇ خېنىم يۈەن شاۋنىڭ باشقا بەش كىچىك خوتۇنىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرگۈزدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرۋاھلىرىنىڭ ئۇ ئالەمدە يۈەن شاۋنىڭ ئەرۋاھى بىلەن كۆرۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، چاچلىرىنى يۇلغۇزدى، يۈزلىرىگە يىڭنە سانجىتىپ، جەسەتلىرىنى پارچىلاتتۇرۇۋەتتى، دېمەك، بۇ خوتۇننىڭ كۈنچىلىكتىكى زەھەرلىكى چېكىدىن ئاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۈەن شاۋ ئۆلتۈرۈلگەن كىچىك خوتۇنلارنىڭ ئائىلە ـ تەۋەلىرىنىڭ قىساس ئېلىشلىرىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ

ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شېن پېي بىلەن فېڭ جى يۈەن شاڭنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ تىكلەپ، جىجۇ، چىڭجۇ، يۈجۇ، بىڭجۇ تۆت ئايماقنىڭ پاسىبانى دەپ جاكارلاپ، خاس ئەلچىلەر بىلەن ماتەم ـ دەپنە ئىشىنى مەلۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا يۈەن تەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چىڭجۇدىن ئايرىلغانىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلاپ گو تۇ، شىن پىڭلار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— سىلىنىڭ جىجۇدا يوقلۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، شېن پېي، فېڭ جىلار چوقۇم يۈەن شاڭنى باشلىق قىلىپ تىكلىشىدۇ. شۇڭا، يۈرۈشنى تېزلىتىشىمىز لازىم، — دېدى گو تۇ.

— شېن پېي بىلەن فېڭ جىنىڭ، — دېدى شىن پىڭ، — ئالدىن تەدبىر كۆرۈپ قويغانلىقى چوقۇم. ئەگەر بۇگۈن ئالدىراپ بېرىپ قويساق، جەزمەن ئۇلارنىڭ بالاسىغا يولۇقىمىز.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى يۈەن تەن.

— لەشكەرلەر بىلەن شەھەر تېشىغا ئورۇنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ بېقىش كېرەك. مەن ئالدى بىلەن كىرىپ كۆزىتىپ چىقاي! — دېدى گو تۇ.

يۈەن تەن ماقۇل بولدى. گو تۇ شۇئان جىجۇغا كىرىپ، يۈەن شاڭ بىلەن كۆرۈشتى. تەزىم ـ تەۋەززۇلارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن:

— ئاغام نېمىشقا كىرمىدى؟ — دەپ سورىدى يۈەن شاڭ.

— قوشۇندا سالامەتلىكى يوق بولۇپ قېلىپ، كۆرۈشۈشكە كىرەلمىدى، — دېدى گو تۇ.

— مەن ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئىگىدارچىلىقنى قولۇمغا ئالدىم، ئاغامنى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلىدۇق. ھازىر ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى تەۋەيىمىزگە بېسىپ كىردى، ئاغام مەرھەمەت قىلىپ تۆرشاۋۇل قوشۇن بولسۇن، مەن ئارقىدىن لەشكەرلەرنى ئېلىپ ھەمدەمگە چىقىمەن، — دېدى

يۈەن شاڭ.

— قوشۇندا ياخشى تەدبىر كۆرسىتىدىغان كىشى يوق، شىبىن پىي بىلەن فېڭ جى ئىككىيلەننىڭ ھەمدەملىشىشىنى سورايمەن.

— ماڭىمۇ بۇ ئىككىيلەننىڭ كېڭەش بېرىپ تۇرۇشى زۆرۈر. بۇلاردىن قانداق ئايرىلالايمەن؟

— ئۇنداق بولسا، ئىككىيلەننىڭ بىرىنى ئەۋەتسىلە قانداق؟

يۈەن شاڭ ئىلاجسىزلىقتىن، ئىككىيلەننى چەك تاشلىتىپ، چەككە چىققان كىشىنى ئەۋەتمەكچى بولدى. چەك فېڭ جىغا چىقىپ قالدى. يۈەن شاڭ فېڭ جىنى تامغىنى ئېلىپ گو تۇ بىلەن بىرگە يۈەن تەن قوشۇنغا بېرىشقا بۇيرۇدى.

فېڭ جى گو تۇ بىلەن بىللە يۈەن تەن قوشۇنغا كېلىپ، يۈەن تەننىڭ كېسەل ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئەندىشىگە چۈشتى، تامغىنى تەقدىم قىلدى.

قاتتىق غەزەپلەنگەن يۈەن تەن فېڭ جىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

— ئەلھال ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى تەۋەيمىزگە باستۇرۇپ كىردى. ھازىرچە يۈەن شاڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن فېڭ جىغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىش كېرەك، ساۋ ساۋنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن جىجۇنى ئالساقمۇ كەچلىك قىلمايدۇ! — دەپ مەخپىي مەسلىھەت بەردى گو تۇ.

يۈەن تەن بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇئان چېدىر - بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يۈرۈش قىلدى، لىياڭغا يېتىپ كەلگەندە ساۋ ساۋ قوشۇنى بىلەن تىركەشتى. يۈەن تەن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى ۋاڭ جاۋنى ئېلىشىشقا بۇيرۇدى، ساۋ ساۋ شۈي خۇاڭنى چىقاردى. ئىككى پالۋان بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، شۈي خۇاڭ ۋاڭ جاۋنى بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئاتتىن دومىلاتتى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي چاپ - چاپقا ئۆتتى. يۈەن تەن قوشۇنى قاتتىق يېڭىلدى. يۈەن

تەن يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى يىغىپ لىياڭغا كىرىۋالدى، ئاندىن يۈەن شاڭدىن ھەمدەملىك سوراپ ئادەم ئەۋەتتى. يۈەن شاڭ شېن پېي بىلەن كېڭىشىپ ياردەمگە 5000 لا لەشكەر ئەۋەتتى. ھەمدەمگە لەشكەر كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ساۋ ساۋ يۈي جىن بىلەن لى ديەننى ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئەۋەتتى، بۇلار ئارا يولدا توسۇۋېلىپ، ئىككى تەرەپلەپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ تامامەن قىرىپ تاشلىدى. يۈەن تەن يۈەن شاڭنىڭ 5000 لا لەشكەر ئەۋەتكىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارا يولدا تامام ھالاك ئېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەندى ـ دە، فېڭ جىنى چاقىرىۋېلىپ جاۋابكارلىققا تارتىپ تىللىدى.

— ئىجازەت بەرسىلە، مەن خوجايىنىنىڭ شەخسەن ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇشقا كېلىشى ئۈچۈن خەت يازاي، — دېدى فېڭ جى.

يۈەن تەن فېڭ جىغا خەت يازدۇرۇپ، خەتنى مەخسۇس ئادەم بىلەن جىجۇغا — يۈەن شاڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. يۈەن شاڭ شېن پېي بىلەن كېڭەش قىلدى.

— گو تۇ تەدبىرلىك ئادەم، ئۇنىڭ ئالدىنقى قېتىم ھېچ تالاش ـ تارتىش قىلماستىنلا كېتىپ قالغانلىقى تەۋەيىمىزدە ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ بارلىقىدىن ئىدى. ئەمدى ساۋ ساۋ ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كېلىپ جىجۇنى تالىششى چوقۇم، ئۇنىڭدىن كۆرە ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتمەي، ساۋ ساۋنىڭ كۈچى بىلەن ئۇلارنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈپ تاشلىغان تۈزۈك، — دەپ مەسلىھەت بەردى شېن پېي.

يۈەن شاڭ بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ، لەشكەر ئەۋەتمىدى.

ئەلچى قايتىپ كېلىپ مەلۇم قىلدى. يۈەن تەن دەرغەزەپ بولۇپ، فېڭ جىنى شۇئان ئۆلتۈرۈپ، ساۋ ساۋغا ئەل بولۇش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى.

پايلاقچىلار ئەھۋالنى دەرھال يۈەن شاڭغا مەلۇم قىلدى. يۈەن شاڭ شېن پېي بىلەن كېڭەش قىلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— يۈەن تەن ساۋ ساۋغا ئەل بولىدىغان بولسا، بىرلىشىپ جىجۇغا تېگىش قىلىدۇ، ئۇ چاغدا جىجۇ خەۋپتە قالىدۇ، — دېدى - دە، شېن پېي بىلەن ئۇلۇغ سەركەردە سۇ يۈنى جىجۇنى مەھكەم ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى يۈەن تەننى خالاس قىلىش ئۈچۈن چوڭ قوشۇن باشلاپ لىياڭغا يولغا چىقتى.

— كىم تۇرشاۋۇل قوشۇن بولالايدۇ؟ — دەپ سورىدى يۈەن شاڭ قوشۇندىكىلەرگە قاراپ.

ئۇلۇغ سەركەردىلەردىن لۈي كۇاڭ، لۈي شياڭ ئاغا - ئىنى ئىككىيلەن بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يۈەن شاڭ بۇلارغا 3 تۈمەن لەشكەر بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنى تۇرشاۋۇل قوشۇن قىلىپ لىياڭغا يولغا سالدى. يۈەن تەن يۈەن شاڭنىڭ شەخسەن ئۆزى كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇرسەن بولۇپ، ساۋ ساۋغا ئەل بولۇش پىكرىدىن قايتتى. يۈەن تەن لەشكەرلىرى شەھەر ئىچىگە، يۈەن شاڭ لەشكەرلىرى شەھەر تېشىغا ئورۇنلىشىپ، ئىككى تەرەپتىن قىسىپ تېگىش سىپپى شەكىللەندۈردى.

بىر كۈن ئۆتمەستىن، يۈەن شى، گاۋ گەنلەرمۇ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ شەھەر تېشىغا كېلىپ چۈشتى، ھەممىيلەن ئۈچ يەرگە ئورۇنلىشىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرۇشتى. يۈەن شاڭ ئارقىمۇئارقا يېڭىلىپ، ساۋ ساۋ نۇسرەت قازىنىپ تۇردى. جيەنئەننىڭ 8 - يىلى 2 - ئاي باھاردا، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ تېگىش قىلدى، يۈەن تەن، يۈەن شاڭ، يۈەن شى، گاۋ گەنلەر قاتتىق يېڭىلىپ، لىياڭنى تاشلاپ قاچتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن جىجۇغا قەدەر قوغلاپ كەلدى. يۈەن تەن بىلەن يۈەن شاڭ شەھەرگە كىرىپ مۇستەھكەم بېكىنىۋالدى؛ يۈەن شى بىلەن گاۋ گەن شەھەردىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتا قارارگاھ تىكىپ، ساختا پوپۇزا قىلىپ تۇردى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئۇدا بىرنەچچە كۈن تېگىش قىلىپمۇ شەھەرنى

ئالالمىدى.

— يۈەن شاۋ چوڭ ئوغلىنى ھوقۇق مىراسخورى قىلماستىن، كىچىك ئوغلىنى ئۆز ئورنىغا تەيىنلىدى، ئاغا ـ ئىنى ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق ئۈچۈن ئىختىلاپ چىقىپ ھەرقايسىسى ئۆزىگە گۇرۇھ توپلىماقتا، بۇلار تەھلىكە قارشىسىدا ئۆزئارا خالاسكارلىق قىلىشماقتا، ئەگەر تەھلىكە بۇلارنىڭ بېشىدىن كۆتۈرۈلىدىكەن، ئۇ چاغدا ئۆزئارا تالاشقا چۈشىدۇ؛ شۇڭا، ياخشىسى قوشۇنلىرىمىزنى ئېلىپ تۆۋەن تەرەپتىكى جىڭجۇغا، يەنى لىيۇ بياۋغا قارشى يۈرۈش قىلايلى ـ دە، يۈەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئاغا ـ ئىنىلەر ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۈتەيلى؛ بۇلار بۇزۇلۇشقاندىن كېيىن، ئاندىن تېگىش قىلىدىغان بولساق، بىرلا ھەرىكەت بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى گو جيا.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپ، جيا شۈينى ھاكىم قىلىپ، لىياڭنى ساقلاشقا؛ ساۋ خۇڭنى لەشكەرلىرى بىلەن گۇەندۇنى ساقلاشقا قالدۇردى. ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ جىڭجۇغا يول ئالدى.

يۈەن تەن، يۈەن شاڭلار ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ ئۆزلۈكىدىن چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزئارا تەبرىكلەشتى. يۈەن شى بىلەن گاۋ گەن خەيرلىشىپ قايتىشتى. يۈەن تەن، گو تۇ شىن پىڭلار بىلەن كېڭىشىپ:

— مەن چوڭ ئوغۇل تۇرۇپ، ئاتامنىڭ مىراسخورى بولالمىدىم؛ يۈەن شاڭ ئۆگەي ئانىدىن تۇغۇلغان بالا بولسىمۇ، ئەكسىچە ئۇلۇغ مەرتىۋىنىڭ مىراسخورى بولدى، بۇنىڭغا راستىنلا رازى ئەمەسمەن، — دېدى.

— جانابىي تەقسىر، قوشۇنلىرىمىزنى شەھەر تېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ يۈەن شاڭ، شېن پېيلارنى شارابقا تەكلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلايلى، كاللا كېسەرلەرنى يوشۇرۇپ قويۇپ بولارنى ئۆلتۈرسەك، ئۇلۇغ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى گو تۇ.

يۈەن تەن ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل كۆردى. بۇ چاغدا ئورۇنباسار ئايماقبېگى ۋاڭ شيۇ چىڭجۇدىن كەلگەندى، يۈەن تەن بۇ تەدبىرنى ئۇنىڭغا ئېيتتى.

— ئاغا - ئىنى دېمەك ئوڭ - سول قول دېمەكتۇر. باشقىلار بىلەن ئېلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئوڭ قولنى كېسىپ تاشلاپ، «مەن يەڭدىم» دېيىش يارامدۇ؟ ئاغا بىلەن ئىنى بىر - بىرىگە ئىشەنچىلىك قىلمىسا، دۇنيادا كىم بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ؟ بىردەملىك پايدىنى دەپ، قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىنى بۇزىدىغان ئىغۋاگەرلەرنىڭ سۆزىگە بېرىلىپ كەتمەيلى. قۇلاقنى ئېتىپ مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىماسلىق كېرەك، — دېدى ۋاڭ شيۇ.

يۈەن تەن بۇ سۆزگە غەزەپلىنىپ، تۇۋلىغان پېتى ۋاڭ شيۇنى چىقىرىۋېتىپ يۈەن شاڭنى چاقىرىشقا كىشى ئەۋەتتى. يۈەن شاڭ شېن پېي بىلەن كېڭەش قىلدى.

— بۇ ئەلۋەتتە گو تۇنىڭ ھىيلىسى، جانابلىرى بارىدىغان بولسىلا، چوقۇم تۇزاققا چۈشىدىلا؛ ئۇنىڭدىن كۆرە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھۇجۇم قىلىش لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى شېن پېي.

يۈەن شاڭ بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، ساۋۇتىنى كىيىپ، ئېتىغا مىنىپ، 5 تۈمەن لەشكەر ئېلىپ شەھەردىن چىقتى. يۈەن تەن يۈەن شاڭنىڭ لەشكەر باشلاپ چىققىنىنى كۆرۈپ، ئىشنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە، ساۋۇت كىيىپ، ئېتىغا مىنگىنىچە يۈەن شاڭغا روبىرو بولدى. يۈەن شاڭ يۈەن تەننى كۆرۈپ ئاچچىق تىللىدى. يۈەن تەنمۇ ئاغزىنى بۇزۇپ:

— سەن ئاتامنى زەھەرلەپ، مەنسەپ - مەرتىۋىنى

تارتىۋالدىڭ، بۈگۈن يەنە ئۆز ئاغاڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭمۇ؟ — دەپ تىللىدى.

ئىككىسى شەخسەن تۇتۇشۇپ كەتتى، يۈەن تەن يېڭىلىپ قالدى. يۈەن شاڭ ياغدۇرۇلغان ئوق ۋە تاشبورانغا قارىماستىن، تېگىشكە باشلاپ چاپ - چاپقا چۈشتى. يۈەن تەن يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ پىڭيۈەنگە چېكىندى، يۈەن شاڭمۇ لەشكەرلىرىنى يىغىپ قايتتى. يۈەن تەن لەشكىرىي يۈرۈش ھەققىدە يەنە گو تۇ بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن سېن بىنى سەركەردە قىلىپ لەشكەر بىلەن يولغا سالدى. يۈەن شاڭ جىجۇدىن لەشكەر باشلاپ چىقتى. ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى، تۇغ - ئەلەم، داقا - دۇمباقلار بىر - بىرىگە قارىتىلدى، سېن بى مەيدانغا چىقىپ ئاغزىنى بۇزدى: يۈەن شاڭ ئۆزى ئېلىشماقچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، ئۇلۇغ سەركەردە لۈي كۇاڭ ئات سېلىپ قىلىچ ئوينىتىپ سېن بىغا ئېتىلدى، ئىككى پالۋان ئارىسىدا بىرنەچچە رەددى بەدەل ئۆتۈلە - ئۆتۈلمەيلا، لۈي كۇاڭ سېن بىنى قىلىچلاپ ئات ئاستىغا يىقىتتى. يۈەن تەن قوشۇنى يەنە يېڭىلىپ، پىڭيۈەنگە چېكىندى. شېن پېي يۈەن شاڭنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلدى ۋە پىڭيۈەنگە قەدەر قوغلاپ كەلدى. يۈەن تەن توسۇيالماي، پىڭيۈەن شەھىرىگە كىرىپ، مەھكەم بېكىنىۋېلىپ شەھەردىن چىقماي قويدى. يۈەن شاڭ ئۈچ تەرەپلەپ مۇھاسىرە قىلىپ تېگىش قىلدى. يۈەن تەن گو تۇ بىلەن كېڭەش قىلدى.

— ھالا شەھەردە ئاشلىق كەمچىل، قارشى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى سەرخىل، تەڭ تۇرالمايۋاتىمىز. مېنىڭ كالتا پەمىمچە، ساۋ ساۋغا ئەل بولۇش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتىپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى جىجۇغا تېگىش قىلدۇرساق، يۈەن شاڭ جىجۇنى خالاس قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ كەينىگە يانىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەركەردە جانابلىرى ئارقىدىن ئارىغا ئېلىپ تېگىش

www.uyghurkitap.com

قىلسىلا، يۇەن شاڭنى تىرىك تۇتۇش مۇمكىن. ئەگەر ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يۇەن شاڭ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلالىسا، بىز ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغىۋېلىپ ساۋ ساۋغا قارشى تۇرايلى، ساۋ ساۋ قوشۇنى يىراقتىن كەلگەن، ئوزۇق - تۈلۈكى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشى چوقۇم؛ ئەنە شۇندا بىز يەنە جىجۇنى ئىشغال قىلىپ كەلگۈسىدىكى ئىشىمىزنى ئويلاپ كۆرسەك بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى گو تۇ.

يۇەن تەن بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆرۈپ:

— كىمنى ئەلچى قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— شىن پىڭنىڭ شىن پى دېگەن ئىنىسى بار، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى زو جى، ئۇ هازىر پىڭيۈەننىڭ ئامبىلى. بۇ ئادەم سۆزمەن، ئەلچىلىككە ئەۋەتسەك بولىدۇ، — دېدى گو تۇ.

يۇەن تەن شىن پىنى چاقىرتتى، شىن پى خۇشال كىرىپ كەلدى. يۇەن تەن خەت يېزىپ شىن پىغا بېرىپ، ئۇنى 3000 لەشكەر بىلەن ئۆز تەۋەسىدىن چىقىرىپ قويدى. شىن پى خەتنى ئېلىپ كېچىلەپ ساۋ ساۋ هوزۇرىغا ماڭدى. بۇ كۈنلەردە ساۋ ساۋ لىيۇ بىياۋغا قارشى لەشكەرلىرىنى شىپىڭغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى، لىيۇ بىياۋ لىيۇ بېي لەشكەرلىرىنى تۇرشاۋۇل قوشۇن قىلىپ ئۇنىڭغا قارشى چىقارغانىدى، ئۇلار ئېلىشىشنى باشلىغۇچە شىن پى ساۋ ساۋ قارارگاھىغا كېلىپ، ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى، تەزىم - تەۋەززۇلاردىن كېيىن، ساۋ ساۋ ئۇنىڭ كېلىش نىيىتىنى سورىدى، شىن پى يۇەن تەننىڭ هەمدەم سورىغانلىقىنى ئېيتىپ، مەكتۇپنى تەقدىم قىلدى. ساۋ ساۋ خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، شىن پىنى قارارگاھىدا ئېلىپ قېلىپ، ئۆزى قەلەمدار - ئەلەمدار مەنسەپدارلارنى كېڭەشكە چاقىردى.

— يۇەن تەن يۇەن شاڭنىڭ جىددىي زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئىلاجسىز قېلىپ ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولغان،

ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى چىڭ يۈي.

— باش ۋەزىر جانابلىرى، لەشكەرلىرىمىز بىلەن بۇ يەرگە قەدەر كەلدۇق، ئەمدى لىيۇ بياۋنى تاشلاپ يۈەن تەنگە ھەمدەمگە بارساق، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى لۈي چيەن، مەن چۈشەنمىدىم.

— مېنىڭ كالتا پەمىمچە، ئۇچەيلەننىڭ سۆزى دۇرۇس ئەمەس. ھازىر ئېلىمىزدە پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە. لىيۇ بياۋ ياڭزىجياڭ بىلەن خەنجياڭ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا ئۆز يېرىنى مەھكەم ساقلاپ تۇرۇۋېتۇ، لېكىن كېڭىيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، باشقا تەرەپلەرگە تېگىش قىلىش نىيىتى تېخى يوق، بۇ بىزگە مەلۇملۇق؛ يۈەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئاغا ـ ئىنىلەر تۆت ئايماق زېمىنىغا، بىرنەچچە ئون تۈمەن كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە، ناۋادا ئىككى ئوغۇل ئىتتىپاق بولۇپ، بىرلىكتە ئاتىسىدىن قالغان تەييار مىراسنى قوغدايدىغان بولسا، ئەلدىكى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىنى بىلىپ بولمايدۇ؛ بۈگۈن ئاغا ـ ئىنى ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بوغۇشۇپ، كېلىشەلمىگەنلىكى ئۇچۇن بىزگە ئەل بولۇشنى بىلدۈرگەن پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئالدىن يۈەن شاڭنى تارمار قىلايلى ـ دە، كېيىنكى ئەھۋالغا قاراپ يۈەن تەننى يوقاتساق، ئېلىمىز بەرقارار تاپىدۇ. بۇ پۇرسەتنى ئەسلا قولدىن بەرمەسلىك لازىم، — دەپ پىكىر بايان قىلدى شۈن يۈ.

ساۋ ساۋ خۇرسەن بولۇپ، شىن پىنى شارابقا تەكلىپ قىلدى ۋە:

— يۈەن تەننىڭ ئەل بولۇشى راستمۇ ياكى ھىيلىمۇ؟ يۈەن شاڭ لەشكەرلىرى راستىنلا يېڭىش قىلالامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— جانابلىرى راست ـ يالغانلىقىنى سورىمىسىلا، — دېدى شىن پى، — پەقەت ئەھۋالغا سەپسېلىپ باقسىلا يۈەن ئۇرۇقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان ئاغا ـ ئىنىلەر بىرنەچچە يىلدىن بېرى يىغىلىپ كەلمەكتە، لەشكەرلىرى چەكنە ھارغىنلىقتا ئۇچرىدى، ئىچكى جەھەتتە مۇشاۋىرلىرىنى ئۆلتۈردى؛ ئەلھال ئاغا ـ ئىنىلەر پىتنە ـ ئىغۋاغا بېرىلىپ، ئەلنى ئىككىگە بۆلۈپ قويدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھالسىزلىق، ئاچارچىلىق، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلى خەلق نامراتلاشتى، نە ھەكىم، نە نادان ھەممەيلەن يىمىرلىپ پارە ـ پارە بولىدۇ، دەپ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ دەل يۈەن ئۇرۇقىنىڭ ئاللانىڭ قەھرىگە ئۇچراپ يوقىلىۋاتقان ۋاقتى. بۈگۈن جانابلىرى لەشكەرلىرىنى باشلاپ يىجۇنگە تېگىش قىلىدىغان بولسىلا، يۈەن شاڭ قۇتقۇزۇشقا قايتمىسا، ماكانى يوقالغان بولىدۇ؛ ئەگەر قۇتقۇزۇشقا قايتىدىغان بولسا، يۈەن تەن ئارقىسىدىن تېگىش قىلىدۇ. جانابلىرى ھەيۋەتلىك كۈچلىرى بىلەن بۇ ھارغىن ئادەملەر توپىغا تېگىش قىلىدىغان بولسىلا، خۇددى ئىتتىك شامالنىڭ كۈزلۈك خازاننى ئۇچۇرتقىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغىلى بولىدۇ. مۇنداق پەيتتە بۇ ئىشقا كىرىشىلمەستىن، جىڭجۇغا يۈرۈش قىلىنىشى مۇناسىپ بولماس؛ چۈنكى جىڭجۇ باي ـ مەمۇرچىلىق ئۆلكە بولۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئىناق، تەۋرەتمەش قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جاھاندىكى خەۋپ ـ خەتەر خېبېينىڭكىدەك چوڭ ئەمەس، خېبېي تىنچلىنىدىكەن، ئەلگە ھۆكۈمران بولۇش ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر. جانابلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى شىن پى.

— ئەپسۇسكى، جانابلىرى بىلەن بەك كېچىكىپ دىدار كۆرۈشۈپتىمىز، — دېدى ساۋ ساۋ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ ۋە شۇ كۈنىلا لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ، جىجۇنى ئېلىشقا ماڭدى. لىيۇ بىي بۇنى ساۋ ساۋنىڭ ھىيلىسىمىكىن دەپ، قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى ـ دە، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ جىڭجۇغا قايتتى.

يۇەن شاڭغا كەلسەك، ئۇ ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال لەشكەرلىرىنى يىجۇنگە قايتۇردى. لۈي كۇاڭ بىلەن لۈي شياڭنى ئارقىنى قوغداشقا بۇيرۇدى. يۇەن تەن يۇەن شاڭ قوشۇنىنىڭ چېكىنگىنىنى كۆرۈپ، پىڭيۇەندىن نۇرغۇن لەشكەر ئېلىپ ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. بىرنەچچە ئون چاقىرىم يۈرمەستىنلا، چىققان توپ ئاۋازى بىلەن بىردىنلا ئىككى تەرەپتىن ئىككى قوشۇن تەڭلا چىقىپ كەلدى، سولدا لۈي كۇاڭ، ئوڭدا لۈي شياڭ بولۇپ، ئاغا - ئىنى ئىككىيلەن يۇەن تەننىڭ يولىنى توسۇۋالدى. يۇەن تەن ئېتىنى توختىتىپ ئىككى پالۋانغا:

— ئاتام مەرھۇم بار ۋاقىتتا، ھەر ئىككىڭلارغا يامانلىق قىلمىغانىدىم، بۈگۈن ئىنىم ئۈچۈن مېنى نېمانچە قىستىشىلا؟ — دەپ خىتاب قىلدى.

ئىككى پالۋان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاتتىن چۈشۈپ، يۇەن تەنگە ئەل بولدى. يۇەن تەن:

— ماڭا ئەل بولماستىن، باش ۋەزىر ساۋ ساۋ جانابلىرىغا ئەل بولۇشسىلا، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پالۋانلار يۇەن تەن لەشكەرگاھىغا كەلدى. يۇەن تەن ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئاندىن ئىككى پالۋاننى ئېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. ئىنتايىن خۇرسەن بولغان ساۋ ساۋ قىزىنى يۇەن تەنگە بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، لۈي كۇاڭ، لۈي شياڭ ئىككىسىنى ئەلچى - گۇۋاھ قىلدى. يۇەن تەن ساۋ ساۋنى جىجۇنى ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. ساۋ ساۋ:

— ھازىر ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك كەمچىل، نەقلىياتىمىز قىيىن. خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ چىشۇي سۈيىنى توسۇپ بەيگۇغا ئاققۇزۇپ، بۇنى تەمىنات توشۇيدىغان يول قىلىۋالغىنىمىزدىن كېيىن، ئاندىن لەشكەر كىرگۈزۈشىمىز لازىم، — دېدى - دە، يۇەن تەننى ۋاقىتلىق پىڭيۇەندە تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزى لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ لىياڭغا ئورۇنلاشتى.

لۈي كۇاڭ بىلەن لۈي شياڭغا بەگلىك مەرتىۋە بەردى ۋە قوشۇندا ئىشلەشكە قالدۇردى. گو تۇ يۈەن تەنگە:

— ساۋ ساۋنىڭ سىلىنى كۈيئوغۇل قىلىشقا ۋەدە بەرگەنلىكى ھەقىقىي نىيىتى بولمىسا كېرەك. بۈگۈن يەنە لۈي كۇاڭ بىلەن لۈي شياڭنى مەرتىۋە ـ ئىنئام بېرىپ، ئۆز قوشۇنىغا ئېلىپ كەتتى، بۇ خېيبېيلىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش يولىدا قىلىنۋاتقان ھىيلىسى. ئاقىۋەتتە بىز ئۈچۈن بالا ـ قازا بولۇشى مۇقەررەر. بۇنىڭ ئۈچۈن، جانابىي تەقسىر، ئىككى دانە سەركەردە تامغىسىنى ئويدۇرۇپ، مەخپىي يوسۇندا لۈي ئورۇقىدىن بولغان ئىككى ئاغا ـ ئىنىگە ئەۋەتىپ بەرسىلە ۋە ئىچكى تەرەپتىن ماسلىشىشقا بۇيرۇسىلا. ساۋ ساۋ يۈەن شاڭنى تارمار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا تېگىش قىلساق، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

يۈەن تەن مەسلىھەتكە بىنائەن ئىككى دانە سەركەردە تامغىسى ئويدۇرۇپ، مەخپىي يوسۇندا لۈي كۇاڭ بىلەن لۈي شياڭغا ئەۋەتىپ بەردى، بۇ ئىككىيلەن تامغىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— يۈەن تەننىڭ مەخپىي يوسۇندا تامغا بېرىشى سىلەرنى ئىچكى تەرەپتىن ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر، يەنى مەن يۈەن شاڭنى تارمار قىلغىنىمدىن كېيىن، ئوتتۇرىدىن پايدا چىقارماقچى، سىلەر ھازىرچە بۇنى ئېلىۋېرىڭلار، مېنىڭ ئويلاپ قويغان يېرىم بار، — دېدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ساۋ ساۋدا يۈەن تەننى ئۆلتۈرۈش نىيىتى تۇغۇلدى.

يۈەن شاڭغا كەلسەك، ئۇ شېن پېي بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— ھازىر ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ بەيگۇ بىلەن تەمىنات توشۇشى چوقۇم جىجۇغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن بولۇنۇۋاتقان

ھەرىكەت، بۇنىڭغا قانداق تەدبىر كۆرۈش كېرەك؟ — دېدى.

— ۋۇتەن باشلىقى يىن كەيگە ماۋچېڭغا لەشكەر تۇرغۇزۇپ شاڭداڭ تەمىنات توشۇيدىغان يولنى ئېچىش توغرىسىدا مەكتۇپ يازايلى؛ جۇي شۇنىڭ ئوغلى جۇي جۇغا يىراقتىن مەدەت بېرىش ئۈچۈن خەندەننى ساقلاشقا بۇيرۇق بېرەيلى. جانابىي تەقسىر، سىلى يۈەن تەنگە جىددىي تېگىش قىلىش ئۈچۈن پىڭيۈەنگە لەشكەر باشلىسىلا، ئالدى بىلەن يۈەن تەننى يوقىتىپ، ئاندىن ساۋ ساۋنى تارمار كەلتۈرەيلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى شېن پېي.

يۈەن شاڭ خۇرسەن بولۇپ، شېن پېي بىلەن چېن لىننى جىجۇنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ما يەن بىلەن جاڭ يى ئىككى پالۋاننى تۇرشاۋۇل قىلىپ، پىڭيۈەننى ئېلىش ئۈچۈن كېچىلەپ سەپەرگە ئاتلاندۇردى.

يۈەن شاڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگەن يۈەن تەن ساۋ ساۋغا ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى دەرھال يەتكۈزدى. ساۋ ساۋ:

— ئەمدى مەن جىجۇنى چوقۇم ئالىدىغان بولدۇم! — دېدى.

دەل سۆزنىڭ ئۈستىگە شۈيچاڭدىن كەلگەن شۈي يۇ كېلىپ قالدى؛ ئۇ يۈەن شاڭنىڭ يەنە يۈەن تەنگە تېگىش قىلغىنىنى ئاڭلاپ، ساۋ ساۋ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— باش ۋەزىر جانابلىرى، بۇ يەردە ئاسماندىن چۈشىدىغان چاقماقنىڭ يۈەن شاڭ بىلەن يۈەن تەننى ئۆلتۈرۈپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرامدىلا؟ — دېدى.

— ئىشلارنى مۆلچەرلەپ بولدۇم، — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ.

ئۇ شۇئان ئالدى بىلەن يېجۇنگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن ساۋ خۇڭنى بۇيرۇدى. ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى بىر قوشۇن ئېلىپ يىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەيگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. ساۋ ساۋ قوشۇنى يىن كەي تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە، يىن كەي قوشۇنى بىلەن ئۆزى ئاتلىنىپ مەيدانغا چۈشتى.

— شۇي چۇ قېنى سىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— مانا مەن! — دېدى - دە، شۇي چۇ توپتوغرا يىن كەيگە قاراپ ئات قويدى، يىن كەي ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىچىلىك، شۇي چۇ ئۇنى قىلىچلاپ تاشلىدى، قالغان لەشكەرلىرى پىتىراپ قاچتى. ساۋ ساۋ ئۇلارنى ئەل قىلىپ، ئارقىدىنلا خەندەننى ئېلىشقا ئاتلاندى. جۇي خۇ لەشكەرلىرى بىلەن قارشى چىقتى. جاڭ لياۋ مەيدانغا چۈشۈپ، جۇي خۇ بىلەن ئېلىشتى، ئۈچ رەددى بەدەل ئۆتە - ئۆتمەيلا، جۇي خۇ قاتتىق يېڭىلدى، جاڭ لياۋ ئارقىدىن قوغلاپ ماڭدى، ئىككى ئاتنىڭ ئارىسى يېقىنلاشقاندا، جاڭ لياۋ تېزلىكتە كاماننى توغرىلاپ ئوق ئاتتى، جۇي خۇ ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئاتتىن يىقىلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ چاپ - چاپ قىلدى، يېڭىلگەن لەشكەرلەر ھەر تەرەپكە قېچىشتى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ زور قوشۇننى باشلاپ جىجۇغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ساۋ خۇڭ شەھەرگە يېقىنلاشقانىدى. ساۋ ساۋ ئۈچ قوشۇنغا شەھەر ئايلاندۇرۇپ توپا تاغ ياساشقا ۋە يوشۇرۇن ھالدا لەخمە كولاپ تېگىش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

شېن پېي مۇستەھكەم مۇداپىئە تەدبىرلىرى كۆردى، قانۇن - پەرمانلارنى ئىنتايىن چىڭىتتى. كۇنچېڭنىڭ قوۋۇقنى ساقلاۋاتقان سەركەردە فېڭ لى مەست بولۇپ قېلىپ، قاراۋۇللارنى تەكشۈرگىلى چىقماي قالغىنى ئۈچۈن، شېن پېي ئۇنى قاتتىق سۆككەنىدى. فېڭ لى ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ مەخپىي ھالدا شەھەردىن چىقىپ ساۋ ساۋغا ئەل بولدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭدىن شەھەرنى ئېلىش تەدبىرىنى سورىدى. فېڭ لى:

— قوۋۇقنىڭ چوقچىيىپ چىققان يېرىنىڭ توپىسى قېلىن. بۇ يەردىن لەخمە تېشىپ كىرىشكە بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت

بەردى.

ساۋ ساۋ فېلىڭ لىنى 300 كۆچلۈك يىگىت بىلەن تۈن نىسپىدە لەخمە كولاشقا بۇيرۇدى.

شېن پېي فېلىڭ لى شەھەردىن چىقىپ ئەل بولغاندىن كېيىن، ھەر كېچىسى شەخسەن ئۆزى سىپىلغا چىقىپ قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولدى. مەزكۇر كېچىسى شېن پېي چوقچىيىپ چىققان قوۋۇقنىڭ ئۈستىدىكى راۋاقتا تۇرۇپ سىپىل تېشىدا چىراغ ۋە ئوت يورۇقى كۆرۈنمەي قالغانلىقىنى كۆرۈپ، «فېلىڭ لى چوقۇم لەخمە بىلەن لەشكەر باشلاپ كىرىدىغان بوپتۇ» دېگەن باھانى بەردى ـ دە، دەرھال تاللانغان لەشكەرلىرىگە تاش توشۇتۇپ، لەخمىنىڭ ئاغزىنى تىندۇرتۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن فېلىڭ لى ۋە 300 يىگىتنىڭ ھەممىسى لەخمە ئىچىدە ئۆلدى.

ساۋ ساۋ بۇ مەيدان ئېلىشىشتا ئۇتتۇرۇپ قويدى، لەخمە كولاش تەدبىرىدىن ۋاز كېچىپ، لەشكەرلىرىنى خۇەنشۈينىڭ يۇقىرى تەرىپىگە چېكىندۈرۈپ، يۈەن شاڭ لەشكەرلىرىنىڭ قايتىشىنى كۈتتى.

پېخيۇەنگە تېگىش قىلىنۋاتقان يۈەن شاڭ ساۋ ساۋنىڭ يېنى كەي، جۈي خۇلارنى تارمار قىلىپ، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن جىجۇنى مۇھاسىرە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، جىجۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى قايتۇردى.

— چوڭ يولغا ساۋ ساۋنىڭ لەشكەر يوشۇرۇپ قويۇشى مۇقەررەر؛ كىچىك يول بىلەن مېڭىپ، شىشەن ئارقىلىق فۇشۇي ئېغىزىغا بېرىپ، ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا باسقىن قىلساق، شەھەرنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ، — دەپ پىكىر بەردى قول ئاستىدىكى سەركەردىلەردىن ما يەن.

يۈەن شاڭ بۇ سۆزگە ماقۇل بولۇپ، ئۆزى چوڭ قوشۇننى ئېلىپ ئالدىن ماڭدى، ما يەن، جاڭ يىلارنى ئارقىنى قوغداشقا قويدى.

پايلاقچىلار بۇ خەۋەرنى ئاللىقاچان ساۋ ساۋغا يەتكۈزگەندى. ساۋ ساۋ:

— ئەگەر ئۇ چوڭ يول بىلەن كەلسە، ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلەتتى؛ ئەگەر شىشەن كىچىك يولى بىلەن كېلىۋاتقان بولسا، بىر ئۇرۇشتىلا ئۇنى تىرىك تۇتۇش مۇمكىن. يەمىمچە، يۈەن شاڭ چوقۇم ئوت بەلگىسى بىلەن شەھەردىكىلەرنى بولۇشۇشقا چاقىرىدۇ، لەشكەرلەرنى بۆلۈپ زەربە بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى ـ دە، تېگىشلىك تەدبىرلەرنى كۆرۈپ قويدى.

يۈەن شاڭ فۇشۈي ئېغىزىدىن چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى ياڭپىڭغا قەدەر ئۇزاپ، لەشكەرلىرىنى ياڭپىڭ يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ يەر جىجۇدىن 17 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، بىر تەرىپى فۇشۈيگە تۇتىشاتتى. يۈەن شاڭ لەشكەرلىرىنى ئوتۇن، قورۇق چۆپ ـ خەشەك توپلاشقا ۋە يېرىم كېچىدە ئوت قويۇپ بەلگە بېرىشكە بۇيرۇدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن دىۋان مىرزا لى فۇنى ساۋ ساۋنىڭ تۇتۇقبېگى قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ، شەھەرگە ئەۋەتتى. لى فۇ سېپىل تۈۋىگە كېلىپ:

— قوۋۇقنى ئېچىڭلار! — دەپ قاتتىق توۋلىدى. شېن پېي لى فۇنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇپ شەھەرگە كىرگۈزدى.

— يۈەن شاڭ قوشۇنلىرىنى ياڭپىڭ يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇردى، سىلەرنىڭ بولۇشۇشىڭلارنى كۈتۈۋاتىدۇ، شەھەردىكى قوشۇنلار چىققاندا ئوت قويۇپ بەلگە بەرسۇن، — دېدى لى فۇ.

شېن پېي ئوتۇن، قورۇق چۆپ دۆۋىلىتىپ ئالاقىلىشىشقا هازىرلىق كۆردى.

— شەھەردە ئاشلىق كەمچىل، شۆڭلاشقا قېرى، ئاجىز، مېيىپلار ھەمدە ئاياللارنى ئەل بولۇشقا چىقىرىش كېرەك، قارشى تەرەپ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ، بىز ئاھالىنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇنلىرىمىزنى چىقىرىپ تېگىش قىلايلى، — دەپ مەسلىھەت

بەردى لى فۇ.

شىن پىي بۇ سۆزنى ماقۇل كۆردى. ئەتىسى سىپىل ئۈستىگە «جىجۇ ئاھالىسى ئەل بولىمىز!» دېگەن سۆز يېزىلغان ئاق ئەلەم قادالدى.

— بۇ شەھەردە ئاشلىق كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن قىرى - ئاجىز پۇقرالارنى ئەل بولۇشقا چىقارغانلىقى، ئارقىدىن چوقۇم لەشكەر چىقىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە جاڭ لياڭ بىلەن شۈي خۇاڭنى 3000 دىن لەشكەر ئېلىپ يولنىڭ ئىككى چېتىگە يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدى. ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى سايۋەن ئاستىدا ئاتلىق سىپىل تۈۋىگە كەلدى. دېگەندەكلا سىپىل قوۋۇقى ئېچىلىپ، شەھەردىكى پۇقرالار قېرىلارنى يۆلەشتۈرۈپ، گۆدەكلەرنى يېتىلەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى، بۇلارنىڭ قوللىرىدا ئاق ئەلەم بار ئىدى. پۇقرالار ئەمدىلا چىقىپ بولۇشىغا، شەھەر ئىچىدىن ئۈشتۇمتۇتلا لەشكەرلەر چىقىشقا باشلىدى. ساۋ ساۋ قىزىل ئەلەمنى لەپىلدەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن جاڭ لياۋ بىلەن شۈي خۇاڭنىڭ لەشكەرلىرى ئىككى تەرەپتىن بىردەكلا چىقىپ چاپ - چاپقا كىرىشىپ كەتتى، شەھەردىن چىققان لەشكەرلەر قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ساۋ ساۋ ئات چاپتۇرۇپ ئاسما كۆۋرۈكنىڭ تۈۋىگە قوغلاپ كەلگەندە، سىپىلدىن ئوقلار يامغۇردەك چۈشكىلى تۇردى، بىر ئوق ساۋ ساۋنىڭ دۇبۇلغىسىغا تېگىپ، بېشىنى تېشىۋەتكىلى ئازلا قالدى، پالۋانلار ئۇنى دەرھال قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۆز سېپىگە ئېلىپ كەتتى. ساۋ ساۋ كىيىم ۋە ئات يەڭگۈشلەپ، پالۋانلىرىنى ئېلىپ يۇەن شاڭ قارارگاھىغا تېگىش قىلىپ كەلدى، يۇەن شاڭ ئۆزى ياۋغا قارشى چىقتى. بۇ چاغدا قوشۇنلار تەرەپ - تەرەپتىن بىردەكلا يېتىپ كېلىشىپ، ئىككى تەرەپ قوشۇنى قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشىپ كەتتى، يۇەن شاڭ قاتتىق يېڭىلىپ، يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شىشەنگە چېكىنىپ، شۇ يەرگە قارارگاھ قۇردى ۋە ما يەن، جاڭ يى

قوشۇنلىرىنى چاقىرىشقا كىشى ئەۋەتتى. يۈەن شاك ساۋ ساۋنىڭ ئاللىقاچان بۇ ئىككىيلەننى ئەل قىلىشقا لۇي كۇاڭ، لۇي شياڭ دېگەن ئىككى سەركەردىنى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ما يەن بىلەن جاڭ يى لۇي ئۇرۇقىدىن بولغان ئاغا ـ ئىنى بىلەن بىرگە كېلىپ ئەل بولدى. ساۋ ساۋ بۇلارغىمۇ بەگلىك مەرتىۋە بەردى ۋە شۇ كۈنىلا شىشەنگە لەشكەر تارتىپ، ئالدى بىلەن لۇي ئۇرۇقىدىن بولغان ئاغا ـ ئىنى ئىككىيلەن بىلەن ما يەن، جاڭ يىلارنى يۈەن شاڭنىڭ تەمىنات يولىنى ئۈزۈۋېشكە ئەۋەتتى. يۈەن شاڭ شىشەننى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن، كېچىلەپ لەنكۇغا قاچتى. بۇ يەرگە تېخى قارارگاھ تىكىپ بولمايلا، تۆت تەرەپتىن باراۋەرلا ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، يوشۇرۇپ قويۇلغان لەشكەرلەر بىردىنلا چاپ ـ چاپقا ئۆتتى. يۈەن شاڭ لەشكەرلىرى ئالدىراشلىقتا ساۋۇتلىرىنى كىيىشكە، ئاتلىرىنى ئېگەرلەشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، قاتتىق يېڭىلىپ 50 چاقىرىم يەرگە چېكىندى. يۈەن شاڭ كۈچى تۈگەپ ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقتىن، يۈيجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى يىن كۈينى ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا ئەۋەتىپ ئەل بولماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ساۋ ساۋ يالغاندىن قوبۇل كۆرگەن بولدىيۇ، ئەمما كېچىلەپ جاڭ لياۋ بىلەن شۈي خۇاڭنى قارارگاھ باسقىنى قىلىشقا ئەۋەتتى. يۈەن شاڭ تامغا، دەستۇر، كىيىم ـ ساۋۇت، لەشكىرىي لازىمەتلىكلىرىنى تاشلاپ جۇڭشەنگە قاچتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ جىجۇغا تېگىش قىلدى.

— نېمىشقا جاڭخېنىڭ سۈيىگە جىجۇنى باستۇرۇۋەتمەيمىز؟ — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى شۈي يۇ.

بۇ ئەقىل ساۋ ساۋغا ماقۇل بولدى ـ دە، ئالدى بىلەن لەشكەرلەرنى شەھەر ئايلاندۇرۇپ 40 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا خەندەك قېزىشقا بۇيرۇدى. شېن پېي سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ساۋ ساۋ قوشۇنلىرىنىڭ سېپىل تېشىدا خەندەك قېزىۋاتقانلىقىنى،

قىزىلغان خەندەكنىڭ تېيىزلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «جاڭخېنىڭ سۇيىنى شەھەرگە باشلىماقچى، خەندەك چوڭقۇر بولسىغۇ شەھەرنى سۇ باساتتى، مۇنداق تېيىز خەندەك نېمىگە كېرەككە كېلىدۇ!؟» دەپ كۈلدى ـ دە، ئېھتىيات تەدبىرى كۆرمىدى. شۇ كۈنى كېچىسى ساۋ ساۋ ئون ھەسسە ئادەم ئارتتۇرۇپ خەندەك كولاتتى، تاڭ ئاتقاندا چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى تۆت غۇلاچتىن كېلىدىغان خەندەك تەييار بولدى، ئۇنىڭ بىلەن جاڭخېنىڭ سۇيىنى شەھەرگە باشلىۋەتتى، شەھەر بىرنەچچە چى چوڭقۇرلۇقتىكى سۇنىڭ ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشلىق تۈگەپ قالغانلىقتىن، لەشكەرلەرنىڭ تولىسى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. شىن پى سېپىل تېشىدا تۇرۇپ، يۈەن شاڭنىڭ تامغىسى ۋە كىيىمىنى نەيزىگە ئىلىۋېلىپ، شەھەردىكىلەرنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلغانىدى، شېن پېي بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، شىن پىنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 80 دىن ئارتۇق كىشىنى سېپىل ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، باشلىرىنى سېپىلدىن تاشلاپ بەردى. بۇنى كۆرۈپ شىن پى داد ـ پەرياد سالدى. شېن پېينىڭ جىيەنى شېن رۇڭنىڭ ئۇزۇندىن بېرى شىن پى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قېلىن بولغاچقا، شىن پى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تامام زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن قەھر ـ غەزىپى تېشىپ، قوۋۇقنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە بىر پارچە مەخپىي خەت يازدى ـ دە، ئۇنى ئوقياغا باغلاپ سېپىل تېشىغا ئاتتى. لەشكەرلەر بۇ خەتنى ئېلىپ شىن پىگە تاپشۇردى، شىن پى خەتنى ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلدى. ساۋ ساۋ ئالدى بىلەن، شەھەرگە كىرگەندە، يۈەن جەمەتىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈلمىسۇن، ئەل بولغان لەشكەر ۋە ئاھالە ئۆلتۈرۈلمىسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا، شېن رۇڭ كۈنپېتىش قوۋۇقنى

چوڭ ئېچىپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى شەھەرگە كىرگۈزۈۋەتتى. ھەممىدىن ئاۋۋال شىن پى ئات چېپىپ كىرىپ كەلدى، لەشكەر - پالۋانلار ئارقىدىن بېسىپ كىردى. شېن پېي كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىكى سېپىل راۋىقىدا تۇرۇپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىرنەچچە ئاتلىق نۆكىرى بىلەن سېپىلدىن چۈشۈپ جان تىكىپ ئېلىشتى، ئاخىر شۈي خۇاڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، شۈي خۇاڭ شېن پېينى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، باغلاپ شەھەردىن ئېلىپ چىقىۋاتقاندا، شىن پى ئۇچراپ قالدى. شىن پى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، شېن پېينىڭ بېشىغا قامچا بىلەن ئۇرۇپ:

— ھەي ئوغرى، قاتىل! بۈگۈن ئۆلىسەن! — دېدى.

— مۇناپىق ئوغرى! — دېدى شېن پېي شىن پىنى تىللاپ، — ساۋ ساۋنى باشلاپ كېلىپ جىجۇنى ئالغۇزدۇڭ، سېنى ئۆلتۈرەلمىگىنىم ئۈچۈن ئەپسۇس قىلىمەن!

شۈي خۇاڭ شېن پېينى ساۋ ساۋ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى.

— قوۋۇقنى ئېچىپ بېرىپ مېنى قارشى ئالغۇچىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— بىلمەيمەن!

— جىيەنىڭىز شېن رۇڭ تەقدىم قىلدى، — دېدى ساۋ ساۋ.

— پەسكەش شۇم، ۋىجدانسىزلىق قىلىپ مۇشۇنداق قىپتۇ! — دېدى غەزەپلەنگەن شېن پېي.

— تۈنۈگۈن سېپىل تۈۋىگە بارغىنىمدا، سېپىلدىن نېمانچە كۆپ ئوق ياغدۇرىسىز؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— ناھايىتى ئاز، ناھايىتى ئاز بولۇپ قالغىنىغا ئېچىنىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى شېن پېي.

— جانابىڭىز يۈەن جەمەتىگە بولغان ساداقىتىڭىز يۈزىسىدىن مۇشۇنداق قىلماي بولمايتتى، ئەمدى ماڭا ئەل بولۇشنى

خالامسىز؟

— ئەل بولمايمەن! بولمايمەن!

— ئائىلەمدىكــــى سەكسەن نەچچە جان پۈتۈنلەي مۇشۇ ئوغرىنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ بۇنى ئۆلتۈرۈپ قىساس ئېلىپ بېرىشلىرىنــى سورايمەن! — دەپ تىزلىنىپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى شىن پى.

— مەن ئۆمۈربويى يۈەن جەمەتىگە خىزمەت قىلىپ كەلدىم، ئۆلسەممۇ، يۈەن جەمەتىنىڭ جىنى بولۇشنى خالايمەن. سەنلەرگە ئوخشاش خۇشامەتگۆي ـ يالاقچىلاردىن ئەمەسمەن! مېنى تېز ئۆلتۈرۈڭلار! — دېدى شېن پېي.

ساۋ ساۋ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. شېن پېي ئۆلۈم ئالدىدا جاللاتلارغا: «مېنىڭ خوجايىنىم ئۈستۈن تەرەپتە، يۈزۈمنــى تۆۋەن تەرەپكە قارىتىــــپ ئۆلتۈرسەڭلار بولمايدۇ!» دەپ ۋارقىــرىدى ـ دە، ئۈستۈن تەرەپكە قاراپ تىزلىنىپ بوينىنى قىلىچقا تۇتۇپ بەردى. بۇ ھادىسە مۇناسىۋىتى بىلەن كېيىن ئەل ئارىسىدا مۇنداق مەرسىيە چىققان:

*ئۆل خېبېيدا بار ئىدى مەشھۇر ـ ئاتاقلىق زات تولا،*
*كىمنى شېن پېي پالۋانغا ئوخشىتىش مۇمكىن بولا.*
*خوجىسى بولغاچقا ئەخمەق ئۆلدى شېن پېي بى ئەجەل،*
*يۈرىكى گويا ئىدى بىر قەدىمىي رىۋنىڭ گىياھ.*
*توغرا سۆزلۈك ھەم ساداقەتلىك ئۆزىدۇر خۇش پېئىل،*
*دىلى پاك يەنە تەمەسىز، ئىشتا بەك ئەستايىدىل.*
*قىلدى ئۈستۈن يۈزىنى جان بېرەر ۋاقتىدا ئۇ،*
*ئەل بولغان نامەرد، نادانلار بولدى شۇ ئاندا خىجىل.*

شېن پېي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىــــن، ئۇنىـــــڭ سادىق، ۋاپادارلىقىغا قايىل قالغان ساۋ ساۋ ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىپ، ئۇنى شەھەرنىڭ ئۈستۈن تەرىپىگە دەپنە قىلدۇردى. پالۋانلار ساۋ

ساۋنى شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. ساۋ ساۋ ئەمدىگىنە ئاتلانماق بولۇپ تۇرۇشىغا، جاللاتلار بىر ئادەمنى ئېلىپ كەلدى. ساۋ ساۋ قارىۋېتىپ ئۇنىڭ چېن لىن ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— سىز مۇندىن مۇقەددەم يۈەن شاۋ ئۇچۇن ئېلاننامە يازغىنىڭىزدا، مېنى ئەيىبلىسىڭىزمۇ مەيلىدى، نېمىشقا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى ھاقارەتلىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— ئوق كامانغا بەتلەنگەنىكەن، ئۇنى ئاتماي بولمايدۇ! — دېدى چېن لىن.

ئەتراپىدىكىلەر ساۋ ساۋنى چېن لىننى ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى. ساۋ ساۋ بۇ ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، گۇناھىدىن كېچىپ، مىرزا بولۇشقا بۇيرۇدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ساۋ ساۋنىڭ چوڭ ئوغلى ساۋ پى، يەنە بىر ئىسمى زى خۇەن بولۇپ، ئەلھال 18 ياشتا ئىدى. ساۋ پى تۇغۇلغان ۋاقىتتا، يۇمىلاق سايىۋەنىدەك قارا سۆسۈن رەڭلىك بىر پارچە سۇزۇك بۇلۇت ئۆيىنى قاپلىۋېلىپ، كۈن بويى تارقالمىغانىدى. قىياپەتچىلەر بۇ ئەھۋال مۇناسىۋىتى بىلەن ساۋ ساۋغا: «بۇ تەڭرىقۇت ئالامىتىدۇر، كەلگۈسىدە ئىززەت ـ ئابرۇيى ئىگىسى بولۇشى شەكسىز» دېگەن گەپنى قىلىشقانىدى. ساۋ پى سەككىز ياش ۋاقتىدا ماقالە، ئەدەبىي پارچىلار يازالايتتى، قەدىم ۋە ھازىرقى ئىلىملاردىن تولۇق خەۋەردار بولغانىدى. چەۋەندازلىق، كاماندازلىقتا ماھىر بولۇپ، شەمشەرۋازلىقنى ياخشى كۆرەتتى. ساۋ ساۋ جىجۇنى ئالغان ۋاقىتتا، ساۋ پى ئاتىسى بىلەن قوشۇندا بىرگە ئىدى. ساۋ پى خاس يىگىتلىرىنى ئېلىپ ھەممىدىن ئاۋۋال يۈەن شاۋنىڭ ئائىلىسىگە كەلدى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ، شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ ھەرەمگە كىردى. بىر پالۋان ئۇنى توسۇپ:

— ھېچقانداق كىشىنىڭ يۈەن شاۋ سارىيىغا كىرمەسلىكى

توغرىسىدا باش ۋەزىردىن بۇيرۇق بار، — دېدى. ساۋ پى ئۇنى تىڭشىغان بولۇپ،
توۋلاپ قايتۇرۇۋېتىپ، شەمشەرلىك هالدا ئىچكــــى هەرەمگە
بېسىپ كىرىپ، ئىككى ئايالنىڭ قوچاقلىشىپ يىغلىشىۋاتقىنىنى
كۆرۈپ، بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئىنتىلدى. دەرهەقىقەت:

*نەچچە ئەۋلادتىن بۇيانقى تۇگىدى بەگ شەۋكىتى،*
*ئۇچىردى ئاپەتكە هەممە قان قېرىنداش ئۆيدىكى.*

ئۇلارنىڭ هاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن
ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## ساۋ پىنىڭ مالىماندا جېن خېنىمنى ئەمرىگە ئالغانلىقى
## گو جيانىڭ ۋەسىيىتى بىلەن لياۋدۇڭنىڭ تىنچىتىلغانلىقى

ئەلقىسسە، ساۋ پى ئىككى ئايالنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، شەمشىرىنى ئېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىغا، تۇساتتىن بىر ئايالنىڭ قىپقىزىل يۈزىدىن نۇر تېمىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەمشىرىنى توختىتىۋېلىپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن سەركەردە يۈەن شاۋنىڭ رەپىقىسى ليۇ خېنىم بولىمەن، — دېدى ئۇ ئايال.

— بۇ كىم بولىدۇ؟

— بۇ ئوتتۇرانچى ئوغلىمىز يۈەن شىنىڭ رەپىقىسى جېن خېنىم. يۈەن شى يۈجۇنى ساقلاش ئۈچۈن ماڭغاندا، جېن خېنىم يىراققا بېرىشقا ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن، قېپقالغانىدى، — دېدى ليۇ خېنىم.

ساۋ پى بۇ ئايالنى ئالدىغا تارتىپ قارىۋىدى، چاچلىرى چۇۋۇق، يۈزى كىر ئىكەن، ساۋ پى يېڭى بىلەن ئايالنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ قارىسا، جېن خېنىمنىڭ يۈزى قاشتېشىدەك سۈزۈك، ناھايىتى ساھىبجامال ۋە مەلىكە ھۆسنىلىك ئىكەن. ساۋ پى ليۇ

خېنىمغا قاراپ:

— مەن باش ۋەزىر ساۋ ساۋنىڭ ئوغلى بولىمەن؛ ئائىلەڭلەرنى مۇھاپىزەت قىلماقنى ئىستەيمەن؛ ئەندىشە قىلماڭلار، — دېدى ـ دە، شەمشىرىنى قىنىغا سېلىپ مېھمانخانىدا ئولتۇردى.

ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇ سەركەردىلىرىنى باشلاپ جىجۇ شەھىرىگە كىرىپ كەلدى، ئەمدىگىنە شەھەر قوۋۇقىغا قەدەم قويۇشىغا شۇي يۇ ئېتىنى سۇرۇپ ساۋ ساۋغا يېقىنلاپ كېلىپ، قامچىسى بىلەن شەھەر قوۋۇقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ساۋ ساۋ، سىلى ئەگەر ماڭا ئىگە بولمىغان بولسىلا، بۇ قوۋۇقتىن قانداق كىرەتتىلە؟ — دېدى.

ساۋ ساۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى رەنجىدى.

ساۋ ساۋ يۈەن شاۋ مەھكىمىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ يەرگە كىم كىردى؟ — دەپ سورىدى.

— مىراسخور ئىچكىرىدە، — دېدى قاراۋۇل پالۋان.

ساۋ ساۋ ئۇنى چاقىرتىپ چىقىپ كايىدى، بۇ ۋاقىتتا ليۇ خېنىم چىقىپ تەزىم قىلىپ:

— مىراسخور پۈتۈن ئائىلىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ قالدى، جېن خېنىمنى مىراسخورنىڭ ئايىغى ئاستىدا خىزمەت قىلىشقا تەقدىم قىلىمەن، — دېدى.

ساۋ ساۋ جېن خېنىمنى ئالدىغا چاقىرتىپ كۆرۈپ: «دەل ئوغلۇمنىڭ جۈپى ئىكەن!» دېدى ـ دە، ساۋ پىغا ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشنى بۇيرۇدى.

ساۋ ساۋ جىجۇدا تەرتىپ ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن شاۋنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ نەزىر ـ چىراغ قىلدى، ئاندىن تىزلىنىپ تۇرۇپ نالە ـ زار قىلدى ۋە كۆپچىلىك مەنسەپدارلارغا:

— ئۆتمۈشتە يۈەن شاۋ بىلەن بىرلىكتە لەشكىري يۈرۈش

قىلغىنىمىزدا، يۈەن شاۋ مېنىڭدىن: «ئەگەر ئىشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقماي قالسا، قەيەرلەرنى ئىگىلەش كېرەك؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن ياندۇرۇپ ئۆزىگە سوئال قويۇپ: «جانابلىرىنىڭ نىيىتى قانداق؟» دېۋىدىم، يۈەن شاۋ: «مەن تۆۋەن تەرەپتە خېبېينى ئىگىلەپ، ئۈستۈن تەرەپتىكى يەن، دەي* لەرنى توسۇپ، سەھرا قوۋملىرىنى ئۆزۈمگە قارىتىۋېلىپ، ئەل ئۈچۈن بولغان كۈرەشىمنى تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئېلىپ بارىمەن. شۇنداق قىلغاندا ئەلنى قۇتقۇزۇشقا بولار؟» دېگەنىدى. مەن: «ئەلدىكى دانىشمەنلەرنى ئىشقا سېلىپ، دىيانەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولسام، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ» دېگەنىدىم. بۇ سۆزلەر خۇددى تۈنۈگۈن ئېيتىلغاندەك تۇرۇپتۇ، ھالبۇكى ھالا يۈەن شاۋ ئالەمدىن ئۆتتى، شۇڭلاشقا يىغلىماي تۇرالمىدىم! — دېگەنىدى، ھەممە ھەسرەت چېكىشتى.

ساۋ ساۋ يۈەن شاۋنىڭ رەپىقىسى ليۇ خېنىمغا ئالتۇن، زەرباب ماللار، تەمىنات، يەم - خەشەك ھەدىيە قىلدى ۋە: «خېبېي ئاھالىسى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىدى، ھەممە بىر يىللىق غەللىدىن ئازاد قىلىنسۇن!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، بىر تەرەپتىن خانغا مەلۇمات يازدى؛ ئۆزى جىجۇ ئايمىقىنىڭ پاسىبانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۈي چۇ كۈنچىقىش قوۋۇقتىن ئاتلىق كىرىۋېتىپ شۈي يۇ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ھەي شۈي چۇ! مەن بولمىسام سىلەر بۇ قوۋۇقتىن كىرىپ - چىقىپ يۈرەلەمتىڭلار؟ — دېدى شۈي يۇ.

— بىز مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ قانلىق ئۇرۇشلار قىلىپ شەھەر ئالدۇق، سىزنىڭ مۇنچىۋالا چوڭ سۆزلەشكە نېمە

* يەن — بەگلىك. ھازىرقى خېبېي ئەتراپلىرى.
دەي — قەدىمكى بەگلىك. ھازىرقى شەنشىنىڭ كۈنچىقىش ئۈستۈن قىسمى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر قىسمى.

ھەددىڭىز بار؟ — دېدى غەزەپلەنگەن شۆي چۇ.
— ھەممىڭلار ئادەتتىكىلا بىرنېمىلەر، ئېغىزغا ئېلىشقا ھەم ئەرزىمەيسىلەر! — دېدى شۆي يۇ ئاغزىنى بۇزۇپ.
قەھرى ـ غەزىپىگە چىدىمىغان شۆي چۇ شەمشىرىنى ئېلىپ شۆي يۇنى ئۆلتۈردى ـ دە، بېشىنى ئېلىپ ساۋ ساۋنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، شۆي يۇنى ناھايىتى ھەددىدىن ئېشىپ ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۋەتكەنلىكىنى دېدى.
— شۆي يۇ مېنىڭ كونا بۇرادىرىم بولغاچقا، چاقچاق قىلاتتى، نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردىڭىز؟ — ساۋ ساۋ شۆي چۇغا ئىنتايىن كايىدى ۋە كېيىن شۆي يۇنىڭ جەسىتىنى ياخشىلاپ دەپنە قىلغۇزدى، ئاندىن جىجۇنىڭ ھەكىم ـ دانىشمەنلىرىنى ئۇقۇشۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتتى.
— چەۋەنداز سەرلەشكەر سۈي يەن دېگەن كىشى بار، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى جى گۈي، چىڭخېنىڭ دۇڭۋۇ شەھىرىدىن بولۇپ، ئاقىل ـ پازىل بىر زاتتۇر، ئۇنىڭ بىرنەچچە قېتىم كۆرسەتكەن تەدبىرلىرىنى يۈەن شاۋ قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈن، ئاغرىقمەن دەپ ئۆيدە يېتىۋالغان، — دەپ تونۇشتۇردى جىجۇ ئاھالىسى.
ساۋ ساۋ شۇئان سۈي يەننى تەكلىپ قىلىپ، ئورۇنباسار ئايماقبېگى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە:
— ئايماقنىڭ رويخېتىگە قارىغاندا ئاھالىسى جەمئىي 30 تۈمەن بولۇپ، چوڭ ئايماق دېيىشكە بولىدىكەن، — دېدى.
— ھازىر ئېلىمىز پارچىلىنىپ، ۋەيران بولماقتا، يۈەن تەن، يۈەن شاڭ ئاغا ـ ئىنىنىڭ جەڭ ـ جېدىلى تۈپەيلى جىجۇ ئاھالىسىنىڭ جەسەتلىرى پۈتۈن دالىنى قاپلىدى، باش ۋەزىر جانابلىرى بۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى سورۇشتە قىلماستىن، ئۆلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلماستىن، ئالدى بىلەن نوپۇس ـ رويخەتنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىدىلا، بۇ ئايمىقىمىزدىكى ئەر ـ ئايال ئاھالىنىڭ جانابىلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىمىدى؟ — دەپ جاۋاب بەردى سۈي يەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ دەررۇ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى ئەزىز مېھمان قاتارىدا كۈتتى.

ساۋ ساۋ جىجۇدا تەرتىپ ئورناشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن تەننىڭ دېرىكىنى قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. بۇ كۈنلەردە يۈەن تەن گەنلىڭ، ئەنپىڭ، بوخەي، خېجيەن قاتارلىق جايلاردا لەشكەرلىرى بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلماقتا ئىدى. يۈەن شاڭنىڭ يېڭىلىپ جۇڭشەنگىچە قاچقىنىنى ئاڭلاپ، لەشكەر باشلاپ تېگىش قىلدى. يۈەن شاڭدا ئۇرۇشقىچىلىك ماجال قالمىغىنى ئۈچۈن، يۇجۇغا بېرىپ يۈەن شىدىن پاناھ تىلىدى. يۈەن تەن ئۇنىڭ بارلىق كىشىلىرىنى ئەل قىلىپ، جىجۇنى قايتا ئىگىلەش غەرىزىدە بولدى. ساۋ ساۋ كىشى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ چاقىرسا، بارغىلى ئۇنىمىدى. خاپا بولغان ساۋ ساۋ مەكتۇپ ئارقىلىق توي ئىشىنى رەت قىلدى ۋە ئۆزى چوڭ قوشۇن باشلاپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، توپتوغرا پىڭيۈەنگە كەلدى. يۈەن تەن ساۋ ساۋنىڭ شەخسەن ئۆزى زور قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، لىيۇ بياۋدىن ھەمدەم تەلەپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. لىيۇ بياۋ لىيۇ بېيىنى كېڭەشكە چاقىردى.

— ھازىر ساۋ ساۋ جىجۇنى ئالدى. لەشكىرىي كۈچى ئىنتايىن زورايدى، ئاغا ـ ئىنى يۈەن تەن، يۈەن شاڭلار ئۆزۈڭغا قالماي چوقۇم ساۋ ساۋنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، ھەمدەمنىڭ پايدىسى يوق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساۋ ساۋ دائىم جىڭجۇ، شياڭچېڭلارغا تېگىش قىلىش نىيىتىدە بولۇپ كەلگەن، شۇڭلاشقا بىز

لەشكەرلىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئۆزىمىزنى ساقلاپ، قاراملىق قىلماسلىقىمىز كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى ليۇ بېي.

— ئۇنداق بولسا نېمە دەپ رەت قىلىمىز؟ — دېدى ليۇ بياۋ.

— يۈەن تەن، يۈەن شاڭ ئاغا - ئىنى ئىككىسىگە خەت يېزىپ، سۈلھىگە دەۋەت قىلىش باھانىسى بىلەن رەت قىلساق بولىدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

ليۇ بياۋ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆرۈپ، ئاۋۋال مەكتۇپ بىلەن كىشى ئەۋەتتى. مەكتۇپنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

ئەلنىڭ قىساسىنى ئالماي، قېيىنچىلىقتىن باش تارتىش يىگىتلىك شەنىگە ياراشمايدۇ. ئالدىنقى كۈنلەردە جانابلىرىنىڭ تىز پۈكۈپ ساۋ ساۋغا ئەل بولغانلىقلىرىنى ئاڭلىدۇق، بۇ ئاتىلىرىنىڭ قىساسىنى ئۇنتۇغانلىق ۋە ئاغا - ئىنىلىق مېھرىگە ئېتىبار بەرمىگەنلىك، شۇنىڭدەك، ئىتتىپاقنى ئۇنتۇشتەك نومۇسسىزلىق بولىدۇ. ئەگەر يۈەن شاڭ گەپكە كىرمەي ئىتائەت قىلمىسا هازىرچە بويسۇنۇپ تۇرۇپ، غايە ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن هەق ۋە ناهەققە ئەل بىرنەرسە دېيىشىنى كۈتسەك، بۇ، ئالىيجانابلىق بولماسمىدى؟

يەنە يۈەن شاڭغا مۇنۇ مەكتۇپ يېزىلدى:

يۈەن تەن ئالدىراڭغۇ مىجەز، هەق - ناهەقلىق ئىچىدە ئادىشىپ قالىدۇ. جانابلىرى ئالدى بىلەن ساۋ ساۋنى يوقىتىپ، مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭ ئۆچىنى ئېلىشلىرى كېرەك ئىدى. غايە ئەمەلگە ئاشقاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىن، ئاندىن ھەق ـ ناھەق ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلسىلا ئوبدان بولار ئىدىغۇ؟ ئەگەر ئاداشقان يولىمىزدىن قايتمىساق، ئۇنداقتا خەنلۇ، دۇڭگو* لاردەك ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خەققە تۇتۇپ بەرگەن بولۇپ قالىمىز.

يۈەن تەن ليۇ بياۋنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ لەشكەر تارتماسلىق نىيىتىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ يەنە ساۋ ساۋغا قارشى تۇرالماسلىقىنى پەملىدى ـ دە، پىكيۈەننى تاشلاپ نەنپىنى ساقلاشقا كەتتى.

ساۋ ساۋ نەنپىگە قوغلاپ كەلدى، بۇ ۋاقىت قىش پەسلى بولۇپ، سۇ يوللىرى تامام توڭلاپ قالغانلىقتىن، ئاشلىق كېمىلىرى يۈرەلمەي قالدى. ساۋ ساۋ يەرلىك ئادەملەرنى مۇزنى چېقىپ، كېمىلەرنى سۆرەشكە بۇيرۇغانىدى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پۇقرالار قېچىپ كەتتى. ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ بۇلارنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. پۇقرالار بۇنى ئاڭلاپ، قارارگاھىغا كېلىپ، ئۆزلۈكىدىن باش ئېگىشتى.

— سىلەرنى ئۆلتۈرمىسەم، بۇيرۇقۇم ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ؛ ئۆلتۈرەي دېسەم، كۆڭلۈم قىيمايدۇ، شۇڭا تېزدىن تاغقا چىقىپ يوشۇرۇنۇڭلار، لەشكەرلىرىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغۇچى بولماڭلار، — دېدى ساۋ ساۋ.

پۇقرالارنىڭ ھەممىسى كۆز يېشى قىلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

يۈەن تەن شەھەردىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىگە مۇقابىل بولدى. ھەر ئىككى قوشۇن سەپراس بولۇپ تۇردى. ساۋ ساۋ قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ يۈەن تەننى:

* قەدىمكى تەمسىل بولۇپ، ئېيتىلىشىچە، خەنلۇ — قەدىمكى زاماندىكى ناھايىتى ياخشى ئوۋ ئىتى، دۇڭگو — ناھايىتى يۈگۈرۈك توشقان ئىكەن. خەنلۇ دۇڭگونى قوغلاپ بىر تاغنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپتۇ، تاغدىن بەش قېتىم ئارتىلىپ ئۆتۈپتۇ ـ دە، ئاخىر ئىتمۇ، توشقانمۇ ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر دېھقان كۆرۈپ قېلىپ، ھېچ كۈچ چىقارمايلا، ئۇلارنى ئېلىۋاپتۇ.

— مەن ساڭا زور ئىلتىپات كۆرسەتسەم، سەن نېمىشقا نىيىتىڭنى بۇزدۇڭ؟ — دەپ تىللىدى.

— سەن مېنىڭ تەۋەيىمگە بېسىپ كىردىڭ، شەھەرلىرىمنى تارتىۋالدىڭ ۋە قىلغان توي ئىشىنى ئىنكار قىلدىڭ، يەنە ئەكسىچە مېنى نىيىتىڭنى بۇزدۇڭ دەمسەن! — دېدى يۈەن تەن.

دەر غەزەپ بولغان ساۋ ساۋ شۈي خۇاڭنى جەڭگە بۇيرۇدى. يۈەن تەن پېڭ ئەننى جەڭگە چىقاردى. ئىككى ئات روبىرو بولۇپ، بىرنەچچە رەددى بەدەلدىن كېيىنلا شۈي خۇاڭ پېڭ ئەننى ئۆلتۈرۈپ ئات ئاستىغا يىقىتتى. يۈەن تەن لەشكەرلىرى يېڭىلىپ نەنپىگە چېكىندى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلدى، يۈەن تەن ھودۇقۇپ قېلىپ، ئەل بولۇشنى بىلدۈرۈپ شىن پىڭنى ساۋ ساۋ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى.

— ھارامزادە يۈەن تەن لەۋزىدە تۇرمايدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن. جانابىڭىزنىڭ ئىنىسى شىن پى ئەلھال بىزدە مۇھىم خىزمەتتە، سىزمۇ بۇ يەردە قېلىڭ، — دېدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر، يېڭىلىشتىلا، مەن «خوجايىنىنىڭ قەدىرلىك بولۇشى خادىمىنىڭ شەرىپى، خوجايىنىنىڭ قايغۇسى خادىمىنىڭ خورلۇقى» دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن ئۇزۇندىن بېرى يۈەن ئۇرۇقىدىكىلەرگە خىزمەت قىلىپ كەلدىم، يۈز ئۆرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس! — دېدى شىن پىڭ.

ساۋ ساۋ ئۇنى ئېلىپ قالالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، يولغا سېلىپ قويدى. شىن پىڭ بېرىپ، يۈەن تەن بىلەن كۆرۈشۈپ ساۋ ساۋنىڭ ئەل بولۇشنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى بايان قىلدى.

— سىزنىڭ ئىنىڭىز ساۋ ساۋغا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، سىزمۇ ئالا كۆڭۈل بولۇپ قالغانسىز؟ — دېدى يۈەن تەن توۋلاپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شىن پىڭنىڭ خورلۇقى تۇتتى، ئۇ غەزىپىنى باسالماي، بېشى ئايلىنىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈەن تەن ئۇنى يۆلىتىپ تالاغا ئاچىقتۇردى، ئۇ بىر پەستىن كېيىنلا ۋاپات بولدى. يۈەن تەن قىلغان سۆزىگە ئىنتايىن پۇشايمان قىلدى.

— ئەتە پۈتۈن ئاھالىنى ئالدىمىزغا سېلىپ، ئارقىدىن لەشكەرلەر چىقىرىپ، ساۋ ساۋ بىلەن قەتئىي، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭى قىلايلى، — دەپ يۈەن تەنگە مەسلىھەت بەردى گو تۇ.

يۈەن تەن بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ، شۇ كېچىسى نەنپىنىڭ بارلىق پۇقرالىرىغا قوللىرىغا قىلىچ، نەيزە ئېلىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقا ئەمر قىلدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، تۆت قوۋۇقنى چوڭ ئېچىپ، ئالدىغا خەلقنى سېلىۋالغان لەشكەرلەر سۈرەن - چۇقان بىلەن شەھەردىن چىقىپ توپتوغرا ساۋ ساۋ قارارگاھىغا قاراپ كېلىشتى. ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشتى، پۈتۈن دالا جەسەتكە تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلمىدى. ئۇرۇشتا تولۇق يېڭىشنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن ساۋ ساۋ ئېتىنى تاشلاپ تاغقا چىقىپ، شەخسەن ئۆزى دۇمباق چېلىشقا باشلىدى. سەركەردە، لەشكەرلەر بۇنى كۆرۈپ، غەيرەتلىنىپ ئالغا باستى، يۈەن تەن لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، سانسىز پۇقرا ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى. ساۋ خۇڭ غەيرەت - شىجائەت بىلەن ياۋ سېپىگە باستۇرۇپ كىرىپ، يۈەن تەنگە دۇچ كېلىپ قالدى - دە، قىلىچى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە چېپىۋەردى، يۈەن تەن سەپ ئىچىدە ساۋ خۇڭنىڭ قولىدا ئۆلدى. سەپنىڭ زور قالايمىقانچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەن گو تۇ ئالدىراپ - تېنەپ شەھەرگە چاپتى. يۆ جىن ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، كامانىنى كېرىپ ئوق ئاتتى، گو تۇ ئېتى بىلەنلا خەندەككە يىقىلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ نەنپىگە كىرىپ، خەلقنى ئەمىن قىلىپ تەرتىپ ئورناتتى. بۇ چاغدا

ئۇشتۇمتۇت بىر قوشۇن كېلىپ قالدى، بۇلار يۈەن شىنىڭ قول ئاستىدىكى پالۋانلاردىن جياۋ چۇ، جاڭ نەنلەر ئىدى. ساۋ ساۋ شەخسەن ئۆزى لەشكەرلىرىنى باشلاپ قارشى چىقتى. ئىككى پالۋان قورالىنى تاشلاپ، ساۋۇتلىرىنى سېلىپ، ئەل بولدى. ساۋ ساۋ ئۇلارغا بەگلىك مەرتىۋە بەردى. يەنە خېيشەن قاراقچىسى جاڭ يەن 10 تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىپ ئەل بولدى، ساۋ ساۋ ئۇنى ئۇستۇن تەرەپنى تىنچىتىش سەركەردىسى قىلىپ بەلگىلىدى.

يۈەن تەننىڭ بېشىنى شەھەردە سازايى قىلىشقا، ئۇنىڭغا يىغلىغۇچىلار بولسا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىلدى. يۈەن تەننىڭ بېشى يۇقىرى قوۋۇقنىڭ سىرتىغا ئېسىپ قويۇلدى. بېشىغا لاتا سەرپۇش، ئۇچىسىغا ماتەم كىيىمىنى كىيگەن بىر ئادەمنىڭ ئېسىلغان باشقا قاراپ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرگەن خادىملار ئۇنى تۇتۇپ ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ساۋ ساۋ كىملىكىنى سورىدى، بۇ ئادەم چىڭجۇنىڭ ئورۇنباسار ئايماقبېگى ۋاڭ شيۇ ئىكەن، ئۇ يۈەن تەنگە مەسلىھەت بەرگىنى ئۈچۈن قوغلىنىپتىكەن، بۇگۈن يۈەن تەننىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە هازا تۇتقىلى كەلگەنىكەن.

— سىز مېنىڭ ئەمرىمنى بىلەتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— بىلەتتىم! — دېدى ۋاڭ شيۇ.

— سىز ئۆلۈمدىن قورقامسىز؟

— ئۇ هايات ۋاقتىدا مېنى خىزمەتكە سالغانىدى، ۋاپات بولغىنىدا يىغلىمىسام ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىمەن، ئۆلۈمدىن قورقۇپ ۋىجداندىن كېچىش يولى بىلەن دۇنيادا ياشاشنىڭ نېمە لەززىتى بار؟ ئەگەر يۈەن تەننىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىۋالغىنىمدىن كېيىن، ئۆلتۈرۈلسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى، — دېدى ۋاڭ شيۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— خېپپىدە ۋاپا ـ ساداقەت ئەھلى نېمىدېگەن نۇرغۇن ـ ھە! ئەپسۇسكى، يۈەن ئۇرۇقىدىن بولغانلار بۇلارنى ئىشقا سالالماپتۇ! ئەگەر ئىشقا سالالىغان بولسا، بۇ يەرگە تىكىلىپ قارىيالمىغان بولاتتىم! — دېدى ساۋ ساۋ، ئاندىن يۈەن تەننىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلىشقا بۇيرۇق بەردى، ۋاڭ شيۇغا ھۆرمەتلىك مېھمانلار قاتاردا مۇئامىلە قىلىپ، سىجىن جۇڭلاڭجياڭلىققا* تەيىنلىدى.

— ھازىر يۈەن شاڭ يۈەن شىدىن پاناھ تىلەپتۇ، بۇلارنى قانداق تەدبىر بىلەن ئېلىش كېرەك؟ — دەپ ۋاڭ شيۇدىن سورىدى ساۋ ساۋ.

ۋاڭ شيۇ ئىندىمىدى.

— سادىق خىزمەتچى ئىكەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

ئاندىن بۇ سوئالنى گو جياغا بەردى.

— ئاغا ـ ئىنى يۈەنلەر ئىچىدىكى ئەل بولغان پالۋانلاردىن جياۋ چۇ، جاڭ نەنلەرنى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭكىنى ئۆزىگە سېلىش كېرەك! — دېدى گو جيا.

ساۋ ساۋ بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرۈپ، جياۋ چۇ، جاڭ نەن، لۈي كۋاڭ، لۈي شياڭ، ما يەن، جاڭ يىلارنى ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ئۈچ يوللاپ يۇجوۇغا ئېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن لى ديەن، يۆ جىننى جاڭ يەن بىلەن بىرلىشىپ بىڭجۇنى ئېلىشقا، يەنى گاۋ گەنگە ئېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى.

يۈەن شاڭ، يۈەن شىلارغا كەلسەك، ئۇلار ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، شەھەرنى تاشلىدى ـ دە، لەشكەرلىرى بىلەن ئوغانلاردىن پاناھ تىلەش ئۈچۈن، كېچىلەپ لياۋشىغا كەتتى.

---

* سىجىن جۇڭلاڭجياڭ — مەنسەپ. تۆمۈر ـ پولات ئېرىتىپ، دېھقانچىلىق ئەسۋابلىرى ۋە ئۇرۇش قوراللىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

يۇجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ۋۇخۇەنچۇ يۇجۇ مەنسەپدارلىرىنى يىغىپ، قان ئىچىپ ئەھدىلىشىپ، يۇەن ئۇرۇقىدىن يۈز ئۆرۈپ ساۋ ساۋغا ئەل بولۇش ھەققىدە ئومۇمىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەشتە ئالدى بىلەن ۋۇخۇەنچۇ سۆز ئېلىپ:

— باش ۋەزىر ساۋ ساۋ زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى، بۈگۈن ئۇنىڭغا ئەل بولمىساق، بۇنىڭغا بويسۇنمىغۇچىلار ئۆلۈمگە مەھكۇم، — دېدى.

مەنسەپدارلار بىر - بىرلەپ نۆۋەت بىلەن قان ئىچىپ قەسەمياد قىلىشتى. نۆۋەت ئورۇنباسار ئايماقبېگى خەن خېڭغا كەلگەندە، ئۇ خەنجىرىنى يەرگە تاشلىدى - دە، توۋلاپ تۇرۇپ:

— مەن يۇەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئاتا - بالىدىن زور ئىلتىپات كۆرگەنمەن، ئەلھال خوجايىنلارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلدى، يېڭىلگىنى يېڭىلدى. ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىپ خالاسكارلىق قىلالمىدىم، غەيرەت كۆرسىتىپ پىدائىي بولالمىدىم، بۇ ۋىجدانسىزلىق! ئەمدى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ساۋ ساۋغا ئەل بولىدىغان ئىشنى قىلالمايمەن! — دېدى.

ھەممەيلەن بۇنى ئاڭلاپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئۇلۇغ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئىرادە تىكلەش كېرەك، ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش - چىقماسلىقى بىر ئادەمگە قاراپ قالمايدۇ. خەن خېڭنىڭ نىيىتى مۇنداق ئىكەن، ئىختىيار ئۆزىدە، — دېدى ۋۇ خۇەنچۇ ۋە خەن خېڭنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ۋۇ خۇەنچۇ شەھەردىن چىقىپ ئۈچ يوللاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى قارشى ئالدى ۋە ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەل بولدى. ئىنتايىن خۇرسەن بولغان ساۋ ساۋ ۋۇ خۇەنچۇنى ئۇستۇن تەرەپنى بويسۇندۇرۇش سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلىدى.

توساتتىن ئايغاقچىلار: «يۆ جىن، لى ديەن، جاڭ يەنلەر

بىگجۇغا تېگىش قىلىشقا ماڭغانىدى، گاۋ گەن چوگۇن قورۇل ئېغىزىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئۆتەلمەيۋاتىدۇ» ، دەپ خەۋەر ئېلىپ كېلىشتى. ساۋ ساۋ ئۆزى لەشكەر باشلاپ باردى. ئۈچ پالۋان ئىستىقبالغا چىقتى ۋە گاۋ گەننىڭ قورۇلنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئۇنى ئېلىش قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. ساۋ ساۋ پالۋانلارنى يىغىپ گاۋ گەننى تىرىپىرەن قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— گاۋ گەننى تىرىپىرەن قىلىش ئۈچۈن «يالغان ئەل بولۇش تەدبىرى» دىن پايدىلىنىش كېرەك، — دېدى شۈن يۇ.

ساۋ ساۋ بۇنى مۇناسىپ كۆرۈپ، ئۆزىگە ئەل بولغان پالۋانلاردىن لۈي كۇاڭ، لۈي شياڭلارنى چاقىرتىپ، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا شۇنداق، شۇنداق بولسۇن، دەپ پىچىرلىدى. لۈي كۇاڭلار بىرنەچچە نۆكەرلىرى بىلەن توپمۇتوغرا قورۇل تۈۋىگە كېلىپ:

— بىز ئەسلىدە جانابىي يۈەن شاۋنىڭ كونا سەركەردىلىرى، ئىلاجسىز قېلىپ ساۋ ساۋغا ئەل بولغانىدۇق. ساۋ ساۋ مەككار بىر شەخس ئىكەن، بىزگە ياخشى قارىمىدى، شۇڭلاشقا بۈگۈن كونا خوجايىنىمىزغا ھەمدەمگە كەلدۇق. قورۇلنىڭ قوۋۇقىنى تېز ئېچىپ كىرگۈزۈۋېڭلار، — دەپ توۋلىدى.

گاۋ گەن ئىشەنمەي، يالغۇز ئىككى سەركەردىنىڭ ئۆزىنىلا سۆزلىشىش ئۈچۈن قورۇلغا كىرگۈزدى. ئىككى سەركەردە ساۋۇتىنى يېشىپ تاشلاپ، ئاتلىرىنى قالدۇرۇپ قورۇلغا كىردى ۋە گاۋ گەنگە:

— ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېڭىدىن يېتىپ كەلدى، لەشكەرلىرى تېخى خاتىرجەم بولغىنى يوق، شۇڭا، بۈگۈن كېچە قارارگاھ باسقىنى قىلايلى، بىز ئالدىدا قوشۇن باشلاپ مېڭىشنى خالايمىز، — دېدى.

گاۋ گەن خۇرسەن بولۇپ، مەسلىھەتنى قوبۇل كۆردى. شۇ

كېچىسى لۈي كۇاڭ بىلەن لۈي شياڭنى تۇرشاۋۇل قوشۇن قىلىپ 1 تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. بۇلار ساۋ ساۋ قارارگاھىغا ئاز قالغاندا، ئارقىدىن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سۈرەن - چۇقان ئاۋازى چىقىپ كەتتى - دە، يوشۇرۇپ قويۇلغان لەشكەرلەر تەرەپ - تەرەپتىن چاپ - چاپقا ئۆتتى. گاۋ گەن تۇزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال چۆگۈن قورۇلغا قايتتى، بۇ چاغدا يۆ جىن بىلەن لى ديەن قورۇلنى ئېلىپ بولغانىدى. گاۋ گەن زورغا يول ئېچىپ قۇتۇلۇپ، خون خاقانىدىن پاناھ تىلەشكە كەتتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن قورۇلنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، گاۋ گەننى قوغلاشقا كىشى ئەۋەتتى. گاۋ گەن خونلار تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇستۇن فەن (ئۇستۇن تەرەپتىكى قوۋملەرنىڭ بىرى) نىڭ چەپقول بىلىكخانىغا ئۇچراپ قالدى. گاۋ گەن ئاتتىن چۈشۈپ يەرگە باش ئۇرۇپ:

— ساۋ ساۋ يۇرت ۋە ئېلىمنى ئىستىلا ئەتتى، ئەلھال جانابلىرىنىڭ زېمىنىغا تەئەررۇز قىلماقچى، يۇرتۇمنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇستۇن تەرەپنى جانابلىرى بىلەن بىرگە قوغداشقا ئۆزلىرىدىن ياردەم ۋە خالاسكارلىق تىلەيمەن، — دېدى.

— مېنىڭ ساۋ ساۋ بىلەن ئاداۋىتىم يوق. نېمىدەپ مېنىڭ يۇرتۇمغا تەئەررۇز قىلىدىكەن؟ سىز ساۋ ساۋ بىلەن ئىككىمىز ئارىسىدا ئاداۋەت ئۇرۇقى چاچماقچى بولامسىز! — دەپ كايىدى چەپقول بىلىكخان.

ئىلاجىسىز قالغان گاۋ گەن ليۇ بياۋدىن پاناھ تىلەپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. مېڭىپ شاڭلۇغا كەلگەندە، سەرلەشكەر ۋاڭ يەن گاۋ گەننى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ساۋ ساۋغا ئەكىلىپ تاپشۇردى. بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ساۋ ساۋ ۋاڭ يەننى بەگلەر قاتارىغا قوشتى.

بىڭجۇدا تەرتىپ ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋ كۈنپېتىش تەرەپكە يۈرۈپ ئوغانلارغا تېگىش قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— يۈەن شى، يۈەن شاڭلارنىڭ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ، پالۋانلىرى ئۆلدى، كۈچ - ماغدۇرىدىن كېتىپ، يىراق قۇملۇق سەھراغا پاناھ تىلەپ كەتتى؛ ھالا بۇ كۈندە بىز كۈنپېتىش تەرەپكە تېگىش قىلساق، لىيۇ بېي، لىيۇ بياۋلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پايتەخت شۈيچاڭغا تېگىش قىلىپ قالسا، ئۈنداقتا ياردەمگە ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز، بۇنىڭ ئاپىتى ئاز بولمايدۇ؛ شۇڭا ئىلگىرىلىمەستىن لەشكەرلىرىمىزنى قايتۇرغىنىمىز ياخشى بولارمىكىن؟ — دەپ پىكىر بايان قىلدى ساۋ خۇڭ قاتارلىقلار.

— ھەربىرلىرى يېڭىلىشتىلا، جانابىي تەقسىرنىڭ ھەيۋىتى ئەلنى لەرزىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇملۇق - باياۋان قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ يىراقتا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، چوقۇم ھازىرلىقسىز بولىدۇ؛ ئەنە شۇ ھازىرلىقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنى مۇقەررەر يوسۇندا تارمار كەلتۈرگىلى بولىدۇ. يۈەن شاۋ ئوغانلارغا كۆپ ئىلتىپاتتا بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە، يۈەن شاڭ، يۈەن شى ئاغا - ئىنى ھالا مەۋجۇت، بۇلارنى يوقاتماي بولمايدۇ. لىيۇ بياۋ ئولتۇرۇپ پاراڭ سالىسلا بولىدىغان ئادەم، لىيۇ بېيچىلىك قابىلىيىتى يوقلۇقىنى ئۆزىمۇ بىلىدۇ، شۇڭا لىيۇ بېينى مۇھىم ئىشلارغا قويۇپ قويسا، كېيىن ئىدارە قىلالماسلىقىدىن قورقىدۇ؛ مۇھىمسىز ئىشقا قويسا، لىيۇ بېي رازى بولمايدۇ. دېمەك، بىز يىراق سەپەردە بولۇپ، پايتەخت بوش قالغان بولسىمۇ، جانابلىرىنىڭ غەم يېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى گو جيا.

— گو جيانىڭ سۆزى ناھايىتى توغرا، — دېدى ساۋ ساۋ.

ئاندىن ئۈچ قوشۇننى باشلاپ، بىرنەچچە مىڭ ھارۋا بىلەن ئالغا راۋان بولدى. ئەتراپ پۈتۈنلەي قاقاسلىق، قۇم باياۋان

بولۇپ، ھەر تەرەپتىن بوران چىقىپ تۇراتتى. يول ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي بولغاچقا، ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ يۈرۈشى قىيىن ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇش پىكرىگە كېلىپ قالدى - دە، گو جيادىن مەسلىھەت سورىدى. بۇ كۈنلەردە گو جيا ھاۋانىڭ ياقماسلىقىدىن ئاغرىپ هارۋىدا يېتىپ قالغانىدى.

— مەن قۇملۇق — باياۋاننى بويسۇندۇرىمەن دەپ، جانابلىرىنى يىراق يولدا جاپا چەكتۈرگىنىم ئۈچۈن ئاغرىپ قالدىلا، مەن قانداق خاتىرجەم بولالايمەن! — دېدى ساۋ ساۋ يىغلاپ تۇرۇپ.

— مەن باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ زور ئىلتىپاتلىرىغا نائىل بولغانمەن، ئۆلسەممۇ بۇ ئىلتىپاتلارنىڭ تۈمەندىن بىرىنى قايتۇرالمايمەن، — دېدى گو جيا.

— ئۈستۈن تەرەپ يوللىرى ئەگرى -توقاي، ئېگىز - پەس ئىكەن، لەشكەرلەرنى قايتۇرۇش پىكرىگە چۈشۈپ قالدىم، قانداق دەيدىلاكىن؟

— لەشكەرلەرنىڭ قىممىتى مۆجىزىۋى سۈرئەتتىدۇر. ئەلھال 1000 چاقىرىم يىراقتىكىلەرگە تېگىش قىلغىلى كېتىۋاتىمىز، يۈكتاق - ھارۋىلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىدىن سەپىرىمىز ناقولاي بولۇۋاتىدۇ، شۇڭلاشقا يەڭگىللىنىپ يول تاللاپ مېڭىپ، قارشى تەرەپنىڭ هازىرلىقسىز پەيتىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك، ئەمما يېقىن يولنى بىلىدىغانلار يول باشلىشى كېرەك، — دېدى گو جيا.

شۇنىڭ بىلەن گو جيانى يىجۇدا داۋالىنىشقا قالدۇرۇپ، يول باشلايدىغان كىشى ئىزدىدى. ئادەملەر يۈەن شاۋنىڭ كونا پالۋانلىرىدىن تيەن چۈنىڭ بۇ يولنى ياخشى بىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىشتى. ساۋ ساۋ ئۇنى چاقىرتىپ سورىدى.

— بۇ يولدا ياز بىلەن كۈزدە سۇ بولىدۇ، لېكىن ھارۋا،

www.uyghurkitap.com

ئات ماڭغۇدەك تېپىز ئەمەس ياكى كېمە قاتنىغۇدەك چوڭقۇر ئەمەس، مېڭىش ئىنتايىن مۇشكۇل؛ ئۇنىڭدىن كۆرە لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ، لۇلوڭ ئېغىزى ئارقىلىق خەتەرلىك بەيتەندىن ئېشىپ، بىردىنلا بوش يەردىن چىقساق، ليۇ چېڭگا يېقىنلا بېرىپ قالىمىز، ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ باستۇرۇپ بارساق، بىرلا جەڭدە تادۇن* نى تىرىك قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ، — دەپ ئۆز پىكرىنى بەردى تيەن چۇ.

ساۋ ساۋ بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ، تيەن چۇنى ئۇستۇن تەرەپنى تىنچىتىش سەركەردىسى ۋە يول باشلىغۇچى ئەمەلدار قىلىپ تۇرشاۋۇل قوشۇنغا قويدى؛ جاڭ لياۋنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ساۋ ساۋ ئۆزى ھەممىنىڭ ئارقىدا ماڭدى: ئۇلار يەڭگىل قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ رىياقىتىدە ماڭدى. تيەن چۇ جاڭ لياۋنى باشلاپ بەيلاڭشەن تېغىغا يېتىپ كەلگەندە، تا دۇن بىلەن يۈەن شاڭ، يۈەن شىلار باشلاپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە تۈمەن ئاتلىق لەشكەرگە دوقۇرۇشۇپ قالدى. جاڭ لياۋ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ ئېتىنى بىر ئېگىزلىككە سۈرۈپ ياۋ قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈردى، تا دۇن قوشۇنىنىڭ تەرتىپسىزلىكىنى كۆرۈپ، جاڭ لياۋغا:

— ياۋ قوشۇنى رەتلىك ئەمەس ئىكەن، تېگىش قىلساق بولىدۇ، — دېدى - دە، سەردارلىق ئەلىمىنى جاڭ لياۋغا تاپشۇردى.

جاڭ لياۋ شۈي چۇ، يۈي جىن، شۈي خۇاڭلارنى باشلاپ تۆت تەرەپلەپ تاغدىن چۈشۈپ، غەيرەت ۋە جاسارەت بىلەن جىددىي تېگىش قىلدى. تا دۇن قوشۇنى پاتىپاراقلىشىپ كەتتى. جاڭ لياۋ ئات سۈرۈپ بېرىپ، تا دۇننى چېپىپ تاشلىدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى. يۈەن شاڭ بىلەن يۈەن شى

* تا دۇن — خەن خەندانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ھون خاقانى.

بىرنەچچە مىڭ لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ لياۋدۇڭغا قاچتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى يىغىپ ليۇ چېڭغا كىردى، ليۇ چېڭنى ساقلاش ئۈچۈن، تيەن چۇنى ليۇچېڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. تيەن چۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن ۋاپاسىزلىق قىلىپ قويغان بىر قاچاق ئىدىم، جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتى سايىسىدە ياشاپ قالدىم، بۇ مېنىڭ ئۈچۈن زور بەخت ئىدى، لۇلوڭ ئېغىزىنى ئېلىش بەدىلىگە قانداقمۇ ئىلتىپات ـ ئىنئام ئالالايمەن! ئۆلسەممۇ بەگلىكنى قوبۇل قىلالمايمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

ساۋ ساۋ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، تيەن چۇنى مۇشاۋىرلىققا تەيىنلىدى. ساۋ ساۋ هونلاردىن هال سورىدى، 1 تۈمەن ياخشى ئات يىغىپ، شۇ كۈنىلا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتتى. بۇ كۈنلەردە هاۋا ناهايىتى سوغۇق ۋە قۇرغاق بولۇپ، 200 چاقىرىم مۇساپىدە سۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەرلەردە ئاشلىق كەم بولغاچقا، ئۇلار ئاتلارنى سويۇپ ئوزۇقلاندى، سۇ ئۈچۈن 70 — 80 غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قېزىشقا توغرا كەلدى.

ساۋ ساۋ يېجۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرى مەسلىهەت بەرگەنلەرنىڭ هەممىسىنى تارتۇقلىدى ۋە سەركەردىلەرگە قاراپ:

— بۇنىڭدىن مۇقەددەم خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي يىراققا يۈرۈش قىلىپ، بەختكە يارىشا مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم. ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن نۇسرەت قازاندۇق. شۇنداق بولماقچىدى دېگىلى بولمايدۇ. هەرقايسىڭىزلارنىڭ مەسلىهەتى ئۇلۇغ ئامانلىق تەدبىرىدۇر، شۇڭلاشقا تارتۇقلاۋاتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئالدىمدا قورقماي مەسلىهەت بەرسىڭىزلەر! — دېدى.

ساۋ ساۋ يېجۇغا كەلگەندە، گو جيانىڭ ۋاپات بولغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولۇپ، گۇەنسەيى مەهكىمىگە توختىتىپ قويۇلغانىدى. ساۋ ساۋ بېرىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ هازا تۇتتى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com

— گو جيانىڭ ۋاپاتى تەڭرىنىڭ مېنى ئۆلتۈرگىنىدىن ئىبارەتتۇر! — دېدى ۋە مەنسەپدارلارغا قاراپ، — ھەربىرىڭلار ياشتا مېنىڭ بىلەن قۇرداش، پەقەت گو جيالا ياش ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمنى مەرھۇمغا ھاۋالە قىلىش نىيىتىدە ئىدىم، ئۇنىڭ بەختكە قارشى يىگىتلىكنىڭ كامالىغا يەتكەن ۋاقتىدا ۋاپات بولغانلىقى مېنىڭ يۈرەك - باغرىمنى پارە - پارە قىلدى! — دېدى.

گو جيانىڭ خادىملىرى ئۇنىڭ ۋاپات قىلىشتىن بۇرۇن يېزىپ قالدۇرغان خېتىنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇپ:

— مەرھۇم ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئۆز قولى بىلەن بۇ خەتنى يېزىپ: «ئەگەر باش ۋەزىر جانابلىرى بۇ خەتتە يېزىلغانلىرىغا ئەمەل قىلىدىغان بولسا، لياۋدۇڭنىڭ ئىشى بەرقارار بولىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلىشۇدى، — دېيىشتى.

ساۋ خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئاھ ئۇردى. بۇنىڭ مەنىسىنى ھېچكىم ئۇقالماي قالدى.

ئەتىسى شيا خۇدۇن كۆپچىلىكنى باشلاپ كىرىپ:

— لياۋدۇڭ ھاكىمى گۇڭسۇن كاڭ ئۇزۇندىن بېرى ئىتائەتسىز باش تولغاپ يۈرەتتى، ئەلھال يۈەن شى، يۈەن شاڭلارنى پاناھىغا ئاپتۇ، كېيىن چوقۇم بىر بالا تېرىيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرلىقسىز تۇرغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، تېزدىن جازا يۈرۈشى قىلساق، لياۋدۇڭنى قولغا ئېلىش مۇمكىن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— جانابىي پالۋانلار، سىلەرنى ئاۋارە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا گۇڭسۇن كاڭ يۈەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئاغا - ئىنى ئىككىيلەننىڭ بېشىنى ئۆزى يەتكۈزۈپ كېلىدۇ، — دېدى ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

پالۋانلارنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. يۈەن شى بىلەن يۈەن شاڭ بىرنەچچە مىڭ ئاتلىق لەشكىرى بىلەن لياۋدۇڭغا ماڭدى. لياۋ دۇڭ ھاكىمى گۇڭسۇن كاڭ شياڭپىڭدىن بولۇپ، زەبەردەست سەركەردە گۇڭسۇن دۇنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ يۈەن شى، يۈەن شاڭلارنىڭ پاناھ تىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قارىمىقىدىكى مەنسەپدارلارنى بۇ ھەقتە كېڭەشكە چاقىردى.

— يۈەن شاۋ ھايات ۋاقتىدا، دائىم دېگۈدەك لياۋدۇڭنى ئىستىلا قىلىش نىيىتىدە بولۇپ كەلگەنىدى؛ ھالا بۇ كۈندە يۈەن شى، يۈەن شاڭلارنىڭ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ، پالۋانلىرى ئۆلۈپ، تۇرىدىغان يېرى قالمىغاچقا، بىزدىن پاناھ تىلەپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ «تۇرۇلغۇنىڭ سېغىزخان ئۇۋىسىنى تارتىۋېلىشى» دۇر. ئەگەر ئارىمىزغا ئالىدىكەنمىز، كېيىن چوقۇم پېيىمىزنى قىرقىشقا ئۇرۇنىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە شەھەرگە ئالداپ ئەكىرىپ ئۆلتۈرەيلى ـ دە، بېشىنى جانابىي ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلايلى، جانابىي ساۋ ساۋ چوقۇم بىزگە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، — دېدى گۇڭسۇن گۇڭ.

گۇڭسۇن كاڭ:

— ساۋ ساۋ لياۋ دۇڭغا لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالمىغاي. ياخشىسى يۈەن شى بىلەن يۈەن شاڭنى يېنىمىزغا تارتايلى، — دېدى.

— خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئايغاقچى ئەۋەتەيلى، ئەگەر ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى تېگىش قىلىپ كېلىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئىككىيلەننى ئارىمىزغا ئالايلى؛ ئەگەر ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ھەرىكەت قىلمايدىكەن، ئۇنداقتا ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلايلى، — دېدى گۇڭسۇن گۇڭ.

گۇڭسۇن كاڭ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆرۈپ، خەۋەر ئۇقۇش ئۈچۈن ئايغاقچى ئەۋەتتى.

يۈەن شى، يۈەن شاڭلار لياۋدۇڭغا كەلگەندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككىسى مەخپىي يوسۇندا: «لياۋدۇڭدا بىرنەچچە تۈمەن لەشكەر بولۇپ، ساۋ ساۋ بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشقا تولۇق ئىمكان بېرىدۇ. ھازىرچە بۇ يەرنى پاناھلاپ تۇرۇپ، كېيىنچە گۇڭسۇن كاڭنى ئۆلتۈرۈپ، يېرىنى ئىگىلەپ، كۈچ - مادارىمىزغا كېلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئوتتۇرا ئىقلىمغا قارشى چىقساق، خېيىبىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ» دەپ مەسلىھەتنى بىر يەرگە توختىتىپ، گۇڭسۇن كاڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلدى، گۇڭسۇن كاڭ بۇلارنى مېھمانخانىدا كۈتتۈرۈپ، ئۆزى يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ كۆرۈشكىلى چىقمىدى.

ئارىدا بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئايغاقچىلار: «ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يىجۇغا ئورۇنلىشىپتۇ، لياۋدۇڭغا كېلىدىغان نىيىتى يوق ئىكەن» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كېلىشتى. گۇڭسۇن كاڭ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئالدى بىلەن چوڭ پەردە ئارقىسىغا كاللا كېسەرلەرنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن يۈەن شى بىلەن يۈەن شاڭنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار كېلىپ كۆرۈشۈپ سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، گۇڭسۇن كاڭ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ كۈنلەردە ھاۋا سوغۇق ئىدى، يۈەن شاڭ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە كىگىز - كۆرپە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، گۇڭسۇن كاڭغا قاراپ:

— كىگىز - كۆرپە سېلىپ ئولتۇرساق، — دېدى.

— ئىككىڭلارنىڭ بېشى يىراق سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ! كىگىز - كۆرپە سېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار! ؟ — دېدى گۇڭسۇن كاڭ كۆزىنى ئالايتىپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يۈەن شاڭ قاتتىق چۆچۈدى. گۇڭسۇن كاڭ ئەتراپىغا قاراپ:

— قېنى سىلەر! نېمىشقا قول سالمايسىلەر! — دەپ توۋلىۋېدى يوشۇرۇپ قويۇلغان كاللا كېسەرلەر بىردىنلا يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، ئىككىيلەننىڭ بېشىنى ئولتۇرغان يېرىدىلا

چىپىپ تاشلىدى، باشلارنى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ، ساۋ ساۋغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن يېجۇغا ئەۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى يېجۇدا توختىتىپ، جىم ياتقانىدى. شيا خۇدۇن بىلەن جاڭ لياۋ كىرىپ:

— ئەگەر لياۋدۇڭغا بارمايدىغان بولساق، پايتەخت شۈيچاڭغا قايتايلى، ليۇ بياۋنىڭ نىيىتىنى بۇزۇشى ئېھتىمال، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— يۈەن ئۈرۈقىدىن بولغان ئاغا ـ ئىنىنىڭ بېشىنى كەلگەندىن كېيىن، لەشكەرلەرنى دەرھال قايتۇرىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ساۋ ساۋ.

ھەممە ئىچىدە كۈلۈشۈپ مازاق قىلىشتى. تۇيۇقسىزلا لياۋدۇڭدىن گۇڭسۈن كاڭنىڭ يۈەن شى، يۈەن شاڭلارنىڭ بېشىنى ئەۋەتكەنلىكى خەۋەر قىلىندى، ھەممە ھەيران قالدى. ئەلچىلەر خەتنى تەقدىم قىلدى. ساۋ ساۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— گو جيانىڭ دېگىنىدەك بولدى، — دېدى ـ دە، ئەلچىلەرنى ياخشىلاپ تارتۇقلىدى، گۇڭسۈن كاڭنى شياڭپىڭ بېگى سول قول سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى.

— گو جيانىڭ دېگىنىدەك بولدى، دېگەنلىرىنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى مەنسەپدارلار.

ساۋ ساۋ گو جيانىڭ خېتىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

بۈگۈن ئاڭلىشىمچە يۈەن شى، يۈەن شاڭلار لياۋدۇڭغا پاناھ تىلەپ كېتىپتۇ. جانابلىرى ئۇ ياققا ھەرگىز لەشكىرىي يۈرۈش قىلمىسىلا. گۇڭسۈن كاڭ ئۇزۇندىن بېرى يۈەن ئۈرۈقىنىڭ ئىستىلا قىلىشىدىن قورقۇپ يۈرەتتى، يۈەن ئۈرۈقىدىن بولغان ئاغا ـ ئىنىنىڭ پاناھ تىلىشىدىن چوقۇم گۇمانغا چۈشىدۇ. ئەگەر بىز لەشكەر تارتىپ تېگىش قىلىدىغان بولساق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار چوقۇم بىرلىشىپ قارشى چىقىدۇ، ئۇنداقتا ئۇلارنى دەرھال تارمار قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر لەشكەر تارتماي تۇرساق، گۇڭسۇن كاڭ بىلەن يۈەن ئۇرۇقىدىن بولغانلار چوقۇم ئۆزئارا تۇتۇشىدۇ، بۇ تەبىئىيدۇر.

ھەممە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. ساۋ ساۋ بارلىق مەنسەپدارلارنى باشلاپ، يەنە گو جيانىڭ گۆھسەيى ئالدىغا بېرىپ ماتەم تۇتتى. گو جيا ۋاپات قىلغان ۋاقتىدا، 38 ياشتا ئىدى. 11 يىل يۇرۇشتە بىرگە بولۇپ، ئاجايىپ نۇرغۇن خىزمەت يەتكۈزگەنىدى. گو جيا ھەققىدە كېيىن ئەل ئارىسىدا تۆۋەندىكى مەدھىيە نەزمە چىققان:

*تالانتلىق ئىدى گو جيا تەبىئىي،*
*ئەزىمەت، دانىشمەن ئىدى ھەققىي.*
*قەلبى تارىخ ئىلىم بىرلەن پۇر ئىدى،*
*ماھىرلىقى جەن - سەنئەتتە زور ئىدى.*
*ئىدى تەدبىر ئىشلىتىشتە فەن لى* دەك،*
*دادىللىقتا كەسكىن ئىدى چېن پىڭدەك.*
*ئەپسۇسكى ئۇ ئۆلۈپ كەتتى ياش تۇرۇپ،*
*كەتتى جۇڭيۈەننىڭ مۇھىم لىمى سۇنۇپ.*

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ جىجۇغا قايتتى، گو جيانىڭ جەسىتىنى پايتەخت شۈيچاڭغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس كىشىلەر بىلەن ئالدىن يولغا سالدى. چېڭ يۈي قاتارلىق كىشىلەر:

— ئۇستۇن تەرەپنىڭ ئىشى قارار تاپتى، ئەمدى پايتەخت شۈيچاڭغا قايتىپ، جاڭنەنگە يۈرۈش قىلىش تەدبىرىنى بالدۇرراق ئويلىشايلى، — دەپ تەكلىپ بېرىشتى.

* فەن لى — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى چۇ بەگلىكىنىڭ تالانتلىق سەركەردىسى.

— مېنىڭدە ئۆز ۋۇندىن بېرى بۇنداق نىيەت بار ئىدى، ھەر بىرلىرىڭىزنىڭ سۆزلىرى دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك سۆز بولدى، — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ.

ئۇلار شۇ كېچىسى جىجۇ شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قورغان راۋىقىدا قونۇشتى، ساۋ ساۋ سالاسۇنغا يۆلىنىپ تۇرۇپ يۇلتۇزلارغا قارىدى. بۇ چاغدا شۇن يۇمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى.

— تۆۋەن تەرەپنىڭ بەخت يۇلتۇزى پارقىراپ تۇرۇپتۇ، ئۇنى ئالالمايدىغان ئوخشايمىز، — دېدى ساۋ ساۋ قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ ئىلمىي نۇجۇم جەھەتتىكى نوپۇزىغا قايىل بولماي مۇمكىن ئەمەس! — دېدى شۇن يۇ.

دەل يۇلتۇزلارغا قارىشىپ تۇرغان ۋاقتىدا، يەردىن بىردىنلا پارقىراپ نۇر كۆرۈندى.

— بۇ يەرنىڭ ئاستىدا چوقۇم بىر قىممەتلىك جاۋاھىرات بار، — دېدى شۇن يۇ.

ساۋ ساۋ راۋاقتىن چۈشۈپ، ئادەملەرگە پارقىراق نۇر چىقىپ تۇرغان يەرنى كولاشنى بۇيرۇدى. ھەيھات:

*ئاستىن تەرەپنى يۇلتۇز يورۇتتى،*
*ئۈستۈن تەرەپتە گۆھەر تېپىلدى.*

بۇ يەردىن قانداق نەرسە تېپىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## سەي خېنىمنىڭ شىرما ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوغرىلىقچە گەپ تىڭشىغانلىقى
## خان تاغىسى ليۇ بېينىڭ تەنشى دەرياسىدىن ئاتلىق ئۆتكەنلىكى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋ ھېلىقى پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان يەردىن بىر مىس قۇشقاچ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، شۇن يۇدىن:

— بۇ نېمە ئالامەت؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆتمۈشتە خاقان شۇننىڭ ئانىسى ئىچىگە ياشما قۇشقاچ كىرىپ چۈش كۆرۈپ، خاقان شۇننى تۇغقانىكەن. بۇگۈن مىس قۇشقاچقا ئېگە بولغانلىقىمىز بەخت - سائادەتنىڭ ئالامىتىدۇر! — دېدى شۇن يۇ.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، بۇنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن مۇنار ياساشنى بۇيرۇدى. شۇ كۈنىلا توپا قېزىش، ياغاچ كېسىش، كاھىش، خىش ھازىرلاش ئىشلىرىغا كىرىشىلىپ، مىس قۇشقاچ مۇنارى جاڭخې دەرياسى بويىغا ياسىلىدىغان بولدى. مۇنار قۇرۇلۇشىنىڭ بىرەر يىلدا پۈتۈشى مۆلچەرلەندى.

— ئەگەر مۇنار ياسىلىدىغان بولسا، — دېدى ساۋ ساۋنىڭ كىچىك ئوغلى ساۋ جى كىرىپ، — چوقۇم ئۈچ مۇنار ياسىلىشى كېرەك: ئوتتۇرىدىكى ئېگىز مۇنارغا مىس قۇشقاچ، سول تەرەپتىكىگە ياشما ئەجدىھا، ئوڭ تەرەپتىكىگە ئالتۇن سۈمۈرغ،

دەپ نام بېرەيلى ھەمدە ئۇلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن توغرىسىغا قىلىپ ئىككى ئاسما كۆۋرۈك ياسالسۇن، شۇنداقتىلا ناھايىتى كۆركەم بولىدۇ!

— ئوغلۇمنىڭ سۆزى ناھايىتى ياخشى سۆز بولدى، مۇنار ياسىلىپ پۈتسە، قېرىغان چېغىمدا ئوبدان كۆڭۈل ئاچالايدىغان بولدۇم، — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ ساۋنىڭ بەش ئوغلى بولۇپ، ساۋ جىلا ناھايىتى زېرەك، قەلىمى كۈچلۈك ئىدى. ساۋ ساۋ ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، مۇنار قۇرۇلۇشىغا قاراش ئۈچۈن ساۋ جى بىلەن ساۋ پىنى يېجۈندە قالدۇردى، ئۆستۈن قارارگاھنى ساقلاشقا چاڭ يەننى تەيىنلىدى. ئۆزى يۈەن شاۋدىن ئەل بولغانلارنى قوشۇپ جەمئىي 50 — 60 تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ، پايتەخت شۈيچاڭغا قايتتى. خىزمەت يەتكۈزگەنلەرگە مەنسەپ ۋە مەرتىۋە بەردى، خانغا مەلۇم قىلىپ مەرھۇم گو جياغا پازىلبەگ مەرتىۋىسى بەردى، ئۇنىڭ ئوغلى گو يىنى ساراي تەربىيىسىگە ئالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەن تەرەپكە — ليۇ بياۋغا قارشى لەشكەر تارتىش نىيىتىدە بارلىق مەسلىھەتچىلەرنى كېڭەشكە چاقىردى.

— قوشۇن ئۆستۈن تەرەپكە قىلىنغان يۈرۈشتىن ئەمدىگىنە قايتتى، ھەدەپ لەشكەر تارتىۋېرىشكە بولمايدۇ. يەنە يېرىم يىل كۈتەيلى، لەشكەرلىرىمىز دېمىنى ئېلىپ ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن، ئاندىن كېيىن بىرلا ھە - ھۇ بىلەن ليۇ بياۋ، سۈن چۈەنلەرنى يوق قىلغىلى بولىدۇ! — دەپ پىكىر بەردى شۈن يۈي.

بۇ پىكىر ساۋ ساۋغا ياقتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ لەشكەرلەرنى بۆلۈپ دالىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. لىۇ بېي جىڭجۇغا كەلگەندىن كېيىن، لىۇ بياۋنىڭ ئىنتايىن چوڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولدى. بىر كۈنى ئۇلار بىللە ئىچكىۋازلىق قىلىشىپ ئولتۇراتتى، توساتتىن ئەل بولغان پالۋانلاردىن جاڭ ۋۇ، چېن سۇنلار جياڭشيادا خەلقنى بۇلاپ - تالاپ بىرلىشىپ ئىسيان قىپتۇ، دېگەن خەۋەر كېلىپ قالدى.

— ئىككى مۇناپىق يەنە ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ، بۇ خېلىلا چوڭ ئاپەت بولىدۇ! — دېدى چۆچۈپ لىۇ بياۋ.

— ئاغا، غەم قىلمىسىلا، ئۇلارنى جازالاشقا ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، — دېدى لىۇ بېي.

لىۇ بياۋ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، لىۇ بېيغا 3 تۈمەن لەشكەر ئاجرىتىپ بەردى. لىۇ بېي بۇيرۇقنى ئېلىپلا يولغا چىقىپ بىرنەچچە كۈندىلا جياڭشياغا كەلدى. جاڭ ۋۇ، چېن سۇنلار ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر باشلاپ چىقتى. لىۇ بېي گۈەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەر بىلەن نىشان تۇغى ئاستىدا ئاتلىق تۇردى. لىۇ بېي جاڭ ۋۇنىڭ ئاستىدىكى تېمەن ۋە چاپقۇر ئاتنى كۆردى - دە:

— بۇ چوقۇم 1000 چاقىرىم يول باسىدىغان تۇلپار بولسا كېرەك، — دەپ سالدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا، جاۋ يۈن نەيزىسىنى ئويناتقىنىچە قارشى سەپكە ئۆزىنى ئۇردى. جاڭ ۋۇ ئېتىنى سۈرۈپ، تىغ كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۈچ رەددى بەدەل ئۆتمەستىنلا، جاۋ يۈن جاڭ ۋۇنى بىر نەرە ئۇرۇپ ئاتتىن يىقىتتى - دە، قولى بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆز سېپىگە ئېلىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن چېن سۇن ئاتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قوغلاپ كېلىۋېدى، جاڭ فېي قاتتىق بىر نەرە تارتىپ، نەيزىسىنى ئويناتقىنىچە چىققان بويى كېلىپ چېن سۇننى نەيزىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئادەملىرى پىتىراپ قېچىپ كېتىشتى.

ليۇ بېي بۇلارنىڭ قالدۇقلىرىنى ئەل قىلىپ، جياڭشياغا قاراشلىق ناھىيىلەردە تەرتىپ ئورنىتىپ قويۇپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتتى.

ليۇ بياۋ شەھەردىن چىقىپ ئىستىقبال قىلدى ۋە كۆرسەتكەن خىزمىتى شەرىپىگە كاتتا مەرىكە - سورۇن راسلىدى. ئىچىشىپ تەڭشىلىپ قالغاندا، ليۇ بياۋ:

— ئىنىمنىڭ شۇ قەدەر قەھرىمانلىق، جاسارەتكە تولغانلىقى جىڭجۇنىڭ تىرىكى بار بولدى دېگەن سۆز. بىراق تۆۋەن تەرەپتىكى يۆ بەگلىكىنىڭ پات - پات پاراكەندە سېلىپ تۇرۇشى مېنى ئەندىشىگە سالىدۇ، جاڭ لۇ، سۈن چۈەنلەرمۇ كىشىنى ئەنسىرىتىدۇ، — دېدى.

— كەمىنە ئىنىلىرىنىڭ ئۈچ پالۋىنى بار، — دېدى ليۇ بېي، — ھەرقانداق ئىشقا يارايدۇ، جاڭ فېي تۆۋەن تەرەپتىكى يۆ بەگلىكى تەۋەسىدە قاراۋۇللۇق قىلسۇن، گۈەن يۈي گۇزىچېڭدا تۇرۇپ، جاڭ لۇغا ۋەھىمە سالسۇن، جاۋ يۈن شەنجياڭدا تۇرۇپ سۈن چۈەننى توسۇسۇن. ئەندىشە قىلىدىغان يەنە نېمە بار؟

ليۇ بياۋ خۇرسەن بولۇپ، بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆرمەكچى بولدى. سەي ماۋ بۇ سۆزنى ئاچىسى سەي خېنىمغا سۆزلەپ بېرىپ:

— ليۇ بېي ئۈچ پالۋىنىنى سىرتتا قويۇپ، ئۆزى جىڭجۇدا تۇرىدىغان بولسا، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ چوقۇم بىرگە ئاپەت بولىدۇ، — دېدى. سەي خېنىم كېچىسى ئېرى ليۇ بياۋغا:

— ئاڭلىشىمچە، جىڭجۇلۇقلار كۆپرەك ليۇ بېي بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىۋاتارمىش، بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. ئەلھال ئۇنى بۇ شەھەردە تۇرغۇزۇشىمىزنىڭ پايدىسى يوق، شۇڭا، باشقا بىر شەھەرگە ئەۋەتىۋەتكەنگە يەتمەيدۇ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— لىيۇ بېي رەھىمدىل، ۋاپادار ئادەم، — دېدى لىيۇ بىياۋ.

— باشقىلار سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدىكىدەك ئويلىمىسا كېرەك! — دېدى سەي خېنىم.

لىيۇ بىياۋ ئىچىدە غودۇڭشىدىيۇ، جاۋاب بەرمىدى.

لىيۇ بىياۋ ئەتىسى شەھەردىن چىققىنىدا، لىيۇ بېينىڭ ئاستىدىكى ئاتنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ جاڭ ۋۇنىڭ ئېتى ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلدى ۋە ئاتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىدى. لىيۇ بېي ئاتنى دەررۇ لىيۇ بىياۋغا تەقدىم قىلدى. لىيۇ بىياۋ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئاتلىنىپ شەھەرگە قايتتى. كۇەي يۈ ئاتنى كۆرۈپ قېلىپ نەدىن ئالغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى.

— لىيۇ بېي تەقدىم قىلدى! — دېدى لىيۇ بىياۋ.

— ئاغام كۇەي لياڭ ئات تونۇيتتى، مەنمۇ ئاغامدىن ئات تونۇشنى خېلى ئۆگەنگەنىدىم. بۇ ئاتنىڭ كۆزى ئاستىدا ياش ئوقۇرى، پېشانىسىدە ئاق قاشقىسى بولغاچقا، «قاشقىلىق ئات» دېيىلىدۇ. بۇ ئات مىنگەن ئىگىسىگە زىيان كەلتۈرىدۇ. جاڭ ۋۇ مۇشۇ ئاتنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلدى. جانابىي تەقسىر، بۇ ئاتنى مىنىشتىن ھەزەر ئەيلىسىلە، — دېدى كۇەي يۈ.

لىيۇ بىياۋ بۇ سۆزنى قوبۇل كۆرۈپ، ئەتىسى لىيۇ بېينى مەرىكە ـ سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ، سۆز ئارىسىدا:

— تۈنۈگۈن تەقدىم قىلغان ياخشى ئاتلىرى ئۈچۈن چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. بىراق ئەزىز ئىنىم، سىلى دائىم سەپەردە بولىدىلا، ئاتنى ئۆزلىرى مىنسىلە، ئېھتىرام بىلەن ئۆزلىرىگە قايتۇرىمەن، — دېدى.

لىيۇ بېي ئورنىدىن تۇرۇپ تەشەككۇر بايان قىلدى. لىيۇ بىياۋ يەنە:

— ئەزىز ئىنىم، سىلى دائىم بۇ يەردە ياتسىلا ھەربىي مەشغۇلاتلار بوشقا كېتىپ قالىدۇ، شياڭياڭغا قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ ئىچىدە شىنيې دېگەن ناھىيە بار، بايلىقى، ئاشلىقى

ئىنتايىن مول، ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن بۇ ناھىيىدە تۇرسىلا قانداق؟ — دېدى.

لىۇ بېي خوش دەپ قوبۇل قىلدى. ئەتىسى ئۇ لىۇ بياۋ بىلەن خەيرلىشىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ شىنيې ناھىيىسىگە يول ئالدى، قوۋۇقتىن ئەمدىگىنە چىقىپ كېلىۋاتاتتى، ئات ئالدىدا بىر ئادەم ئىخلاس بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— جانابلىرى مىنگەن ئات شەرتلىك ئات، مىنىشكە يارىمايدۇ، — دېدى.

لىۇ بېي قارىسا، بۇ ئادەم جىڭجۇنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن يى جى ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى جى بو بولۇپ، شەنياڭلىق زات ئىدى. لىۇ بېي دەرھال ئېتىدىن چۈشۈپ سەۋەبىنى سورىدى.

— تۈنۈگۈن كۈەي يۈ لىۇ بياۋغا: «بۇ ئاتنىڭ نامى قاشقىلىق ئات بولۇپ، مىنگەن خوجايىنىغا زەرەر كەلتۈرىدۇ» دېدى، شۇ سەۋەبتىن لىۇبياۋ ئاتنى جانابلىرىغا قايتۇرۇپ بەردى، جانابلىرى، يەنە نېمىشقا مىندىلا؟ — دېدى يى جى.

— جانابلىرىنىڭ بۇ قەدەر قەدىردانلىقلىرى ئۈچۈن چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. بىراق ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ۋاپاتى تەقدىر ئىلاھىدىندۇر، ئات ئۇنىڭغا قانداق زەرەر كەلتۈرەلىسۇن! ؟ — دېدى لىۇ بېي.

يى جى لىۇ بېينىڭ يۈكسەك قاراشلىرىغا قايىل بولدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ لىۇ بېي بىلەن دائىم باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇردى.

لىۇ بېي شىنيېگە كەلگەندىن كېيىن، لەشكەر بىلەن پۇقرالارنىڭ ھەممىسى خۇرسەن بولدى، ھۆكۈم ـ ئىدارە قىلىش ئىشلىرى يېڭىلىنىپلا كەتتى. جيەنئەننىڭ 12 ـ يىلى باھاردا گەن خېنىم لىۇ شەننى تۇغدى. بۇ كېچىسى بىر دانە ئاق تۇرنا يامۇل قورۇسى ئۈستىدە قىرىق نەچچە قېتىمچە غاقىلداپ

سايراپ، كۆنپېتىش تەرەپكە ئۆچۈپ كەتتى. تۇغۇت ۋاقتىدا، پۈتۈن ئۆينى خۇشپۇراق قاپلاپ كەتتى. گەن خېنىم بىر كىچىسى ئۇخلىسىغا يېتىپ يەتتە تىكەن يۇلتۇزنى يۇتۇپ چۈش كۆرۈپ ھامىلىدار بولغانىدى، شۇڭلاشقا بالىغا ئادۇ (يەتتە تىكەن) دەپ سۈت ئىسمى قويۇشتى.

بۇ كۈنلەردە ساۋ ساۋ ئۈستۈن تەرەپكە لەشكەر تارتقانىدى. شۇڭا، ليۇ بېي جىڭجۇغا كېلىپ ليۇ بياۋغا:

— ئەلھال ساۋ ساۋ ئۈستۈن تەرەپكە لەشكەر تارتىۋاتىدۇ، شۈيچاڭ بوش قالدى، ئەگەر جىڭجۇ، شياڭچېڭدىكى لەشكەرلەر بىلەن تېگىش قىلساق، ئۇلۇغ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دەپ تەشەببۇس قىلدى.

— مەن توققۇز ئايماقنى ئىدارە قىلىۋاتىمەن، مۇشۇ كۇپايە، باشقا غەرەزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ جاۋاب بەردى ليۇ بياۋ.

ليۇ بېي بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى. ليۇ بياۋ ليۇ بېينى ئىچكى مېھمانخانىغا چاقىرىپ داستىخان سالدى. ئىچىپ راسا تەڭشەلگەندە، ليۇ بياۋ بىردىنلا ئۇھ تارتىۋەتتى.

— ئاغا! نېمە ئۈچۈن ئۇھ تارتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— يۈرىكىمدە بىر سىر بار ئىدى، ئوچۇق ئېيتىشقا بىئەپ بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ليۇ بياۋ.

ليۇ بېي يەنە سورىماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، سەي خېنىم چىقىپ شىرما ئارقىسىدا تۇرۇۋالدى، ليۇ بياۋ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈندىمىدى. بىرپەستىن كېيىنلا داستىخان يىغىلدى، ليۇ بېي شىنيېگە قايتىپ كەتتى.

شۇ يىلنىڭ قىش ۋاقتىدا، ساۋ ساۋنىڭ ليۇچېڭدىن قايتقانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. ليۇ بېي ليۇ بياۋنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلانماقتا ئىدى. تۇيۇقسىزلا بىر كۈنى ليۇ بياۋدىن ليۇ بېينى جىڭجۇغا چاقىرىپ كىشى كەلدى.

ليۇ بېي كەلگەن كىشى بىلەن يولغا چىقتى. ليۇ بياۋ چىقىپ كۈتۈۋالدى، سالام رەسمىيەتلەردىن كېيىن مېھمانخانىغا باشلاپ ئالدىغا داستىخان راسلاتتى، ئاندىن ليۇ بېيغا:

— يېقىندا ئاڭلىسام، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى شۈيچاڭغا قايتۇرۇپ كەپتۇ، كۈچ - قۇدرىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋېتىپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ جىڭجۇ، شياڭچېڭلارنى ئىستىلا قىلىش نىيىتىدە بولۇشى مۇقەررەر. ئۆتكەندە ئەزىز ئىنىم سىلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماي، ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلماقتىمەن، — دېدى.

— هازىر ئېلىمىز بۆلۈنۈپ كەتتى، — دېدى ليۇ بېي، — جەڭ - جېدەللەرنىڭ كۈنسايىن چىقىشى تۇرغان گەپ. پۇرسەت تۈگەپ كېتەمدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى هادىسىلەرگە ماسلىشىپ ئىش ئېلىپ بارالىسىلا بولغىنى. پۇشايمان قىلىشنىڭ هاجىتى يوق.

— ئىنىم، سۆزلىرى توغرا، — دېدى ليۇ بياۋ.

ئۇلار قارىشىپ ئولتۇرۇپ مەيخورلۇق قىلىشتى، ئىچىپ راسا تەڭشەلگەندە، بىردىنلا ليۇ بياۋنىڭ كۆزىدىن تارام - تارام ياش ئېقىپ كەتتى. ليۇ بېي بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— يۈرىكىمدە بىر دەرد بار، ئۆتكەن قېتىم ئەزىز ئىنىم سىلىگە ئېيتماقچى بولۇۋېدىم، پۇرسەت يار بەرمىدى، — دېدى ليۇ بياۋ.

— ئاغا، هەل قىلالمايۋاتقان قانداق ئىش بار ئىدى؟ — دېدى ليۇ بېي، — ئەگەر كەمىنە ئىنىلىرىنى ئىشقا سالىدىغان يەرلىرى بولسا، بەھوزۇر بۇيرۇسىلا، ئۆلسەممۇ ياق دېمەيمەن.

— چوڭ رەپىقەم چېن خېنىمدىن تۇغۇلغان ئوغلۇم ليۇ چى ئۆزى ياخشى ئادەم بولغان بولسىمۇ، بىراق ئاجىز، ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. كىچىك رەپىقەم سەي

خېنىمدىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلۇم لىيۇ سۇڭ ناھايىتى ئەقىللىق. چوڭ ئوغلۇمنى ۋەلىئەھدلىكتىن قالدۇرۇپ، كىچىك ئوغلۇمنى مىراسخور قىلاي دېسەم، رەسمىيەت ـ قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ، ئەگەر چوڭ ئوغلۇمنى ۋەلىئەھد قىلاي دېسەم، ھازىر لەشكىري ئىشلارنىڭ ھەممىسى سەي جەمەتىدىكىلەرنىڭ قولىدا بولۇپ قالدى، كەلگۈسىدە چوقۇم بىر پالاكەت چىقماي قالمايدۇ. شۇڭلاشقا كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇۋېتىمەن، — دېدى لىيۇ بياۋ.

— ئەزەلدىن تارتىپ چوڭىنى قالدۇرۇپ كىچىكىنى تەخت مىراسخورى قىلىش قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشنىڭ مەنبەسى بولۇپ كەلگەن. ئەگەر سەي جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھوقۇقى بەك زورىيىپ كەتكەن بولسا، ئاستا ـ ئاستا شىلىپ تاشلاش لازىم، ئامراقلىق قىلىمەن دەپ كىچىك ئوغۇلنى ۋەلىئەھد قىلىپ تىكلەشكە بولمايدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

لىيۇ بياۋ جىم بولۇپ قالدى.

سەي خېنىم ئەزەلدىنلا لىيۇ بېيدىن گۇمانلىنىدىغىنى ئۈچۈن، قاچان بولمىسۇن لىيۇ بېي بىلەن لىيۇ بياۋ سۆھبەتلەشسىلا، ئوغرىلىقچە گەپ تىڭشايتتى، بۈگۈنمۇ ئۇ شىرما ئارقىسىدا بار ئىدى، لىيۇ بېينىڭ بايىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچەيدى. لىيۇ بېيمۇ ئۆز ئاغزىدىن ئانچە مۇناسىپ سۆز چىقمىغانلىقىنى تۇيدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەتخانىغا كىرىپ ۋە ئىككى يوتىسىنىڭ ئەتلىنىپ سەمرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئېچىنىپ، ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش كەتتى، بىرپەستىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، داستىخانغا ئولتۇردى. لىيۇ بياۋ لىيۇ بېينىڭ يۈزىدىكى ياش ئىزلىرىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ سورىدى. لىيۇ بېي بىر ئۇلۇغ تىنىۋېتىپ:

— كەمىنىلىرى ئادەتتە ئېگەردىن ئايرىلمىغانلىقىم ئۈچۈن،

ئەتلىرىم تارىلىپ كەتكەندى؛ ئەلھال ئۆزاقتىن بىرى ئات مىنىشكە توغرا كەلمىگەنلىكتىن، يوتلىرىم سەمرىپ قاپتۇ، ئۆمۈر بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، قېرىشقا باشلىدىم، ئەمما، قىلماقچى بولغان ئىشىمنى تېخى قىلالمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم بۇزۇلدى، — دېدى ليۇ بېي.

— ئاڭلىشىمچە، ئەزىز ئىنىم شۇيچاڭدىكى ۋاقىتلىرىدا، ساۋ ساۋ بىلەن قارا ئۆرۈك يەپ، مەيخورلۇق قىلىپ ئولتۇرۇپ، قەھرىمانلار ھەققىدە بەس قىلىشقانىكەنلا؛ سىلى دەۋرىمىزنىڭ ھەممە مەشھۇر شەخسلىرىنى كۆرسەتكەنلىرىدە ساۋ ساۋ قايىل بولماي، يېگانىلا: «ئەلدىكى قەھرىمانلار سىلى بىلەن مەن ساۋ ساۋ» دېگەنىكەن. ساۋ ساۋنىڭ ھوقۇق قۇدرىتى سىلى ئىنىمنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. قىلماقچى بولغان ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى ليۇ بياۋ.

ليۇ بېي ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئىختىيارسىز يوسۇندا:

— ئەگەر مېنىڭ ئاساسىي بىر ئۇلۇم بولغان بولسا، ئەلدىكى بۇ چاكىنىلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئەندىشەم يوق ئىدى، — دەپ تاشلىدى.

ليۇ بياۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى. ليۇ بېيمۇ نالايىق سۆز قىلىپ تاشلىغىنىنى سېزىپ قالدى ـ دە، مەستلىكنى باھانا قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەمخانىغا قايتىپ كەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىنكىلەر ليۇ بېينى مەدھىيىلەپ مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەن:

*ھەممىنى بارماق ئېگىپ، ساۋ ساۋمۇ باشتىن سانىدى،*
*«قەھرىمانى ـ باتۇرى پەقەت بۇ ئەلنىڭ سەن» دېدى.*
*چەكتى ھەسرەت، يوتىسىغا ئەت قونۇپ كىرگەندە ھال،*
*ئەلنى ئۆچكە پارچىلاپ تاشلاشقىچە نە سەزمىدى؟*

لیۇ بیاۋ لیۇ بېینىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا، گەرچە سۆز قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن گەپ كۆڭلىگە كېلىپ رەنجىدى، لیۇ بېي بىلەن خەيرلىشىپ ياتاقخانىسىغا كىرگەندە، سەي خېنىم:

— مەن شىرما ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ، لیۇ بېینىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ جىڭجۇنى يۇتۇۋېلىش نىيىتى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۈگۈن ئۇتتۇرىدىن كۆتۈرۈلمىسە، كەلگۈسىدە چوقۇم بىر بالا - قازا بولىدۇ! — دېدى.

لیۇ بیاۋ جاۋاب قايتۇرماي، بېشىنىلا چايقاپ قويدى.

سەي خېنىم مەخپىي يوسۇندا سەي ماۋنى چاقىرتىپ، بۇ ئىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى.

— ئالدى بىلەن لیۇ بېینى يەمخانىدىلا ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن جانابىي تەقسىرگە مەلۇم قىلايلى! — دېدى سەي ماۋ.

سەي خېنىم بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆردى. سەي ماۋ چىقىپ كېچىلەپ لەشكەرلىرىنى تەييارلىدى.

لیۇ بېي يەمخانىدا شام يېقىپ قويۇپ ئولتۇراتتى، ئىككىنچى يانتۇدىن كېيىن، ئەمدى ياتاي دەپ تۇرۇشىغا ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئادەم ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ كەلدى، قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئادەم يى جى ئىكەن. ئەسلىدە يى جى سەي ماۋنىڭ لیۇ بېيغا قىلماقچى بولغان سۇيىقەستىدىن خەۋەر تېپىپ، تۈن يېرىمى بولسىمۇ خەۋەر قىلغىلى كەلگەنىدى. يى جى سەي ماۋنىڭ سۇيىقەستىنى لیۇ بېيغا ئېيتىپ، ئۇنى تېز چىقىپ كېتىشكە ئالدىراتتى.

— لیۇ بیاۋ بىلەن خەيرلەشمەستىن قانداق كېتىمەن؟ — دېدى لیۇ بېي.

— ئەگەر جانابلىرى خەيرلىشىمەن دېسىلە، سەي ماۋنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراشلىرى مۇقەررەر! — دېدى يى جى.

لیۇ بېي يى جىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خوشلاشتى ۋە

تېزلىكتە ئادەملىرىنى چاقىرىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، تاڭ ئاتماستىنلا كېچىلەپ شىنيېگە قايتتى.

سەي ماۋ يەمخانىغا ئادەم باشلاپ كەلگەندە، ليۇ بېي خېلى يىراققا كېتىپ قالغانىدى. سەي ماۋ ليۇ بېينى قولدىن چىقىرىپ قويغىنىغا چەكسىز پۇشايمان قىلدى ـ دە، تامغا بىر كۇپلېت شېئىر يازدى، ئاندىن ليۇ بياۋ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ليۇ بېينىڭ ئىسيان قىلىش غەرىزى بار ئىكەن، ئەنە شۇ مەقسەتتە تامغا بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ قويۇپ، خەيرلەشمەستىن كېتىپ قاپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ليۇ بياۋ ئىشەنمەي، شەخسەن ئۆزى يەمخانىغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈردى، دېگەندەك تۆۋەندىكى تۆت مىسرا نەزمە يېزىقلىق ئىكەن:

*نەچچە يىللاردىن بېرى ئاۋارە بولدۇم قاملىپ،*
*شۇڭىمۇ بېرەلمىدىم ۋەتەنگە ھېچبىر ئىش قىلىپ.*
*بولمىغاچقا ئەسلىدە ئەجدىھا سۇ كۆل مەخلۇقىدىن،*
*كېتەي ئاسمانغا ئۇچۇپ گەر چاقسا چاقماق چېقىلىپ.*

ليۇ بياۋ شېئىرنى كۆرگەندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ، خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «مۇنداق ۋىجدانسىز نامەردنى ئۆلتۈرۈشكە ئانت ئىچىمەن!» دېدى ـ دە، بىرقانچە قەدەم تاشلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا ھوشىنى يىغىۋېلىپ: «مەن ليۇ بېي بىلەن خېلى ئۇزۇن بىرگە بولدۇم، ئۇنىڭ شېئىر يازغىنىنى كۆرمىگەنىدىم، بۇ چوقۇم يات ئادەملەرنىڭ ئارىنى بۇزۇش نەيرىڭى»، دېدى ۋە قايتا يەمخانىغا كىرىپ خەنجەرنىڭ ئۇچى بىلەن شېئىرنى قىرىۋېتىپ، ئاندىن خەنجەرنى تاشلاپ قايتىپ چىقتى.

— قوشۇننى ھازىرلاپ قويدۇم، شىنيېگە بېرىپ ليۇ بېينى تۇتۇپ كېلەي! — دەپ ئىلتىماس قىلدى سەي ماۋ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئالدىراشنىڭ هاجىتى يوق، ئاستا - ئاستا جايلايمىز، — دېدى ليۇ بياۋ.

سەي ماۋ ليۇ بياۋنىڭ بىر قارارغا كېلەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، سەي خېنىم بىلەن مەخپىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، شياڭياڭدا پۈتۈن مەنسەپدارلارنى يىغىپ، شۇ يەردە جايلايلى، دېگەن مەسلىھەتكە كېلىشتى، ئەتىسى سەي ماۋ ليۇ بياۋ هۇزۇرىغا كىرىپ:

— بۇ يىل مول هوسۇل ئېلىندى، ھەممە مەنسەپدارلارنى شياڭياڭغا چاقىرىپ بىر هال سوراپ قويساق، جانابىي تەقسىر، ئۆزلىرى مەرھەمەت قىلىپ بەرگەن بولسىلا! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— بۇ يېقىندىن بېرى نەپسىم سىقىلىپ بولمايۋاتىدۇ، بارالمايمەن، ئىككى ئوغلۇم مېھمانلارنى كۈتسۇن! — دېدى ليۇ بياۋ.

— بەگزادىلەر ياش، رەسىم - يوسۇنلارنى چاندۇرۇپ قويارمىكىن، — دېدى سەي ماۋ.

— شىنييېدىن ليۇ بېيىنى تەكلىپ قىلىڭلار. ساھىبخانلىق قىلسۇن! — دېدى ليۇ بياۋ.

سەي ماۋ، قاپقىنىمغا چۈشۈردۈم، دەپ كۆڭلىدە خۇشال بولدى ۋە ليۇ بېيىنى شياڭياڭغا تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى.

ليۇ بېيغا كەلسەك، ئۇ قېچىپ شىنييېگە قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، ئۆز ئاغزى بىلەن بالاغا يولۇققانلىقىنى بىلىپ، باشقىلارغا بۇ ھەقتە ئۈندىمىگەنىدى. تويۇقسىزلا شياڭياڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەلچى كېلىپ قالدى.

— تۈنۈگۈن، جانابىي تەقسىر، تېز قايتىپ كەلدىلە، ناھايىتى كەيپسىز كۆردۈم، كالتا پەمىمچە، جىڭجۇدا چوقۇم بىرەر ھادىسە بولغاندەك قىلىدۇ. بۈگۈن يەنە تويۇقسىزلا مەرىكىگە تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ، ھازىرلىقسىز بېرىش ئوبدان

بولماسمىكىن، — دېدى سۇن چيەن.

لىيۇ بېي ئۆتكەن ۋەقەنى ھەممىگە سۆزلەپ بەردى.

— ئاغا، ئاغزىلىرىدىن نالايىق سۆز چىقىپ كەتكەنلىكى ئۆزلىرىنىڭلا گۇمانى ئىكەن، لىيۇ بياۋنىڭ ھېچبىر ئەيىبلەيدىغان نىيىتى يوق ئىكەن. خەقنىڭ سۆزىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. شىياڭياڭ بۇ يەرگە يېقىن، ئەگەر بارمىسىلا، جىڭجۇ ھاكىمىنى گۇمانغا سېلىپ قويىمىز، — دېدى گۇەن يۈي.

— گۇەن يۈينىڭ سۆزى توغرا، — دېدى لىيۇ بېي.

— بۇ مەرىكە ـ سورۇن ياخشى مەرىكە ـ سورۇن ئەمەس، بارغاندىن بارمىغانلا ياخشى، — دېدى جاڭ فېي.

— مەن ئاتلىق، پىيادە بولۇپ 300 لەشكەر بىلەن جانابلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ باراي، جانابلىرىنىڭ ئەمىن بېرىپ كېلىشلىرىگە كاپالەت بېرىمەن، — دېدى جاڭ يۈن.

— ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

لىيۇ بېي جاۋ يۈننى ئېلىپ شۇ كۈنىلا شىياڭياڭغا كەلدى. سەي ماۋ ئىستىقبال ئۈچۈن شەھەردىن چىقتى ۋە ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئارقىدىن لىيۇ بياۋنىڭ ئىككى ئوغلى لىيۇ چى بىلەن لىيۇ سۇڭ قەلەمدار ـ ئەلەمدار مەنسەپدارلار بىلەن شەھەردىن ئىستىقبال قىلىپ چىقتى. ئىككى بەگزادىنى كۆرگەن لىيۇ بېي باشقا گۇماندا بولمىدى. بۇ كۈنى لىيۇ بېي يەمخانىدا ئارام ئالدى. جاۋ يۈن 300 لەشكەر بىلەن يەمخانىنى قورشاپ مۇھاپىزەت قىلدى. جاۋ يۈن ساۋۇتلۇق، شەمشەرلىك ھالدا لىيۇ بېينىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى.

— ئاتامنىڭ دېمى سىقىلىدىغان كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، كېلەلمەي قالدى، شۇڭلاشقا مېھمانلارنى كۈتۈش ۋە جايلارنىڭ پاسىبانلىرىدىن ھال سوراش ئۈچۈن ئالاھىدە جانابىي تاغىمىز ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلدۇق، — دېدى لىيۇ چى.

— ئەسلىدە مۇنداق قىلىشقا مېنىڭ ھەددىم ئەمەس ئىدى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاغامنىڭ بۆيرۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىستائەت قىلىشقا مەجبۇرمەن، — دېدى لىۇ بېي.

ئەتىسى توققۇز ئايماق، 42 ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ تامام يىغىلىپ بولغانلىقى خەۋەر قىلىندى. سەي ماۋ ئالدى بىلەن كۆەي يۆنى كېڭەشكە چاقىرىپ:

— لىۇ بېي زامانىمىزنىڭ ئەزىمەت ـ قەھرىمانلىرىدىن، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرغۇزىدىغان بولساق، كەلگۈسىدە چوقۇم بىر بالا بولىدۇ، بۇگۈنلا جايلىۋېتىش لازىم، — دېدى.

— زاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ ئىخلاسىدىن ئايرىلىپ قالارمىزمىكىن، — دېدى كۆەي يۆ.

— مەندە ھازىر جانابىي لىيۇ بياۋنىڭ مەخپىي پەرمانى بار، — دېدى سەي ماۋ.

— ئۇنداق بولسا، ئالدىن ھازىرلىق قىلىپ قويۇش كېرەك.

— كۈنچىقىش قوۋۇقتىن چىقىپ شىشەن تېغى چوڭ يولىنى ساقلاشقا بىر بۆلۈم لەشكەر بىلەن ئىنىم سەي خېنى قويدۇم؛ تۆۋەن تەرەپ قوۋۇق تېشىنى ساقلاشقا ئىنىم سەي جۇڭنى قويدۇم؛ يۇقىرى قوۋۇق تېشىنى ساقلاشقا سەي شۇننى قويدۇم. كۈنپېتىش قوۋۇقنى ساقلاشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇ تەرەپنى تەنشى دەرياسى توسۇپ تۇرىدۇ، نەچچە تۈمەن لەشكىرى بولغان ھالەتتىمۇ ئاسان ئۆتەلمەيدۇ، — دېدى سەي ماۋ.

— مەن جاۋ يۈننىڭ لىۇ بېينىڭ ئەتراپىدىن زادى ئايرىلماي يۈرگىنىنى كۆردۈم، قول سېلىش قىيىن بولارمىكىن، — دېدى كۆەي يۆ.

— مەن شەھەر ئىچىگە 500 لەشكەر يوشۇرۇپ تەييارلاپ قويدۇم، — دېدى سەي ماۋ.

— ۋېن پىڭ، ۋاڭ ۋېي ئىككىسىگە تاشقى دىۋاندا ئايرىم داستىخان ھازىرلىتىپ، ئەمەلدارلارنى كۈتتۈرەيلى ـ دە، ئالدى بىلەن جاۋ يۈننى تەكلىپ قىلىپ شۇ يەردە تۇتۇپ قالسۇن، ئاندىن

قول سالايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى كۇەي يۆ.

سەي ماۋ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆردى ۋە شۇ كۈنلا كالا، ئات ئۆلتۈرۈپ كاتتا مەرىكە - سورۇن هازىرلىدى. ليۇ بېي قاشقىلىق ئاتقا مىنىپ ناھىيە يامۇلىغا كېلىپ، ئاتنى ئارقا باغقا باغلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى. ھەممە مەنسەپدارلار دىۋانغا يىغىلدى. ليۇ بېي ئىككى بەگزادىنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ، ساھىبخانلىق ئورنىدا ئولتۇردى. باشقىلار ئۆز رېتى بويىچە ئولتۇرۇشتى، جاۋ يۈن شەمشەرلىك ھالدا ليۇ بېينىڭ يېنىدا ئۆرە تۇردى. ۋېن پىڭ بىلەن ۋاڭ ۋېي ئىككىسى ئىچكىرى كىرىپ جاۋ يۈننى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. جاۋ يۈن رەھمەت ئېيتىپ چىققىلى ئۇنىمىدى. ليۇ بېي جاۋ يۈننى تاماققا چىقىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئامالسىز بۇيرۇققا بويسۇنۇپ چىقىپ كەتتى.

سەي ماۋ سىرتنى ناھايىتى پۇختىلاپ، ھېچ نەرسە چىقىپ كېتەلمەيدىغاندەك قىلىۋەتكەن، ليۇ بېينىڭ 300 لەشكىرىنى يەمخانىغا قايتۇرۇۋەتكەن، ئىچىپ تەڭشەلگەندە، قول سېلىشنى ساقلاپلا قالغانىدى.

قەدەھلەر ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، يى جى ئورنىدىن تۇرۇپ مەي قۇيۇشقا باشلىدى، ليۇ بېينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، كۆز ئىشارىسى قىلىپ، ئاستاغىنا: «كىيىم يۆتكىۋالسىلا» دېدى. ليۇ بېي ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ، دەرھال تەرەتخانىغا چىقتى. يى جى مەي قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىراپ ئارقا قورۇغا — ليۇ بېينىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا، «سەي ماۋ جانابلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن تەدبىر كۆرۈپ قويدى، شەھەرنىڭ كۈنچىقىش، ئاستىن - ئۈستۈن تەرەپلىرى پۈتۈنلەي لەشكەر بىلەن بېكىتىپ تاشلاندى. كۈنپېتىش تەرەپتىنلا مېڭىش مۇمكىن، جانابلىرى تېز قاچسىلا!» دەپ مەلۇمات بەردى.

ليۇ بېي ئىنتايىن چۆچۈپ، دەرھال قاشقا ئېتىنى يەشتى،

ئاندىن ئارقا ئىشىكنى ئېچىپ، ئېتىنى يېتىلەپ چىقىپ لىككىدە ئېگەرگە چىقتى ـ دە، بىللە كەلگەنلەرگىمۇ قارىماستىن، يەككە ئاتلىق بولۇپ كۈنپېتىش قوۋۇقىغا قاراپ يول ئالدى، قوۋۇق باقارنىڭ سۆزىگە جاۋابمۇ قايتۇرماستىن، ئېتىنى قامچىلىغان بويى چىقىپ كەتتى. قوۋۇق باقار توسۇۋالالماي، ئۇچقاندەك كېلىپ سەي ماۋغا مەلۇم قىلدى. سەي ماۋ شۇئان ئاتلىنىپ 500 لەشكەر بىلەن ئارقىدىن قوغلاپ چىقتى.

ليۇ بېي كۈنپېتىش قوۋۇقتىن بۆسۈپ چىقىپ، بىرنەچچە چاقىرىم ماڭمىغانىدى، چوڭ تەنشى دەرياسى ماڭار يولنى توسۇۋالدى. تەنشى دەرياسىنىڭ كەڭلىكى بىرنەچچە غۇلاچ بولۇپ، شياڭجياڭ دەرياسىغا تۇتىشاتتى، كۈچلۈك دولقۇنلىنىپ تېز ئاقاتتى. ليۇ بېي تەنشى دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كېلىپ، ئۆتەلمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، ئېتىنى كەينىگە قايتۇردى، شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە كۆتۈرۈلگەن زور چاڭ ـ توزان يىراقتىن كۆرۈندى، بۇ قوغلاپ چىققان لەشكەرلەر بولۇپ، يېتىپ كېلەي دەپ قالغانىدى. ليۇ بېي: «ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم!» دېدى ـ دە، ئېتىنى قايتۇرۇپ يەنە دەريا ياقىسىغا كەلدى. كەينىگە قارىغۇدەك بولسا، قوغلاپ چىققان لەشكەرلەر يېقىنلىشىپلا قاپتۇ، ئالاقزادىلىكتە چۈشكەن ليۇ بېي ئېتىنى تەنشى دەرياسىغا سالدى، بىرنەچچە قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا، ئاتنىڭ ئالدى پۇتى پېتىپ قالدى، كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ليۇ بېي ئاتنى قامچىلاپ تۇرۇپ: «قاشقا! قاشقا! بۈگۈن مېنى ھالاك قىلىدىغان بولدۇڭ!» دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا بۇ ئات بىردىنلا سۇدىن ئىرغىپ قوپۇپ، ئالتە غۇلاچ يەرگە سەكرىدى ۋە كۈنپېتىش قىرغاقىغا ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ليۇ بېي ئۆزىنى گويا بۇلۇت ـ تۇمان ئىچىدىن چىققاندەك ھېس قىلىپ قالدى. بۇ ھەقتە كېيىن شائىر سۇ شۆشى قاشقىلىق ئاتنىڭ تەنشى دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە بېغىشلاپ

تۆۋەندىكى نەزمىنى يازغاندى:

*گۇل توزۇپ باھار قۇياشى پاتقىنىدا جايىغا،*
*مەن تاسادىپىي يېتىپ كەلدىم شۇ تەنشى يولىغا.*
*ئۇ يىراقلارغا قاراپ ئات توختىتىپ سالدىم نەزەر،*
*كەلدى كۆز ئالدىمغا چۈشكەن يەردىكى گۇل لالىلەر.*
*ئويلىدىم خاننىڭ زەئىپلەشكەنكى خاندانلىقىنى،*
*ئېلىمىز ئىچىرە جېدەل ـ ماجىرا ۋە غوۋغالىرىنى.*
*ئىچتى شياڭيياڭ تويىدا بەگزادىلەر شېرىن شاراب،*
*ئارىدا قالغاندى تەھلىكىدە ليۇ بېي جاناب.*
*كەتتى يالغۇز كۈنپېتىش قوۋۇقىدىن چىقتى قېچىپ،*
*قوغلىغانلار ئارقىدىن كەلدى شۇئان دەرھال يېتىپ.*
*قىلدى كۆك ئەينەكنى پارە ئات ئاياغى ھەيۋىسى،*
*تاڭ شامالىدا ئۇچۇپ ئوينايدۇ ئالتۇن قامچىسى.*
*ئاڭلىنىپ ھەيۋەت بىلەن مىڭلارچە ئات سالغان ئاياغ،*
*گۈركىرەپ قۇش ئەجدىھا دولقۇن يېرىپ ئۇچقان سىياق.*
*كۈنپېتىش شىچۈەنگە ئۇ دانا ھۆكۈمدار بەگ ئىدى،*
*مىنگەن ئەجدەر ئېتى بىرلەن پالىنىپ كەتكەنىدى.*
*توختىماي تەنشى داۋاملىق كۈنچىقىشقا ئاقىدۇ،*
*ئەجدەر ئات، دانا خوجالار ئۇشبۇ كۈندە قايدىدۇ؟*
*چەكتىم ھەسرەت بۇزۇلۇپ كۆڭلۈم شۇ چاغ سۇغا قاراپ،*
*چۈشتى كۈننىڭ شولىسى جىم تاغ ـ ئېدىرلارغا تاراپ.*
*قالدى گويا چۈش بولۇپ ئۇچ خاندان دەۋرانلىرى،*
*ساقلىنىپ كەلمەكتە دۇنيادا قۇرۇق يادىكارلىرى.*

ليۇ بېي تەنشى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كۈنچىقىش قىرغاققا قارىسا، سەي ماۋ لەشكەر باشلاپ، تەنشى دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەنىكەن.

— ھاكىم جانابلىرى، نېمىشقا مەرىكىنى تاشلاپ قاچتىلا؟ — دەپ توۋلىدى سەي ماۋ.

— سىز بىلەن مېنىڭ ھېچبىر ئاداۋىتىم يوق ئىدى، نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولىسىز؟ — دېدى لىۋ بېي.
— مەندە مۇنداق نىيەت يوق، — دېدى سەي ماۋ، — جانابلىرى باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىسىلا.
سەي ماۋنىڭ كامانغا ئوق سېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن لىۋ بېي دەرھال كۇنپېتىش تۆۋەن تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. سەي ماۋ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ:
— قانداق ئەرۋاھ بۇنىڭغا مەدەت قىلغاندۇ؟ — دېدى ـ دە، لەشكەرلىرىنى يىغىپ شەھەرگە قايتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، جاۋ يۈننىڭ 300 لەشكىرىنى باشلاپ كۇنپېتىش قوۋۇقتىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ھەيھات:

*ئەجدەر ئات قۇتقۇزدى ئىرغىپ ئىگە بولغان خوجىنى،*
*كەلدى قوغلاپ پالۋانلار بولدى ئالماق ئۆچىنى.*

سەي ماۋنىڭ ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى باپتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

## لىۇ بېيىنىڭ نەنجاڭدا زاھىتقا يولۇقانلىقى شەن فۇنىڭ شىنىپېدە دانا خوجايىنغا دۇچ كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، سەي ماۋ ئەمدىگىنە شەھەرگە قايتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، جاۋ يۈن ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ كەلدى.

جاۋ يۈن ئەسلىدە دەل مەيۋازلىق ئۈستىدە ئىدى، بىردىنلا ئادەملەرنىڭ ئۇيۇر - تۇيۇر بولۇشۇۋاتقانلىقى كۆزىگە چېلىقتى - دە، دەرھال ئىچكىرىگە كىرىپ قارىدى، مەرىكىدە لىۇ بېي كۆرۈنمىدى. جاۋ يۈن ھەيران بولۇپ، ئۆزلىرى چۈشكەن يەمخانىغا كەلدى ۋە: «سەي ماۋ لەشكەر باشلاپ كۈنپېتىش تەرەپكە قوغلاپ كەتتى»، دېگەننى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال نەيزىسىنى ئېلىپ، ئېتىغا مىندى، ئاندىن بىرگە ئېلىپ كەلگەن 300 لەشكىرىنى باشلاپ، كۈنپېتىش قوۋۇق تەرەپكە چاپتى - دە، ئۇ يەردە سەي ماۋ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى ۋە جىددىي ھالدا:

— خوجايىنىم قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ھاكىم زىياپەتتىن قېچىپ كەتتى. نەگە كەتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، — دېدى سەي ماۋ.

جاۋ يۈن ئۆزى ئېھتىياتچان ئادەم بولغاچقا، قاراملىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىشنى خالىمىدى ـ دە، ئېتىنى دېۋىتىپ ئالغا كەتتى. يىراقتا چوڭ تەنشى دەرياسى بار ئىدى، ئۇ ئۆتىدىغان باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە ئېتىنى قايتۇرۇپ توۋلىغان پېتى:

— سىز خوجايىنىمنى مەرىكە ـ سورۇنغا تەكلىپ قىلىسىزۇ، نېمە ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ قوغلاپ چىقىسىز؟ — دەپ سورىدى سەي ماۋدىن.

— توققۇز ئايماق، 42 ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ يەردە. مەن ئالىي سەركەردە بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئېھتىيات تەدبىرى كۆرمىسەم بولامدۇ؟ — دېدى سەي ماۋ.

— سىز مېنىڭ خوجايىنىمنى قەيەرگە كېتىشكە مەجبۇر قىلدىڭىز؟

— ھاكىمنى يەككە ئاتلىق كۈنپېتىش قوۋۇقتىن چىقىپ كەتتى دەپ ئاڭلاپ، بۇ يەرگە كەلسەم يوق ئىكەن، — دېدى سەي ماۋ.

جاۋ يۈن ھەيران بولۇپ ۋە گۇماندا قېلىپ بىر قارارغا كېلەلمەي، يەنە تەنشىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ قارىدى، ئۇ قات قىرغاق بويلىرىدا سۇ ئىزلىرىنى كۆردى ـ دە، كۆڭلىدە «ئات بىلەن تەنشى دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتىمىكىنە؟ ...» دەپ ئويلاپ، لەشكەرلىرىنى ھەر تەرەپكە تارىلىپ كۆزىتىپ قاراشقا بۇيرۇدى، ئەمما، ھېچبىر ئەسەر كۆرۈنمىدى. شۇنداق قىلىپ، جاۋ يۈن يەنە قايتىپ كەلگىنىدە، سەي ماۋ شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى.

جاۋ يۈن قوۋۇق باقارلىرىدىن سۈرۈشتە قىلىشۇبدى، ھەممىيلەن: «ھاكىم لىيۇ بېي ئات چاپتۇرغان پېتى كۈنپېتىش قوۋۇقتىن چىقىپ كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىشتى. جاۋ يۈن شەھەرگە كىرمەك بولدىيۇ، لېكىن يەنە يوشۇرۇپ قويۇلغان لەشكەر بولمىسۇن، دېگەن ئەندىشىدە لەشكەرلىرىنى باشلاپ، تېزلىكتە شىنيېگە قايتتى.

ئەمدى گەپنى ليۇ بېيدىن ئاڭلاڭ. ئۇ تەنشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەست ئادەمدەك ۋە ھاڭۋاقتىدەك بولۇپ قالدى، كۆڭلىدە: «مۇنداق كەڭ دەريادىن بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ كېتىش، بۇ، ئاللانىڭ ئىرادىسى بولماي نېمە!» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئېتىنى دېۋېتىپ نەنجاڭ تەرەپكە يول ئالدى. كۈن پاتماقتا ئىدى. ئۇ شۇنداق كېتىۋاتقىنىدا كالا مىنگەن بىر چۇپان بالا نەي چېلىپ چىقىپ كەلدى. ليۇ بېي: «مەن مۇشۇ بالىچىلىك ئەمەسمەنا!» دەپ ھەسرەت چەكتى ۋە ئېتىنى توختىتىپ، بالىغا زەن قويدى. چۇپان بالىمۇ كالىنى توختىتىپ، نەي چېلىشنى بولدى قىلىپ، ليۇ بېينى ياخشىلاپ كۆزدىن كەچۈردى ـ دە:

— سەركەردە جانابلىرى، سىلى سېرىق ياغلىقلىقلارنى يوقاتقان ليۇ بېي ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سەن چەت ـ ياقا يېزىلىق بىر بالا، — دېدى ليۇ بېي ھەيران بولۇپ، — مېنىڭ ئىسىم ـ زاتىمنى قەيەردىن بىلىۋالدىڭ؟

— مەن ئەسلىدە بىلمەيتتىم، — دېدى بالا، — ھەمىشە ئۇستازىمنىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقىمدىن، كەلگەن مېھمانلارنىڭ، قەددى ـ قامىتى يەتتە يېرىم چى، قولى تىزىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان، ئۆز كۆزى بىلەن قۇلىقىنى كۆرەلەيدىغان ليۇ بېي ئىسىملىك كىشى زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى، دەپ ئېيتىشقانلىرىنى تولا ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن بۇ ئالامەتلەرنى سەركەردە جانابلىرىدا كۆردۈم ـ دە، شۇمىكىن دەپ ئويلىدىم.

— ئۇستازىڭ كىم بولىدۇ؟

— ئۇستازىمنىڭ ئىسىم ـ زاتى سىما خۇي، يەنە بىر ئىسمى دې ساۋ، يىڭچۈەنلىك زات، ئۇ تەرىقەت بابىدا «مۇسەپپا ھەزرەت» دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى چۇپان بالا.

— ئۇستازىڭنىڭ دوستلىرى كىملەر؟

— شياڭياڭلىق جانابىي پاڭ دې، پاڭ تۇڭلار بىلەن دوست.

— جانابىي پاڭ دي پاڭ تۇڭنىڭ نىمىسى؟
— تاغا ـ جىيەن بولىدۇ. جانابىي پاڭ دىنىڭ يەنە بىر ئىسمى شەن مىن، ئۇ ئۇستازىمدىن ئون ياش چوڭ؛ پاڭ تۇڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى شى يۇەن، ئۇ ئۇستازىمدىن بەش ياش كىچىك، بىر كۈنى ئۇستازىم ئۇجمە دەرىخىدىن يوپۇرماق ئېلىۋاتقاندا، پاڭ تۇڭ زىيارەتكە كېلىپ قالدى، ئۇلار دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ھاردىم ـ تالدىم دېمەستىن، كۈن بويى سۆھبەتلىشىپ كەتتى. ئۇستازىم پاڭ تۇڭنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئىنىم دەپ چاقىرىدۇ، — دېدى بالا.
— ئۇستازىڭ ھازىر نەدە تۇرىدۇ؟
— ئالدىمىزدىكى دەرەخزارلىق — ئاشۇ بىزنىڭ جاڭزا، — دەپ بالا قولى بىلەن يىراقنى كۆرسەتتى.
— مەن راست ليۇ بېي بولىمەن، مېنى ئۇستازىڭنىڭ يېنىغا باشلاپ بار، كۆرۈشەي، — دېدى ليۇ بېي.
بالا ليۇ بېينى باشلاپ ئىككى چاقىرىمدىن ئارتۇقراق يول مېڭىپ بىر جاڭزىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىرىشتى، ئوتتۇرا ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇتلا مۇڭلۇق چېلىنىۋاتقان ئۇد ئاۋازى ئاڭلاندى. ليۇ بېي بالىنى سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇشقا ئۇندەپ مۇزىكىغا قۇلاق تىكتى. بىردىنلا ئۇد توختاپ قالدى ـ دە، بىر ئادەم كۈلگەن پېتى چىقىپ:
— ئۇد ناھايىتى ئېنىق چېلىنىۋاتاتتى، تاسادىپەن دولقۇنلۇق، جاراڭلىق ئاۋاز چىقىپ كەتتى، بىر ئەزىمەتنىڭ ئوغرىلىقچە ساز ئاڭلاۋاتقانلىقى چوقۇم، — دېدى.
— بۇ كىشى مېنىڭ ئۇستازىم مۇسەيپىا ھەزرەت بولىدۇ، — دېدى بالا ئۇستازىنى ليۇ بېيغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.
ليۇ بېي بۇ زاتنىڭ ئېگىز، ئورۇقراق ۋە كېلىشكەن بويى ـ بەستىدىن خاسىيەتلىك بىر كىشى ئىكەنلىكىنى

بىلدى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى. ليۇ بېينىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تېخى ھۆل ئىدى.

— جانابلىرى بۈگۈن بىر بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قاپتىلا! — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت.

ليۇ بېي ھەيرانلىقتىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.

— بۇياق جانابىي ليۇ بېي بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى بالا.

مۇسەپپا ھەزرەت ليۇ بېينى مېھمانخانىغا باشلاپ تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. ليۇ بېي تەكچىدە تىزىقلىق كىتاب توملىرىنى، دېرىزە سىرتىدىكى باراقسان ئۆسكەن قارىغاي ـ بامبۇكزارلىقنى، تاش كۇرسىغا قويۇپ قويغان ئۇدنى كۆردى. مەيىن شامال يەلپۈپ تۇراتتى.

— جانابلىرىنىڭ قەيەردىن كېلىشلىرى؟ — دەپ سورىدى مۇسەپپا ھەزرەت.

— سەپىرىم تاسادىپەن بۇ يەرگە توغرا كېلىپ قالدى ـ دە، بۇ بالىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن مۇبارەك جاماللىرىنى كۆرۈشكە ۋە زىيارەتلىرىگە مۇشەررەپ بولدۇم، ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلايمەن.

— يوشۇرمىسىلا، جانابلىرى بۈگۈن ئېغىر بىر ھالەتتىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت كۈلۈپ تۇرۇپ. ليۇ بېي شىياڭياڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

— مەن جانابلىرىنىڭ رەڭگىرويلىرىدىن بۇنى بىلىۋالدىم، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت ۋە يەنە ليۇ بېيغا قاراپ، — ئۇزۇندىن بېرى شۆھرەتلىرىنى ئىشىتىپ يۈرىمەن، قانداق قىلىپ تەقدىر ـ پەلەك سىلىگە يار بەرمەيۋاتىدۇ؟ — دېدى.

— بەخت ـ تەلىيىم كاج ئىكەن، شۇڭلاشقا مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، بۇ، سەركەردە جانابلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

خىزمەتلىرىدە دېگۈدەك ئادەملەرنىڭ يوقلۇقىدىن، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت.

— كەمىنىلىرى گەرچە ئىقتىدار ئەھلىلىرىدىن بولمىساممۇ، قەلەمدارلاردىن سۈن چيەن، مى جۇ، جيەن يۈڭلار بار، ئەلەمدارلاردىن گۇەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەر بار، ئۇلار ساداقەتلىك بىلەن ھەمدەملىشىۋاتىدۇ، شۇلارنىڭ كۈچىگە تايىنىۋاتىمەن.

— گۇەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەرنىڭ ھەممىسى تۈمەنلەرچە ئادەمگە تاقابىل كېلەلەيدىغان پالۋانلاردۇر. ئەپسۇسكى، بۇلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدىغان ئادەم يوق. سۈن چيەن، مى جۇلار ئادەتتىكى تالىپلاردىن بولۇپ، ئەلگە خالاسكارلىق قىلغۇچى ئىدراك ئىگىلىرىدىن ئەمەس، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت.

— مەن ھەممىشە دېگۈدەك تاغلاردا، خىلۋەت جايلاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان دانىشمەنلەرنىڭ دېرىكىنى قىلدىم، نە ئىلاج، ئۇنداقلارنى ئۇچرىتالمىدىم، — دېدى لىيۇ بېي.

— ئۆتمۈشتە كۇڭزىنىڭ، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت، — «ئون ئۆيلۈك بار كىچىك يەرلەردىمۇ، مۇقەررەر سادىق، ھالال كىشىلەر بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىلە، نېمىشقا ئادەم بولمىسۇن؟

— مەن بولسام، پاراسەتسىز، نادان ئادەممەن، ئەقىل كۆرسىتىپ يول كۆرسىتىشلىرىنى سورايمەن، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى لىيۇ بېي.

— جانابلىرى، جىڭجۇ، شياڭچېڭ ئايماقلىرىدىكى باللارنىڭ قوشاقلىرىنى ئاڭلىدىلىمۇ؟ قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەن:

*زەئىپلىشەر ئاجىزلاپ سەككىز ـ توققۇزىنچى يىل،*
*قالماس مىراسخورىمۇ 13 ـ يىلى بىل.*
*شۇنداق ئىكەن قىسمىتى تەقدىر ئىلاھىنىكى،*

بۇ قوشاق جيەنئەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چىققانىدى. جيەنئەننىڭ 8 ـ يىلى ليۇ بېيىنىڭ دەسلەپكى رەپىقىسى ۋاپات قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ ئائىلىسىدە پاراكەندىچىلىك تۇغۇلدى، مانا بۇ «زەئىپلىشەر» نىڭ مەنىسى؛ «قالماس مىراسخورى» دېگەن سۆز ئۇزاققا بارماي ليۇ بياۋ ۋاپات قىلىدۇ، قەلەمدار ـ ئەلەمدار مەنسەپدارلىرى تاراپ كېتىدۇ، مىراسخورى بولمايدۇ دېگىنى. «تەقدىر ئىلاھى»، «ئەجدىھا ئاسمانغا ئۇچار» دېگەن سۆز سەركەردە جانابلىرىغا مەقبۇلدۇر، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت.

ليۇ بېي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ:

— كەمىنىلىرى بۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس! — دېدى.

— ھازىر ئەلدىكى ئاجايىپ ئىدراك ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە، جانابلىرى تەكلىپ قىلسىلا، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت.

— بۇ ئاجايىپ ئىدراك ئىگىلىرى نەدە؟ ئۇلار كىم؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي ئالدىراپ.

— يانقان ئەجدىھا، چۈجە سۇمۇرغ ئىككىيلەننىڭ بىرىگە ئىگە بولسىلا، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت، — ئەلنى بەرقارار قىلالايدىلا.

— يانقان ئەجدىھا، چۈجە سۇمۇرغ كىم بولىدۇ؟

— بەللى! بەللى! — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت چاۋاك چېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ.

ليۇ بېي يەنە سورىۋېدى، مۇسەپپا ھەزرەت:

— بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى، سەركەردە جانابلىرى بۈگۈن كېچە بۇ يەردە قونۇپ ئارام ئالسىلا، ئەتە سۆزلىشەيلى، — دېدى، ئاندىن كېيىن، بالىنى تاماق ئەكىلىشكە ۋە ئاتنى ئېغىلغا

ئەكىرىپ ئوتقا قويۇشقا بۇيرۇدى.

ليۇ بېي تاماقتىن كېيىن ھەزرەتخانىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە يېتىپ قالدى ۋە مۇسەپپا ھەزرەتنىڭ سۆزىنى ئويلاپ ئۇيقۇسى كەلمىدى. خېلى كەچ بولغاندا، توساتتىن بىر ئادەمنىڭ ئىشىك قېقىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

— يۈەن جى، قەيەردىن كېلىشلىرى؟ — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت.

ليۇ بېي ئورنىدىن تۇرۇپ قۇلاق سالدى.

— ئۇزاقتىن بېرى ليۇ بياۋنى ياخشىلارنى قەدىرلەپ، يامانلارغا نەپرەتلىنىدۇ، دەپ ئاڭلاپ ئالاھىدە زىيارەت قىلىپ بېرىۋىدىم. قارىسام قۇرۇق نامىلا بار ئىكەن، ياخشىلارنى قەدىرلىگەن بىلەن ئىشلىتەلمەيدىغان، يامانلارغا نەپرەتلەنگىنى بىلەن ئۇلارنى يوقىتالمايدىغان كىشى ئىكەن. شۇڭا، خەت يېزىپ خەيرلىشىپ بۇ يەرگە كېلىشىم، — دېدى ھېلىقى كەلگەن كىشى.

— جانابلىرى پادىشاھقا ياردەمچى بولارلىق ئىستېدات ئىگىسى بولىدىلا، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت، — ئادەم تاللاپ ئىش قىلىشلىرى كېرەك ئىدى، نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پەس تۇتۇپ، ليۇ بياۋنى زىيارەت قىلغىلى باردىلا؟ قەھرىمان ئەزىمەت كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، جانابلىرى تونۇماي يۈردىلا.

— جانابلىرىنىڭ سۆزى دۇرۇس، — دېدى ئۇ ئادەم. بۇنى ئاڭلاپ ليۇ بېي ناھايىتى خۇرسەن بولدى، كۆڭلىدە بۇ ئادەم ياتقان ئەجدىھا، چوجە سۇمۇرغ بولۇشى مۇقەررەر دەپ ئويلىدى ـ دە، چىقىپ كۆرۈشۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەدەپسىزلىك بولۇپ قالمىسۇن، دەپ چىقمىدى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ليۇ بېي مۇسەپپا ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈپ:

— كېچە كەلگەن كىشى كىم؟ — دەپ سورىدى.
— مېنىڭ بۇرادىرىم، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت.
لىيۇ بېي ئۇنىڭ كۆرۈشتۈرۈشىنى ئىلتىجا قىلدى.
— بۇ زات ئاقىل ھۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىگە كىرىش ئۈچۈن باشقا بىر جايغا كېتىپ قالدى، — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت.
لىيۇ بېي ئۇنىڭ ئىسىم ـ زاتىنى سورىدى.
— بەللى! بەللى! — دېدى مۇسەپپا ھەزرەت كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ياتقان ئەجدىھا، چۈجە سۇمۇرغلار كىم بولىدۇ؟ — دەپ يەنە سۈرۈشتە قىلدى لىيۇ بېي.
— خوپ! خوپ! — دەپلا قويدى مۇسەپپا ھەزرەت كۈلۈپ تۇرۇپ.
لىيۇ بېي خەن خاندانلىقىغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئۈچۈن مۇسەپپا ھەزرەتنى ھەمدەمگە تەكلىپ قىلدى.
— تاغ ـ دالىدا بىكار يۈرگەن ئادەممەن، ئەل خىزمىتىگە يارىمايمەن. مېنىڭدىن ئون ھەسسە قابىل كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەمدەم قىلىشى كېرەك، جانابلىرى تەكلىپ قىلىسىلا! — دېدى.
دەل سۆزلىشىپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، تۇساتتىن جاڭزا سىرتىدا ئادەملەرنىڭ چۇقانلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.
— بىر سەركەردە بىرنەچچە يۈز ئادەم بىلەن جاڭزىغا كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى بالا.
لىيۇ بېي قاتتىق چۆچۈپ، دەررۇ چىقىپ قارىۋېدى، بۇ جاۋ يۈن ئىكەن. لىيۇ بېي ناھايىتى خۇرسەن بولدى. جاۋ يۈن ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈشۈپ:
— كېچە ناھىيىگە قايتىپ بېرىپ جانابلىرىنى تاپالمىدىم، شۇڭا كېچىلەپ سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدىم، جانابلىرى تېزرەك ناھىيىگە قايتسىلا، ئېھتىمال ناھىيىگە ياۋ

كېلىشى مۇمكىن، — دېدى جاڭ يۈن.

لىۋ بېي مۇسەپپا ھەزرەت بىلەن خەيرلىشىپ، ئاتلىنىپ جاڭ يۈن بىلەن شىنيېگە قايتتى. بىرقانچە چاقىــرىم ماڭغاندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم قوشۇن ئۇچرىدى، بۇلار گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېيلار ئىدى. ھەممەيلەن كۆرۈشۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. لىۋ بېي تەنشىدىن ئات سەكرىتىپ ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى، بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ھەيران بولۇشتى.

ناھىيىگە قايتىپ كېلىپ، سۈن چيەن باشلىقلار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— ئالدى بىلەن خەت يېزىپ ۋەقەنى لىۋ بياۋغا مەلۇم قىلايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى سۈن چيەن.

لىۋ بېي قوبۇل كۆرۈپ خەت يېزىپ، سۈن چيەن ئارقىلىق جىڭجۇغا ئەۋەتتى.

لىۋ بياۋ سۈن چيەننى ھوزۇرىغا چاقىرتىپ:

— مەن لىۋ بېينى شياڭياڭغا مەرىكىگە تەكلىپ قىلسام، نېمە ئۈچۈن قېچىپ كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

سۈن چيەن خەتنى تەقدىم قىلىپ، سەي ماۋنىڭ لىۋ بېيغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان سۇيىقەستلىرىنى، ئۇنىڭ ئاتنىڭ كۈچى بىلەن تەنشى دەرياسىدىن ئۆتۈپ قۇتۇلغانلىقىنــى بايان قىلدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان لىۋ بياۋ شۇئان سەي ماۋنى چاقىرتىپ:

— سېنىڭ ئىنىمگە زىيانكەشلىك قىلىشقا نېمە ھەددىڭ ئىدى! — دەپ كايىدى ۋە ئېلىپ چىقىپ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. سەي خېنىم چىقىپ يىــــغلاپ تۇرۇپ ئۆلۈمدىن تىلىۋالدى، لىۋ بياۋنىڭ ئاچچىقى تېخى يانمىغانــدى، سۈن چيەن:

— ئەگەر سەي ماۋ ئۆلتۈرۈلىدىغان بولسا، خان تاغىسى بۇ يەردە ئەمىن تۇرالماسمىكىن، — دېدى.

ليۇ بياۋ كايىپ تۇرۇپ سەي ماۋنى ئازاد قىلدى ۋە ئۆزرە ئېيتىپ، ئەپۇ سوراش ئۈچۈن چولڭ ئوغلى ليۇ چىنى سۈن چيەنگە قوشۇپ ليۇ بېي ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ليۇ چى بۇيرۇق بىلەن شىنيېگە كەلدى، ليۇ بېي ئىستىقبال قىلىپ، مەرىكە ـ سورۇن ھازىرلاپ كۈتۈۋالدى.

مەي تەڭشەلگەندە، ليۇ چى تۇيۇقسىزلا كۆز يېشى قىلدى، ليۇ بېي بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— ئۆگەي ئانام سەي خېنىم دائىم ماڭا سۇيىقەست قىلىش نىيىتىدە بولۇپ يۈرىدۇ؛ كەمىنە جىيەنلىرى بۇ بالادىن قۇتۇلۇشقا ئىلاجىسىز قالدىم، سىلى تاغام بۇ ھەقتە ئەقىل كۆرسەتكەن بولسىلا، ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلايتتىم، — دېدى ليۇ چى.

— ئېھتىيات بولۇپ، ۋاپادارلىق كۆرسىتىڭ. شۇنىڭدىلا بالا تەگمەسلىكى تەبىئىي، — دەپ نەسىھەت قىلدى ليۇ بېي.

ئەتىسى ليۇ چى يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى. ليۇ بېي ئاتلىنىپ ليۇ چىنى شەھەردىن ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ليۇ چىغا ئېتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بۇ ئات بولمىغاندا ئىدى، مەن ئۇ دۇنيانىڭ كىشىسى بولغان بولاتتىم، — دېدى.

— بۇ ئاتنىڭ كۈچى بولماستىن، بەلكى سىلىنىڭ بەخت تەلەيلىرىدۇر! — دېدى ليۇ چى.

سۆزدىن كېيىن خەيرلىشىپ يىغلىغان پېتى كېتىپ قالدى.

ليۇ بېي ئاتلىق شەھەرگە قايتتى، بازاردا، بېشىغا ياغلىق تاڭغان، ماتا چاپان كىيگەن، قارا پوتا باغلاپ، قارا ئۆتۈك كىيگەن بىر ئادەم يولۇقتى، بۇ ئادەم مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەلمەكتە ئىدى:

*ئاغدۇرۇلدى ـ يىقىلدى، يەر ـ زېمىن ۋە كۆك ـ ئاسمان،*
*ئەمدىلىكتە يوقالدى خەن پادشاھلىق خاندان.*
*بولدى ئىنتايىن قىيىن بىر تال لىمىنىڭ يۆلىشى،*
*بەلەن ئېگىز بىنالار بولۇپ خارابە ۋەيران.*
*تاغ ـ ئېدىردا ياشايدۇ دانا خوجا ھېكىملەر،*
*دانا خوجىغا خىزمەت قىلماقنى كۆپ ئىستەرلەر.*
*ئاقىل خوجا دانىشمەن تەلەپ قىلىپ ئىزدەيدۇ،*
*ۋە لېكىن شۇ چاغقىچە مېنى ھېچبىر بىلمەيدۇ.*

غەزەلنى ئاڭلىغان لىيۇ بېي كۆڭلىدە: «مۇسەپپا ھەزرەت ئېيتقان ياتقان ئەجدىھا، چۈجە سۈمۈرغ دېگەن زات مۇشۇمىكىنا؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، شۇئان ئاتتىن چۈشۈپ كۆرۈشتى ۋە ناھايىتى يامۇلغا باشلىدى؛ ئاندىن ئىسىم ـ زاتىنى سورىدى، بۇ كىشى:

— مەن يىڭچۈەندىن بولىمەن، ئىسىم ـ زاتىم شەن فۇ. ئۇزاقتىن بېرى جانابلىرىنىڭ دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، خىزمەتلىرىگە كېلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، توغرىدىن توغرا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم ـ دە، جانابلىرىنىڭ ئاڭلاپ تەسىرلىنىشلىرى ئۈچۈن ئەتەيگە بازاردا غەزەل ئوقۇغانىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

لىيۇ بېي ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇنى ھۆرمەتلىك مېھمان سۈپىتىدە كۈتتى.

— ھاكىم جانابلىرى مىنگەن ئاتنى يەنە بىر كۆرسەم، — دېدى شەن فۇ.

لىيۇ بېي ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئېلىپ مېھمانخانا ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

— بۇ قاشقا ئات ئەمەسمۇ؟ بۇ ئات گەرچە 1000 چاقىرىم يول باسار تۇلپار بولسىمۇ، — دېدى شەن فۇ ئاتقا نەزەر تاشلاپ، — ئىگىسىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، مېنىڭچە يارىمايدۇ.

— بۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلدىم، — دېدى ليۇ بېي ۋە تەشنىدىن ئۆتۈش ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ئىگىسىگە زىيانكەشلىك ئەمەس، بەلكى خالاسكارلىق بولىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، بەرىبىر ئاقىۋەتتە ئىگىسىنىڭ بېشىغا بىر چىقىدۇ. بۇ ھەقتە مېنىڭ بىر تەدبىرىم بار، — دېدى شەن فۇ.

— قېنى مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ باقاي! — دېدى ليۇ بېي.

— جانابلىرىنىڭ ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن كىشىلىرى بولسا، بۇ ئاتنى شۇ كىشىگە سوۋغا قىلسىلا. ئات شۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن مىنسىلە، تەبىئىي ھېچ نەرسە بولمايدۇ، — دېدى شەن فۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ رەڭگىرويى بۇزۇلغان ليۇ بېي:

— جانابلىرى بۇ يەرگە ئەمدىلا كېلىپ، مېنى توغرا يولغا باشلىماستىن، باشقىلار ھېسابىغا پايدا كۆرىدىغان ئىشتىن تەلىم بەردىلە، جانابلىرىدىن ساۋاق ئالالمايدىكەنمەن! — دېدى.

— ھاكىم جانابلىرى رەھىمدىل، پازىل كىشى دەپ ئاڭلىغان بولسامۇ، تازا ئىشىنىپ كەتمىگەنىدىم، شۇڭلاشقا بۇ سۆز بىلەن سىناپ باقتىم، — دېدى شەن فۇ كۈلۈپ.

ليۇ بېيمۇ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— كەمىنىلىرى ليۇ بېي رەھىمدىللىك، پازىللىقتا باشقىلارغا يېتەلمەيمەن، جانابلىرىنىڭ ساۋاق بېرىشىگە موھتاجمەن، — دېدى.

— مەن يىڭچۇەندىن بۇ يەرگە كەلگىنىمدە، شىنيېلىقلارنىڭ: «پاسىبانى شىنيېنىڭ، خان تاغىسى ليۇ بېيدۇر؛ كەلگەچ ئۇ يۇرتىمىزغا، پۇقرانىڭ قارنى توقتۇر»،

www.uyghurkitap.com

دېگەن غەزىلىنى ئاڭلىدىم. بۇنىڭدىن جانابلىرىنىڭ رەھىمدىل، پازىللىقتا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، — دېدى شەن فۇ.

ليۇ بېي شەن فۇنى ھەربىي مۇشاۋىرلىققا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي تەلىم ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ساۋ ساۋ پايتەخت شۈيچاڭغا قايتقاندىن كېيىن، ھەمىشە جىڭجۇنى ئېلىش كويىدا بولدى، شۇڭلاشقا ساۋ رېن، لى ديەن ھەمدە ئەل بولغان پالۋانلاردىن لۈي كۇاڭ، لۈي شياڭلارنى 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن فەنچېڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىڭجۇ، شياڭچېڭلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكۈزمەكتە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا لۈي كۇاڭ، لۈي شياڭلار ساۋ رېنغا:

— ئەلھال ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى شىنيېگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، لەشكەر توپلاپ، ئات ئېلىۋېتىپتۇ، يەم - خەشەك يىغىپ، ئوزۇق - تۈلۈك توپلاۋېتىپتۇ. نىيەت - نەپسى چوڭ بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا ئۇنى بۇرۇنراق يوقىتىش لازىم. بىز ئىككىمىز باش ۋەزىر جانابلىرىغا ئەل بولغىنىمىزدىن كېيىن، قىلچىلىك خىزمەت يەتكۈزمىدۇق؛ تاللانغان 5000 لەشكەر بىلەن بېرىپ، ليۇ بېينىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، باش ۋەزىر جانابلىرىغا تەقدىم قىلىشنى ئىستەيمىز، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

ساۋ رېن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، شىنيېگە بېرىپ تۇتۇش ئۈچۈن لۈي كۇاڭ بىلەن لۈي شياڭغا 5000 لەشكەر بەردى. ئايغاقچىلار ئۇچقاندەك كېلىپ بۇ خەۋەرنى ليۇ بېيغا مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي شەن فۇنى كېڭەشكە چاقىردى.

— ياۋ لەشكىرى كەلگەنىكەن، ئۇلارنى تەۋەيىمىزگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن گۇەن يۈي بىر بۆلۈم

لەشكەر بىلەن سولدىن چىقىپ، كېلىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئۇتتۇرا يولىنى توسۇسۇن؛ جاڭ فېي بىر بۆلۇم لەشكەر بىلەن ئوڭدىن چىقىپ، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئارقا يولىغا ئۆتسۇن؛ جانابلىرى جاۋ يۈن بىلەن ئالدى تەرەپتىن چىقسىلا، شۇنداقتا، ياۋنى تارمار قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى شەن فۇ.

ليۇ بېي بۇ سۆز بويىچە گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنى يولغا سالدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن شەن فۇ، جاۋ يۈنلەر بىلەن 2000 لەشكەر باشلاپ قورۇلدىن چىقىپ، ياۋغا قارشى يولغا چىقتى. بىرنەچچە چاقىرىم يۈرمەستىنلا، تاغنىڭ ئارقىسىدىن چىققان چاڭ - توزانلار ئىچىدىن لۈي كۇاڭ بىلەن لۈي شياڭ لەشكەرلىرى كۆرۈندى.

ھەر ئىككى تەرەپ سەپلەرنى كاماندازلار بىلەن توختاتتى. ليۇ بېي ئاتلىق نىشان تۇغى ئاستىغا كېلىپ:

— كىم سىلەر؟ مېنىڭ زېمىنىمگە بېسىپ كىرىشكە قانداق پېتىنىشتىڭ؟ — دەپ توۋلىدى.

— مەن ئۇلۇغ سەركەردە لۈي كۇاڭ بولىمەن. باش ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئالاھىدە سېنى تۇتقىلى كەلدىم! — دېدى لۈي كۇاڭ ئاتلىق چىقىپ.

ليۇ بېي غەزەپلىنىپ، جاۋ يۈننى چىقىپ ئېلىشىشقا بۇيرۇدى. ئىككى پالۋان تۇتۇشۇپ كەتتى، بىرنەچچە رەددى بەدەلدىن كېيىن، جاۋ يۈننىڭ ئۇرغان نەيزە زەربىسى بىلەن لۈي كۇاڭ ئاتتىن يىقىلدى. ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى باشلاپ چاپ - چاپقا چۈشتى. تەڭ كېلەلمىگەن لۈي شياڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قاچتى. شۇنداق قېچىپ كېتىۋاتقاندا، يول بويىدىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر توپ لەشكەر چىقىپ كەلدى، بۇ لەشكەرلەرنى چوڭ پالۋان گۇەن يۈي باشلاپ چىققانىدى، ئۇ بىر پەس چاپ - چاپ قىلغاندىن كېيىن، لۈي شياڭ لەشكەرلىرىنىڭ تولىسىدىن ئايرىلىپ، جەڭ بىلەن يول ئېچىپ قاچتى. يەنە ئون چاقىرىمچە ماڭا - ماڭمايلا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەنە بىر قوشۇن يول توسۇدى، بۇ لەشكەرلەرنى باشلاپ چىققان چوڭ پالۋان نەيزىسىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈپ: «جاڭ فېي بۇ يەردە!» دېدى ـ دە، تويتوغرا لۈي شياڭغا ئېتىلدى. لۈي شياڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچىلىك، جاڭ فېينىڭ بىر نەيزىسى بىلەن ئات ئاستىغا يىقىلىپ ئۆلدى. قالغان لەشكەرلەر ھەر تەرەپكە پىتىراپ قاچتى. ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ قوغلىدى، تولىسىنى تىرىك تۇتتۇۋالدى. ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى ناھىيىگە قايتۇرۇپ، شەن فۇغا چوڭ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، لەشكەرلەرنى تارتۇقلىدى.

يېڭىلگەن لەشكەرلەر قايتىپ كېلىپ، ساۋ رېنغا: «لۈي كۇاڭ، لۈي شياڭ ئۆلتۈرۈلدى، كۆپچىلىك لەشكەرلەر تىرىك قولغا چۈشۈپ كەتتى» دەپ مەلۇم قىلدى. ساۋ رېن قاتتىق چۆچۈپ، لى ديەن بىلەن كېڭەش قىلدى.

— ئىككى پالۋان ياۋنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، ھازىرچە لەشكەرلىرىمىزنى مىدىراتمايلى، باش ۋەزىرگە مەلۇم قىلىپ، چوڭ قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈشى قىلايلى، بۇ ئەلا تەدبىر، — دېدى لى ديەن.

— ياق. بۈگۈن ئىككى پالۋان ئۆلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن لەشكەردىن ئايرىلدۇق، بۇ قىساسنى تېز ئالماي بولمايدۇ. شىنيېدەك ئالىقانچە كىچىككىنە بىر يەر ئۈچۈن باش ۋەزىرنىڭ چوڭ قوشۇنىنى ئاۋارە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى ساۋ رېن.

— ليۇ بېي كارامەت ئادەم، سەل قاراشقا بولمايدۇ، — دېدى لى ديەن.

— جانابىڭىز نېمىگە قورقىسىز؟

— ھەربىي تەلىماتتا، — دېدى لى ديەن، — «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ بىلسەڭ، ھەرقانداق جەڭدە يېڭەلەيسەن» دېيىلگەن. مەن جەڭدىن ئەمەس، بەلكى يېڭەلمەي قېلىشىمىزدىن

ئەنسىرەۋاتىمەن.

— جانابىڭىز، ئالا كۆڭۈل بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مەن چوقۇم ليۇ بېينى تىرىك تۇتىمەن! — دېدى ساۋ رېن غەزەپلىنىپ.

— ئەگەر سەركەردە جانابلىرى بارىدىغان بولسىلا، مەن فەنچېڭنى ساقلاي! — دېدى لى ديەن.

— بىرگە بارمايمەن دېسىڭىز، بۇ ھەقىقەتەن ئالا كۆڭۈل بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ، — دېدى ساۋ رېن.

ئامالسىز قالغان لى ديەن ساۋ رېن بىلەن بىللە 2 يېرىم تۈمەن لەشكەر ئېلىپ، دەريادىن كېچىپ ئۆتۈپ شىنيېگە قاراپ يول ئالدى. دەر ھەقىقەت:

*پۇت - قول بولغان ياردەمچى، سەركەردە ئۆلسە جەڭدە،*
*تارتتى يەنە لەشكەرنى نومۇستىن باش سەركەردە.*

كىم يېڭىپ، كىم يېڭىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## ليۇ بېيىنىڭ فەنچېڭ شەھىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئالغانلىقى
## شۈي يۈەنجىنىڭ ئاتتا كېتىۋېتىپ جۇگې لياڭنى تونۇشتۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، ساۋرېن شىنيې ناھىيىسىنى تۇپتالاس قىلىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس دەپ، زەپ ئاچچىقى بىلەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ، كېچىلەپ دەريادىن ئۆتتى.

ئەمدى گەپنى شەن فۇدىن ئاڭلاڭ. شەن فۇ نۇسرەت بىلەن ناھىيىگە كېلىپ ليۇبېيغا بىر سۆزنى ئېيتتى:

— ساۋرېن لەشكەرلىرىنى فەنچېڭغا توپلاپتۇ، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى پالۋىنىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىشىتسە، چوقۇم شۇ يەردىن يەنە لەشكەر تارتىپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېچۈك قىلماق كېرەك؟ — دېدى ليۇ بېي.

— ئەگەر ئۇ لەشكەر تارتىپ كەلسە، چوقۇم فەنچېڭ شەھىرىنى تاشلاپ كېلىدۇ. بىز مانا شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، فەنچېڭنى ئوڭايلا تارتىۋالىمىز، — دېدى شەن فۇ.

ليۇ بېي ئەمدى ئۇنىڭدىن شەھەرنى قانداق ئېلىشنىڭ ئامالىنى سورىدى. شەن فۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ليۇ بېي خۇشاللىقىدا ئالمان ـ تالمان تۇتۇش قىلىپ، جىمى تەييارلىقلارنى كۆرۈپ قويدى. شۇ ئارىدا بىر

مەلۇمچى كىرىپ:
— ساۋ رېن نۇرغۇن لەشكەر بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ كېلىۋېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.
— هە مانا، پېقىرنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقتى ئەمەسمۇ، — دېدى شەن فۇ.
شەن فۇ ئەمدى ليۇ بېيغا لەشكەر تارتىپ چىقىپ ساۋ رېنغا تاقابىل تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى.
ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى سەپ تۈزۈپ جەڭگە هازىرلاندى. جاۋ يۈن ئوتتۇرىغا چىقىپ، قارشى تەرەپنىڭ پالۋانىنى مەيدانغا چاقىردى. ساۋ رېن لى ديەننى مەيدانغا چۈشۈشكە بۇيرۇدى، ئىككى پالۋان مەيدانغا چۈشۈپ خوپ ئېلىشتى. ئالاھەزەل ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەن لى ديەن ئېتىنى قايرىپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى. جاۋيۈن ئات قويۇپ قوغلاشتى. ئىككى قاسناقتا سەپ تۈزۈپ تۇرغان لەشكەرلەر ئوق ياغدۇرۇپ ئۇنى توستى، شۇنىڭ بىلەن هەر ئىككى تەرەپ جەڭنى توختىتىپ ئۆز قارارگاهلىرىغا قايتتى.
لى ديەن قايتىپ كېلىپ ساۋ رېنغا:
— ئۇلارنىڭ لەشكىرى بەكمۇ خىل ئىكەن، سەل چاغلىغىلى بولمىغۇدەك، فەنچېڭغا قايتىپ كەتكىنىمىز تۈزۈكتەك تۇرىدۇ، — دېدى.
— سەن جەڭگە چىقىش ئالدىدا لەشكەرلەرنى دېلغۇللۇققا سالدىڭ، ئەمدى كېلىپ ياۋغا ساتقىنلىق قىلىۋاتىسەن، بۇ گۇناهىڭ ئۈچۈن كاللاڭنى ئالىمەن! — دېدى غەزەپ چاپىنىنى كىيىپ ساۋ رېن ۋە شۇئان جاللاتنى چاقىرىپ لى ديەننىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى؛ قالغان بەگلەر ساۋ رېنغا يالۋۇرۇپ، مىڭ تەسلىكتە ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.
ساۋ رېن ئەمدى ئۇنى هىماتچى قوشۇنغا يۆتكىدى، ئۆزى بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرشاۋۇل قوشۇننى ئېلىپ ماڭماقچى بولدى.
ئەتىسى بۇرغا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ، قوشۇنلار جەڭگە هازىرلاندى. ساۋ رېن لەشكىرىنى شۇنداق بىر سەپ قىلىپ تۈزدىكى، ئۆز هەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، «مېنىڭ تۈزگەن سېپىمنى ئۇقامسەن؟» دەپ كىشى ئارقىلىق لىيۇ بېيدىن سورىدى.
شەن فۇ بىر دۆڭگە چىقىپ سەپنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە قايتىپ چۈشۈپ، لىيۇ بېيغا شۇنداق دېدى:
— بۇ سەپ «ئالتۇن قۇلۇپلار سېلىنغان سەككىز قوۋۇقلۇق سەپ» دېيىلىدۇ. بۇ سەككىز قوۋۇقنى يېپىق قوۋۇق، كۆرۈملۈك قوۋۇق، بالالىق قوۋۇق، بېكىك قوۋۇق، كۆركەم قوۋۇق، ئۆلۈملۈك قوۋۇق، جىس قوۋۇق، ئۈچۈق قوۋۇق دەپ ئاتىشىدۇ. ئەگەر كۆرۈملۈك قوۋۇق، كۆركەم قوۋۇق، ئۈچۈق قوۋۇق دېگەن قوۋۇقلاردىن كىرسە، ياخشىلىقتا ئېلىپ بارىدۇ؛ بالالىق قوۋۇق، جىس قوۋۇق، يېپىق قوۋۇق دېگەن قوۋۇقلاردىن كىرسە، بالا ـ قازا يولۇقىدۇ؛ بېكىك قوۋۇق، ئۆلۈملۈك قوۋۇق دېگەن قوۋۇقلاردىن كىرسە، هالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ سەپ ناهايىتى رەتلىك تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرىسىدا تۈۋرۈكى يوق سەپ بولۇپ قالغان. ئەگەر تۆۋەن كۈنچىقىشتىكى بۇرجەكتىن كۆرۈملۈك قوۋۇق بىلەن كىرىپ، كۈنپېتىشتىكى قوۋۇقتىن چىققاندا، ئۇلارنىڭ سېپى چوقۇم بۇزۇلىدۇ.
لىيۇ بېي لەشكەرلەرنى سەپنىڭ بۇرجىكىنى چىڭ ساقلاپ تۇرۇشقا، جاۋ يۈننى 500 لەشكەرنى باشلاپ تۆۋەن كۈنچىقىشتىن كىرىپ، كۈنپېتىشتىن چىقىشقا بۇيرۇدى. جاۋ يۈن بۇيرۇقنى ئالدى ـ دە، لەشكەرلەرنى باشلاپ تۆۋەن كۈنچىقىشتىكى بۇرجەككە قاراپ ئات قويدى ۋە سۈرەن ـ چۇقان بىلەن بارگاھ قوشۇن ئىچىگە قىر ـ چاپ قىلىپ كىردى. ساۋ رېن يۇقىرىغا

سۇرۇلدى. جاۋ يۇن قوغلاشماي، كۇنپېتىش قوۋۇقتىن بۆسۇپ چىقتى، يەنە شۇ قوۋۇق بىلەن قىر - چاپ قىلىپ كىرىپ، تۆۋەن كۇنچىقىشتىكى بۇرجەككە بۇرۇلۇپ كەتتى. ساۋ رېننىڭ لەشكىرى تازا پاتىپاراقچىلىقتا چۈشتى. ليۇ بېي لەشكىرى بىلەن هۇجۇمغا ئۆتتى. ساۋ رېننىڭ لەشكىرى قاتتىق يېڭىلىپ قاچتى. شەن فۇ قوغلاشماسلىقتا بۇيرۇق چۈشۇرۇپ، لەشكەرنى ئېلىپ قارارگاھقا قايتتى.

ئەمدى گەپنى ساۋ رېندىن ئاڭلاڭ. ساۋ رېن جەڭدە يېڭىلگەندىن كېيىن، ئاندىن لى ديەننىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەندى ۋە ئۇنى چاقىرىپ مەسلىھەت سالدى.

— ليۇ بېينىڭ قوشۇنىدا يارامىلىق كىشىلەر بولسا كېرەك، شۇڭا سېپىمىز تارمار بولدى، — دېدى ساۋ رېن.

— مەن بۇ يەردە بولغىنىم بىلەن ئەس - يادىم فەنچېڭ شەھىرىدە، بېگىم، — دېدى لى ديەن.

— بۇگۇن كېچە ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا تېگىش قىلايلى. ئەگەر يېڭىش تاپساق، ئاندىن بىر نەرسە دېيىشەيلى؛ ئەگەر قارارگاھنى ئالالمىساق، لەشكەرنى ئېلىپ فەنچېڭغا قايتىپ كېتەيلى، — دېدى ساۋ رېن.

— ياق. ليۇ بېي چوقۇم تەييارلىق كۆرۈپ قويدى.

— ئۇنىڭدىنمۇ ئۇركۇپ، بۇنىڭدىنمۇ ئۇركۇپ يۈرىدىغان ئىش بولسا قانداق ئۇرۇش قىلغىلى بولىدۇ! — دېدى ساۋ رېن.

شۇنداق قىلىپ، ساۋ رېن يەنە ئۇنىڭ گېپىگە كىرمىدى ۋە ئۆزى تۇرشاۋۇل قوشۇننى ئېلىپ ماڭدى. لى ديەننى ئارقىدىن مېڭىشقا بۇيرۇپ، شۇ كېچىسى ئېغىرياتقۇدا ليۇ بېينىڭ قارارگاھىغا تېگىش قىلىشقا ماڭدى.

ئەمدى شەن فۇغا كېلەيلى. شەن فۇ قارارگاھىدا ليۇ بېي بىلەن كېڭىشىۋاتاتتى، بىردىنلا كۇنچىقىش تەرەپتىن شامال چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۈگۈن كېچە ساۋ رىن چوقۇم قارارگاھىمىزغا بېسىپ كېلىدۇ، — دېدى شەن فۇ.

— نېمە قىلماق كېرەك! — دېدى لىيۇ بېي.

— پېقىر ئاللىقاچان ئويلاپ قويدۇم، — دېدى شەن فۇ كۈلۈپ.

ئىككىسى يوشۇرۇن ھالدا قارشى تەدبىرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئەل ياتقۇ مەھەلدە، ساۋ رېن لەشكىرىنى باشلاپ قارارگاھنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى، ئۇ قارارگاھنىڭ ھەممە يېرىدە ئوت يېنىپ، قارارگاھ قاشالىرىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ساۋرېن ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال قايتىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ چاغدا جاۋ يۈن باستۇرۇپ كەلدى. ساۋ رېن لەشكىرىنى قايرىپ قارارگاھىغا قايتىشقا ئۈلگۈرەلمەي، دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئېتتىك يول ئالدى. ئۇ دەريانىڭ بويىغا بېرىپ، كېمە - پېمە راسلاپ دەريادىن ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا، قىرغاقتىن بىر توپ لەشكەر باستۇرۇپ كەلدى. بۇ بىر توپ لەشكەرنىڭ باش سەركەردىسى جاڭ فېي ئىدى. ساۋ رېن جان تىكىپ ئېلىشتى، لى ديەن ساۋ رېننى قوغداپ كېمىگە چۈشۈردى - دە، ئۆزى ئۇل ئېلىپ ماڭدى. ساۋ رېننىڭ لەشكەرلىرى سۇغا غەرق بولۇپ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. ساۋ رېن ئۆزى دەريادىن ئۆتۈپ قىرغاققا چىقتى - دە، ھېچنېمىگە قارىماي ئۆزى فەنچېڭ شەھىرىگە قاراپ چاپتى ۋە ئادەملىرىگە تېز بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتۇرۇشلار دەپ بۇيرۇق قىلدى.

سېپىلنىڭ ئۈستىدە داقا - دۇمباقلار چېلىنىپ قوۋۇقتىن بىر بۆلۈك لەشكەرنى باشلاپ شۇنداق بىر سەركەردە چىقىپ كەلدىكى، ئۇ ۋارقىراپ:

— مەن بۇ شەھەرنى ئالغىلى نەۋاخ! — دېدى.

ھەممە ھەيران بولۇپ كۆز تىكتى، قارىسا ئۇ گۈەن يۈي

ئىكەن. ساۋ رېن قاتتىق چۆچۈپ، ئېتىنى قايرىدى ـ دە، بەدەر تىكىۋەتتى. گۇەن يۈي ئارقىدىن قوغلىشىپ ماڭدى. ساۋ رېن يەنە بىرمۇنچە لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، كېچىلەپ شۈيچاڭ ناھىيىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يول ئۈستىدە ئۇقۇشۇپ، شەن فۇنىڭ مۇشاۋىر بولغانلىقىنى ۋە بۇ ھىيلىنىڭ شۇنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ساۋ رېنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ شۈيچاڭغا قايتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى لىيۇ بېيىنىڭ نۇسرەت بىلەن فەنچېڭ شەھىرىگە لەشكەر تارتىپ كىرگەنلىكىدىن ئاڭلاڭ. ئۇ شەھەرگە يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن، بۇ ناھىيىنىڭ ئامبىلى لىيۇ مى لىيۇ بېيىنىڭ ئالدىغا چىقتى. لىيۇ بېي شەھەرگە كىرىپ ئاھالىنى ئەمىن قىلدى. لىيۇ مى چاڭشالىق كىشى بولۇپ، خان جەمەتلىرىدىن ئىدى، شۇڭا ئۇ لىيۇ بېينى ئۆيىگە چاقىرىپ، كاتتا مەرىكە بېرىپ كۈتۈۋالدى. لىيۇ مىنىڭ يېنىدا بىر بالا تۇراتتى. لىيۇ بېي بۇ بالىنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن، قاۋۇل بىر بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— بۇ بالام كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى لىيۇ مىدىن.

— بۇ مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى كۇ فېڭ بولىدۇ. بۇ بالا ئەسلىدە كۇ ئۇرۇقىدىن بولغان لۇ بەگنىڭ ئوغلى ئىدى؛ بۇ بالىنىڭ ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، يېقىن ئۇنى يېنىمغا ئېلىپ كېلىۋالغانىدىم، — دېدى لىيۇ مى.

لىيۇ بېينىڭ بۇ بالىغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى بالا قىلىۋالغۇسى كەلدى. لىيۇ مى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كېلىپ، كۇ فېڭنى لىيۇ بېيغا بالا قىلىۋېلىشقا بەردى ۋە ئۇنىڭ ئېتىنى يۆتكەپ، لىيۇ فېڭ قويدى. لىيۇ بېي ئۇنى بىللە ئېلىپ كېتىپ، گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېيغا تونۇشتۇردى ۋە لىيۇ فېڭغا:

— بۇ كىشىلەر ئەمدى سىزنىڭ تاغىلىرىڭىز بولىدۇ، — دەپ ئۇقتۇردى.

www.uyghurkitap.com

— ئاغا، ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بار تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا بالا بېقىۋالغۇلىرى كەلدى؟ كېيىن بېرىپ باشلىرىغا بالا بولۇرمىكىن، — دېدى گۇەن يۈي.

— مەن ئۇنى ئۆز بالامدەك كۆرسەم، ئۇمۇ مېنى ئۆز ئاتىسىدەك كۆرمەمدۇ؟ قانداقسىگە بېشىمغا بالا بولغۇدەك؟ — دېدى ليۇ بېي.

گۇەن يۈي خوپ كۆرمىدى. ليۇ بېي شەن فۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جاۋ يۈننى 1000 لەشكەر بىلەن فەنچېڭ شەھىرىنى ساقلاشقا قالدۇردى. ئۆزى قالغانلارنى ئېلىپ شىنيې ناھىيىسىگە قايتتى.

ئەمدى ساۋ رېنغا كەلسەك، ئۇ لى ديەن بىلەن پايتەخت شۈيچاڭغا قايتىپ كېلىپ، ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ گۇناھىنى تىلىدى، سەركەردىلەرنىڭ ئۆلۈپ، لەشكەرلەرنىڭ نابۇت بولغانلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى.

— يېڭىش بىلەن يېڭىلىش لەشكەرچىلىكتە بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. شۇغىنىسى ليۇ بېيغا ئەقىل كۆرسەتكەن كىشى كىم بولغاي؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ رېن بۇ ھىيلىنى تاپقان كىشىنىڭ شەن فۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— شەن فۇ دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— بۇ ئادەم شەن فۇ ئەمەس، — دېدى كۈلۈپ چېڭ يۈي، — ئۇ كىچىكىدىنلا نەيزە - قىلىچقا قىزىقىدىغان بىر ئادەم؛ جۇڭپىڭنىڭ ئاداققى يىللىرىدا بىر كىمنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بىرىمەن دەپ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇستىۋېشىنى يەڭگۈشلەپ، يۈز - كۆزىنى بوياپ باشقا بىر ياققا قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنى ئامبال يامۇلىنىڭ ئادەملىرى تۇتۇۋالغان؛ ئېتىڭ نىمە دەپ

سورىغاندا جاۋاب بەرمىگەنلىكتىن، ئامبال يامۇلنىڭ ئادەملىرى ئۇنى هارۋىغا سېلىپ، داقا ـ دۇمباق چېلىپ، كوچىمۇكوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلغان، قايسىڭ بىلسەڭ ئېيتىپ بېرىش دەپ ئەلكۈنگە بۇيرۇق قىلغان، بىلىدىغانلار بولسىمۇ، ئېيتىپ بېرىشكە پېتىنالمىغان، كېيىن ھەمراھلىرى كېلىپ ئوغرىلىقچە قۇتۇلدۇرۇپ ئاچىقىپ كەتكەن. ئېلىپ چىققاندا ئېتىنى يۈتكىۋەتكەن، ئادەتتىكى يۇرۇش ـ تۇرۇش، مىجەز ـ قىلىقلىرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن، جىمى يەرنى ئايلاندۇرۇپ، ئاتاقلىق ئەربابلار بىلەن كۆرۈشتۇرگەن، سىما خۇي بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ پاراڭ سېلىشىپ تۇرغان — بۇ يىگچۈەنلىك شۇي شۇ دېگەن ئادەم بولىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئېتى يۈەن جى. شەن فۇ دېگەن ئۇنىڭ ئۆزگەرتىۋالغان ئېتى.

— بۇ ئادەم سىزگە تەڭ تۇرالامدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— پېقىردىن ئون ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ، — دېدى چېڭ يۈي.

— ئىست، شۇنچە ياخشى ئەربابنىڭ ليۇ بېينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكىنىنى! قانات ـ قۇيرۇقى تولۇپتۇ دېگەن مانا شۇ! خەپ، قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئەگەر بېگىمگە كېرەك بولسا، ئۇنى ئەكەلدۈرمەك تەس ئەمەس، گەرچە ئۇ ئۆزگىنىڭ قولىدا بولسىمۇ، — دېدى چېڭ يۈي.

— ئۇنىڭ كېلىشى تەسكە چۈشىدۇ! — دېدى ساۋ ساۋ.

— شۇي شۇ ۋاپادار ئادەم، ئۇ ئاتىسىدىن كىچىك قالغان، بىرلا قېرى ئانىسى بار. ئىنىسى شۇي كاڭ ئۆلۈپ كەتتى، ئانىسىغا قارايدىغان ھېچكىم قالمىدى. بېگىم ئۇنىڭ ئانىسىنى شۈيچاڭغا ئالداپ ئەكىلىشكە كىشى ئەۋەتكەي، ئەگەر ئانىسى ئۇنىڭغا خەت يازىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى چېڭ يۈي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ساۋ ساۋ خۇش بولۇپ كېتىپ، شۇي شۇنىڭ ئانىسىنى ئەكېلىش ئۈچۈن، شۇ كېچىسىلا ئادەم ئەۋەتتى. بارغان كىشى بىرنەچچە كۈندىلا يەتكۈزۈپ كەلدى. ساۋ ساۋ ئۇنى ئەتىۋارلاپ باقتى، بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— ئاڭلىشىمچە، سىزنىڭ ئوغلىڭىز شۈي شۇ جاھاندا كەم تېپىلىدىغان ماھارەتلىك يىگىت ئىمىش. شۇ تاپتا ئۇ شىنيېدە قارا نىيەت لىۇ بېيغا يانتاياق بولۇپ، خاندانلىقىمىزدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرۈپتۇ، بۇ خۇددى چىنتاشنىڭ ئەخلەتلەرگە ئارىلىشىپ كەتكىنىگە ئوخشاش بىر ئىش. سىز ئانلىق نامىڭىز بىلەن ئوغلىڭىزغا خەت يېزىپ، شۈيچاڭغا قايتۇرۇپ كەلسىڭىز، مەن خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ چوڭ ئىنئاملار ئېلىپ بېرىمەن، — دەپ، ئادەملىرىگە كۆتۈبخانىدىن دۇۋەت - قەلەم ئالدۇرۇپ چىقىپ، ئانىسىنى خەت يېزىشقا بۇيرۇدى.

— لىۇ بېي قانداق ئادەم؟ — دەپ سورىدى ئانا.

— پېيجۈن دېگەن يەردىن چىققان بىر سولتەك، ئۆزىنى «خاننىڭ تاغىسى» دەۋېلىپ، يالاڭ قۇرۇق گەپ سېتىپ، كۆرۈنۈشتە ئېسىلزادىلەردىن بولۇۋالغان بىر قارا بۇدۇن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— ھوي، سەن شۇنداقمۇ تۆھمەت قىلامسەن! مەن ئۇنى جۇڭشەن چىڭۋاڭ غوجامنىڭ ئەۋلادى، شياۋ جىڭ خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئەۋرىسى بولىدۇ، ئۆزى ناھايىتى كەمتەر، چوڭچىلىقى يوق، كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلىدىغان، مېھىر - شەپقەتلىك، ئادىي - ساددا كىشى دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئۇنى قېرى - ياش، قويچى - پادىچى، ئوتۇنچى - ياغاچچىدىن تارتىپ ھەممە كىشى بىلىدىكەن: ئۇ زامانىمىزنىڭ چىن باتۇرى دەيدىكەن، مېنىڭ بالام ئۇنىڭغا ھەمدەملەشكەن بولسا تازا ئوبدان قىپتۇ، ئۆز ئىگىسىنى تېپىپتۇ. سەن ئۆزۈڭنى خەن

خاندانلىقنىڭ ۋەزىرى دەۋالغىنىڭ بىلەن، زاتىدا خەن خاندانلىقىغا يانغان قاراقچى ئىكەنسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن تېخى لىيۇ بېينى بۇزۇق ۋەزىر دەيسەنا، ئوغلۇمنى يورۇقلۇقتىن قاراڭغۇلۇققا باشلىماقچىمۇسەن، ھۇ ئۇياتنى بىلمىگەن قارا يۈز! — دېدى شۈي ئانا ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ ۋە شۇئان مىكە تاشنى ئېلىپ ساۋ ساۋغا ئاتتى. ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ، جاللاتنى چاقىرىپ شۈي ئانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. چېڭ يۈي ئىتتىك توسۇۋېلىپ ساۋ ساۋنىڭ قېشىغا كىردى ۋە نەسىھەت تىلىنى ئېچىپ:

— ئەي بېگىم، شۈي ئانا ئۆلگۈسى كەلگەنلىكتىن ئۆزلىرىنى خاپا قىلدى، بىراق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە، ئۇ شۈي ئانا ئەردەم ساقلاپ شېھىت بولدى دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ – دە، ئۆزلىرى نامەرد دېگەن يامان نامغا قالىدىلا، تەقسىر. ئەگەر شۈي ئانىنى ئۆلتۈرۈپ قويساق، شۈي شۇ لىيۇ بېيغا ئۆلگۈچە بولۇشۇپ، ئۆزلىرىدىن قاتتىق ئۆچ ئالىدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرمىگىنىمىز ياخشى، بۇنداق قىلساق شۈي شۇنىڭ كۆڭلى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ – دە، لىيۇ بېيغا بولۇشقاندىمۇ تازا كۈچ چىقىرالمايدۇ. شۈي ئانا بۇ يەردە تۇرسۇن، پېقىر بىر ئامال قىلىپ شۈي شۇنى بۇ يەرگە ئالداپ كېلەي، مانا شۇ چاغدا ئۇ جانابلىرىغا قول – قانات بولىدۇ، — دېدى.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتكە كىرىپ، شۈي ئانىنى ئۆلتۈرۈشتىن يالتايدى ۋە ئايرىم بىر ئۆيدە بېقىشنى بۇيرۇدى. چېڭ يۈي كۈندە دېگۈدەك ئۇنى يوقلاپ تۇردى، ئۆزىنى شۈي شۇ بىلەن ئاكا – ئۇكا بولۇشقا قول بېرىشكەن دەپ يالغان ئېيتىپ، شۈي ئانىنى خۇددى ئۆز ئانىسىنى كۆرگەندەك ئىززەتلەيدىغان بولىۋالدى؛ پات – پات خەت بىلەن سوۋغا – سالام كىرگۈزۈپ تۇردى. شۈي ئانىمۇ ھەر قېتىم ئۆز قولى بىلەن جاۋاب يېزىپ تۇردى. چېڭ يۈي شۈي ئانىنىڭ خېتىنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆگىنىۋېلىپ،

www.uyghurkitap.com

يالغاندىن شۇي ئانىنىڭ نامىدا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئىشەنچلىك بىر كىشىدىن شۇي شۇغا ئەۋەتتى، بۇ ئادەم خەتنى ئېلىپ توپتوغرا شىنيې ناھىيىسىگە قاراپ ماڭدى ۋە ناھىيىگە كېلىپ سۈرۈشتۈرۈپ «شەن فۇ» نىڭ تۇرالغۇسىنى تاپتى. بىر چېرىك ئۇنى شۇي شۇنىڭ قېشىغا باشلاپ ماڭدى. شۇي شۇ ئانىسىدىن خەت كەپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇنى چاقىرتىپ كىرىپ سورىدى.

— پېقىر ئامبال يامۇلىنىڭ چېرىكى بولىمەن، ئانىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن بۇ خەتنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى كەلگۈچى.

شۇي شۇ لىپاپىنى ئېچىپ خەتنى كۆردى. خەتتە شۇنداق يېزىلغانىكى:

يېقىندا ئىنىڭىز شۇي كاڭ ئۆلۈپ كەتتى، ئەمدى ماڭا قارايدىغان ھېچكىم قالمىدى. مەن مۇشۇنداق قايغۇ- ئەلەم ئىچىدە قالغىنىمدا، ساۋ ساۋ ۋەزىر مېنى شۇيچاڭغا گوللاپ ئېلىپ كەلدى، بارسام سىزنى خاندانلىقتا ئاسىيلىق قىلدى دەپ، مېنى زىندانغا تاشلىماقچى بولدى، لېكىن چېڭ يۈي قاتارلىق كىشىلەر يالۋۇرۇپ ئاران قۇتۇلدۇرۇۋالدى. قاچانكى سىز ساۋ ساۋغا تىز پۈكسىڭىز ئاندىن مېنى ئۆلتۈرمىسگۈدەك. مۇشۇ خەت قولىڭىزغا تەگكەن كۈنى ياتقان بولسىڭىز تۇرۇپ، تۇرغان بولسىڭىز مېڭىپ، دەرھال مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ باللىق قەرزىڭىزنى ئادا قىلغايسىز؛ سىز كەلگەندىن كېيىن بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ماكانىمنى تېپىپ كۆڭۈلمنى ئالسامكەن دەپ بىستاقەت بولماقتىمەن. شۇ تاپتا مېنىڭ جېنىم قىل ئۇستىدە تۇرماقتا، سىزنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتمەكتىمەن! دېمەكچى بولغىنىم شۇ.

شۇي شۇ خەتنى كۆرۈپ بولۇپ، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ خەتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ لىۇ بېيغا:

— پېقىر ئەسلىدە يىگچۆەنلىك بولىمەن، ئېتىم شۇي شۇ، يەنە بىر ئىسمىم يۆەن جى ئىدى؛ جېنىمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلى ئېتىمنى يۆتكەپ شەن فۇ دەۋالغان. لىۇ بىياۋ ئۆزىگە تەرەپدار توپلاپ، ئاقىللار ۋە باتۇرلارنى ئۆز يېنىغا تارتقاندا، پېقىرمۇ كۆڭلۈم تارتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارغانىدىم؛ دادى ـ مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بولۇمسىز بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بىر پارچە خەتنى يېزىپ قويۇپ كېتىپ قالدىم. ئۇ يەردىن چىقىپ، يېرىم كېچە بىلەن مۇسەپپا ھەزرەت سىما خۇيىنىڭ يېزىسىغا بېرىپ بۇ ئەھۋالنى ھەزرەتكە ئېيتتىم. مۇسەپپا ھەزرەت مېنى پاسىبان تاللاشنى بىلمەيدىغان كىشى ئىكەنسىز دەپ قاتتىق سۆكۈپ: «يۈيجۇ ھاكىمى لىۇ بېي بېگىم بۇ يەردە تۇرسا، نېمىشقا بۇ زاتنى پاسىبان تۇتمايسىز؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پېقىر كوچىلاردا قوشاق قېتىپ، ئۆزۈمنى جانابلىرىغا بىلىندۇردۇم. بەختىمگە يارىشا جانابلىرى پېقىرنى پەس كۆرمەي، قانات ئاستىلىرىغا ئېلىپ بېشىمنى سىلىدىلا. بىراق، ساۋ ساۋ دېگەن نېمە ئانام بىچارىنى ئالداپ شۇيچاڭغا ئاپىرىپ نەزەربەند قىلىپ قويۇپتۇ، تېخى يەنە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق زىيانكەشلىك قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا ئانام بىچارە ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ مېنى كېلىڭ دەپتۇ، پېقىر بارماي تۇرالمايمەن. پېقىرنىڭ جانابلىرىغا خىزمەت كۆرسەتسەم دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى، بىراق مېھرىبان ئانامنى تۇتۇپ كەتكەنلىكتىن، بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولدى. بۈگۈن جانابلىرى بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم. خوش ئەمىسە، خۇدا نېسىپ قىلسا بىر كۈنى كۆرۈشەرمىز، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى تارىيسى

لىۋ بېي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېسەدەپ يىغلاپ:
— ئانا بىلەن بالىنىڭ مېھرى تۇغما بولىدۇ، سىز مېنى ئويلاپ ئاۋارە بولماڭ. قەدىردان ئانىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەلسىڭىز يەنە سىزنىڭ تەلىمىڭىزنى ئېلىشقا تەييارمەن، — دېدى كۆيۈنۈپ.
شۈي شۇ تەزىم - تەكرىم قىلىپ مېڭىشقا ئەپلەندى.
— بۈگۈن كېچە قونۇپ ئەتە ئوبدان مۇڭدىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇزىتىش مەرىكىسى بەرسەك قانداق؟ — دەپ ئۆتۈندى لىۋ بېي.
بۇ چاغدا سۈن چيەن لىۋ بېيغا شىۋىرلاپ شۇنداق دېدى:
— شۈي شۇ بولسا جاھاندا كەم تېپىلىدىغان دانالارنىڭ بىرى. ئۇ شىنيېدە ئۇزاق تۇردى، لەشكىرىمىزنىڭ ياخشى - يامان ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ساۋ ساۋنىڭ قولىغا كىرىپ كەتسە، ئۇنى چوقۇم ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ، ئۇ چاغدا بىزگە خەۋپ يېتىدۇ. ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ قالسىلا، ھەرگىز قولىدىن چىقىرىپ قويمىغايلا، تەقسىر. ئەگەر ئۇ بارمىسا، ساۋ ساۋ چوقۇم ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۈي شۇ ئانىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىسا، جەزمەن ئانىسى ئۈچۈن ئۆچ - ئىنتىقام ئالىدۇ، ساۋ ساۋ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدۇ.
— ياق، ئۇنداق قىلغىلى بولماس. ئانىسىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ بالىسىنى ئىشقا سالسام، بۇ ئادالەتلىك بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەۋەتمەي، بالا بىلەن ئانىسىنىڭ يولىنى كېسىۋېتىش، بۇ مەردانىلىق ئەمەس. مەن ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، ھەرگىز ئادالەتسىزلىك ۋە نامەردلىك قىلمايمەن، — دېدى لىۋ بېي.
ھەممە تەسىرلىنىپ ھەيران قالدى.

ليۇ بېي شۇي شۇنى مەي ـ شاراب بىلەن كۈتۈۋالدى. شۇي شۇ:

— ئەزىز ئانامنى ساۋ ساۋ تۇتۇپ كېتىپتۇ، شۇ تاپتا ناھايىتى ئېسىل مەي بولسىمۇ گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ، — دېدى.

— جانابىڭىزنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، خۇددى ئىككى قولۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇۋاتىمەن، شۇ تاپتا ئەجدىھانىڭ جىگىرى، سۇمۇرغىنىڭ ئىلىكى بولسىمۇ كىكىرتىكىمدىن ئۆتمەيدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

ئىككىيلەن ھال ـ مۇڭدىشىپ ۋە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇشتى. پالۋانلار شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئۇزىتىش چېيى راسلاپ كۈتۈپ تۇردى. ليۇ بېي بىلەن شۇي شۇ ئاتلىرىغا مىنىپ شەھەردىن چىقتى، چوڭ ۋىدالىشىش شىپاڭىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ خوشلاشتى.

— تەقدىر ـ قىسمەتتە شۇنداق يېزىلغان ئوخشايدۇ، — دېدى ليۇ بېي قولىغا جامنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئەمدى ئايرىلىپ كېتىدىغان بولدۇق. مەن جانابىڭىزنىڭ يېڭى پاسىبانىڭىزغا سادىق بولۇپ، ياخشى نام ـ ئاتاق قالدۇرۇشىڭىزنى تىلەيمەن.

— پېقىر ئەرزىمەس ناقابىل ئادەم بولساممۇ، جانابلىرى بەك ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى قىلىپ، مۇھىم ئىشلارغا قويدىلا. ئەپسۇسكى، ئانام بىچارىنىڭ تۈپەيلىدىن يېرىم يولدا ئايرىلىپ كېتىدىغان بولدۇق. ساۋ ساۋ ھەرقانچە قىستىسىمۇ، ھەرگىز ئۇنىڭغا پەنت ـ تەدبىر كۆرسەتمەيمەن، — دېدى كۆزىگە ياش ئېلىپ شۇي شۇ.

— سىز كەتسىڭىز مەنمۇ يىراق تاغ ـ ئورمانلارغا كېتىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى ليۇ بېي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كەمىنىلىرى جانابلىرىنىڭ سەلتەنىتىنى تىكلەشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەنىدىم؛ بىراق، ئەزىز ئانامنىڭ ئىشى بىلەن كۆڭلۈم پاراكەندىچىلىككە چۈشتى، بۇ ھالدا بۇ يەردە تۇرغىنىم بىلەنمۇ پايدام تەگمەيدۇ. جانابلىرى، باشقا ئاقىل - زاتلارنى چاقىرىپ، بۈيۈك ئىشلارنى شۇلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بىر سايان قىلسىلا، نېمانچىۋالا ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىلا؟ — دېدى شۈي شۇ.

— جاھاندىكى ئاقىللاردىن جانابىڭىزنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوقتۇ دەپ بىلىمەن، — دېدى ليۇ بېي.

— ياق، ياق، مەن ئەرزىمەسلا بىر ئادەم، ئۇنچىۋالا ماختاشقا لايىق ئەمەس، — دېدى شۈي شۇ.

خوشلىشىش ئالدىدا، ئۇ يەنە پالۋانلارغا قاراپ:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ مېنى دورىماسلىقىنى سورايمەن، مەن ئىشنى ئاياغلاشتۇرالمىدىم، ئەگەر ھەرقايسىلىرى نام - نىشانىمىز كىتاب - پىتابلارغا يېزىلىپ، مەڭگۈ يالداما بولۇپ قالسۇن دېيىشسىلە، ليۇ بېي بېگىمنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى خىزمەت قىلىشقايلا، — دېدى.

پالۋانلار ھەممىسى تەسىرلىنىپ غەملىكتە قالدى. ليۇ بېي ئايرىلغۇسى كەلمەي، ئۆزىنى - ئۆزىنى تالاي يەرگە كېتىپ قالدى.

— توختاپ قالسىلا، بېگىم، ئەمدى ئۆزۈم كېتىۋېرەي، — دېدى شۈي شۇ.

ليۇ بېي ئات ئۈستىدە شۈي شۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئەمدى ھەرقايسىمىز ئۆز يولىغا مېڭىۋاتىمىز، يەنە قاچان كۆرۈشەرمىز، — دېدى ۋە كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلاپ كەتتى.

شۈي شۇمۇ يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشتى. ليۇ بېي

ئورمانلىقنىڭ بويىدا تۇرۇپ، كېتىپ قالغان شۈي شۇنىڭ كەينىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى.

— شۈي شۇ كېتىپ قالدى! ئەمدى قانداق قىلارمەن! — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى يەنە ليۇ بېي ۋە كۆزىدىكى يېشى بىلەن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى، ئەمما، بىر توپ دەرەخ ئۇنىڭ ئالدىنى توسىۋالدى.

— مەن مۇشۇ ئەتراپتىكى تال - دەرەخنىڭ بىرىنى قويماي كېسىپ تاشلايمىكىن دەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ سەۋەب - ۋەجىنى سورىدى كۆپچىلىك.

— چۈنكى، — دەپ جاۋاب قىلدى ليۇ بېي، — بۇ دەرەخلەر ماڭا شۈي شۇنى كۆرسەتمەي، كۆز يولۇمنى توستى.

ليۇ بېي تازا قاراپ تۇرۇشىغا، شۈي شۇ بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ليۇ بېي: «شۈي شۇ بارماس بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتامدۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى - دە، خۇشاللىق بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە:

— نېمە مەقسەت بىلەن قايتىپ كەلدىڭىز — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

شۈي شۇ دەرھال ئېتىنى توختىتىپ مۇنداق دېدى:

— كۆڭۈل ئالۇدىچىلىكىدە بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن: بۇ ئارىدا شۇنداق بىر زات باركى، بۇ زات شياڭياڭ شەھىرىنىڭ 20 چاقىرىم نېرىسىغا جايلاشقان لۇڭجۇڭ دېگەن بىر يۇرتتا ئولتۇرىدۇ. جانابلىرى نېمىشقا شۇ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئۆز يانلىرىغا تارتمايدىلا؟

— ئۇنداق بولسا جانابىڭىزنى جوۋاتقۇدەكمەن، مالال كۆرمەي ئۆزىڭىز چاقىرىپ كېلىپ پېقىر بىلەن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈشتۈرسىڭىز قانداق؟ — دېدى ليۇ بېي.

— بۇ كىشى ئاسانلىقچە كەلمەيدۇ، — دېدى شۈي شۇ، — بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزلىرى بارماقلىرى كېرەك. ئەگەر بۇ زاتنى ئالىيغا ئۇلىشىۋالسىلا، خۇددى جۇۋېنۋاڭ ھەزرەتلىرى لۇي ۋاڭ* غا ئۇلاشقاندەك، خەن خاندانلىقى جاڭ لياڭ** غا ئۇلاشقاندەك بولىدۇ.

— بۇ كىشىنىڭ جانابىڭىزدىن قانچىلىك ئارتۇقچىلىقى باردۇ؟

— پېقىر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ كىشى تۇلپار بولسا، مەن بىر قوتۇر ئاتقا ئوخشايمەن، ئۇ كىشى سۇمۇرغ بولسا، مەن بىر تۇلۇك قاغىغا ئوخشايمەن. بۇ زات ھەمىشە ئۆزىنى گۇەن جۇڭ ***لې يىلارغا تەڭلەشتۈرىدۇ؛ مېنىڭچە، گۇەن جۇڭ، لې يى**** لارمۇ بۇ كىشىگە يېتەلمىسە كېرەك. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن كىشى، ئالەمدە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەس! — دېدى شۈي شۇ.

— بۇ كىشىنىڭ ئات ـ شېرىپى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى خۇشاللىقىدا ليۇ بېي.

— بۇ كىشى، — دېدى شۈي شۇ، — لاڭيا ئايمىقىنىڭ ياڭدۇ ناھىيىسىدىن بولىدۇ، ئىسىم ـ زاتى لياڭ، يەنە بىر ئىسمى كۇڭ مىڭ، خەن خاندانلىقىنىڭ مۇپەتتىش بېگى بولغان جۇگې فېڭ دېگەن كىشىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن. ئاتىسىنىڭ ئىسمى

---

* لۇي ۋاڭ — جۇ خاندانلىقىنىڭ تىكلىنىشىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەرباب. ئەسلى ئۇرۇقى جياڭ ئىدى، يەنە بىر ئىسمى زىيا.

** جاڭ لياڭ — خەن خاندانلىقىنىڭ تىكلىنىشىدە ئەقىل كۆرسەتكەن پاراسەتلىك فلاۋۇز، يەنە بىر ئىسمى زى فاڭ.

*** گۇەن جۇڭ — چۇنچيۇ دەۋرىدە چى بەگلىكىنىڭ سىياسەتچىسى بولغان. چى خۇەنگۇڭ ھەزرەتكە ھەمدەملىشىپ، توققۇز تارخانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ جاھاننى سورىغان.

**** لې يى — جەنگو دەۋرىدە يەن بەگلىكىنىڭ ئالىي سەركەردىسى بولغان. جاۋ، چۇ، خەن، ۋېي، يەن بەگلىكلىرىنىڭ لەشكەرلىرىنى تارتىپ بېرىپ چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، چى بەگلىكىنىڭ لەشكىرىنى تىرىپىرەن قىلغان.

جۇگې گۇي، يەنە بىر ئىسمى زى گۇڭ، تەيشەن دىيارىنىڭ يارdەمچى هاكىمى بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزاق زامانلار بولغان؛ جۇگې لياڭ تاغىسى جۇگې شۈەنىنىڭ قولىغا قالغان. جۇگې شۈەن جىڭجۇ ئايمىقىنىڭ هاكىمى لىيۇ بياۋ بىلەن كونا تونۇش بولغانلىقتىن، شۇ كىشىگە سۆيۈنۈپ، شاڭياڭ دېگەن يەردە ئولتۇراقلىق بولۇپ قالغان. جۇگې شۈەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، جۇگې لياڭ ئىنىسى جۇگې جۈن بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ نەنياڭدا تۇرۇپ قالغان. «لياڭفۇ ناخشىسى» دېگەن قوشاقنى ئېيتىپ يۇرۇش ئۇنىڭغا بىر ئادەت بولۇپ قالغان. بۇ يەردە ۋولۇڭگاڭ دېگەن بىر داۋان بار بولغانلىقتىن، ئۆزىنى ياتقان ئەجدىھا دەپ ئاتىۋالغان. بۇ كىشىنىڭ ئۆزى يېتىلگەن بىر زات، شۇنىڭ ئۇچۇن جانابلىرى تېز ئالدىغا بارغانلىرى تۇزۇك. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزلىرىگە ھەمدەملىشىدىغانلىقىنى بىلدۇرسە، ئۇ چاغدا جاھاننى ئوڭشاشتىن نېمە غەم!

— ھە راست، مۇسەپپا ھەزرەت: «ياتقان ئەجدىھا بىلەن چۈجە سۇمۇرغدىن بىرىگە ئىگە بولساڭ جاھان ئوڭشىلىدۇ» دېگەنىدى. ھازىر دەۋاتقانلىرىڭىز ئەنە شۇ ياتقان ئەجدىھا، چۈجە سۇمۇرغ بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى لىيۇ بېي.

— چۈجە سۇمۇرغ دېگەن شاڭياڭلىق پاڭ تۇڭ دېگەن كىشى بولىدۇ. ياتقان ئەجدىھا دېگەن دەل جۇگې لياڭنىڭ ئۆزى شۇ، — دېدى شۈي شۇ.

— بەللى، ياتقان ئەجدىھا ئۇنداق كىشى، چۈجە سۇمۇرغ مۇنداق كىشى، دېگەن گەپلەرنىڭ مەنىسىگە ئەمدى چۈشەندىم. مەن ئىزدىگەن دانالار كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ! جانابىڭىز ئېيتمىسىڭىز كۆزى ئوچۇق قارىغۇلاردەك يۈرۈۋېرىدىكەنمەن! — دېدى لىيۇ بېي دىدىللىك بىلەن.

شۈي شۇ ئاتىنا كېتىۋېتىپ جۇگې لياڭنى تونۇشتۇرغانلىقى توغرىسىدا كىشىلەر مۇنداق بىر نەزمە پۈتۈگەن:

*دانىشمەندىن ئايرىلدى چىكىپ پىغانۇ ھەسرەت،*
*ئايرىلغۇسى يوق ئىدى بولغاچقا چىڭ مۇھەببەت.*
*سالدى ئىشقا نەنياڭدا ئەجدىھانى بىر ئىبغىز —*
*سۆزى چىقتى چاقماقتەك گۆلدۈر ئېتىپ بە ھەيۋەت.*

شۈي شۇ جۇگې لياڭنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ليۇ بېي بىلەن يەنە خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. ليۇ بېي شۈي شۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى مەستلىكتىن ئەمدىلا يېشىلگەن، ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان ئادەمدەك، سىماخۇينىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەمراھلىرىنى ئېلىپ شىنيې ناھىيىسىگە قايتىپ بېرىپ، نۇرغۇن پۇل - پۇچەك راسلىدى ۋە جۇگې لياڭنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىش ئۈچۈن، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن بىللە نەنياڭغا قاراپ ماڭدى.

ئەمدى گەپنى شۈي شۇدىن ئاڭلاڭ. ليۇ بېي بىلەن ئايرىلىش ئالدىدا، ئۇنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەي بەك تارتىشىپ كەتكەنلىكىدىن تەسىرلەنگەن شۈي شۇ جۇگې لياڭنى كەلگىلى ئۇنىماي قالمىسۇن دەپ، ئۇدۇل ۋولۇڭگاڭ داۋىنىغا ئات چاپتۇرۇپ باردى ۋە جۇگې لياڭنىڭ كەپىسىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشتى. جۇگې لياڭ ئۇنىڭ نىمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— پېقىر ئەسلىدە ليۇ بېي بېگىمنى پاسىبان تىكلەپ، شۇ كىشىنىڭ خىزمەت - مۇلازىمىتىدە بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئادەم ئىدىم، بىراق مېنىڭ بۇ ئىستىكىمنىڭ تەتۈرسىچە، ئانام بىچارىنى ساۋ ساۋ تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئانام مېنى چاقىرىپ خەت يازغانلىقتىن، ليۇ بېي بېگىمنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. ماڭار ۋاقتىمدا، جانابلىرىنى ليۇ بېي بېگىمگە تونۇشتۇردۇم. ليۇ بېي بېگىم ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلىپ بۈگۈن -



www.uyghurkitap.com

ئەتىلا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، رەت قىلماسلىقلىرىنى تۆۋەنچىلىك ئىلە سورايمەن، ئۇلۇغ پاراسەتلىرىنى جارى قىلىپ يار - مەدەتكار بولۇشلىرىنى سورايمەن! — دېدى شۇي شۇ.

— پېقىرنى قۇربان قىلىپ بەرمەكچىمۇسىز، — دېدى جۇگې لياڭ چىرايىنى تۇرۇپ ۋە يېڭىنى بىر قېقىۋېتىپ ئىچكىرىكى بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى.

شۇي شۇ ئۇيالغاندەك بولۇپ كەينىگە ياندى - دە، ئانىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېتىغا مىنىپ، شۇيچاڭغا قاراپ ماڭدى. بۇ دەرھەقىقەت:

*قەدىردان دوست پاسىبانچۇن قىلدى بىر سۆز ئارمىغان*[*]*،*
*سادىق ئوغلان قايتتى يۇرتقا ئاناسىن دەپ شۇل زامان.*

دېگەندەك بولدى. سوڭرە قانداق ئىشلار بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

---

ئارمىغان — تەقدىم، ھەدىيە، تۆھپە.

www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

## سىما خۇينىڭ دانىشمەننى يەنە تونۇشتۇرغانلىقى ليۇ بېيىنىڭ كەپىگە ئۈچ قېتىم ئىزدەپ بارغانلىقى

ئەلقىسسە، شۈي شۇ ئۈدۈل شۈيچاڭغا قاراپ ماڭدى. ساۋ ساۋ شۈي شۇنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال شۈي يۈي، چېڭ يۈي دېگەن مەسلىھەتچىلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇدى. شۈي شۇ كېلىپ، ئالدى بىلەن ۋەزىر خانىدانىدا ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى ساۋ ساۋ، — سىز دانىشمەنلەردىن ئىكەنسىز، قانداق بولۇپ ليۇ بېيىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ قالدىڭىز؟

— پېقىر، — دېدى جاۋابەن شۈي شۇ، — جان قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۇرتۇمدىن كىچىك ئايرىلىپ كېتىپ، چەت يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنىدىم. كۈنلەردە بىر كۈن شىنيې ناھىيىسىگە بېرىپ قېلىپ شۇ يەردە ليۇ بېي بېگىم بىلەن تونۇشۇپ دوست بولدۇق. جانابلىرى ئانام بىچارىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەپتۇلا، مېنى بەك سېغىنغانلىقىنى بىلىپ، شۇ يەردە خاتىرجەم بولالماي كەتتىم.

— تەقسىر، بۈگۈن بۇ يەرگە ئوبدان كەپسىز، — دېدى ساۋ ساۋ، — ئەمدى ئانىڭىزنىڭ ھالىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك خەۋەر ئېلىپ تۇرالايدىغان بولدىڭىز، مەنمۇ سىزنىڭ قۇتلۇق

تەلىملىرىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان بولدۇم.

شۇي شۇ رەھمەت ئېيتىپ، سالام - تەزىم بىلەن چىقىپ كەتتى.

ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرىغان شۇي شۇ ئىتتىك كىرىپ، ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ كەتتى.

— سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى چۆچۈپ كەتكەن ئانا.

— مەن لىۋ بېي بېگىمنى پاناھ تارتىپ شىنيېدە تۇرۇپ قالغانىدىم؛ سىزنىڭ خېتىڭىزنى كۆرۈپ، كېچىچە ماڭغان پېتى بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم، — دېدى شۇي شۇ.

— ھەي ئەخمەق! سەن چەت يۇرتلاردا يۈرگىلى كۆپ يىللار بولدى، مەن سېنى يۇرت كۆرۈپ خېلى كۆزى ئېچىلىپ قالغاندۇ دەپ ئويلاپتىمەن، مانا ئەمدى بالىلىق چېغىڭدىكىدىنمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىپسەن! سەن مەكتەپ يۈزى كۆرگەنىدىڭ، ساداقەتلىك بىلەن ۋاپادارلىقنى تەڭ ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدى. ساۋ ساۋنىڭ خان ئالىيلىرىنى ئالدىغان مۇناپىق ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟ لىۋ بېي بېگىم ئادىللىقتا جاھانغا تونۇلغان بىر كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەزرىتى خەن گاۋزۇنىڭ ئەۋلادى، سەن ئەلۋەتتە شۇ زاتنى ئىگە تۇتۇپ، ياخشى خىزمەت كۆرسەتسەڭ بولاتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە يالغاندىن يېزىلغان بىر پارچە خەتكە ئىشىنىپ، بۇ خەتنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ باقماي، يورۇقلۇقنى تاشلاپ قاراڭغۇلۇققا كەپسەن. ئەمدى ئۆز نامىڭنى ئۆزۈڭ بۇلغايدىغان بولدۇڭ، تازا ئەخمەق ئىكەنسەن! مەن سېنىڭ قايسى يۈزۈڭگە قارايمەن! سەن ئاتا - بوۋىلىرىڭنىڭ شەنىگە چىشتىڭ. ئىست، سېنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىڭنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقكەن! — دەپ لەنەت ئوقۇدى شۇي ئانا ئاچچىقى بىلەن قولىنى شىرەگە ئۇرۇپ.

شۇي شۇ ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى. شۇ ئارىدا ئانىسى غىپ قىلىپ دەرپەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن خىزمەتچىلەردىن بىرى چىقىپ:

— ھەي! ئاغىچا خېنىم تۇۋرۇككە ئېسىلىۋاپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

شۇي شۇ ئانىسىنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولۇپ ئىتتىك كىردى، كىرىپ قارىسا، ئانىسى ئاللىقاچان جان ئۈزۈپ، تىنىقتىن قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى كىشىلەر «شۇي ئانىغا مەرسىيە» نى پۈتكەن:

*دانىشمەن شۇي ئانا دەپ نامىڭ قالدى،*
*مەڭگۈ ياشار — ئۆچمەيدىغان شانىڭ قالدى.*
*بۇزمىدىڭ پاكلىقىڭنى — چىڭ ساقلىدىڭ،*
*جەمەتىڭگە نەپ يەتكۈزۈپ ئار ئاقلىدىڭ.*
*ئۆستۈردۈڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيەتتە،*
*ئۆتتۈڭ ئۆزۈڭ ئوقۇبەتتە — ئاھ، ھەسرەتتە.*
*جاسارىتىڭ گوياكى بىر بۈيۈك تاغدەك،*
*مەردانىسەن بەئەينىكى يانار ئوتتەك.*
*ماختاپ ھامان تەرىپلىدىڭ لىيۇ بىي بەگنى،*
*سۆكۈپ يامان چۆكۈردۈڭ سەن ساۋ ساۋدەكنى.*
*قازانلارغا تاشلىنىشتىن قورقمىدىڭ ھېچ،*
*بىر قورقمىدىڭ چۇشسە باشقا پالتا ـ قىلىچ.*
*بولغانمىسۇن دىيدىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلاد نامىن،*
*يەرگە ئۇرماي دىيدىڭ ئەجدادلىرىم شانىن.*
*قەتلە قىلدىڭ ئۆز ـ ئۆزۈڭنى غەزەپ بىلەن،*
*قالدى مېڭزى، ۋاڭ لىڭ ھەيرەت ـ ئەجەب بىلەن.*
*تۇغۇلغاندا بىر نام ئېلىپ تۇغۇلۇپسەن،*
*بۇ دۇنيادىن شەنىڭ بىلەن خوشلىشىپسەن.*
*دانىشمەن شۇي ئانا دەپ نامىڭ قالدى،*

*مەڭگۈ ياشار — ئۆچمەيدىغان شانلىق قالدى.*

ئانىسىنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرگەن شۈي شۇ ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ زار - زار يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى، بىر ھازادىن كېيىن ئاندىن ھوشىغا كەلدى.

ساۋ ساۋ كىشى چىقىرىپ سوۋغات بىلەن ھال - ئەھۋال سورىدى، تەزىيە مۇراسىمىغا ئۆزى قاتناشتى. شۈي شۇ ئانىسىنى شۈيچاڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تۇزلەڭلىككە دەپنە قىلىپ، يەرلىك بېشىدا ئۆزى ياتتى. ساۋ ساۋ ھال سوراپ ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى قىلچە قوبۇل قىلمىدى.

شۇ چاغدا ساۋ ساۋ تۆۋەن تەرەپكە يۇرۇش قىلماقچى بولۇپ، ئۆز يېقىنلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىردى. مەسلىھەت ئەھلىدىن شۈن يۈي نەسىھەتكە تىلىنى ئېچىپ:

— ھازىر كۈن سوغۇق، ئۇرۇش قىلغىلى بولمايدۇ؛ كۈن ئىللىپ، ئەتىياز بولغاندا ئاندىن يۇرۇش قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتكە كىردى ۋە جاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئاچتۇرۇپ بىر كۆل ياساتتى، بۇ كۆلگە شۈەنۋۇ كۆلى دەپ ئات قويدى، كۆلدە سۇ لەشكەرلىرى مەشىق قىلىپ، تۆۋەنگە قىلىنىدىغان يۇرۇشكە تەييارلىق كۆردى.

ئەمدى گەپنى ليۇ بېيدىن ئاڭلاڭ. ليۇ بېي سوۋغا - سالام راسلاپ، جۇڭې لياڭنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن لۇڭجۇڭغا بارماقچى بولۇپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىرى كىرىپ:

— ئەي بېگىم، ئىشىك تۈۋىدە بېشىغا ئۆرە بۆك كىيگەن، بېلىگە كەڭ كەمەر باغلىغان، سالاپەتلىك بىر كىشى جانابلىرى بىلەن كۆرۈشەتتىم دەپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— جۇگې لياڭ جانابلىرى بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى ليۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بېي ۋە ئۇستىۋېشىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىتتىك ئالدىغا چىقتى. چىقىپ قارىسا، ئۇ سىما خۇي ئىكەن. لىۋ بېي خۇشال بولۇپ، مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلىپ تۆردىن ئورۇن كۆرسەتتى ۋە سالام - سەھەت قىلىپ تىنچلىق سوراشتى.

— پېقىر، — دېدى لىۋ بېي، — جانابلىرىنىڭ مۇبارەك جامالىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان، لەشكىرىي ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، تەقسىرنى يوقلاپ تۇرالمىدىم. خۇدا نېسىپ قىلىپ مانا بۇ يەردە خويمۇ ئوبدان كۆرۈشۈپ قالدۇق.

— شۇي شۇنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر كۆرۈشۈۋالاي دەپ كەلگەنىدىم، — دېدى سىما خۇي.

— ئۇ كىشىنىڭ، — دېدى لىۋ بېي، — ئانىسىنى ساۋ ساۋ تۇتۇپ كەتكەنىكەن، ئانىسى دەرھال كېلىڭ دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ، شۇ ۋەجىدىن شۇيچاڭغا كېتىپ قالدى.

— ھەتتەڭگەي، ساۋ ساۋ ھىيلىسىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ - دە! پېقىر شۇي ئانىنى بەك دانىشمەن ئايال دەپ ئاڭلىغانىدىم، ساۋ ساۋ ئۇنى تۇتۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، شۇي ئانا ھەرگىز ئوغلىنى چاقىرىپ خەت يازمايتتى بۇ خەت چوقۇم يالغان خەت. شۇي شۇ بارمىغان بولسا ئانىسى ساق قالغان بولاتتى؛ ئەمدى كېتىپتۇ، ئانىسى چوقۇم ساق قالمايدۇ! — دېدى سىما خۇي.

لىۋ بېي چۆچۈپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— شۇي ئانا بەك مەردانە ئايال، جەزمەن ئوغلىنىڭ يۈزىگە قاراشقا ۋىجدانى كۆتۈرمەيدۇ، — دېدى سىما خۇي.

— شۇي شۇ ماڭار ۋاقتىدا، نەنياڭدا جۇگې لياڭ دېگەن بىر كىشى بار دەپ تونۇشتۇرغانىدى، بۇ زادى قانداق كىشى؟ — دەپ سورىدى لىۋ بېي.

— شۇي شۇ ئۆز يولىغا كېتىۋەرمەي، جۇگې لياڭنى نېمە ئاۋارە قىلىپ يۈرىدىكىن؟ — دېدى سىما خۇي كۈلۈپ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، تەقسىر؟ — دېدى لىۋ بېي

سونۇرقاپ.

— جۇگې لياڭ، — دېدى سىما خۇي، — بولىڭدىكى سۇي جۇپىڭ، يىڭچۇەندىكى شى گۇاڭيۇەن، رۇنەندىكى مىڭ گۇڭۋېي ھەم بۇ شۇي شۇ بىلەن بەك يېقىن، بۇلار بىر - بىرىدىن ئىچ گېپىنى يوشۇرمايدىغان يېقىن دوستلار. بۇ تۆت كىشى مەخسۇس ئىشلارغىلا كامىل، جۇگې لياڭ خەلپىتىم بولسا ھەممە ئىشقا كامىل ئادەم. ئۇ كىشى ھەمىشە ئىككى قولىنى تىزىغا ئالماپ ئولتۇرۇپ، بۇ تۆتىسىگە: «سىزلەر مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇسىڭىزلار، ھەر بىرىڭىزلار بىرەر يۇرت - ئايماقنىڭ كەتخۇداسى ياكى ئايماقدارى بولۇپ يۇرت سورايسىزلەر» دەيتتىكەنمىش. ئۇلار جۇگې لياڭنىڭ نېمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى سورىسا، جۇگې لياڭ كۈلۈپ قويۇپلا ھېچ نەرسە دېمەيدىكەن. ئۇ كىشى دائىم ئۆزىنى گۇەن جۇڭ، لې يىلارغا تەڭ قىلارمىش. دەرۋەقە، ئۇ كىشىدە بار پاراسەت ھېچكىمدە يوق.

— نېمىشقا يىڭچۇەندىن دانىشمەن كۆپ چىقىدىغاندۇ؟ — دېدى ليۇ بېي.

— بۇرۇنىسىدا، — دەپ سۆز باشلىدى سىما خۇي، — ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سىرىنى بىلىدىغان يىن كۇي دېگەن بىر كىشى: «يىڭچۇەننىڭ ئاسمىنىدا يۇلتۇز قېلىن، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ زېمىنىدىمۇ دانىشمەن كۆپ» دەيتتىكەن.

— ئىشتىنىشىمچە، — دېدى يېنىدا تۇرغان گۇەن يۇي گەپ قىستۇرۇپ، — گۇەن جۇڭ، لې يىلار چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرلىرىدىكى جاھانغا تونۇلغان مەشھۇر ئەربابلار ئىمىش؛ جۇگې لياڭ ئەگەر ئۆزىنى شۇ كىشىلەرگە تەڭ قىلغان بولسا، بۇ بەك ئېشىپ كېتىپتۇ!

— مېنىڭچە، — دېدى كۈلۈپ سىما خۇي، — ئۇ بۇ ئىككى ئەربابقا تەڭ كېلىدۇ. ھەتتا مېنىڭ ئۇنى يەنە باشقا ئىككى

كىشىگە تەڭلەشتۈرگۈم بار.
— قايسى ئىككى كىشىگە؟ — دەپ سورىدى گۈەن يۈي.
— 800 يىل دەۋران سۈرگەن جۇ خاندانلىقىنىڭ باتۇرى جياڭ زىيا بىلەن 400 يىل سەلتەنەت سۈرگەن خەن خاندانلىقىنىڭ باتۇرى جاڭ لياڭغا تەڭلەشتۈرگۈم بار، — دېدى سىماخۇي.
ھەممە ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدى. سىما خۇي ماڭماقچى بولۇپ خوشلاشتى، ليۇ بېي ئۇنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كۆككە قاراپ:
— ھەسسەنە! ياتقان ئەجدىھا* ئۆز ئىگىسىنى تاپقانۇ، ۋاقىت - قارايى توغرا كەلمەپتۇ، — دېدى - دە، ئۇدۇل يولىغا كېتىپ قالدى. ليۇ بېي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:
— راستتىن ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يېتىشكەن كىشى ئىكەن! — دېدى ھەيران قېلىپ.
ئەتىسى ليۇ بېي گۈەن يۈي، جاڭ فېي ھەم باشقا مۇلازىملىرىنى ئېلىپ لۇڭجۇڭغا كەلدى. يىراقتىن تاغ باغرىدىكى ئېتىزلىقلاردا ناخشا ئېيتىپ ئىشلەۋاتقان كىشىلەر كۆرۈندى. قوشاق:

*گويا قاسقاندۇر ئاسمان،*
*مىسلى گىلەم يەر - جاھان.*
*بىرى تاپسا شەرەپ - شان،*
*بىرى چېكىدۇ پىغان.*
*ئۇرەنلەسە ئۆزىچە—*
*ھېلىقى شەرەپ تاپقان.*
*پالاقلايدۇ ھەرياندا،*
*پىغان چەككىنى ھامان.*

---

* ياتقان ئەجدىھا دېگەن سۆز جۇگې لياڭنى كۆرسىتىدۇ.

*ئەنياڭدا بار بىر زاھىت،*
*تۇرماي ئۆيقۇدا ياتقان.*

ليۇ بېي ناخشىنى ئاڭلاپ ئېتىنى توختاتتى ـ دە، بىر ئېكىنچىدىن سورىدى:

— بۇ ناخشىنى كىم قاتقان؟

— ئەجدىھا خەلپىتىم قاتقان.

— ئەجدىھا خەلپىتىم نەدە ئولتۇرىدۇ؟

— مۇشۇ تاغنىڭ تۆۋىنىدە بىر ئېگىز داۋان بار، بۇ داۋاننى ئەجدىھا داۋان دەيمىز. تۆپىلىكنىڭ ئالدىدا ئورمان بار، ئورماننىڭ ئىچىدە بىر كەپە بار، مانا شۇ كەپە جۇگې لياڭ خەلپىتىمنىڭ ئۆيى بولىدۇ.

ليۇ بېي رەھمەت ئېيتىپ، يولىغا راۋان بولدى. بىرنەچچە چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا، يىراقتىن ھېلىقى ئېيتقان ئەجدىھا داۋان كۆرۈندى. بۇ داۋان راستتىنلا ناھايىتى كېلىشكەن بىر داۋان ئىدى. كېيىنكىلەر بۇ داۋاننى تەرىپلەپ مۇنداق بىر نەزمە قاتقان:

*كۈنپېتىش 20 يول نېرىدا شاڭياڭ شەھىرىدىن،*
*بىر داۋان بار سۇ ئۆتۈپ تۇرار ئۇنىڭ ئېتەكىدىن.*
*ئەگرى ـ بۈگرى بۇ داۋان تارتقان پەلەككە قەددىيىما،*
*ئۆتىدۇ ھالقىپ سۇيى شىلدىرلىشىپ تاشلار ئارا.*
*بۇ ئېرۇر گوياكى تاشنى چىرمىغان ئەجدىھا ماكان،*
*ياكى بىر ئورمانغا قونغان تۇرقى بىر سۇمۇرغسىمان.*
*ئىشىكى قىيا ئېچىلغان كەپە ئۆينىڭ ئىچىدە،*
*ياتىدۇ تۇرماي تۆشەكتىن بىر ئۇلۇغ زات ئۆيقۇدا.*
*كۆك قومۇش گوياكى دەرپەردە بولۇپ ئەتراپىغا،*
*رەڭمۇرەڭ تاغ گۈللىرى خۇش ھىد چاچار ھەر ياقىغا.*
*قىرلىنىپ تۆشەك بېشىدا دەستە ـ دەستە توم كىتاب،*
*موللا ـ ئۆلىمالار ئۇزۇلمەي كېلىدۇ بى، بىھېساب،*

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

*كەلسە مايمۇنلار ئىشىككە مېۋە سوۋغا قىلغىلى،*
*تۈرنىلار ساقلاپ ئىشىك تىڭشايدۇ تۈن دەستۈرىنى،*
*بىر ئېيسىل غىجەك سىلىنغان كەشتە ـ كىمخاب خالتىغا،*
*بىر پولات شەمشەر ئېسىلغان كەپە ئۆيىنىڭ تامىغا.*
*خەلپىتىم شۇ ئۆيدە يالغۇز سۈرىدۇ پەيز ئولتۇرۇپ،*
*گاھىدا ئىش قىلىدۇ ئۇ ئېتىز ـ ئېرىققا يۈرۈپ.*
*ئويغىتىپ ئاتسا باھارنىڭ چاقمىغى ۋال ـ ۋۇل قىلىپ،*
*نەرە تارتىپ قىلغۇسى ئالەمنى تىنچ يۇرسەت تېپىپ.*

ليۇ بېي ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئېتىدىن چۈشتى ۋە بېرىپ ئىشىكنى قاقتى. ئىشىكتىن بىر بالا چىقتى. ليۇ بېي:

— پېقىر خەن خاندانلىقىنىڭ سول قول سەركەۋادىسى، يىچىڭ بېگى، يۈيجۇ ئايمىقىنىڭ پاسىبانى، خان ئالىيلىرىنىڭ تاغىسى ليۇ بېي دېگەن كىشى بولىمەن، خەلپىتىمنى يوقلاپ كەلدىم، — دېدى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

— مەن مۇنچىۋالا ئاتنى ئېسىمدە تۇتالمايمەن، — دېدى خىزمەتكار بالا.

— ئۇنداق بولسا، ليۇ بېي دېگەن كىشى يوقلاپ كەپتۇ دەپ قويسىڭىزلا بولىدۇ.

— خەلپىتىم بۈگۈن ئەتىگەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن.

— نەگە كەتكەن؟

— نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، بارار يېرىنى كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

— قاچان قايتىپ كېلەر؟

— قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بەلكىم تۆت ـ بەش كۈندە ياكى ئون نەچچە كۈندە قايتىپ كېلەر.

ليۇ بېينىڭ تازا ئىچى پۇشتى.

— بۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشكىلى بولمىغۇدەك، ئەمدى قايتىپ

كېتىلى، — دېدى جاڭ فېي.
— سەل تۇرۇپ باقايلى، — دېدى ليۇ بېي.
— هازىرچە قايتىپ كېتىپ، كېيىنچىرەك باشقا بىر كىمنى ئەۋەتىپ كۆرەيلى، — دېدى گۇەن يۈي.
ليۇ بېي ماقۇل كېلىپ، بالىغا:
— خەلپىتىم قايتىپ كەلسە، ليۇ بېي دېگەن كىشى يوقلاپ كەپتىكەن دەپ قويۇڭ، — دەپ تاپىلاپ قويدى.
ليۇ بېي ئېتىغا مىنىپ يولىغا راۋان بولدى. بىرنەچچە چاقىرىم يەرگە بارغاندىن كېيىن ئېتىنى توختىتىپ، لۇڭجۇڭنىڭ مەنزىرىسىگە نەزەر سالدى: بۇ يەر ھەقىقەتەن تاغلىرى ئېگىز بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كېلىشكەن؛ سۇلىرى چوڭقۇر بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى سۈزۈك؛ يەرلىرى كەڭرى بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تۈز؛ ئورمانلىرى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى باراقسان؛ مايمۇنلار بىلەن تۇرنىلار ئىناق ئوينىشىپ يۈرىدىغان، قارىغايلار بىلەن بامبۇكلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئۆسكەن بىر جاي ئىدى، ليۇ بېي بۇ چىرايلىق مەنزىرىگە قاراپ - قاراپ تويمىدى. شۇ ئارىدا تاغ بويلىغان بىر چىغىر يولدىن بېشىغا دەرۋىشلەر بۆكىنى چىگىكەن، ئۇچىسىغا قارا چاپچا كىيگەن، قەددى - قامەتلىك بىر كىشى ئوتتۇن يۆدەپ چىقىپ كەلدى. «ۋاللاھۇ ئەلەم، مۇشۇ كىشى ئەجدىھا خەلپىتىم بولۇپ قالمىغىيدى!» دەپ ئويلىدى ليۇ بېي ۋە ئېتتىن ئاتتىن چۈشۈپ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى.
— ئۆزلىرى ئەجدىھا خەلپىتىم بولامدىلاكىن؟ — دەپ سورىدى يەنە ليۇ بېي.
— جانابلىرى كىم بولىدىلا؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.
— ليۇ بېي دېگەن كىشى بولىمەن.
— پېقىر ئەجدىھا خەلپىتىم ئەمەس، ئەمما شۇ كىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دوستى بولىمەن: ئۆزۈم بولىغدىن، ئېتىم سۈي جۈپىلىڭ بولىدۇ.

— مۇبارەك نامىلىرىنى كۆپ ئىشىتكەن، بۈگۈن بۇ يەردە ئەجەبمۇ ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق. مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ بولىيورۇقلىرىنى ئاڭلىسام دەيمەن، — دەپ ئۆتۈندى لىيۇ بېي.

ئىككىيلەن دەرەخلىك ئىچىدىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە يۈزتۇرانە ئولتۇرۇشتى. گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ئىككى ياندا تىك تۇردى.

— جانابلىرىنىڭ خەلىپىتىم بىلەن كۆرۈشىدىغان نىمە ئىشى بار ئىدىكىن؟ — دېدى سۈي جۈپىڭ.

— شۇ كۈنلەردە جاهان تازا مالىمان بولۇپ كەتتى، ھەممە يەر داۋالغۇشقا باشلىدى، خەلپىتىمدىن ئەل - جاھاننى تىنچلاندۇرۇشنىڭ تەدبىرىنى سورىماقچىمەن، — دېدى لىيۇ بېي.

— جانابلىرىنىڭ مالىمانلىقنى تىنچلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىرى ئادالەتنى كۆزدە تۇتقانلىق بولسىمۇ، لېكىن قەدىمدىن بۇيان بۇ جاھان گايىدا بۇزۇلۇپ، گايىدا تۈزۈلۈپ، مۇشۇنداق داۋالغۇپ كەلگەن. خەن گاۋزۇ ھەزرەت يىلاننى ئۆلتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، يول - يوسۇندىن چىققان چىڭ پادىشاھلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، جاھان بۇزۇلۇشتىن تۈزۈلۈشكە كىرگەنىدى؛ خەن ئەيدى، خەن پىڭۋاڭلارنىڭ زامانىسىغىچە بۇ جاھان 200 يىل ناھايىتى تىنچ ئۆتكەن، ۋاڭ ماڭ دېگەن بىرنەرسە چىقىپ ھوقۇقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، جاھان يەنە تۈزۈلۈشتىن بۇزۇلۇشقا كىرگەن؛ گۇاڭ ۋۇ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە جاھان يەنە تىنچلىنىپ، دۆلەت ئەركانى قايتىدىن ئىزىغا چۈشۈپ، بۇزۇلۇشتىن يەنە تۈزۈلۈشكە كىرگەن؛ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھازىرغىچە 200 يىل ئۆتۈپ، ئەل ناھايىتى ئۇزاققىچە تىنچ ياشاپ كەلگەن؛ شۇ سەۋەبتىن يەنە ئۇرۇش - جېدەل قوزغىلىپ، ھەممە يەر داۋالغۇشقا باشلىدى؛ شۇڭا بۇ تۈزۈلۈشتىن بۇزۇلۇشقا ئۆتكەن دەۋر، بۇ ھالەتنى

ئوڭشاش مۇمكىن ئەمەس. سەركەردە جانابلىرىنىڭ خەلپىتىمدىن جاھاننى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى سورىماقچى بولغانلىرى قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك بولۇپ قالارمىكىن، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ئۆزلىرى «تەقدىر ئىلاھىغا بويسۇنغان ئامانلىق تاپۇر، تەقدىر ئىلاھىغا قارشى ئىش قىلغان جاپا چېكۇر»، «مۇقەررەرلىككە پۇتۇلگەننى ئۆز ئىرادىسى بىلەن چىقىرىۋەتكىلى بولماس، تەقدىر ـ قىسمەتتە پۇتۇلگەننى ئادەم كۈچى بىلەن ئېلىۋەتكىلى بولماس» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىلە، تەقسىر؟ — دېدى سۇي جۇپىڭ كۈلۈپ.

— خەلپىتىمنىڭ ئېيتقانلىرى ھەق راست. ئەمما، پېقىر خان ئالىيلىرىنىڭ ئەۋلادى، ئەلۋەتتە خەن خاندانلىقىنى يۆلىشىم كېرەك، مۇقەررەرلىك بىلەن تەقدىر ـ قىسمەتتە پۇتۇلگەننى كۈتۈپ ئولتۇرسام بولامدۇ؟ — دېدى ليۇ بېي.

— پېقىر دالىدا ئۆسكەن بىر سەھرالىقمەن، جاھاننىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە سۆز ئېچىشقا چامام كەلمەيدۇ، جانابلىرى سورىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئاقساقاللىق قىلىپ سۆزلەپ قويدۇم، — دېدى سۇي جۇپىڭ.

— خەلپىتىمنىڭ بەرگەن يوليورۇقىغا رەھمەت. بىراق جۇگې لياڭ خەلپىتىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمدىلا؟ — دېدى ليۇ بېي.

— پېقىرمۇ خەلپىتىمنى يوقلاپ كەلگەن، زادى نەگە كەتكەندۇ؟ — دېدى سۇي جۇپىڭ.

— پېقىر ئۆزلىرى بىلەن ناھىيىگە بارسام قانداق؟ — دېدى ليۇ بېي.

— پېقىر نادانلىرى قۇرۇق پاراڭ سېلىشنى ياخشى كۆرىمەن، نام ـ ئاتاق چىقىرىش بىلەن ئانچە خوشىم يوق؛ خەير، كېيىن كۆرۈشەرمىز، — دېدى سۇي جۇپىڭ ۋە شۇئان سالام بېرىپ كېتىپ قالدى.

ليۇ بېي گۇەن يۈي ۋە جاڭ فېي بىلەن يولىغا راۋان بولدى.

— جۇگې لياڭ بىلەن يەنە كۆرۈشەلمەي تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، نەدىكى بىر قورۇق گەپ ساتتى بىلەن ئۈچرىشىپ قالدۇق، بىرمۇنچە ۋاقتىمىزنى ئالدى! — دېدى جاڭ فېي غوڭشىپ.

— بۇ كىشىمۇ راھىب، ئۆلىمالاردەك سۆزلەرنى قىلدى، — دېدى ليۇ بېي.

ئۈچەيلەنگەن شىنيېگە قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ليۇ بېي كىشى ئەۋەتىپ جۇگې لياڭ خەلىپىتىمنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئۇقۇشتى. بارغان كىشى قايتىپ كېلىپ:

— ئەجدىھا خەلىپىتىم قايتىپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ليۇ بېي دەرھال ئات راسلاتقىلار دەپ بۇيرۇدى.

— نەدىكى بىر سەھرالىقنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرى بېرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرەمدىلا، ئاغا، باشقا بىرىنى ئەۋەتسەك بولمىدىمۇ، — دېدى جاڭ فېي.

ليۇ بېي خاپا بولغاندەك بولۇپ:

— سىز مېڭزى تەقسىرنىڭ: «دانىشمەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ يولىغا ماڭمىسا، خۇددى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ ئىشىكنى يېپىۋالغاندەك بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز. جۇگې لياڭ خەلىپىتىم بولسا زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ دانىشمىنى، بۇنداق كاتتا ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ! — دېدى ـ دە، ئېتىغا مىنىپ يەنە جۇگې لياڭنى زىيارەت قىلىشقا ماڭدى. گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېيمۇ ئېتىغا مىنىپ ئارقىسىدىن ماڭدى. بۇ كۈنلەر تازا سوغۇق، ئاسماننى قار بۇلۇتلىرى قاپلىغان قىش زىمىستان كۈنلەر ئىدى. بىرنەچچە يول ماڭا ـ ماڭمايلا، تۇيۇقسىز

ئىزغىرىن شامال چىقىپ، لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىدى: تاغلارنى ئاپئاق قار بېسىپ، دەل ـ دەرەخلەر خۇددى كۈمۈش رەڭدە بوياپ قويغاندەك يالتىراپ كەتتى.

— هازىر هاۋا سوغۇق بولۇپ، يەر ـ زېمىن شىنىدەك قېتىپ كەتتى، ئۇرۇش قىلغىلى بولمىغان شارائىتتا پايدىسىز بىر ئادەم بىلەن كۆرۈشمەن دەپ يىراق يەرلەرگە بېرىپ ئاۋارە بولۇشنىڭ پايدىسى نېمە؟ شىنىپگە قايتىپ شىۋىرغاندىن ساقلانغىنىمىز ياخشى، — دېدى جاڭ فېي يەنە غوڭشىپ.

— مېنىڭ مەقسىتىم جۇگې لياڭ خەلپىتىمگە ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك تەشنا بولغانلىقىمنى كۆرسىتىش. ئەگەر سىز سوغۇقتىن قورقسىڭىز قايتىپ تۇرۇڭ، — دېدى ليۇ بېي.

— ئۆلۈمدىن قورقمىغان ئادەم سوغۇقتىن قورقامدىكەن! ئاغىمىزنى قۇرۇق ئاۋارە بولۇپ قالمىسۇن دېمەكچىمەن، — دېدى جاڭ فېي.

— ئۇنداق بولسا گەپنى ئاز قىلىپ مەن بىلەن مېڭىڭ، — دېدى ليۇ بېي.

كەپىگە يېقىن قالغاندا، يول ياقىسىدىكى بىر مەيخانىدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ليۇ بېي ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قۇلاق سالدى. ناخشا:

*نام ـ نىشان تىكلەشكە باتۇر بولمىدى قادىر تېخى،*
*كەلمىگەچ زادى ئۇنىڭغا ياخشى پۇرسەتنىڭ چېغى.*
*چىقتى دەپ دۇڭخەي كۆلى ئورمانىدىن ئاقىۋاش بوۋاي،*
*ئاڭلىغانسىز بەردى دەپ ۋېنۋاڭغا ياردەم ئايىماي.*
*جەم بولۇشماستىنلا 800 چە تارخانبەك بۇڭا،*
*ئۆتتى مىنجىندىن بېلىقلار كېمىدە سەكرەپ تازا.*
*ئاقتى قان دەريا مىسالى موييېدىكى جەڭ ئۈستىدە،*
*بەگ ـ سىپاھتىن ئۇزدى بۇركۇتتەك قىرانلار تۆھپىدە.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*ئاڭلىغانسىز، ئۆزىنى گاۋيالڭ هاراقكەش ئاتاپ.*
*قولنى جۇپلەپ قىلغىنىن ماڭدالڭدا تاۋۇزغا ئاۋاپ.*
*تەخت ئۇچۇن بولغان پاراڭلار خەقنى هەيران ئەيلىدى،*
*قول قويۇپ باتۇرغا گاۋزۇ، پۇت يۇيۇشتىن توختىدى.*
*قولغا كەلدى 72 شەهەر بۇ باتۇر پەمىدىن،*
*تەڭ خىلى چىقماس جاهاندا ئىزدىسەڭمۇ هەممىدىن.*
*تۆهپىسى بىردەك بۇ ئىككى ئەزىمەت تۇرسا قاراپ،*
*كىمنىڭ هەددى ئاچقىلى سۆز ئۆزىنى باتۇر ساناپ.*

بۇ ناخشا ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر كىشى شىرەنى چاكىلدىتىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ناخشا:

*ئېلىپ تىغ تازىلاپ چىقتى جاهاننى ئوغرىدىن خاقان،*
*كىيىپ تاج تۇتتى 400 يىل ئۇلۇغۋار سەلتەنەت شۇل خان.*
*بولۇمسىزلىق قىلىپ قويغاچ ئاشۇ خەن خۇەندى، خەن لىڭدى،*
*بۇ پاسىق هىيلىگەر بەگلەر ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولدى.*
*ئۇچۇپ چۇشتى قارا يىلان شۇ زات شاھ تەختى — يانىغا،*
*چۇشۇپ ئالۋاستى شولىسى يەنە شاھ هۇجراسىغا.*
*قاراقچىلار چۇمۇلىدەك كېلىپ ياق - ياقتىن ئولاشتى،*
*كۆرەڭلەپ هىيلىگەر باتۇر دىگەنلەر هەددىدىن ئاشتى.*
*ئۇرۇپ ئاهۇ پىغان بىزلەر ئېغىر هەسرەتتە قاقشاتتۇق،*
*ئىچىپ سەهرا شارابىنى تۆكۈپ دەردنى كۆڭۈل ئاچتۇق.*
*تىلەپ باشىمىزغا بىز ئامانلىقنى - ئېسەنلىكنى،*
*نىيەتمۇ قىلمىدۇق ئۆچمەس نىشانە - نامە تىكلەشنى.*

بۇ ئىككى ئادەم ناخشا ئېيتىپ بولۇپ، چاۋاك چېلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ليۇ بېي:

— ئەجدىها خەلپىتىم مۇشۇ يەردە بولمىسۇن يەنە! — دېدى - دە، ئېتىدىن چۈشۈپ مەيخانىغا كىردى، بۇ ئىككى ئادەم شىرەگە تايىنىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى: يۇقىرىدا

ئولتۇرغىنى ئاق يۇزلۇك، ئۇزۇن ساقاللىق بىر ئادەم ئىدى، تۆۋەندە ئولتۇرغىنى پىرىم سۇپەت غەلىتە بىر ئادەم ئىدى. ليۇ بېي:

— ئىككىلىرىدىن قايسىلىرى ئەجدىھا خەلپىتىم بولۇشىدىلا؟ — دەپ سالام بېرىپ سورىدى.

— ئۆزلىرى كىم بولىدىلا، ئەجدىھا خەلپىتىمنى ئىزدەپ نېمە ئىش قىلماقچىدىلە؟ — دەپ سورىدى ئۇزۇن ساقاللىق ئادەم.

— پېقىر ليۇ بېي دېگەن بولىمەن. خەلپىتىمنى ئىزدەشتىكى مەقسىتىم جاھاننى قۇتقۇزۇپ، ئەلنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ ئامالىنى سوراش ئىدى، — دېدى ليۇ بېي.

— بىز ئەجدىھا خەلپىتىم ئەمەسمىز، ئەمما، ئەجدىھانىڭ دوستلىرى بولىمىز: پېقىر يىڭچۇەنلىك شى گۇاڭيۇەن دېگەن كىشى بولىمەن. بۇياق بولسا رۇنەنلىك مېڭ گۇڭۋېي دېگەن كىشى بولىدۇ، — دېدى ئۇزۇن ساقاللىق كىشى.

— پېقىر، — دېدى ليۇ بېي خۇشال بولۇپ، — ئىككىلىرىنىڭ مۇبارەك نامىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلايتتىم، بۈگۈن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىپ خويمۇ ياخشى ئىش بولدى. بىزدە ئالغاچ كەلگەن تەييار ئاتلار بار، بىرگە بېرىپ ئەجدىھا خەلپىتىم بىلەن كۆرۈشۈپ كەلسەك قانداق؟

— بىز تاغدا چوڭ بولغان ئېرىنچەكلەردىن بولىمىز، دۆلەتنى تۈزەپ، ئەلنى تىنچلاندۇرۇش دېگەن ئىشلارنى ئۇقمايمىز، رەنجىمىسىلە، تەقسىر، ئاتلىرىغا مىنىپ، ئەجدىھانى ئۆزلىرى ئىزدەپ باقسىلا، — دېدى شى گۇاڭيۇەن.

ليۇ بېي بۇ ئىككى ئادەم بىلەن خوشلىشىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، ئەجدىھا تۆپىگە قاراپ راۋان بولدى. هويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى ۋە ئىشىكنى قېقىپ بالىدىن:

— خەلپىتىم بۈگۈن ئۆيدە بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— شۇ تاپتا مېھمانخانىدا كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بالا.

لىۇ بېي راسا خۇش بولۇپ، بالا بىلەن ھويلىغا كىردى. ئوتتۇرا ئىشىككە بارغاندا، ئىشىككە چوڭ - چوڭ يېزىلغان: «سۇلار سۈيۈق بولسىمۇ ئىرادە قويۇق، يوللار تۈيۈق بولسىمۇ مەقسەت ئۇلۇغ» دېگەن خەتلەرنى كۆردى. لىۇ بېي بۇ خەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا بىرسىنىڭ غىڭشىپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسى قۇلىقىغا كىردى، لىۇ بېي ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇپ تىڭشىدى، قارىسا دالاندا بىر يىگىت ئوچاقنىڭ ئالدىدا تىزىغا ئىككى قولىنى ئالماپ قويۇپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

*ئۇرلىدى سۇمۇرغ تۇمەن مىڭ چاقىرىم كۆك قەھرىگە،*
*بولمىسا چىنار نىچۈك قونغاي چىنارنىڭ بەرگىگە.*
*شۇل چېۋەر زات ئۆزىنى دالدىغا ئالدى غىپ قىلىپ،*
*ئۆز ئىگەمنى تاپمىسام باش ئەگمىگەيمەن ئۆزگىگە.*
*ئۆتىدۇ خۇشنۇد دىلىم، يۇرتۇم - يېزامدا يەر تېرىپ،*
*سۆيىمەنۇ كۆيۈمەن كەيپەمنى ئازادە بىلىپ.*
*كۆتىمەن پۇرسەت، كىتاب - دەستۇر ئوقۇپ يېگانىمەن،*
*ھەر بىكار چاغلاردا ئوۋلايمەن* كۆڭۈلنى ساز چېلىپ.*

ناخشا ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، لىۇ بېي كىتابخانىغا كىرىپ بۇ يىگىتكە سالام بەردى ۋە:

— پېقىر ئۇزاقتىن بۇيان خەلپىتىمنىڭ ئارزۇسىنى قىلىپ كەلگەنىدىم، كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىغانىدى، بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن شۈي يۈەنجى جانابلىرىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مۇبارەك مەھەللىلىرىگە يوقلاپ كەلدىم، بىراق

* كۆڭۈلنى خۇش قىلىش مەنىسىدە.

جانابلىرى بىلەن كۆرۈشەلمەي قۇرۇق قايتىپ كەتتىم. بۈگۈن قار ـ شىۋىرغانغا قارىماي يەنە كەلدىم. خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈن مۇبارەك جامالىڭىزنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بوپتىمەن، شۇ تاپتا خۇشاللىقىمنى نېمىدەپ بايان قىلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن! — دېدى.

— سەركەردە جانابلىرى، يۈيجۇ پاسبانى ليۇ بېي بېگىم بولمىسىلا يەنە، ئاكام بىلەن كۆرۈشمەكچىمىتىلە؟ — دېدى ئىتتىك سالام بېرىپ ھېلىقى يىگىت.

— ئۆزلىرىمۇ ئەجدىھا خەلپىتىم ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي چۆچۈپ.

— پېقىر ئەجدىھا خەلپىتىمىنىڭ ئىنىسى جۇگې جۈن دېگەن بولىمەن. بىز ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ قېرىنداش، چوڭ ئاكىمىز جۇگې جىن بولىدۇ، ئۇ ھازىر جياڭدۇڭدىكى سۈن چۈەن بېگىمنىڭ قولىدا مەھكىمە مىرزىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، جۇگې لياڭ ئىككىنچى ئاكام بولىدۇ، — دېدى يىگىت.

— ئەجدىھا خەلپىتىم شۇ تاپتا ئۆيدە بارمىكىن؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— تۈنۈگۈن سۈي جۈپىڭ بىلەن سەيلە قىلىپ چىقىپ كەتكەنىدى، — دېدى جۇگې جۈن.

— نەگە كەتكەندۇ؟

— بىر بولسا قېيىققا چۈشۈپ كۆل سەيلىسى قىلىپ يۈرىدىغاندۇ، بىر بولسا دەرۋىشلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئىبادەتخانىلاردا يۈرىدىغاندۇ، بىر بولسا دوست ـ يارانلىرىنى ئىزدەپ مەھەللە ئارىلاپ يۈرىدىغاندۇ، بىر بولسا ساز چېلىپ، شەترەنج ـ شاھمات ئويناپ تاغ غارلىرىدا يۈرىدىغاندۇ: ئاكام شۇنداق ئۆيەر ـ بۇيەرنى ئارىلاپ يۈرىدىغان ئادەم، نەدە ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

— پېقىرنىڭ مۇشۇنداق تەلىيى يوق ئادەم ئىكەن، ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېتىم كېلىپ بۇ زات ئالىي بىلەن كۆرۈشەلمىدىم!
— بىر دەم ئولتۇرسىلا، چاي قۇياي.
— خەلپىتىم يوق ئىكەن، ئاتلىرىغا مىنسىلە، ئاغا، —دېدى جاڭ فېي.
— مەن كەلدىممۇ كەلدىم، بىرەر ئېغىز گەپلەشمەي قانداق كېتىمەن؟ — دېدى ليۇ بېي.
— ئاڭلىشىمچە، ئەجدىها خەلپىتىم جەڭ - ئۇرۇش ماھارەتلىرىنى پۇختا بىلەرمىش، جەڭ كىتابلىرىنى كۆپ كۆرىدۇ دەيدۇ، ئۆزلىرى ئاڭلىغانمىدىلىكىن؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.
— بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى جاۋابەن جۇگې جۈن.
— ئۇنىڭدىن سوراپ نېمە قىلاتتىلە! شۇ تۇرغان ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ، پاتىراق كېتىۋالىلى، — دېدى جاڭ فېي بىتاقەت بولۇپ. ليۇ بېي ئۇنى قاتتىق سىلكىۋەتتى.
— ئاكام ئۆيدە ئەمەس، ئۆزلىرىنى ئۇزاق تۇتۇپ قالالمايمەن، كېيىنرەك ئۆزلىرىنى يوقلاپ بارار، — دېدى جۇگې جۈن.
— يوقسۇ، خەلپىتىمنى ئاۋارە قىلغىلى بولماس. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پېقىر يەنە كېلەي. ماڭا دۇۋەت - قەلەم ئېلىپ كېلىپ بەرسىلە، ئۆزۈمنىڭ تەشنالىقىمنى ئىزھار قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىپ قوياي.
جۇگې جۈن دۇۋەت - قەلەمنى ئەكېلىپ ليۇ بېينىڭ ئالدىغا قويدى. ليۇ بېي ئاق قەغەز ئۈستىدە قەلەمنى يورغىلىتىپ تۆۋەندىكى خەتنى يازدى:
پېقىر جانابىي ئالىيلىرىنىڭ نام شەرىپلىرىنى ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. ئىككى قېتىم يوقلاپ كېلىپ، كۆرۈشەلمەي قۇرۇق قايتىپ كەتتىم، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى! مەن خان ئالىينىڭ ئەۋلادى

دېگەن قۇرۇق نامغىلا ئىگە بولۇپ قالغان ئادەممەن، خاندانلىقىمىزنىڭ زەئىپلىشىپ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ چەكسىز ئېچىنىمەن. دۆلەت ئەركانى بۇزۇلۇپ، قانۇن ـ ياساق ئىشتىن چىقماقتا، مۇشتۇمزورلار غۇلغۇلا كۆتۈرۈپ دۆلەتنى مالىمانچىلىققا سالماقتا، پېقىرنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ يانجىلماقتا. پېقىر بۇ جاھاننى ئوڭشاشقا نىيەت باغلىغان بولساممۇ، لېكىن تەدبىرلىرىم كەم بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمەكتىمەن. شۇڭا خەلپىتىمنىڭ ساداقەت ۋە شاپائەت قولىنى سوزۇپ، لۇي ۋاڭدەك تالانت كۆرسىتىپ، زى فاڭدەك پاراسەت ئىشلەتسىلا، بۇ ئەلگە ۋە خاندانلىققا بەخت ـ سائادەت كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ، ھازىرچە بۇ خەتنى يازدىم، كېيىن يەنە چىڭ ئىخلاس بىلەن ئالدىلىرىغا كىرىپ، ئۆزۈمنىڭ سەمىمىي ھۆرمىتىمنى ئىزھار قىلىمەن.

ليۇ بېي خەتنى يېزىپ بولۇپ جۇگې جۈنگە بەردى ـ دە، خوشلىشىپ ئىشىكتىن چىقتى. جۇگې جۈن ئۇزىتىپ تاشقىرىغا چىقتى، ليۇ بېي قايتا ـ قايتا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ خوشلاشتى. ئۇ ئېتىغا مىنىپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، قاشانىڭ سىرتىدىن بىر خىزمەتكار بالا:

— خەلپەت ئاتام كېلىۋاتىدۇ، — دېدى قولىنى پۇلاڭشىتىپ.

ليۇ بېي شۇنداق قارىسا، كىچىك كۆۋرۈكنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن بېشىغا مالىخاي، ئۇچىسىغا تۈلكە جۇۋا كىيگەن بىر كىشى ئېشەك مىنىپ كېلىۋېتىپتۇ، ئارقىسىدىن قارا چامچا كىيگەن بىر خىزمەتكار بالا ماي قاچىلانغان بىر قاپاقنى كۆتۈرۈپ قار دەسسەپ كېلىۋېتىپتۇ؛ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ناخشا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*چىقتى بوران تۈن بويى گويا بىگىزدەك سانجىلىپ،*
*تۈتتى ئاسماننى بۇلۇتلار قاپلىنىپ، قات ـ قاتلىنىپ.*
*ئۇچتى لەپىلدەپ پەلەكنىڭ قەھرىدە ھەر يانغا قار،*
*تاغۇ دەريا، دەشتلەرگە ئاق تونىنى كىيدۈرۈپ.*
*ئەجدىھالار ئۆرۈشۈپ كەتكەنگە ئوخشايتتى ھامان،*
*كۆتۈرۈپ بېشىمنى كۆك ـ ئاسمانغا باقسام تىكىلىپ.*
*توختىماي ھەريان ئۇچۇپ چۈشكەن بىلىق قاسىراقلىرى،*
*توشتى بىردەمدە جاھاننىڭ بار يېرىگە يېيىلىپ.*
*يەككە ـ يېگانە ئىشەك مىنگەنچە كۆۈرۈك ئۈستىدىن —*
*ئاھ ئۇرۇپ ئۆتتۇم خازان مېيخۇا ئۇچۇن ھەسرەتلىنىپ.*

ليۇ بېي بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ:

— مۇشۇ كىشى ئەجدىھا خەلپىتىمنىڭ ئۆزى بولمىغاي يەنە! — دېدى ـ دە، ئىتتىك ئاتتىن چۈشۈپ، بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى ۋە، — ھارمىغايلا، خەلپىتىم، بۇ سوغۇقتا قانداقمۇ قىلغانلا، تەقسىر! پېقىر ليۇ بېي جانابلىرىنى كۈتۈپ تۇرغىلى خېلى بولدى! — دېدى ئېھتىرام بىلەن.

بۇ ئادەم ئىتتىك ئېشەكتىن چۈشۈپ سالام بەردى. جۇگې جۇن ئارقىدا تۇرۇپ:

— بۇ ئەجدىھا ئاكام ئەمەس، بۇ كىشى ئاكامنىڭ قېيناتىسى خۇاڭ چېڭيەن تاغام بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

— ھازىر ئاڭلىغان ناخشىنىڭ سۆزلىرى بەك مەنىلىك سۆزلەر ئىكەن، — دېدى ليۇ بېي.

— پېقىر، — دېدى خۇاڭ چېڭيەن، — كۈيئوغلۇمنىڭكىدە «لياڭفۇ ناخشىسى» نى ئوقۇغىنىمدا بۇ مىسرالار ئېسىمدە قاپتىكەن؛ كۆۈرۈكتىن ئۆتكەندە قاشالار ئىچىدىكى مېيخۇا گۈلىنىڭ سولاشقانلىقىنى كۆرۈپ بۇ ناخشىنى ئېيتقۇم كېلىپ قالدى.

ئۆزلىرىمۇ ئاڭلاپتىلا ـ دە، تەقسىر.
— كۈيئوغۇللىرىنى ئۇچراتتىلامىكىن؟
— مەنمۇ كۆرۈشكىلى كەلگەنىدىم.
لىۇ بېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ بوۋاي بىلەن خوشلاشتى ـ دە، ئېتىغا مىنىپ يولىغا قايتتى. شىۋىرغان ھۇۋلاپ تېخىمۇ ئەدىگىلى تۇردى، لىۇ بېي ئەجدىھا تۆپىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، قاراپ ـ قاراپ غەمكىن ھالدا يولىغا راۋان بولدى. كېيىنكىلەر لىۇ بېينىڭ قار ـ شىۋىرغانغا قارىماي جۇگې لياڭنى زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى تەرىپلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەن.
نەزمە:

*قار ـ شىۋىرغانلارغا باقماي كەلدى زاھىت ئالدىغا،*
*ئۇچرىشالماي دىلى غەش قايتتى قۇرۇق ئۆز جايىغا.*
*قاتتىق مۇز، كۆۋرۈك ۋە تاشلار ئۈستى ئەينەكتۇر شۇدەم،*
*ماڭدى ئاتلىق، سوغ بىلەن يولنىڭ چىداپ ئازابىغا.*
*چۈشتى قار باشۇ كۆزىگە ئۇرۇلۇپ تىنماي ھامان،*
*خۇددى ئوخشايتتى بۇ قار توزغان خازان يوتلاسىغا.*
*قايرىلىپ باقتى يىراققا قامچىسىنى توختىتىپ،*
*پارقىراق مىسلى كۈمۈش ئەجدىھا تۆپە داۋانىغا.*

لىۇ بېي شىنيېگە قايتىپ كەلدى. كۈنلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ، يەنە ئەتىياز كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى پالچىغا پال سالدۇرۇپ، ياخشى كۈندىن بىرىنى تاللاپ، ئۈچ كۈن پەرھىز تۇتتى، غۇسلى ـ تاھارەت قىلىپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، جۇگې لياڭنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يەنە ئەجدىھا داۋانغا ماڭماق بولدى. گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي پىسەنت كۆرمەي، ئىككىسى بىرلىكتە لىۇ بېينىڭ ئالدىغا كىرىپ، بارماسلىقنى تەكلىپ قىلدى.

www.uyghurkitap.com

*باتۇر ئىرادىسىگە بويسۇنمىدى دانىشمەن.*
*ئار ـ نومۇسنى يوقاتسا، باتۇر بولۇر بەنگوسان.*

ئۇلارنىڭ قانداق تەكلىپ بەرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## جوگې ليانىڭ لوڭجوڭدا جاھاننىڭ ئۈچكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنلىكى
## سۈن چۈەننىڭ چاڭجياڭ دەرياسىدىكى ئۇرۇشتا ئەنت ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، جوگې ليانى ئىككى قېتىم يوقلاپ بېرىپ كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەلگەن ليۇ بېي ئۈنى يەنە ئىزدەپ بارماقچى بولۇۋىدى، گۈەن يۈي:

— ئەي ئاغا، بۇ ئادەمنى يوقلاپ ئىككى قېتىم باردىلا، بۇ بەك ئېشىپ كەتتى. مېنىڭ پەمىمچە، جوگې لياڭ دېگەن بۇ ئادەم ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق بىر ئادەممىكىن دەيمەن، بولمىسا نېمىشقا كۆرۈشۈشتىن قاچىدۇ. ئۇنداق بىر نېمىگە شۇنچىۋالا مۇ قىلىپ كەتكەن بارمۇ! — دېدى نارازى بولۇپ.

— بۇرۇنىسىدا، — دېدى ليۇ بېي سۆز قايتۇرۇپ، — چى خۇەنگۇڭ ھەزرىتىم دۇڭگو دېگەن سەھرالىقنى بەش قېتىم ئىزدەپ بېرىپ ئاران بىر قېتىم كۆرۈشەلىگەنىكەن. مەنزە مۇشۇنداق بىر دانانى يوقلاپ بارسام بولمىغۇدەكمۇ؟

— ئاغا، — دېدى جاڭ فېيمۇ نارازى بولۇپ، — ئۆزلىرى سەل يېڭىلىشىۋاتىدىلا، بۇنداق بىر سەھرالىق قانداقمۇ دانا بولغاي! ئەمدى بارىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا، ئاغا، ئۇ نەرسە ئۆزى كەلسە كەلسۇن، ئەگەر كەلمەيدىغان بولسا، ئۆزۈم بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئەكېلىمەن!
— سىز، — دېدى لىۇ بېي، — ھەزرىتى جۇۋېنۋاڭنىڭ جياڭ زىيانى ئىزدەپ بارغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ ۋېنۋاڭدەك كاتتا زاتمۇ دانىشمەنلەرنى مۇشۇنداق ئىسرىكەپ تۇرغان يەردە، سىزدەك بىر ئاددىمگە بۇ ئەدەپسىزلىكنى نېمە قويۇپتۇ! ئەگەر سىز بارمىسىڭىز، گۈەن يۈي بىلەن ئىككىمىز كېتىۋېرىمىز، — دېدى لىۇ بېي خاپا بولۇپ.
— ئىككى ئاغام كېتىۋاتقان يەردە، مەن قالىمەنمۇ! — دېدى جاڭ فېي.
— ئەگەر بارغۇڭىز بولسا، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن بىزنى يەرگە قارىتىپ قويىدىغان ئىشنى قىلىپ قويماڭ ئەمىسە، — دېدى لىۇ بېي.
— خوپ! — دېدى جاڭ فېي جاۋابەن.
شۇنداق قىلىپ ئۇچەيلەن ئاتلىنىپ، نۆكەرلەر بىلەن يولغا چىقتى. كەپىگە يېرىم چاقىرىمچە يول قالغاندا، لىۇ بېي ئېتىدىن چۈشۈپ ياياق ماڭدى، ئالدىدىن دەل جۇگې جۈن چىقىپ قالدى. لىۇ بېي ئىتتىك سالام بېرىپ:
— ئاغىلىرى ئۆيدە بارمىكىن، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى.
— كېچە قايتىپ كەلدى. بۈگۈن كىرىپ كۆرۈشسىلە، — دەپ جاۋاب بېرىپ، ئۇدۇل كېتىپ قالدى جۇگې جۈن.
— بەختىمىزگە يارىشا بۈگۈن كۆرۈشۈۋالىدىغان بولدۇق - دە! — دېدى لىۇ بېي خۇش بولۇپ.
— تازا قېلىپتا يوق بىر نېمىكەنە! بىزنى باشلاپ كىرمەكتە يوق، ئۇدۇل كېتىۋاتقىنىنى قارا! — دېدى جاڭ فېي ئاچچىقلىنىپ.
— ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىشى بولىدۇ، كىشىنىڭ ئىشىغا كىشىنى زورلىغىلى بولامدىكەن! — دېدى لىۇ بېي.
ئۇچەيلەن ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى قاقتى.

ئىشكىتىن بىر بالا چىقىپ ئۇلارنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— ئەي دانا بالا، — دېدى لىۋ بېي، — خاپا بولماي لىۋ بېي دېگەن بىر ئادەم خەلپىتىمنى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ دەپ مەلۇم قىلىپ قويسىڭىز كەن.

— خەلپىتىم بار بولغىنى بىلەن، كەپىسىدە ئۇخلاپ يېتىپتۇ تېخى، — دېدى جاۋاب قايتۇرۇپ بالا.

— ئۇنداق بولسا ئويغاتماي تۇرۇڭ، — دېدى لىۋ بېي. ئاندىن گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېيغا ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇشنى جېكىلەپ، ئاستا دەسسەپ ئۆزى ئۆيگە كىردى، كىرىپ قارىسا، خەلپىتىم كەپىسىدە بىر بورىنىڭ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. لىۋ بېي ئايىغىدا قول قوشتۇرۇپ جىم تۇردى. خېلى ۋاقىتقىچە خەلپىتىم يەنە ئويغانمىدى. گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي تاشقىرىدا تۇرۇپ - تۇرۇپ، ھېچبىر تېۋىش بولمىغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى، قارىسا، لىۋ بېي تېخىچە تىك تۇرۇپ ساقلاۋېتىپتۇ. جاڭ فېينىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ:

— بۇ نېمىدېگەن ئاتىكاچى خەلپەت! ئاغىمىز ئايىغىدا قاراپ تۇرسىمۇ ئىرەن قىلماي، يالغانلاتىن ئۇخلاپ ياتقىنىنى قارا! ھېلى بىكار ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئوت قويۇۋېتىمەن، قېنى، شۇ چاغدا تۇرامدۇ - تۇرمامدۇ! — دېدى گۇەن يۈيگە.

گۇەن يۈي ئۇنىڭغا يېنىش - يېنىش يالۋۇرۇپ ئاران توختىتىۋالدى.

لىۋ بېي يەنە ئۇلارنى تاشقىرىغا چىقىپ ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئۇ شۇنداق بىر قارىشىغا، خەلپىتىم بىر ئۆرۈلۈپ كېلىپ، يەنە تام سايان قاراپ يېتىۋالدى. بالا ئويغاتماقچى بولۇۋىدى، لىۋ بېي:

— توختاڭ، ئويغىتىۋەتمەڭ، — دەپ توستى.

ئاردىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلپىتىم ئاندىن ئويغاندى ۋە غىڭشىپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

*كىم بۇرۇن ئويغاندى — بىدار بولدى قاتتىق ئۇيقۇدىن،*
*ماڭا مەلۇمدۇر ئايان كۆرگەنلىرىم شۇ ھەممىدىن.*
*قانغۇچە ئۇخلاپتىمەن ئارام ئېلىپ كەپەمدىمەن،*
*ئاستا ـ ئاستا پاتتى كۈن، كۆردۈم ئۇنى پەنجىرىدىن.*

جوگې لياڭ بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپ، يېنىچە ئۆرۈلۈپ بالىدىن سورىدى:

— ئاددىي مېھمان ـ يوچۇن كەلدىمۇ ـ يوق؟

— خان تاغىسى ليۇ بېي كەپتۇ، ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغىلى خېلى ۋاخ بولدى، — دېدى بالا جاۋابەن.

جوگې لياڭ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ:

— نېمىشقا بالدۇرراق ئويغىتىۋەتمەيسەن مېنى! يەنە سەل سەۋر قىلىپ تۇرسىلا، ئۇستىۋېشىمنى يەڭگۈشلىۋالاي، — دېدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىچكەركى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. بىر هازادىن كېيىن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ چىقىپ كەلدى. ليۇ بېي قارىسا، بويىنى سەككىز چى كەلگەن، يۈزى ئاپئاق، بېشىغا مەشۇت بوغمىچا چىگكەن، ئۈچىسىغا تۇرنا سۈرىتى چېكىلگەن تون كىيگەن، يۈزىدىن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭكىدەك نۇر يېغىپ تۇرغان، ساھىبجامال، قەددىي كامال بىر زات چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ليۇ بېي سالام ـ تەزىم قىلىپ:

— ئۆزۈم خەن خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادى بولىمەن، جۇجۇن ئايمىقىنىڭ نادان پۇقراسىمەن، تەقسىر ئالىيلىرىنىڭ شەۋكەتلىك نامىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىككى قېتىم كېلىپ كۆرۈشەلمەي، بىر پارچە قەغەزگە ئەرزىمەس ئېتىمنى يېزىپ قويۇپ كېتىپ قالغانىدىم، جانابلىرى كۆزدىن كەچۈردىلەمىكىن؟ — دېدى تۆۋەنچىلىك

بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

— پىقىر، — دېدى جۇگې لياڭ جاۋابەن، — نەنياڭدا تۇغۇلغان بىر سەھرالىق بولىمەن، ئۆزۈم يالقاۋراق ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن، سەركەردە ھەزرەتلىرىنى يول ماڭغۇزۇپ ئاۋارە قىلىپ قويۇپتىمەن، بۇنىڭغا بەك خىجىلمەن.

ئىككىيلەن سالام - تەزىم قىلىشىپ، قۇرام ئولتۇرۇشتى، خىزمەتكار بالا چاي ئېلىپ كەلدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، جۇگې لياڭ:

— كېچىكى خەتلىرىنى كۆرۈپ، جانابلىرىنىڭ ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەر ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندىم؛ شۇغىنىسى ئۆزۈمنىڭ ياش ۋە تەجرىبىسىز ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ، نېمە دېيەرىمنى بىلەلمەي قالدىم، — دېدى.

— سىما خۇي ھەزرەتنىڭ ئېيتقانلىرى، شۇي شۇنىڭ دېگەنلىرى يالغان ئەمەستۇ؟ خەلپىتىمىنىڭ پىقىردەك نادانلارنىڭ لەۋزىنى يەردە قويماي، يولىيورۇق كۆرسىتىشىنى سورايمەن، — دېدى ليۇ بېي.

— سىما خۇي بىلەن شۇي شۇ بۇ جاھاننىڭ ئاقىللىرى، پېقىر بولسام بىر دېھقان، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى نەدىن بىلەي؟ بۇ ئىككى زات پېقىرنى خاتا تونۇشتۇرۇپتۇ. سەركەردە ھەزرەتلىرىنىڭ قانداقسىگە مەرمەرنى تاشلاپ، تاشقا مەيلى چۈشكەندۇ؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— جانابلىرى كامالەتكە يەتكەن بىر ئۇلۇغ زات تۇرۇقلۇق، مۇشۇ ئورمانلىقتا ئۆمۈرلىرىنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتەمدىلا؟ خەلپىتىمىنىڭ جاھان ئەھلىگە دىلخاھلىق قىلىپ، پىقىردەك نادانلارغا يول كۆرسىتىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن.

— سەركەردە ھەزرەتلىرىنىڭ تىلىكى نېمىكىن، ئاڭلاپ باقسام، — دېدى جۇگې لياڭ كۈلۈپ.

— خەن خاندانلىقى چۈشكۈنلۈككە يۈز تۇتۇپ، ئەل ـ يۇرت تەقدىرىنى بۇزۇق تۆرىلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، پېقىر لىيۇ بېيىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئاجىز، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي جاھاننى ئوڭشاپ ئادالەت ئورناتسام دەيمەن، بىراق ئەقىل ـ پاراستىم يېتىشمىگەنلىكتىن، بۇ يولدا مۇشۇ كۈنگىچە ھېچبىر قازىنالمىدىم. مەن ناداننىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئەلنى كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش پەقەت خەلپىتىمنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ دەپ ئىشىنىمەن، بېشىمىزنى ئوڭشىغايلا، تەقسىر! — دەپ ئۆتۈندى لىيۇ بېي تىېخىمۇ يېقىنلىشىپ ئولتۇرۇپ.

— دۆڭ جو ئاسىيلىق قىلغاندىن بۇيان، — دېدى جۇگې لياڭ، — جاھاندىكى باتۇرلار قوزغىلىپ كەتتى. ساۋ ساۋنىڭ يۈەن شاۋغا كۈچى يەتمەيتتى، لېكىن يۈەن شاۋنى يەڭدى، ئۇ تەقدىر ـ قىسمەتنە شۇنداق پۇتۇلگەنلىكىدىنلا شۇنداق قىلالىغىنى يوق، ئۇ بەندىلەرنىڭ پەم ـ پاراستىگىمۇ تاياندى. ھازىر ساۋ ساۋنىڭ قولىدا 100 تۈمەندەك لەشكەر بار، ئۇ يەنە تارخانبەگلەرگە خان ئالىيلىرىنىڭ نامىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە تەگكىلى بولمايدۇ. سۈن چۈەن جياڭدۇڭ تەۋەسىنى ئۈچ ئەۋلادىدىن بۇيان سوراپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ زېمىن مۇداپىئەسى چىڭ، پۇقرالىرى ئىتائەتمەن، شۇڭا ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغايلاكى، ھەرگىز ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويمىغايلا. جىڭجۇ ئايمىقىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن خەنشۈي، مېيەنشۈي دەريالىرى ئېقىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى نەنخەيگىچە بارىدۇ، كۈنچىقىش تەرىپى ۋۇخۇيغا، كۈنپېتىش تەرىپى با ۋە شۇ دېگەن جايلارغا تۇتىشىدۇ، شۇڭا بۇ يەر ماھارەت كۆرسىتىشكە باب يەر، لايىق پاسىباندىن باشقا ھېچكىم بۇ يەرنى تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. تەڭرىم بۇ يەرنى سەركەردە ھەزرەتلىرىگە ئاتا قىلسا، لايىق كۆرەرلىمىكىن؟ يىجۇ بولسا ئورۇنلاشقان يېرى مۇھىم، يەرلىرى مۇنبەت، زېمىنى كەڭ بايلىق ماكانى. ھەزرىتى خەن گاۋزۇ مانا

مۇشۇ يەردە سەلتەنەت تەختىنى قۇرغان. بۈگۈنكى لىۇ جاڭ ئۆزى ئاجىز، پۇقرالىرى تىرىشچان، يېرى باياشات بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ پۇقرالارنى ئاسراشنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ يەردىكى ئاقىل ـ زېرەكلەر بىر دانا سۇلتانغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلماقتا. سەركەردە ھەزرەتلىرى خان ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادى، ئادالەت ئورنىتىش بىلەن نام ـ نىشانلىرى جاھانغا پۇر بولدى، ئەتراپتىكى باتۇرلار، ئاقىل ـ زېرەكلەرنىڭ ياردىمىگە تەشنا بولۇۋاتىدىلا، ئەگەر جىڭجۇ، يىجۇ ئايماقلىرىنى ئېلىپ، بۇ يەرلەرنى ئوبدان ساقلاپ، كۇنپېتىشتا رۇڭ قەبىلىلىرى بىلەن، تۆۋەندە يى، يۆ قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشسىلا، تاشقى جەھەتتە سۇن چۈەن بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئىچكى جەھەتتە مەمۇرىي ئىشلارنى تەرتىپكە سالسىلا، كۈنلەردە بىر كۈن پەلەك ئۆزگەرگەندە، ئالىي سەركەردىلەردىن بىرنى جىڭجۇ لەشكىرىنى ئېلىپ ۋەنچېڭ، لوياڭ شەھەرلىرىگە كىرىشكە بۇيرۇسىلا، ئۆزلىرى يىجۇ لەشكىرىنى ئېلىپ چىڭچۇەنگە بېسىپ كىرسىلە، پۇقرالار ئۆزلىرىنى تەخسە ـ تەۋەڭ كۆتۈرۈپ چىقىپ قوللىماي قالامدۇ؟ ئەگەر ئىش ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولۇپ چىقسا، ئۇ چاغدا ئۇلۇغۋار مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ، خەن خاندانلىقى روناق تاپىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ جانابلىرىغا بېرىدىغان مەسلىھىتىم. جانابلىرى ئويلاپ كۆرۈرلەر.

جۇگې لياڭ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، خىزمەتكار بالىغا بىر پارچە خەرىتىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى، بالا خەرىتىنى ئېلىپ چىقتى، جۇگې لياڭ ئۇنى ھۇجرىنىڭ تېمىغا ئاستى ۋە لىۇ بېيغا كۆرسىتىپ سۆزلىدى:

— بۇ خەرىتە شىچۇەن تەۋەسىدىكى 54 ئايماقنىڭ خەرىتىسى. سەركەردە ھەزرەتلىرى سەلتەنەت تەختىنى تىكلەيمەن دېسىلە، يۇقىرىدا ساۋ ساۋ ئەرشىنىڭ رايىغا، تۆۋەندە سۇن چۈەن پەرشىنىڭ رايىغا باقسا، سەركەردە ھەزرەتلىرى پۇقرانىڭ رايىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باققايلا. ئالدى بىلەن جىگجۇغا ئورۇنلاشسىلا، ئاندىن شىچۇەندە تەخت قۇرۇپ، ئۈچ پۇتلۇق داڭقان شەكلى ھاسىل قىلىپ، ئەڭ ئاخىردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يول ئاچقايلا.

ليۇ بېي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە تەزىم بىلەن تەشەككۇر بىلدۈرۈپ:

— خەلپىتىمنىڭ سۆزلىرى پېقىرنىڭ زېھنىنى ئاچتى، شۇ تاپتا ئاسماندىكى بۇلۇتلار تارقاپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەندەك، كۆڭۈل قۇلۇپلىرىم ئېچىلىپ كەتتى. بىراق، جىڭجۇنى سوراۋاتقان ليۇ بياۋ، يىجۇنى سوراۋاتقان ليۇ جاڭ ھەر ئىككىسى خان ئالىيلىرىنىڭ جەمەتى تۇرسا، پېقىر قانداقمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن بۇ يەرلەرنى تارتىۋالالايدۇ؟ — دېدى.

— پېقىر، — دېدى جۇگې لياڭ، — كېچە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ چىقتىم، ليۇ بياۋ ئانچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمىگۈدەك؛ ليۇ جاڭ بولسا پاسىبان بولۇشقا مۇناسىپ كىشى ئەمەس: ئاخىرقى ھېساباتتا ھەممە ئىش سەركەردە ھەزرەتلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ قالىدۇ.

ليۇ بېي تەزىم بىلەن رەھمەت ئوقۇدى. مانا مۇشۇ سۆھبەت بىلەن، جۇگې لياڭ ئۆزىنىڭ كەپىسىدە تۇرۇپلا جاھاننىڭ ئۈچكە بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئايان قىلدى، دەرھەقىقەت، قەدىم ـ قەدىمدىن بۇنداق دانىشمەنلەر چىققان ئەمەس! شۇڭا كېيىنكى كىشىلەر بۇ زاتنى كۈيلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتۈپتىكەن:

*بىلمىگەچ نەنياڭدا «ياتقان ئەجدىھا» نىڭ بارلىقىن،*
*قايلىدى ھەسرەت ـ پىغان «يۈيجۇ» بىگىم مىسكىن دىلىن.*
*بۇ جاھان قانداق بۆلۈنگەي دەپ بىلىشنى ئىزدىسەڭ،*
*بىل ئۇنى خەلپەت كۆرسەتكەن ئەنە شۇ خەرىتىدىن.*

— پېقىر نامۇ نىشانىم ئەرزىمەس بىر ئادەم بولساممۇ، خەلپىتىمنىڭ نەزەر ـ ئېتىبارىغا ئېلىپ، كەپىدىن چىقىپ پېقىرغا

يار ـ مەدەتكار بولۇشىنى تىلەيمەن. خەلپىتىمنىڭ دانا يولىيورۇقلىرىغا تەشنادۇرمەن، — دېدى ليۇ بېي جۇگې لياڭغا سالام ـ تەزىم بىلەن.

— پېقىر تېرىقچىلىقتا مىلىك بولۇپ قالغان ئادەم، جاھان ئىشلىرىغا ئارىلىششنى خالىمايمەن، بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرەلمەيمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— خەلپىتىم قوبۇل كۆرمىسە، پۇقرالىرىم قانداق قىلۇر! — دېدى ليۇ بېي كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ليۇ بېينىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى ئېتەكلىرىگە تۆكۈلۈپ، يەڭلىرىنى سۇغا چىلىغاندەك قىلىۋەتتى.

ليۇ بېينىڭ چىن يۈرىكىدىن زارلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جۇگې لياڭ:

— ئەگەر مەندىن ۋاز كېچىشكە سەركەردە ھەزرەتلىرىنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىسا، پېقىر پۈتۈن كۈچ ـ قولانىم بىلەن خىزمەت كۆرسىتىشكە تەييار، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

ليۇ بېي خۇشاللىقىدا دەرھال گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېينى ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ تورقىلارنى جۇگې لياڭنىڭ ئالدىغا قويۇشقا بۇيرۇدى. جۇگې لياڭ رەت قىلىپ زادى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ليۇ بېي:

— بۇ ئەرزىمەس سوۋغات ھەرگىز دانىش ئالىيلىرىنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن سوۋغات ئەمەس، پەقەت ئۆزۈمنىڭ بىر ياخشى كۆڭلۈم، قوبۇل قىلغايلا، تەقسىر، — دېگەندىن كېيىن ئاندىن قوبۇل قىلدى جۇگې لياڭ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يەردە بىر كېچە قوندى. ئەتىسى جۇگې جۈن قايتىپ كەلدى، جۇگې لياڭ ئۇنىڭغا:

— مەن خان ئاغىسى ليۇ بېي بېگىمنىڭ ئۈچ قېتىم كېلىپ قىلغان تەكلىپىگە بىنائەن، ئاخىر بېرىشقا ماقۇل كەلدىم. سىز يەرلەرنى ئاق تاشلىۋەتمەي، ئوبدان ئىشلەپ تۇرۇڭ. تىلەك ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارزۇلىرىمىز ئىشقا ئاشقان كۈنى دەرھال قايتىپ كېلىمەن، — دەپ جېكىلىدى.
كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ بىر نەزمە پۈتكەن:

*ئويلىدى قايتىپ كېلىشنى ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ،*
*ئەھدىسىنى ئەسلىدى قۇچقاندا زەپەر ئولتۇرۇپ.*
*بۇ ئىگەمنىڭ سۆزلىرى قىلغاچقا كۆڭلىنى ئەمىن،*
*چۈشتى ۋۇجاڭغىيۇەنگە يۇلتۇز ئاخىرى خازان بولۇپ.*

يەنە مۇنداقمۇ بىر نەزمە پۈتۈلگەن:

*خەن گاۋزۇ قولىغا مىسران قىلىچ ئەپ،*
*ئۆلتۈردى ئاق يىلاننى ماڭداڭدا كەسلەپ.*
*چىن، چيۇ بەگلىرىنى قىلىپ گۇمران،*
*شىيەنياڭ شەھىرىنى ئالدى شۇل زامان.*
*بۇنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى،*
*ئۈزۈلدى خاندانلىق مۇناسىۋىتى.*
*ئۇلۇغ زات گۇاڭ ۋۇخان لوياڭغا كىردى،*
*خۇدەن ۋە لىڭ* دەۋرىدە ھوقۇقمۇ كەتتى.*
*شيەندى يۆتكەپ شۈيچاڭغا تەختنى،*
*باتۇرلار ئۈستىلەپ تۈتتى جاھاننى:*
*ساۋ ساۋ بۇ چاغدا دەۋرانە سۈردى،*
*سۈن جەمەتلەر جياڭدۇڭدا تەخقە تۇتۇشتى.*
*ناتىۋان ليۇ بېي يىگانە قېلىپ،*
*تەرەپ ـ تەرەپكە چىقتى يول ئېلىپ.*
*شىنيې ئەتراپىنى قىلدى پاناھ جاي،*
*ئەل ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى ئۇ تىنماي.*
*نەنياڭدا بار ئىدى ئەجدىھا خەلپەت،*
*ئۇنىڭدا كۈچلۈك ئىدى خىسلەت ـ پاراسەت.*

---

* خانلار.

*ئوقۇغاچ ئۇ لەشكەر دەستۇرلىرىنى،*
*بىلەتتى بەش قولدەك ئىشنىڭ يولىنى.*
*شۇي شۇ كېتەرىدە لىيۇغا سۆز قىلغاچ،*
*ئۇچ باردى كەپىگە جۇنى ياد ئەتكەچ*
*بۇ چاغدا جۇگې لياڭ تېخى ياش ئىدى،*
*ئۇي ـ ۋاقىن يىغىشتۇرۇپ يولغا ئاتلاندى.*
*ئاۋۋال جىڭجۇنى ئاندىن شىچۇەننى،*
*ئالماق بوپ كۆرسەتتى ئۆز خىسلىتىنى.*
*تىترەتتى جاھاننى دانا سۆزلىرى،*
*چاقچاق ئارا چىقاتتى ياخشى تەدبىرى.*
*يولۋاسلار غايىب بوپ، ئەجدىھارلار قېچىپ،*
*قويدى ئۇ جاھاننى ئوبدان تىنچىتىپ.*
*ياشايدۇ مەڭگۇ ئۇنىڭ شەۋكىتى ـ شانى،*
*ساقلىنار ئۇنىڭ ئەبەتكە نامى.*

لىيۇ بېي باشلىق ئۇچەيلەن جۇگې جۇن بىلەن خوشلىشىپ، جۇگې لياڭ بىلەن بىرگە شىنيېگە قايتىپ كەلدى. لىيۇ بېي جۇگې لياڭنى ئۇستاز تۇتتى، ئۇ ئىككىيلەن بىر داستىخاندا تاماق يەپ، بىر ھۇجرىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە جاھاننىڭ ئىشلىرى ئۇستىدە پىكىر ـ سۆھبەتلەر قىلىشتى. بىر كۇنى جۇگې لياڭ:

— ساۋ ساۋ جىجۇ ئايمىقىدا شۇەنۇۋجى دېگەن بىر كۆلنى قازدۇرۇپ، سۇ لەشكەرلىرىنى پىشىلدۇرۇۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ چوقۇم جياڭنەن تەرەپكە چاپقۇن ياسايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇۋپتۇ. بىز ئەمدى بىر كىشى ئەۋەتىشىمىز كېرەك، بۇ كىشى دەريادىن چاندۇرماي ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كەلسۇن، — دېگەن مەسلىھەتنى بەردى.

لىيۇ بېي بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپ، جياڭدۇڭ تەرەپكە بىر كىشىنى ئەۋەتتى.

ئەمدى سۇن چۈەننىڭ ئەھۋالىغا كېلەيلى. سۇن چۈەن ئاكىسى سۇن تسې ئۆلگەندىن كېيىن، جياڭدۇڭ تەۋەسىدە تۇرۇپ قېلىپ، ئاتىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇردى، ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان دانىشلارنى توپلاپ، ۋۇخۇي شەھىرىدە بىر مېھمانخانا ئاچتى، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشىغا مەسئۇل قىلىپ گۇ يۇڭ بىلەن جاڭ خۇڭ ئىككىسىنى بەلگىلىدى. كەلگەن مېھمانلار بىر - بىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، بىرنەچچە يىلنىڭ ئىچىدە بۇ يەرگە نۇرغۇن دانىشمەنلەر ۋە پالۋانلار توپلىنىپ كەتتى. بۇ دانىشلار ئىچىدە خۇيجىلىق كەن زى، يەنە بىر ئىسمى دې رۇن دېگەن كىشى؛ پېڭچېڭلىق يەن جۈن، يەنە بىر ئىسمى مەن سەي دېگەن كىشى؛ پېيشيەنلىك شۆي زۇڭ، يەنە بىر ئىسمى جىڭ ۋېن دېگەن كىشى؛ رۇياڭلىق چېڭ بىڭ، يەنە بىر ئىسمى دې شۇ دېگەن كىشى؛ ۋۇجۇنلۇق جۇ خۇەن، يەنە بىر ئىسمى شيۇ مۇ دېگەن كىشى؛ يەنە شۇ يەرلىك لۇ جى، يەنە بىر ئىسمى گۇڭ جى دېگەن كىشى؛ ۋۇ بەگلىكىدىن بولغان جاڭ ۋېن، يەنە بىر ئىسمى خۇي شۇ دېگەن كىشى؛ ۋۇشاڭلىق لو تۇڭ، يەنە بىر ئىسمى گۇڭ شۆي دېگەن كىشى؛ ۋۇ چېڭلىق ۋۇ سەن، يەنە بىر ئىسمى كۇڭ شيۇ دېگەن كىشى بار. بۇ كىشىلەر جياڭدۇڭغا كەلگەندىن كېيىن، سۇن چۈەن ئۇلارنى ئىززەتلەپ بەك ياخشى كۈتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە بىرنەچچە قابىل سەركەردىمۇ بار ئىدى: رۇنەنلىك لۈي مېڭ، يەنە بىر ئىسمى زى مىڭ؛ ۋۇجۇنلۇق لو شۈن، يەنە بىر ئىسمى بو يەن؛ لاڭيالىق شۆي شېڭ، يەنە بىر ئىسمى ۋېن شياڭ؛ دۇڭجۇنلۇك پەن جاڭ، يەنە بىرئىسمى ۋېن گۇي؛ لۇجياڭلىق دىڭ فېڭ، يەنە بىر ئىسمى چېڭ يۈەن.

مانا بۇ ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىرلىكتە ياسىبانىغا ھەمدەملەشتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن

جياڭدۇڭ تەۋەلىكى دانىشلار ۋە كۆچتۈنگۈر پالۋانلار توپلانغان بىر جاي بولۇپ قالدى.

جيەنئەننىڭ 7 - يىلى ساۋ ساۋ يۈەن شاۋنى يەڭگەندىن كېيىن، جياڭدۇڭ تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈن چۈەنگە ئوغلىنى خان ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. سۈن چۈەن ئىككىلىنىپ، بىر قارارغا كېلەلمىدى. ۋالىدەخان ۋۇ خېنىم جۇ يۈي، جاڭ جاۋ قاتارلىق سىپاھلارغا بۇ ئىشنى دەرقەمتە تۇرۇپ كېڭىشىپ بىر سايان قىلىشنى بۇيرۇدى. جاڭ جاۋ:

— ساۋ ساۋنىڭ ئوغلانىمىزنى خان ھۇزۇرىغا ئەۋەتىشكە بۇيرۇشى تارخانبەگلەرنى چەكلەپ تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئەگەر ئەۋەتمىسەك، جياڭدۇڭغا لەشكەر يوللامدىكىن دەيمەن. ئەگەر شۇنداق قىلسا، چوقۇم بىزگە خەۋپ يېتىدۇ.

— سەركەردە جانابلىرى، ھەم ئاتىلىرىنىڭ، ھەم ئاغىلىرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئالتە ۋىلايەتنىڭ پۇقراسىنى سوراپ كېلىۋاتىدىلا. لەشكەرلەر بولسا خىل، ئوزۇق - تۈلۈكىمىز تەل، لەشكەر - سىپاھلىرىمىز ئىتائەتچان، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئوغلانىمىزنى خەققە تۇتىمىز؟ ئوغلانىمىز ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ھامان، ساۋ ساۋ بىلەن ئەپ بولۇپە ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئۇلار بۇيرۇق چۈشۈرۈپ چاقىرسا، يېنىغا بارماي مۇمكىن ئەمەس؛ ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، پۈت - قولىمىز باغلاندى دېگەن سۆز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتمەسلىكىمىز كېرەك، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، باشقىچە بىر ئامال تېپىپ تاقابىل تۇرايلى، — دېدى جۇ يۈي.

— جۇ يۈينىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس، — دېدى تەستىقلاپ ۋالىدەخان ۋۇ خېنىم.

سۈن چۈەن بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپ، ئوغلىنى ئەۋەتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەلچىدىن كەچۈرۈم سورىدى. ساۋ ساۋ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جياڭنەن تەۋەسىگە تېگىش قىلىش

www.uyghurkitap.com

پپيىگە چۈشتى. ئەمما، بۇ چاغدا يۇقىرى تەرەپ تىخى تىنچىمىغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەنگە يۈرۈش قىلىشقا پۇرسەت چىقىرالمىدى.

جيەنئەننىڭ 8 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سۈن چۈەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ خۇاڭ زۇ بىلەن تۇتىشىپ، دەريادا ئېلىشتى. خۇاڭ زۇنىڭ لەشكىرى جەڭدە يېڭىلدى. سۈن چۈەننىڭ قول ئاستىدىكى لىڭ ساۋ دېگەن سەركەردە تېز قېيىق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، شياكۇغا باستۇرۇپ كىردى، بىراق ئۇنى خۇاڭ زۇنىڭ قول ئاستىدىكى گەن نىڭ دېگەن سەركەردىسى بىر پاي ئوق بىلەن دۈم چۈشۈردى. لىڭ ساۋنىڭ ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن لىڭ تۇڭ دېگەن ئوغلى ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ قايتتى. سۈن چۈەن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، لەشكىرىنى يىغدى ـ دە، كۈنچىقىش ۋۇغا قايتتى.

ئەمدى گەپنى سۈن چۈەننىڭ ئىنىسى سۈن يىدىن ئاڭلاڭ. سۈن يى دەنياڭ ئايمىقىنىڭ هاكىمى ئىدى. ئۇ مىجەزى چۇس، مەي ـ شارابنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولغانلىقتىن، ھەمىشە مەست بولۇۋېلىپ ئەسكەرلەرنى قامچىلاپ ئوينايتتى. دەنياڭنىڭ قاراق سەركەردىسى* گۇي لەن بىلەن ياردەمچى ھاكىم دەي يۈەن ئىككىسى سۈن يىنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ يۈرەتتى؛ شۇڭا ئۇلار سۈن يىنىڭ مۇلازىملىرىدىن بولغان بيەن خۇڭ دېگەن ئادەم بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، بىرلىكتە سۈن يىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇ كۈنلەردە پالۋانلار ۋە ناھىيە ئامباللىرى دەنياڭغا يىغىلغانىدى، سۈن يى مەرىكە ـ سورۇن تەييارلاپ ئۇلارنى كۈتۈۋالماقچى بولدى. سۈن يىنىڭ خوتۇنى شۈي خېنىم بەك چىرايلىق ۋە ئەقىللىق، پال سېلىشقا ئۇستا بىر خوتۇن بولغانلىقتىن، پال سېلىپ، پالدا بىر شۇملۇقنىڭ بەلگىسى

---

* قاراق سەركەردە — جەڭ يۈرۈشلىرىدە قوشۇنلارنى نازارەت قىلىپ ماڭغۇچى سەركەردە.

كۆرۈنگەنلىكتىن، ئېرىنى سورۇنغا چىقماسلىقققا ئۈندىدى. بىراق، سۈن يى بۇ نەسىھەتكە كىرمەي، سورۇنغا قاتناشتى. كەچتە مەرىكە ئاياغلىشىپ ھەممە سورۇندىن تارقىغاندىن كېيىن، بىيەن خۇڭ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان سۈن يىنىڭ ئارقىسىدىن قىلىچلىق چىقىپ، شارت قىلىپ سۈن يىنى چېپىپ تاشلىدى. گۇي لەن بىلەن دەي يۈەن ئىككىسى بىيەن خۇڭنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كوچىغا ئاچىقىپ سازايى قىلدى. بۇ ئىككىسى ئەمدى بۇ ئورايدىن پايدىلىنىپ سۈن يىنىڭ مال - مۈلكىنى بۆلاپ، ئۆيدىكى چۆرە - دېدەكلىرىنىمۇ تارتىۋالدى. شۈي خېنىمنىڭ چىرايلىق ئايال ئىكەنلىكىگە كۆزى چۈشكەن گۇي لەن:

— مەن سىزنىڭ كۈيۈيىڭىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم، ئەمدى ماڭا تېگىڭ، بولمىسا جېنىڭىزدىن ئايرىلىسىز، — دېدى شۈي خېنىمغا.

— كۈيۈيىم ئۈياقتىن ئۆلسە، بۇياقتىن ئۆزلىرىگە تېگىۋالسام قانداق بولغىنى؟ قىرقى - پىرقىمۇ توشۇپ باقسۇن، قىرقى نەزىرىسىنى بېرىپ، قارىسىنى ئاچقاندىن كېيىن ئاندىن تەگسەممۇ كېچىكمەس، — دېدى شۈي خېنىم.

گۇي لەن ماقۇل بولدى. شۈي خېنىم سۈن يىنىڭ يېقىن سىردىشى بولغان كونا سەركەردىلەردىن سۈن گاۋ بىلەن فۇ يىڭنى ھېچكىمگە تۈيغۇزماي خاندانغا چاقىرتىپ، زار - زار قاقشاپ، بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى بايان قىلدى:

— كۈيۈ كىنشى ھايات ۋاقتىدا ئىككىلىرىنىڭ سادىق مەردانىلەر ئىكەنلىكلىرىنى تەرىپلەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. گۇي لەن بىلەن دەي يۈەن دېگەن ئىككى ئوغرى كۈيۈيىمنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، ھەممە گۇناھنى بىيەن خۇڭغا دۆڭگەپ قويدى، ئۆيىمىزدىكى بار - يوق مال - مۈلۈكنى تالان - تاراج قىلىپ، چۆرە - دېدەكلەرنىڭ بىرىنى قويماي بۆلۈشۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈي لەن تېخى ماڭا چاك سېلىۋاتىدۇ، مەن يالغاندىن ماقۇل دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويدۇم. ئىككىلىرى بۈگۈن كېچىدىن قالدۇرماي ۋۇ بېگىمگە كىشى ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى مەلۇم قىلسىلا، ئاندىن بۇ ئىككى ئوغرىنى بىر ئامال قىلىپ يوقىتىپ، مېنى بۇ ئار ـ نومۇستىن قۇتقۇزۇپ قىلىشسىلا، ئىككىلىرىنىڭ بۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيالىقتا ئۇنتۇمايمەن.

شۈي خېنىم ئەھۋالنى بايان قىلىپ بولۇپ، يەنە بىر قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. سۈن گاۋ بىلەن فۇ يىڭ تەڭلا كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— بىز سۈن يى بېگىمنىڭ دۆلىتىنى كۆپ كۆرگەن، ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە قاراپ تۇرغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى ئۇلاردىن ئىنتىقامنى بىراقلا ئېلىش ئىدى، مانا ئەمدى خېنىمنىڭ بۇيرۇقىنى پەرمانبەردار ئورۇندايمىز، — دېدى.

بۇ ئىككىيلەن ھېچكىمگە تۇيغۇزماستىن ئەڭ ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى دەرھال سۈن چۈەننىڭ قېشىغا ماڭغۇزدى. سۈن يىنىڭ قىرقى توشقان كۈنى شۈي خېنىم سۈن گاۋ بىلەن فۇ يىڭنى چاقىرىپ، ئىچكەركى ھوجرىدا چىمىلدىقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى، نەزىر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مېھمانخانىنى راسلىدى، نەزىر تۈگىگەندىن كېيىن قارىلىق كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، بويىنى شاھادەت سۈيىگە سېلىپ، ياسىنىپ ـ تارىنىپ، تازا چىرايلىق جابدۇندى، كۈلۈپ ـ ئېچىلىپ يۈرۈپ، قىلچە چاندۇرمىدى.

گۈي لەن ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى. كەچ كىرگەندە شۈي خېنىم ئۆزىنىڭ بىر چۆرىسىنى ئەۋەتىپ گۈي لەننى خاندانغا چاقىرتىپ كەلدى، مېھمانخانىغا چاي، شاراب راسلاپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. گۈي لەن تازا ئىچىپ مەست بولغاندا، شۈي خېنىم ئۇنى ئىچكەركى ھوجرىغا تەكلىپ قىلدى. گۈي لەن خۇشاللىقىدا دەلدەڭشىپ ھوجرىغا كىردى. گۈي لەننىڭ كىرىشى بىلەنلا شۈي خېنىم:

— قېنى ئىككى پالۋان! — دەپ ۋارقىرىدى سۇن گاۋ بىلەن فۇ يىڭنى چاقىرىپ.

ئىككى پالۋان قوللىرىغا قىلىچ تۇتقان هالدا چىمىلدىقنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقتى. گۇي لەن دەندىرەكلەپ قالدى، فۇ يىڭ كېلىپ ئۇنى قىلىچ بىلەن بىرنى چېپىپ يەرگە يىقىتتى، ئارقىدىن سۇن گاۋ يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنى يەر چىشلەتتى. شۇي خېنىم ئەمدى دەي يۈەننى مەرىكە - سورۇنغا چاقىردى. دەي يۈەن خاندانغا كېلىپ، مېهمانخانىغا كىرىپ بولغۇچە، سۇن گاۋ بىلەن فۇ يىڭ ئۇنى جايلىۋەتتى. ئاندىن ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ ئىككى مەلئۇننىڭ بالا - ۋاقىسى بىلەن مۈرىت - پۈرىتلىرىنى قويماي قىرىپ تاشلىدى. شۇي خېنىم باشقىلاتىن قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، گۇي لەن بىلەن دەي يۈەننىڭ كاللىسىنى سۇن يىنىڭ ئەرۋاهلىقى ئالدىغا قويۇپ قويدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سۇن چۈەن لەشكىرىنى ئېلىپ دەنياڭغا يېتىپ كەلدى، شۇي خېنىمنىڭ گۇي لەن بىلەن دەي يۈەننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇش بولدى، سۇن گاۋ بىلەن فۇ يىڭنى قارارگاھ سەركەردىلىكىگە كۆتۈرۈپ، دەنياڭنى ساقلاشقا قالدۇردى، شۇي خېنىمنى بولسا، ئۆز پاناهىدا ساقلاش ئۈچۈن، ئۆزى بىللە ئېلىپ يۇرتقا قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جياڭدۇڭ بەگلىكىدە هەممە كىشى شۇي خېنىمنى ماختايدىغان بولۇپ كەتتى. كېيىنكىلەرمۇ مۇنداق بىر نەزمە يېزىپ، تەرىپلەيدىغان بولۇپ كەتكەن:

*ئەقىلدار ئىپپەتتە يوق بۇل مەزلۇمەنىڭ تەڭدىشى،*
*تۇگىشىپ پۈتتى جىمى بۇزۇق سىپاهلارنىڭ ئىشى.*
*ئەگىشىپ ماڭغاچقا دۆتلەرگە ۋاپادارلار ئۆلۈپ،*
*تەڭ كېلەلمەس بولدى ۋۇنىڭ پالۋانغا كىشى.*

كۈنچىقىش ۋۇنىڭ هەممە يېرىدىكى ئوغرى - قاراقچىلار

www.uyghurkitap.com

بېسىقتۇرۇلدى. دەرياغا 7000 دىن ئارتۇق ئۇرۇش كېمىسى سېلىندى. سۇن چۈەن جۇ يۈينى بۇيۇك تۇتۇقبەگلىككە تەيىنلەپ، جياڭدۇڭدىكى سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرىگە باش قىلىپ تىكلىدى. جيەنئەننىڭ 12 ـ يىلى قىش 10 ـ ئاي كۈنلىرىدە سۇن چۈەننىڭ ئانىسى ۋۇ خېنىم قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، جۇ يۈي بىلەن جاڭ جاۋنى ئۆز يېنىغا چاقىرتىپ كېلىپ مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى:

— مېنىڭ تەكتىم كۈنچىقىش ۋۇلۇق، كىچىكىمدە ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كېتىپ، ئىنىم ۋۇ جىڭ بىلەن يۈەگە جايلىشىپ قالغان. كېيىن سۇن جيەن بېگىمگە تېگىپ، تۆت بالا تۇغدۇم. چوڭ ئوغلۇم سۇن تىسېنى تۇغقاندا، چۈشۈمدە ئاينىڭ قوينۇمغا كىرگەنلىكى ئايان بولدى، كېيىن ئىككىنچى ئوغلۇم سۇن چۈەننى تۇغقاندا، چۈشۈمدە كۈننىڭ قوينۇمغا كىرگەنلىكى ئايان بولدى. پالچىلار پال ئېچىپ: «چۈشىدە كۈن بىلەن ئاينىڭ قوينىغا كىرگەنلىكى ئايان بولغان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئېسىل مەرتىۋىگە ئۆلىشىدۇ» دېگەنىدى. بەختىمگە قارشى چوڭ ئوغلۇم سۇن تىسې بالدۇر ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن جياڭدۇڭنىڭ ھۆكۈمدارلىقى سۇن چۈەنگە قالدى. ھەرقايسىڭلارنىڭ سۇن چۈەنگە يار ـ مەدەتكار بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداق قىلساڭلار ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايدۇ!

ئۇ يەنە سۇن چۈەنگىمۇ:

— سەن بالام جاڭ جاۋ، جۇ يۈينى ئۇستاز قاتارىدا كۆرۈپ، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلغىن، ھەرگىز گەدەنكەشلىك قىلما. مېنىڭ سىڭلىممۇ سېنىڭ ئاتاڭغا تەگكەن، شۇڭا ئۇمۇ سېنىڭ ئۆز ئاناڭغا ئوخشاش؛ مەن ئۆلۈپ كەتسەم، سىڭلىمنى مېنى كۆرگەندەك كۆرگىن. ئۆز سىڭلىڭنىمۇ ئوبدان بېقىپ، ئوبدانراق بىر لايىق تېپىپ ئاندىن ياتلىق قىلغايسەن، —

دەپ ۋەسىيەت قىلدى، ۋەسىيەتتىن كېيىنلا جان ئۈزدى. سۈن چۈەن يىغلاپ داد - پەرياد قىلدى، قايغۇ - ئەلەملەر ئىچىدە ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۈزاتتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۈرۈپ تۇرسۇن.

كېلەر يىلى كۆكلەم پەسلىدە، سۈن چۈەن خۋاڭزۇغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا كېڭەش ئېلىپ باردى.

— مۇسىبەت بولغىنىغا بىر يىل توشماي تۇرۇپ، جەڭگە چىققىلى بولمايدۇ، — دېگەن مەسلىھەتنى بەردى جاڭ جاۋ.

— يىلى توشمىدى دەپ، ئىنتىقامنى ئالماي ئولتۇرغىلى بولامدىكەن؟ — دېدى جۇ يۈي.

سۈن چۈەن ئىككىلىنىپ قالدى، دەل شۇ چاغدا يۈقىرىدىن تىنچلاندۇرغۇچى سەر لەشكەر لۈ مېڭ كىرىپ سۈن چۈەنگە مەلۇم قىلدى:

— مەن لۇڭچيۈدىكى ئېغىزنى ساقلاپ تۇرغانىدىم، بىردىنلا خۇاڭ زۇنىڭ يان سەركەردىسى گەن نىڭ كېلىپ ئەل بولغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىنچىكىلەپ سوراپ چىقتىم: ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى شىڭبا ئىكەن، ئۆزى باجۈن دىيارىنىڭ لىنجياڭ دېگەن يېرىدىن ئىكەن؛ كىتاب - دەستۇرلەرنى پىششىق ئوقۇغان، كۈچتۈنگۈر، ئەل كېزىپ يۈرۈشكە خۇشتار ئادەم ئىكەن؛ ھەر يەردە ئېقىپ يۈرگەن ماكانسىز سەرگەردانلارنى ئارقىغا سېلىۋېلىپ، شەھەرمۇشەھەر پوپاڭ چىقىرىپ يۈرگەنىكەن؛ بېلىگە مىس قوڭغۇراق ئېسىۋالاتتىكەن، كىشىلەر بۇ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ قالسا، گۇرۇلدەپ ھەرياققا قېچىشاتتىكەن. كېيىن يەنە شىچۈەننىڭ مەشۇتىدىن يەلكەن - چىمىلدىق ياساپ ساتىدىغان ئوقەتكە كىرىشىۋاپتىكەن، زامانىسىدىكى كىشىلەر ئۇنى «يەلكەن ساتار قاراقچى» دەپ ئاتىشىۋاپتىكەن. كېيىن، ئۆتمۈشتە قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە تۆۋە قىلىپ، يامانلىق يولىدىن كېچىپ

ياخشىلىق يولىغا كىرىپ، ئادەملىرى بىلەنلا لىۋ بىياۋغا قوشۇلغانىكەن. بىراق، لىۋ بىياۋ بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دۆڭژۇلۇقلارغا قوشۇلماقچى بولۇپ كېلىشىۋاتقاندا، خۇاڭ زۇ تۇتۇۋېلىپ شياكۇدا قالدۇرۇپ كېتىپتىكەن. ئۆتكەندە كۇنچىقىش ۋۇلۇقلار خۇاڭ زۇنى ۋەيران قىلغاندا خۇاڭ زۇ گەن نىڭنىڭ كۈچى بىلەن قۇتۇلۇپ شياكۇغا كېلىۋاپتىكەن؛ شۇنداقتىمۇ خۇاڭ زۇ ئۇنى بەك خارلاپ، كۆزگە ئىلمىغانىكەن. تۇتۇقبەگ سۇ فېي ئۇنى تەرىپلەپ خۇاڭ زۇغا بىرقانچە قېتىم تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، خۇاڭ زۇ: «گەن نىڭ دېگەن بىر قاراقچى تۇرسا، قانداقمۇ ئىشەنچ قىلىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكىلى بولسۇن!» دەپ قېقىشۋەتكەنىكەن، شۇڭا گەن نىڭ خۇاڭ زۇنى بەك يامان كۆرىدىغان بولۇپ كېتىپتىكەن. سۇ فېي بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، گەن نىڭنى چايغا چاقىرىپ: «مەن سىزنى بىرقانچە قېتىم تونۇشتۇرۇپ باقتىم، خۇاڭ زۇ غوجام پىسەنت كۆرمىدى. ئاي - كۈن ئۇزاق، ئادەم ئۇزاق ياشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، يىراق يەرلەرگە ئۆزىڭىز بىر يول تاپارسىز. مەن سىزنى يېگىمگە ئېيتىپ جۇشيەن ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا تونۇشتۇراي، قالغان ئىشنى ئۆزىڭىز ئەپلەڭ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گەن نىڭ شياكۇدىن ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان، ئۇ جياڭدۇڭلۇقلارغا قوشۇلماقچى بولۇپ كەپتۇ. شۇغىنىسى ئۇ جياڭدۇڭلۇقلار مېنى خۇاڭ زۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان، لىڭ ساۋنى ئۆلتۈرگەن دەپ يامان قىلارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىدىكەن. مەن ئۇ كىشىگە: «سۈن چۈەن غوجام دانىشمەنلەرگە ناھايىتى تەشنا، كونا ئاداۋەتنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەركىم ئۆز غوجىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۈزىسىدىن بولغان ئىش تۇرسا، سىزگە نېمىدەپ ئاداۋەت ساقلىغۇدەك؟» دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن گەن نىڭ خۇش بولۇپ، ئادەملىرى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، غوجام

بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ئەمدى بىر قارارغا كەلسىلە، تەقسىر.

سۈن چۈەن تازا خۇش بولۇپ:

— ئەمدى گەن نىڭگە ئۆلىشىپتىمەن، خۇاڭ زۇنى يوقاتماق ئاسان بولىدىغان بولدى، — دەۋەتتى ۋە لۇ مېڭغا گەن نىڭنى باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇدى. گەن نىڭ كىرىپ سالام بېرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، سۈن چۈەن ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىز مېنى بەك خۇشال قىلدى، سىزگە ئاداۋەت ساقلاپ نېمە قىلاتتىم! ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭ. سىزنىڭ خۇاڭ زۇنى يوقىتىشقا ئەقىل كۆرسىتىشىڭىزنى تىلەيمەن، — دېدى.

— ھازىر خەن خاندانلىقى خارابلىشىپ خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالدى، ساۋ ساۋنىڭ ئوردا ھاكىمىيىتىدىكى چاڭ سالىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. نەنجىڭ تەۋەسىنى ساۋ ساۋ قولغا چۈشۈرمەي قالمايدۇ. لىيۇ بياۋ يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەخمەقرەق نېمىلەر، ئاتىسىنىڭ ئىزىنى باسالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، جانابلىرى بالدۇرراق تۇتۇش قىلغانلىرى تۈزۈك؛ ئەگەر كېچىكىپ قالسىلا، ساۋ ساۋ ئىشنى ئەپلەپ بولىدۇ. ھازىر ئالدى بىلەن خۇاڭ زۇنى بابلاش كېرەك. خۇاڭ زۇ قېرىپ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، پۇل - مالدىن باشقىسىنى ئويلىمايدۇ؛ ئەلنى خارلاپ، ھەممە كىشىنىڭ لەنىتىگە قېلىپ قالدى؛ ھازىر ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا ھېچقانداق تەييارلىقى يوق، لەشكەرلىرىدە تەرتىپ - ئىنتىزام دېگەن نەرسىمۇ يوق. جانابلىرى ئەگەر يۈرۈشنى باشلىسىلا، چوقۇم ئۇنى يېڭىپ چۈشىدىلا. خۇاڭ زۇنىڭ لەشكىرىنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇدۇل كۇنپېتىشقا يول تارتىپ، چۇگۇەن قورۇلىنى ساقلاش كېرەك، ئاندىن با، شۇ تەۋەلىرىنى ئىلىش كېرەك، مانا شۇ چاغدا سەلتەنەت تەختى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ، — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەقىل كۆرسەتتى گەن نىلىك.

— بۇ ئالتۇندىن قىممەت گەپلەر بولدى! — دېدى سۈن چۈەن.

سۈن چۈەن ئەمدى جۇ يۈينى بۈيۈك تۇتۇقبەگ قىلىپ تەيىنلەپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرىگە باش قىلدى؛ لۇ مېڭنى ئالدى قوشۇننىڭ تۇرشاۋۇللۇقىغا بەلگىلىدى؛ دۇڭ شى بىلەن گەن نىڭنى ياردەمچى سەركەردە قىلىپ بەلگىلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن سۈن چۈەن 10 تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ، خۇاڭ زۇنى يوقىتىش ئۈچۈن سەپ تارتىپ ماڭدى.

ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى دەرھال جياڭشياغا يەتكۈزدى. خۇاڭ زۇ دەرھال ئادەملىرىنى يىغىپ كېڭەشتى، سۇ فېينى ئالىي سەركەردە قىلىپ، چېن جيۇ بىلەن دېڭ لۇڭنى تۇرشاۋۇللۇققا تەيىنلەپ، جياڭشيادىكى لەشكەرنىڭ بارى - يوقىنى بۇ كېلىشۋاتقان ياۋغا قارشى سەپ ئادەستە قىلدى. چېن جيۇ بىلەن دېڭ لۇڭ بىر قاتاردىن كېمىنى باشلاپ مىيەنكۈنى توسۇپ تۇردى، كېمىلەرنىڭ ھەر بىرىگە 1000 دىن ئارتۇق كوچلۇك تەپكىلىك يانى ئورۇنلاشتۇردى ۋە كېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ سۇ ئۈستىگە لەيلىتىپ قويۇشتى.

سۈن چۈەننىڭ لەشكىرى يېتىپ كەلدى، كېمە ئۈستىدە دۇمباق چېلىنىشى بىلەن ئوقيالار ۋىڭىلداپ ئېتىلىشقا باشلىدى، سۈن چۈەننىڭ لەشكەرلىرى يېقىن كېلەلمەي، سۇ ئۈستىدە ئالاھەزەل بىرنەچچە چاقىرىم يىراقلىققا چېكىندى. بۇ چاغدا گەن نىڭ:

— مۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئالغا ئىلگىرىلىمىسەك بولماس، — دېدى دۇڭ شىغا.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرەر يۈزدىن ئارتۇق قېيىقنى ئايرىپ، ھەربىر قېيىققا 50 تىن خىل لەشكەرنى سالدى: 20 لەشكەر قېيىقنى ھەيدەشكە مەسئۇل بولدى، 30 لەشكەر قۇياق تونلىرىنى

كېيىن، قوللىرىغا قىلىچلىرىنى تۇتۇپ، تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ۋە تاشلارغا قارىماي، ئۇدۇل ھېلىقى چېتىپ قويۇلغان كېمىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئارغامچىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، چېتىق كېمىلەر يېشىلىپ پاتپاراق بولۇپ كەتتى. گەن نىڭ بىر كېمىگە ئۆچقاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، دېڭ لۇڭنى چېپىپ تاشلىدى. چېن جيۇ كېمىنى تاشلاپ قاچتى. لۇ مېڭ بۇنى كۆرۈپ، قېيىقلاردىن بىرىگە سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئۆزى پالاق تۇتۇپ كېمىلەر توپىغا بېسىپ كىرىپ، كېمىلەرگە ئوت قويۇۋەتتى. چېن جيۇ ئەمدىلا قىرغاققا چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، لۇ مېڭ ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قىلىچ بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، چېن جيۇ ئوڭدىسىغا چۈشتى. سۇ فېي ھەمدەملىشىش ئۈچۈن لەشكىرىنى باشلاپ قىرغاققا يېتىپ بارغۇچە، سۈن چۈەننىڭ سەركەردىلىرى بوراندەك ئېتىلىپ قىرغاققا چىقىپ بولدى. خۇاڭ زۇنىڭ لەشكىرى قاتتىق يېڭىلدى. ھولۇقۇپ قاچقان سۇ فېي دەل سۈن چۈەننىڭ ئالىي سەركەردىسى پەن جاڭ پالۋانغا دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئىككىسى تۇتۇشۇپ بىرقانچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، پەن جاڭ ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇدۇل سۈن چۈەننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. سۈن چۈەن ئادەملىرىگە ئۇنى كۆشۈككە سېلىپ، خۇاڭ زۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى بىرلىكتە ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئۈچ قوشۇن كېچە ـ كۈندۈز دېمەي مېڭىپ، شياكۇنى ئېلىشقا يول ئالدى. دەرھەقىقەت:

*يەكلىگەچ خۇاڭ زۇ بېگىم يەلكەن ساتار قاراقچىنى،*
*كەلدى جياڭدۇڭلۇقنى باشلاپ ئۆزدى كېمە ئارغامچىنى.*

خۇاڭ زۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

## بەگزادىنىڭ جىڭجۇ شەھرىدە ئۈچ قېتىم ئامال سورىغانلىقى
## مۇشاۋىرنىڭ بۇۋاق تۆپىلىكىدە جەڭ قىلىش ماھارىتىنى تۆنجى قېتىم ئىشلەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، سۈن چۈەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ شياكۇغا باستۇرۇپ كىرىپ، خۇاڭ زۇنىڭ لەشكىرىنى تىرىپىرەن قىلدى، شەھەرنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن خۇاڭ زۇ جياڭشيانى تاشلاپ جىڭجۇغا قاراپ ماڭدى. خۇاڭ زۇنىڭ جەزمەن جىڭجۇغا كېلىدىغانلىقىنى پەملىگەن گەن نىڭ شەھەرنىڭ كۈنچىقىش قوۋۇقىغا لەشكەر مۆكتۈرۈپ قويۇپ كۈتۈپ تۇردى. خۇاڭ زۇ بىرنەچچە ئونلىغان ئاتلىق لەشكەر بىلەن كۈنچىقىش قوۋۇقتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، گەن نىڭ ئايغاي سېلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا گۈپۈرلەپ چىقتى.

— ھاي گەن نىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى خۇاڭ زۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، — مەن ساڭا ياخشىلىق قىلغان ئەمەسمۇ، ئۆتتۈپ قالدىڭمۇ، بۈگۈن ئالدىمنى توسۇپ نېمە قىلماقچىسەن؟

— مەنمۇ جياڭشيادىكى ۋاقتىمدا ساڭا كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەنىدىمغۇ، ئەمما، سەن مېنى «دەريا بۇلاڭچىسى» دەپ خارلايتتىڭ، ئەمدى نېمە دەيسەن! — دېدى ۋارقىراپ گەن نىڭ.

خۇاڭ زۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، دەررۇ كەينىگە

ياندى. گەن نىڭ لەشكەرلەر ئارىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپ، خۇاڭ زۇنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ ماڭدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ كەينىدىن چۇقان كۆتۈرۈپ يەنە بىرنەچچە ئاتلىق چېپىپ كەلدى. گەن نىڭ شۇنداق قارىسا، بۇ چېڭ پۇ ئىكەن. گەن نىڭ ئۇنى تەييارغا ھەييار بولۇۋالمىسۇن دەپ قارامىلىق قىلىپ، ئىتتىك يايىنى ئالدى ـ دە، كىرىچىنى تارتىپ تۇرۇپ خۇاڭ زۇغا بىر ئېتىۋىدى، خۇاڭ زۇ ئات ئۈستىدىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى، گەن نىڭ بېرىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى گاچ قىلىپ ئۈزۈۋالدى ـ دە، چېڭ پۇ بىلەن بىللە ئۇدۇل سۇن چۈەننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.
سۇن چۈەن جياڭدۇڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئاتىسى مەرھۇمنىڭ ئەرۋاھى ئۈچۈن نەزىر قىلىشنى كۆزلەپ، ئادەملىرىگە باشنى بىر ساندۇققا قاچىلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇ ئۈچ قوشۇننى تارتۇقلاپ، گەن نىڭنى سەرلەشكەرلىككە كۆتۈردى. جياڭشيانى ساقلاشقا لەشكەر ئاجراتماقچى بولغانلىقىنى مەسلىھەتكە سالدى.
— بۇ يالغۇز شەھەرنى ساقلاشقا بولمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى جاڭ جاۋ، — ئۇنىڭدىن كۆرە جياڭدۇڭغا قايتقىنىمىز تۈزۈك. ليۇ بياۋ بىزنىڭ خۇاڭ زۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىمىزنى ئاڭلىسا، چوقۇم لەشكەر تارتىپ ئۆچ ئالغىلى كېلىدۇ؛ بىز دەم ئېلىپ، ئۆزىمىزنى سەل ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن يىراقتىن كەلگەن ليۇ بياۋغا تېگىش قىلساق، ئۇنى گەپ ـ سۆز يوق يېڭىپ قويىمىز؛ ليۇ بياۋغا ئۇ يېڭىلگەندىن كېيىن ئارقىدىن تېگىش قىلساق، جىڭشياڭنى ئاسانلا ئېلىۋالىمىز.
سۇن چۈەن بۇ مەسلىھەتكە كىرىپ، جياڭشيانى ساقلاشتىن كەچتى ۋە لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ جياڭدۇڭغا قايتتى.
سۇ فېي كۆشۈك ھارۋىدا كېتىۋېتىپ، گەن نىڭدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تىلەپ، بىراۋدىن ئۇنىڭغا ئاستاغىنا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش ئالدىرىسى

ئېيتقۇزدى.

— سۇ قىېي دېمىسىمۇ ئۇنى مەن ئۇنتالامتىم؟ — دېدى گەن نىڭ ئېيتقۇچىغا.

لەشكەر ۋۇخۇيغا يېتىپ كەلگەندە، سۇن چۇەن ئادەملىرىگە سۇ قىېينىڭ كالللىسىنى ئېلىپ، خۇاڭ زۇنىڭ كالللىسى بىلەن بىرگە ئاتىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. گەن نىڭ ئاڭلاپ، دەرھال سۇن چۇەننىڭ قېشىغا كىردى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

— بېگىم، ئەگەر مېنى سۇ قىېي قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسا، مېنىڭ قۇيرۇقۇمنى قۇم بېسىپ كەتكەن بولاتتى، پېقىر جانابلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولمىغان بولاتتى! سۇ قىېينىڭ گۇناھى ئۆلۈمگە لايىق ئەلۋەتتە! بىراق ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقى ئاز ئەمەس، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن، مېنى ئەمەلىمدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ گۇناھىغا تۆش قىلسىلا، تەقسىر، — دەپ سۇ قىېينىڭ گۇناھىنى تىلىدى.

— ئەگەر سىزگە ياخشىلىق قىلغان يېرى بولسا، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلسامۇ قىلاي. بىراق ئۇ قېچىپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى سۇن چۇەن.

— ئەگەر ئۇنىڭ جېنى ئامانلا قالىدىغان ئىش بولسا، خۇشاللىقىدىن ھەرگىزمۇ قاچمايدۇ! ئەگەر قېچىپ كەتسە، پېقىر بېشىم بىلەن جاۋاب قىلىمەن، — دېدى ۋە دە بېرىپ گەن نىڭ.

سۇن چۇەن سۇ قىېيغا كەڭچىلىك قىلدى، خۇاڭ زۇنىڭ كالللىسىنى بولسا ئاتىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلدى، ئاندىن ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەرنى يىغىپ چوڭ مەرىكە - سورۇن ئۆتكۈزۈپ ئەجىر - تۆھپىلەرنى قۇتلۇقلىدى. مەي ئىچىش باشلىنىپ، سورۇن تازا قىزىۋاتقاندا، سورۇن ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى ۋە شەمشەر كۆتۈرۈپ

گەن نىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. گەن نىڭ دەرھال ئاستىدىكى ئورۇندۇقنى ئېلىپ ئۇنى توستى. سۇن چۈەن چۆچۈپ قارىدى، قارىسا، بۇ لىڭ تۇڭ دېگەن ئادەم ئىكەن. گەن نىڭ جياڭشيادىكى ۋاقتىدا لىڭ تۇڭنىڭ ئاتىسىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇگۈن بۇ يەردە ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولغان. سۇن چۈەن لىڭ تۇڭنى ئىتتىك توسۇۋالدى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— گەن نىڭ ئوقيا بىلەن ئاتىڭىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، شۇ چاغدا ھەركىمنىڭ ئۆز غوجىسى بولغاچقا، ھەركىم ئۆز غوجىسى ئۈچۈن كۈچ چىقارمىسا بولامدۇ؟ ئەمدى ھەممىمىز بىر ئائىلىنىڭ ئادىمى بولۇپ قالدۇق، ئۆز ئادىمىدىن ئىنتىقام ئالىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟ مېنى دېسىڭىز، ھەرقانداق ئېغىر ئىش بولسىمۇ كۆڭلىڭىزدىن كۆتۈرۈۋېتىڭ، — دېدى.

— بۇ قانلىق ئىنتىقامنى ئالماي قانداق چىدايمەن! — دېدى لىڭ تۇڭ تەزىم بىلەن ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ.

سۇن چۈەن ۋە باشقا بەگلەر ئۇستى - ئۇستىگە نەسىھەت قىلىپ ۋە تەسەللى بېرىپ، لىڭ تۇڭنى تەسلىكتە توختىتىۋالدى، لىڭ تۇڭ نائىلاج توختاپ، غەزەپ كۆزلىرى بىلەن گەن نىڭغا تىكىلگىنىچە قېلىۋەردى. سۇن چۈەن گەن نىڭنى لىڭ تۇڭنىڭ كۆزىدىن يىتتۈرۈش ئۈچۈن، شۇ كۈنىلا 5000 لەشكەر ۋە بىرەر يۈز كېمە بىلەن ئۇنى شياكۇنى ساقلاشقا ماڭغۇزماقچى بولدى. گەن نىڭ تەزىم بىلەن رەھمەت ئېيتىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇدۇل شياكۇغا راۋان بولدى. سۇن چۈەن لىڭ تۇڭغا ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكۈچى سەرلەشكەرلىك مەنسىپىنى بەردى، لىڭ تۇڭ شۇنىڭ بىلەن ئىنتىقامىنى ئالالماي، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان پېتى قالدى. كۈنچىقىش ۋۇ دەريا بويىنى ساقلاش ئۈچۈن، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھەدەپ كېمە - قېيىق ياسىتىپ، تەرەپ -

www.uyghurkitap.com

تەرەپكە لەشكەر قويۇۋەتتى؛ يەنە ۋۇخۇينى ساقلاش ئۈچۈن، سۈن جىڭنى بىر تۈركۈم لەشكەر بىلەن ماڭغۇزدى؛ سۈن چۈەن ئۆزى چوڭ قوشۇننى باشلاپ مېڭىپ، سەيساڭغا بېرىپ جايلاشتى؛ جۇ يۈي بولسا ھەر كۈنى پوياڭ كۆلىدە سۇ لەشكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپ، جەڭگە تەييارلىق كۆردى.

ئەمدى گەپنى ئىككىنچى ياقتىن ئاڭلاڭ. ليۇ بېي جىياڭدۇڭ تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەك ئۈچۈن مەخسۇس تىڭتىڭچى ئەۋەتتى.

— كۈنچىقىش ۋۇ لەشكەرلىرى، — دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى تىڭتىڭچى، — خۇاڭ زۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، سەيساڭغا كېلىپ جايلىشىپتۇ.

ليۇ بېي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، جۇگې لياڭدىن قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. شۇ ئارىدا ليۇ بياۋنىڭ ليۇ بېينى جىڭجۇغا بېرىپ كېڭىشىشكە چاقىرىپ ئەۋەتكەن كىشىسى كىرىپ كەلدى.

— مېنىڭچە، جىياڭدۇڭلۇقلار خۇاڭ زۇنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەنلىكتىن، ليۇ بياۋ ئۇلاردىن قانداق ئىنتىقام ئېلىش توغرىسىدا ئۆزلىرىدىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن چاقىرغان بولسا كېرەك. پېقىر ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ بىللە باراي، قالغان ئىشنى ئۆزۈم جايلايمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

ليۇ بېي بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپ، گۈەن يۈينى شىنيېنى ساقلاشقا قالدۇردى، ئۆزى 500 لەشكەر بىلەن جاڭ فېينى ئېلىپ جىڭجۇغا قاراپ ماڭدى. ليۇ بېي ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ جۇگې لياڭدىن سورىدى:

— ليۇ بياۋ بىلەن كۆرۈشكەندە، نېمىدەپ جاۋاب قىلساق بولىدۇ؟

— ئالدى بىلەن شياڭياڭدا بولغان ئىش توغرىسىدا ئەپۇ

سورىسىلا. ئەگەر ئۇ جانابلىرىنى جياڭدۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇسا، ماقۇل دېمىگەيلا، شىنىيگە قايتىپ قوشۇنلارنى رەتكە سالسىمەن دېگەيلا، — دېدى جۇگې لياڭ ئەقىل كۆرسىتىپ.

ليۇ بېي بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلدى. ئۇ جىڭجۇ شەھىرىگە يېقىن كېلىپ، ئالدى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى يەمخانىغا چۈشتى، جاڭ فېينى شەھەر سىرتىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى جۇگې لياڭ بىلەن شەھەرگە كىرىپ ليۇ بياۋ بىلەن كۆرۈشتى. تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ليۇ بېي ليۇ بياۋدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن كەچۈرۈم سورىدى.

— ئۆزلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. مەن سەي ماۋنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلماقچىدىم، بىراق، ئەلكۈن ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن كەچچىلىك قىلدىم. باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، ئىنىم، — دېدى ليۇ بياۋ.

— بۇ سەي ماۋ سەركەردىنىڭ قىلغان ئىشى بولمىسا كېرەك، تۆۋەندىكىلەرنىڭ قىلغان ئىشى بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ليۇ بېي.

— ئەلھال جياڭشيا قولدىن كەتتى، خۇاڭ زۇ قازاغا ئۇچرىدى. بۇ ئىنتىقامنى ئالماي بولمايدۇ، شۇڭا ئۆزلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرتقانىدىم، — دېدى ليۇ بياۋ.

— خۇاڭ زۇ قوپال ئادەم، ئادەم ئىشلىتىشنى ئۇقمايدۇ، شۇڭا بۇ قازاغا ئۇچرىغان. ئەگەر تۆۋەنگە يۈرۈش قىلساق، يۇقىرىدىن ساۋ ساۋ كېلىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ليۇ بېي.

— مەن قېرىپ قالدىم، قېرىغانسېرى ئاغرىق بېسىپ كېتىۋاتىدۇ، يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشمۇ تەس كېلىۋاتىدۇ، ماڭا ياردەم قىلسىلا، ئەزىز ئىنىم. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، جىڭجۇنىڭ ئىگىسى ئۆزلىرى بولۇپ قالسىلا، — دېدى ليۇ بياۋ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇنداق دېمىسىلە، ئاغا، پېقىر بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۇستۈمگە ئېلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن، — دېدى لىيۇ بېي. جۇگې لياڭ لىيۇ بېيغا كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويىدى. لىيۇ بېي:

— ئالدىرىماي ئويلىنىپ باقاي، بىرەر ياخشى چارە تېپىلىپ قالار، — دېدى ـ دە، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئۇدۇل يەمخانىغا قايتتى.

— لىيۇ بياۋ جىڭجۇنى ئۆزلىرىگە بەرمەكچى بولغاندى، نېمە ئۈچۈن تارتىنىدىلا؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— لىيۇ بياۋ ماڭا مۇشۇنداق مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىۋاتسا، مەن قانداقمۇ ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن ھوقۇقنى تارتىۋالىمەن دەيمەن؟ — دېدى لىيۇ بېي.

— جانابلىرى ھەقىقەتەن ئادالەتپەرۋەر ئىكەنلا! — دېدى جۇگې لياڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ.

مەسلىھەت تازا قىزىۋاتقاندا، بىردىنلا مەلۇمچى كىرىپ، بەگزادە لىيۇ چىنىڭ كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. لىيۇ بېي ئۇنى قوبۇل قىلدى.

لىيۇ چى يىغلاپ تۇرۇپ تەزىم بىلەن يېلىنىپ دېدى:

— ئۆگەي ئانام مېنى سىغدۇرماي جېنىمغا خەۋپ سالىدىغان ئوخشايدۇ، ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، مېنى بۇ خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇۋالسىلا، تاغا.

— بۇ ئۆزىڭىزلارنىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەن، ئوغلۇم، مەندىن سوراپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى لىيۇ بېي.

جۇگې لياڭ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويىدى. لىيۇ بېي جۇگې لياڭدىن بۇ بالىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ ئامالىنى سورىدى.

— بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى ئىكەن، پېقىر بۇ ئىشقا ئارىلىشىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

بىردەمدىن كېيىن لىيۇ بېي لىيۇ چىنى ئۇزىتىپ چىقىپ

كېتىۋېتىپ:

— ئوغلۇم، ئەتە مەن جۇگې لياڭنى قېشىڭىزغا ئەۋەتەي، مۇنداق - مۇنداق قىلىسىڭىز ئۇ كىشى سىزگە چوقۇم بىر ياخشى ئامال تېپىپ بېرىدۇ، — دېدى قۇلىقىغا شىۋىرلاپ.

ليۇ چى رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئەتىسى ليۇ بېي قورسىقىم ئاغرىپ قالدى دەپ يېتىۋېلىپ، جۇگې لياڭنى ئۆز نامىدىن ليۇ چىنىڭ قېشىغا پاتنەھ ئوقۇپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى بولدى. جۇگې لياڭ ماقۇل كېلىپ، بەگزادىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، ئاندىن قورۇغا كىرىپ بەگزادە بىلەن كۆرۈشتى. بەگزادە جۇگې لياڭنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ چاي قويدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ليۇ چى دېدىكى:

— پېقىرنى ئۆگەي ئانام سىغدۇرمىدى، خەلپىتىمنىڭ پېقىرغا بىر يول كۆرسىتىپ، پېقىرنى بۇ خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپ نەچچىلىك بىلەن سورايمەن.

— بۇ يەردە مېھمان سۈپىتى بىلەن تۇرغان بىر ئادەم تۇرسام، قانداقسىگە ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا ئارىلىشالايمەن، ئەگەر بۇ ئىشنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتسە، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى جۇگې لياڭ.

ليۇ چى ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— جانابلىرى مۇبارەك قەدەملىرىنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنلا، پېقىر قاتتىق - قۇرۇقلا ئۇزىتىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، — دەپ جۇگې لياڭنى ئىچكەركى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆيگە باشلاپ كىرىپ مەي قويدى.

— پېقىرنى ئۆگەي ئانام سىغدۇرمىدى، بۇ خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا، خەلپىتىم، — دېدى ليۇ چى مەي ئىچىۋېتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— بۇ ئىشقا بىرنەرسە دېيەلمەيمەن، — دېدى جۇگې لياڭ ۋە يەنە خوشلىشىپ، چىقىپ كېتىشكە ئەپلەندى.

— بىرەر يول كۆرسىتىپ بەرمىسىلىمۇ مەيلى، نېمىدەپ كېتىدىلا، خەلپىتىم؟! — دېدى ليۇ چى.

جۇگې لياڭ باشقىلاتىن ئولتۇردى. ليۇ چى:

— پېقىردا بىر پۈتۈك بار، كۆرۈپ باقسىلا، تەقسىر، — دەپ جۇگې لياڭنى باشلاپ بىر كىچىك راۋاققا ئېلىپ چىقتى.

— پۈتۈك نەدە؟ — دەپ سورىدى جۇگې لياڭ.

— مېنى ئۆگەي ئانام سىغدۇرمايۋاتىدۇ، جېنىمغا چوقۇم خەۋپ يېتىدۇ، بىرئامال قىلىپ پېقىرنى شۇ خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشقا بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ ئايامدىلا؟ — دېدى يەنە يېلىنىپ ليۇ چى يىغلاپ تۇرۇپ.

جۇگې لياڭ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە راۋاقتىن چۈشمەكچى بولۇپ شوتىغا قارىدى، قارىسا شوتا ئاللىقاچان ئېلىپ تاشلانغانىدى، بۇ چاغدا ليۇ چى:

— پېقىر جاتابىلىرىنى بىرەر ياخشى ئامال تېپىپ بېرەمدىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، خەلپىتىمنىڭ بۇ ئىشنىڭ سىرتقى چىقىپ كېتىپ قالسا ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن دەپ، ئېچىدىكىنى ئېيتقۇسى كەلمەيۋاتىدۇ ھەقاچان؛ شۇ تاپتا بۇ يەرگە چىقىۋالدۇق، ئۈستى ئاسمانغا، ئاستى يەرگە تاقاشمايدۇ، جانابلىرىنىڭ ئاغزىدىن گەپ چىقسا مېنىڭلا قۇلىقىمغا كىرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، ئىلتىپات قىلسىلا، خەلپىتىم، — دەپ يېلىندى يەنە.

— «ئانا بىلەن بالىنى يىراقلاشتۇرۇشقا بولماس» دېگەن گەپ بار، بەگزادىمگە قانداق ئەقىل كۆرسىتەلەيمەن؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— خەلپىتىم ماڭا يول كۆرسىتىشنى خالىمىغاندىن كېيىن، مەن چوقۇم جېنىمدىن ئايرىلىمەن، بۇنىڭدىن كۆرە خەلپىتىمنىڭ

ئالدىدا ئۆلگىنىم تۈزۈك، — دەپ خەنجىرىنى ئېلىپ ئۆزىگە سالماقچى بولدى ليۇ چى.

— توختىسىلا، بېگىم، پېقىرنىڭ بىر ياخشى ئامالى بار، — دېدى جۇگې لياڭ دەرھال ليۇ چىنى توسۇپ.

— ئېيتىپ بەرسىلە، خەلپىتىم، خۇش بولاي سىلىدىن، — دېدى ليۇ چى يەنە ئۆتۈنۈپ.

— بەگزادەم، — دېدى خەلپىتىم، — شېن شېڭ بىلەن چۇڭ ئېرنىڭ ھېكايىسى* نى ئاڭلىغان بولغىيتىلا؟ شېن شېڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۆلگەن، چۇڭ ئېر تېشىدا تۇرۇپ ساق قالغان. خۇاڭ زۇ يېقىندىلا قازا تاپتى، جياڭشيانى ساقلايدىغان كىشى يوق، بەگزادەم، ئۆزلىرى نېمىشقا لەشكەرنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ جاينى ساقلاشنى تەلەپ قىلمايدىلا، ئەگەر شۇنداق قىلسىلا، بۇ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالىدىلا.

ليۇ چى يەنە تەزىم ـ تەكرىم قىلىپ رەھمەت ئوقۇدى ۋە ئادەملىرىگە شوتىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ جۇگې لياڭنى راۋاقتىن چۈشۈردى. جۇگې لياڭ خوشلىشىپ قايتىپ بېرىپ، بولغان ئىشلارنى ليۇ بېيغا سۆزلەپ بەردى. ليۇ بېي ئىنتايىن خۇشال بولدى.

ئەتىسى ليۇ چى ئاتىسىغا جياڭشيانى ساقلاپ شۇ يەردە تۇرسامىكەن دېگەن ئارزۇسىنى ئېيتتى. ئاتىسى ليۇ بياۋ ئىككىلىنىپ بىرنەرسە دېيەلمەي، ليۇ بېينى مەسلىھەتكە چاقىردى.

— جياڭشيا مۇھىم يەر، ئۇ يەرنى ليۇ چى بېگىمدىن باشقا

* شېن شېڭ بىلەن چۇڭ ئېرنىڭ ھېكايىسى — بۇ ئىككى ئادەم چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ شيەنگۇڭ بېگىمنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. شيەنگۇڭ كىچىك توقلى لى جى خېنىمنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ ئوغلى شي چىنى ۋەلىئەھد قىلماقچى بولغان، شۇڭلاشقا لى جى خېنىم شېن شېڭ بىلەن چۇڭ ئېرنى بەگكە چېقىپ زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان. شېن شېڭ قېچىپ قۇتۇلۇشنى خالىمىغانلىقتىن، قىيىن ـ قىستاقتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. چۇڭ ئېر باشقا بەگلىككە قېچىپ كەتكەن، كېيىن قايتا كېلىپ، جىن بەگلىكىگە بەگ بولۇپ، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى بەش ھاكىمبەگنىڭ بىرى بولغان.

www.uyghurkitap.com

كىشى ساقلاپ تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت بەگزادىملا لايىق. كۆنچىقىش تۆۋەن تەرەپنىڭ ئىشىنى ئۆزلىرى بىلەن بەگزادىم تۇتسۇن، يېقىر كۆنپېتىش يۇقىرى تەرەپنى تۇتاي، — دېدى لىيۇ بېي مەسلىھەت بېرىپ.

— يېقىندىن بۇيان ساۋ ساۋ يېجۇندە شۇەنۇۋ دېگەن بىر كۆلنى قازدۇرۇپ، سۇ لەشكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇزايىدىن قارىغاندا تۆۋەنگە يۈرۈش قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ، — دېدى لىيۇ بىياۋ.

— يېقىرنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، غەم قىلمىسىلا، ئاغا، — دېدى لىيۇ بېي ۋە خوشلىشىپ شىنيېگە قايتتى. لىيۇ بىياۋ ئوغلى لىيۇ چىنى 3000 لەشكەر بىلەن جياڭشيانى ساقلاشقا يولغا سالدى.

ئەمدى گەپنى ساۋ ساۋدىن ئاڭلاڭ. ئۇ ئۈچ ئۇلۇغ ۋەزىرلىك مەنسىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزى باش ۋەزىر بولۇۋالدى. ماۋ جېنى كۆنچىقىش نازارەتنىڭ نازىرلىقىغا، سۈي يەننى كۆنپېتىش نازارەتنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. سىما يىنى مەرىپەتچىلىككە تەيىنلىدى. سىما يىنىڭ يەنە بىر ئىسمى جۇڭدا بولۇپ، ئۆزى خېنېي ۋىلايىتىدىكى ۋېن دېگەن يەردىن. ئۇ يىڭچۇەن ھاكىمى سىما جۇەننىڭ نەۋرىسى، جىڭجاۋ ئايمىقىنىڭ ئايماق ھاكىمى سىما فاڭنىڭ ئوغلى، دىۋان مىرزىسى سىما لاڭنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. ساۋ ساۋ قەلەمدار بەگلەرنى كەڭرى توپلاپ، ئەلەمدار سىپاھلارنى يىغىپ، تۆۋەنگە يۈرۈش قىلىش ئۈستىدە كېڭەش ئېلىپ باردى.

— يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، — دەپ مەسلىھەت بەردى شيا خۇدۇن، — لىيۇ بېي شىنيېدە ھەر كۈنى دېگۈدەك لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇپ پىشىلدۇرۇۋېتىپتۇ، بۇ كەلگۈسىدە بېشىمىزغا جەزمەن ئاپەت بولىدۇ، ئۇنى بالدۇرراق

يوقىتىشىمىز كېرەك.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتتىن كېيىن، شۇئان شيا خۇدۇننى تۇتۇۋېلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنى مۇھاپىزەتتىكى خاۋلارنى ئورۇنباسار سەركەردىلىككە تەيىنلەپ، 10 تۈمەن لەشكەر بىلەن بوۋاڭچىڭغا بېرىپ، شىنيېنى كۆزىتىشكە بۇيرۇدى.

— ليۇ بېينىڭ ئۆزى بىر قەھرىمان، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇگې لياڭنى مۇشاۋىر قىلىۋاپتۇ، بۇلارنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئاربىدىن تۇرۇپ شۈن يۈي.

— ليۇ بېينىڭ ئۆزى بىر پوق قورساق، ئۇنى ئۆزۈملا تىرىك تۇتۇپ كېلەلەيمەن، — دېدى شيا خۇدۇن.

— ئۇ كىشىنى سەل چاغلىمىسىلا، تەقسىر، ھازىر ئۇ جۇگې لياڭغا ئېرىشىپ، خۇددى يولۋاسقا قانات چىققاندەك بولۇپ كەتتى، — دېدى شۈي شۇ.

— جۇگې لياڭ دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— جۇگې لياڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى كۇڭ مىڭ، تەرىقەت نامى ئەجدىھا خەلپەت. ئۇ شۇنداق پاراسەتلىك بىر كىشى ئىكەنكى، كۆكنى يەر، يەرنى كۆك قىلىشقا قادىر، ئۇنىڭ سېھىرلىك پەنتلىرى گويا بىر مۆجىزە، ئۇ كىشىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى شۈي شۇ.

— جانابىڭىزغا قارىغاندا قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— پېقىر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولامدىكەن؟ پېقىر بىر قارا چىراغ بولسام، جۇگې لياڭ خۇددى كۈنگە ئوخشاش، — دېدى شۈي شۇ.

— شۈي شۇ يېڭىلىشىۋاتىدۇ. مەن جۇگې لياڭنى چۆپرەندىچىلىك كۆرمەيمەن. شۇنداق نېمىدىنمۇ قورقامدىكەن! مەن ليۇ بېي بىلەن جۇگې لياڭنى تىرىك تۇتۇپ كەلمىسەم،

جانابلىرىغا كاللام بىلەن جاۋاب قىلىمەن، — دېدى شىيا خۇدۇن.

— سىز قانچە بۇرۇن خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلسىڭىز، مەن شۇنچە خاتىرجەم بولىمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

شىيا خۇدۇن ساۋ ساۋ بىلەن خوشلاشتى ۋە لەشكەرنى باشلاپ شۇئان يولغا چىقتى.

ئەمدى گەپنى لىيۇ بېيدىن ئاڭلايلى. لىيۇ بېي جۇگې لياڭغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇستاز قاتارىدا كۆرۈپ، بەك قەدىرلەيدىغان بولۇپ كەتتى. گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي بۇنىڭغا نارازى بولۇپ:

— جۇگې لياڭ تېخى كىچىككىلا بىر نەرسە ئىكەن، قانچىلىك نېمىنى بىلەتتى؟ جانابلىرى بۇ نەرسىنى بەك كۆتۈرۈپ كەتتىلە! ئۇنىڭ بىرەر خىسلىتىنى كۆرسەكچۇ كاشكى! — دېدى.

— ئىنىلىرىم، تولا گەپ قىلماڭلار، مېنىڭ جۇگې لياڭغا ئېرىشكەنلىكىم خۇددى بېلىقنىڭ سۇغا ئېرىشكەنلىكىگە ئوخشاش ئىش، — دېدى لىيۇ بېي.

گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي لام ـ جىم دېمەي، جىملا كېتىپ قالدى. بىر كۈنى بىر كىشى بىر بۇقىنىڭ قۇيرۇقىنى سوۋغا قىلىپ كۆتۈرۈپ كىردى، لىيۇ بېي قۇيرۇقنى قولىغا ئېلىپ، قالپاق توقۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا جۇگې لياڭ كىرىپ بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— جانابلىرى، چوڭ ئىشلارنى ئويلايتتىلە. ئەمدى بۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قاپتىلىغۇ؟ — دېدى جىددىيلىك بىلەن.

— مۇشۇ ئىش بىلەن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقارماقچىمەن، — دېدى لىيۇ بېي ۋە قالپاقنى يەرگە تاشلاپ قويدى.

— جانابلىرى، ئۆزلىرىنى ساۋ ساۋ بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردىلىمىكىن؟ — دەپ سورىدى جۇگې لياڭ.

— تەڭ كېلەلمەسمەنمىكىن، — دېدى لىيۇ بېي.

— جانابلىرىنىڭ ئادىمى ئاران بىرنەچچە مىڭلا، ئەگەر ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى كېلىپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— مەن دەل شۇ غەمنى يەپ ئولتۇراتتىم، يا بىرەر ياخشى ئامال تېپىپمۇ قويمىدۇق، — دېدى ليۇ بېي.

— دەرھال لەشكەر ئېلىشىمىز كېرەك، پىقىر كېچە - كۈندۈز ئۆگىتىپ، مەشىق قىلدۇرۇپ، ياۋغا تاقابىل تۇرغۇدەك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

ليۇ بېي شىنيې ئاھالىسىدىن 3000 كىشىنى لەشكەرلىككە ئالدى. جۇگې لياڭ ئەتىسى - ئاخشاملىرى ئۇلارنى سەپكە تىزىلدۇرۇپ، جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگەتتى.

شۇ ئارىدا بىردىنلا ساۋ ساۋ 10 تۈمەن لەشكەر بىلەن شيا خۇدۇننى شىنيېگە ماڭغۇزۇپتۇ دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. جاڭ فېي ئاڭلاپ، گۈەن يۈيگە:

— قېنى، جۇگې لياڭ تۇتۇشۇپ باقسۇن، قانداق قىلىدىكىن، — دېدى.

گەپ ئارىلىقىدا ليۇ بېي بۇ ئىككىسىنى چاقىرتىپ كىرىپ:

— شيا خۇدۇن لەشكەر باشلاپ كېلىۋېتىپتۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

— ئاغا، نېمىشقا «سۇ» نى ئەۋەتمەيمىز؟ — دېدى تەنە بىلەن جاڭ فېي.

— ئەقىل جۇگې لياڭدىن چىقىدۇ، باتۇرلۇق ئىككىمىزلەردىن چىقىدۇ، بۇنىڭغا نېمە تالىشىش كېرەك؟ — دېدى ليۇ بېي.

گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ئىككىسى چىقىپ كەتتى، ليۇ بېي جۇگې لياڭنى چاقىرتىپ كىرىپ مەسلىھەتلەشتى.

— گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېي پىقىرنىڭ بۇيرۇقىغا كىرمەسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن. جانابلىرى ئەگەر لەشكەرنى

www.uyghurkitap.com

جەڭگە ئىشلەت دەيدىكەنلا، بۇيرۇق شەمشەر ـ تامغىسىنى پېقىرغا تۇتقۇزسىلا، — دېدى جۇگې لياڭ.

ليۇ بېي شەمشەر ـ تامغىنى جۇگې لياڭغا تۇتقۇزدى، جۇگې لياڭ پالۋانلارنى يىغىپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

جاڭ فېي بۇ چاغدا گۇەن يۈيگە:

— قېنى ئاتلاپ باقايلى، قانداقسىگە ئورۇنلاشتۇرىدىكىن، — دېدى.

جۇگې لياڭ بۇيرۇقنى چۈشۈردى:

— بوۋاڭنىڭ سول يېقىدا بىر تاغ بار، بۇ تاغ يۈيشەن تېغى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئوڭ يېقىدا بىر ئورمان بار، بۇ ئورمان ئەنلىن ئورمانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ؛ لەشكەرلەرنى مانا مۇشۇ يەرگە مۆكتۈرسەك بولىدۇ. گۇەن يۈي 1000 لەشكەر باشلاپ بېرىپ يۈيشەن تېغىغا مۆكۈنسۇن، ياۋ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە، ئۇرۇشماي ئۆتكۈزۈۋەتسۇن؛ ئۇلارنىڭ ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەكلىرى كەينىدىن يېتىپ كېلىشى مۇمكىن، بۇ چاغدا تۆۋەن تەرەپتىن ئوت چىققانلىقىنى كۆرگەن هامان ئېتىلىپ چىقىپ، ياۋنىڭ ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەكلىرىگە ئوت قويۇۋەتسۇن. جاڭ فېي 1000 لەشكەر باشلاپ ئەنلىن ئورمانلىقىغا بېرىپ، ئورمانلىقنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى جىلغىغا مۆكۈنسۇن، تۆۋەن تەرەپتىن ئوت كۆتۈرۈلگەن هامان ئېتىلىپ چىقىپ، بوۋاڭ شەھىرىدىكى كونا ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەك ساقلىنىدىغان جايغا بېرىپ ئوت قويۇۋەتسۇن. گۇەن پىڭ بىلەن ليۇ فېڭ ئىككىسى 5000 لەشكەرنى باشلاپ مېڭىپ، ئوت تۇتاشتۇرىدىغان نەرسىنى تەييارلاپ قويۇپ، بوۋاڭ تۆپىلىكىنىڭ ئىككى يېقىدا كۈتۈپ ياتسۇن، ئەلياتقۇدا ياۋ لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن ئوت قويسۇن.

جۇگې لياڭ يەنە فەنچېڭ شەھىرىدىن جاۋ يۈننى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى تورشاۋۇل قىلدى ۋە ياۋ بىلەن ئېلىشقاندا ياۋنى

يەڭمەي يىڭىلىپ بىرىشى كىرەكلىكىنى جىكىلەپ ئېيتتى.

— بېگىم، ئۆزلىرى بىر قوشۇننى باشلاپ ھىماتچى بولسىلا، ھەركىم كۆرسەتكەن تەدبىر بويىچە ئىش كۆرسۇن، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشكە زادى بولمايدۇ، — دېدى تەكىتلەپ يەنە جۇگې لياڭ.

— بىز ھەممىمىز ئۇرۇش قىلغىلى بارىدىكەنمىز، ئۇنداق بولسا مۇشاۋىر بېگىم نېمە قىلىدىكەن؟ — دېدى گۇەن يۈي.

— مەن شەھەرنى ساقلاپ قالىمەن، — دېدى جاۋابەن جۇگې لياڭ.

— بىز ھەممىمىز جەڭ قىلغىلى كەتسەك، سىلى ئۆيدە ئولتۇرىدىكەنلىدە، تەقسىر، بەللى! نېمىدېگەن راھەت! — دېدى جاڭ فېي قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— شەمشەر - تامغا قولۇمدا، كىمدە كىم بۇيرۇقنى بۇزىدىكەن، ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دېدى جۇگې لياڭ.

— سىلەر «چېدىردا ئولتۇرۇپ ئامالنى بېكىتىۋالغاندىن كېيىن، ھەرقانداق يىراق جايدىكى جەڭنىڭ غەلىبىسىنىمۇ بەلگىلىگىلى بولىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئىنىلىرىم، سىلەر بۇيرۇققا قىيىق كېلىدىغان ئىشنى زادى قىلماڭلار، — دېدى ليۇ بېي تەكىتلەپ.

جاڭ فېي سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ كەتمەكچى بولدى.

— قېنى ئۇنىڭ تاپقان ئامالىنىمۇ كۆرۈپ باقىلى، كارغا كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، شۇ چاغدا بىرنەرسە دېيىشسەكمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى گۇەن يۈي.

ئىككىسى كېتىپ قالدى. قالغان پالۋانلار جۇگې لياڭنىڭ جەڭدە قوللانغان تەدبىر - پەنتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، بۇيرۇقنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئىشەنچ قىلالماي دېلىغۇل بولۇپ قالدى. جۇگې لياڭ ليۇ بېيغا دېدى:

— جانابلىرى بوگۇن لەشكەرنى باشلاپ بۇۋاڭ تېغىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بېرىپ، لەشكەرنى تاغ ئېتىكىگە ئورۇنلاشتۇرسىلا. ئەتىسى كۆز باغلانغان چاغدا ياۋنىڭ لەشكىرى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۆزلىرى بارگاھنى تاشلاپ كېتىپ قالسىلا. ئوت كۆتۈرۈلگەن ھامان قايتىپ كېلىپ چاپقۇنغا ئۆتسىلە. مەن مى جۇ ۋە مى فاڭ بىلەن 500 لەشكەرنى ئېلىپ ناھىيىنى ساقلاپ تۇرىمەن.

ئاخىردا ئۇ يەنە سۈن چيەن بىلەن جيەن يۇڭنى غەلىبىنى قۇتلۇقلاش مەركىسىگە تەييارلىق كۆرۈپ، «خىزمەت كۆرسەتكەنلەر دەپتىرى» ھازىرلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈگىدى، ليۇ بېيمۇ ئىشەنچ باغلىيالماي، دىلغۇللۇقتا قالدى.

ئەمدى شيا خۇدۇنگە كېلەيلى. ئۇ يۈي جىن بىلەن قوشۇننى باشلاپ بوۋاڭغا كەلگەندىن كېيىن، خىل لەشكەرلەرنى تاللاپ، يېرىمىنى تۇرشاۋۇل قوشۇن قىلىپ ئايرىدى، قالغىنىنى ئاشلىق ھارۋىلىرىنى قوغداپ مېڭىشقا قالدۇردى. بۇ كۈز ئايلىرى بولغاچقا، شامال كۈچ ئىدى. قوشۇنلار ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى، ئالدى ياقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. شيا خۇدۇن لەشكەرنى تارقىلىشقا بۇيرۇپ، باشلامچى سىپاھتىن:

— بۇ قەيەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىمىزدا كۆرۈنۈۋاتقان دۆڭ بوۋاڭ تۆپىلىكى دېگەن تۆپىلىك شۇ، ئۇنىڭ ئارقىسى لۇچۈەنكۇ بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سىپاھ.

شيا خۇدۇن يۈي جىن بىلەن لى ديەننى سەپنى توختىتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. يىراقتىن كېلىۋاتقان لەشكەرنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ، شيا خۇدۇن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلدىلەكىن، سەركەردە بېگىم؟ — دەپ سورىدى

كۆپچىلىك.

— شۈي شۈنىڭ باش ۋەزىر ئالدىدا جۇگې لياڭنى ئەرشتىن چۈشكەن ئادەمدەك ماختاپ كەتكەنلىكىگە كۆلۈۋاتىمەن؛ قېنى، ئەمدى قارىسام ئۇ يولۋاسقا تايغاننى سالغاندەك، نەدىكى سولتەكلەرنى تورشاۋۇل قوشۇن قىلىپ ماڭا قارشى قويۇپتۇ تېخى! مەن باش ۋەزىر ئالدىدا ليۇ بېي بىلەن جۇگې لياڭنى تىرىك تۇتۇپ كېلىمەن دەپ لەۋزە قىلغانىدىم، بۈگۈن شۇ دېگەن گېپىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ ئات قويدى شيا خۇدۇن.

جاۋ يۈنمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئات قويۇپ كەلدى.

— سەنلەرنىڭ ليۇ بېيغا ئەگەشكىنىڭلار خۇددى تۈلكىنىڭ جىن - ئالۋاستىغا ئەگەشكىنىگە ئوخشاش! — دەپ ۋارقىرىدى تىللاپ شيا خۇدۇن.

دەرغەزەپ بولغان جاۋ يۈن ئات سېلىپ مەيدانغا چۈشتى. ئىككىسى ئېلىشتى، بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، جاۋ يۈن يالغاندىن يېڭىلگەندەك بولۇپ مەيداندىن چېكىندى. شيا خۇدۇن ئارقىدىن قوغلىدى. جاۋ يۈن ئون نەچچە چاقىرىم يەرگە بېرىپ، قايتىپ كېلىپ يەنە ئېلىشتى، بىرنەچچە قەپەس ئېلىشىپ يەنە كېتىپ قالدى، بۇ چاغدا خەن خاۋ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— جاۋ يۈن ھىيلە ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مۆكتۈرۈپ قويغان لەشكەرلىرى بولمىسۇن يەنە، — دېدى ئاگاھ بېرىپ.

— ياۋ قوشۇنى شۇنچىلىك بولغاندىن كېيىن، مۆكتۈرۈپ قويغان لەشكەرلىرى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ قورقمايمەن! — دېدى شيا خۇدۇن.

ئۇ خەن خاۋنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، توپتوغرا بوۋاڭ تۆپىلىكىگىچە قوغلاپ باردى، گۈرۈلدىگەن توپ ئاۋازى چىقىشى بىلەنلا، ليۇ بېي لەشكەرنى باشلاپ ھەمدەمگە كەلدى. شيا خۇدۇن

www.uyghurkitap.com

كۆلۈپ خەن خاۋغا:
— بەللى، ئۇنىڭ مۆكتۈرۈپ قويغان لەشكىرى شۇمىكەن!
مەن بۇگۈن كىچە شىنيىگە كىرمىگىچە توختىمايمەن! — دېدى ـ دە،
لەشكىرىنى باشلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ليۇ بېي بىلەن جاۋ
يۈەن چېكىنىپ كەينىگە ياندى.
كەچ كىرىپ، ئاسماننى قويۇق بۇلۇتلار قاپلىدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئايدىڭمۇ ئەمەس ئىدى؛ كېچىنىڭ بورىنى گۈركىرەپ
بارغانسېرى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. شيا خۇدۇن
لەشكەرلىرىنى چاپ ـ چاپ قىلىشقا ھەدەپ ئالدىرىتاتتى. يۈي
جىن بىلەن لى ديەن ئىككى يېقىنى چىغ بېسىپ كەتكەن بىر تار
يەرگە يېتىپ كەلدى.
— ياۋنى سەل چاغلىغان يېڭىلمەي قالماس. جەنۇبنىڭ
يوللىرى تار، ئىككى تەرىپى تاغ، غىچ توقايلىق، ئەگەر ئۇلار
ئوت بىلەن تېگىش قىلسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى لى ديەن
يۈي جىنگە.
— دېگىنىڭىز توغرا، مەن ئالدىغا بېرىپ تۇتۇقبەگ بىلەن
سۆزلىشىپ كېلەي؛ سىز ھىماتچى قوشۇننى توختىتىۋېلىڭ، —
دېدى يۈي جىن.
— ئارقىدىكىلەر ئاستاراق! — دەپ ۋارقىرىدى يۈي جىن
ئېتىنى قايرىپ.
ئۇلار نەدىكىنى توختىتالىسۇن؟
يۈي جىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:
— ھاي تۇرشاۋۇل تۇتۇق، توختاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.
شيا خۇدۇن ئالدىغا قاراپ ئىتتىك كېتىۋاتاتتى،
يۈي جىننىڭ ھىماتچى قوشۇن ياقتىن ئات چاپتۇرۇپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن توختاشنىڭ
سەۋەبىنى سورىدى.
— جەنۇب تەرەپنىڭ يوللىرى تار، — دېدى يۈي جىن، —

ئىككى تەرىپى تاغ، ئىچ توقايلىق، ئوتلۇق ھۇجۇمدىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ.

شىيا خۇدۇن بىردىنلا ھوشىغا كېلىپ دەرھال ئېتىنى بۇراپ، لەشكەرلىرىنى توختاشقا بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا ئارقا تەرەپتىن گۇررىدە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى، شۇنداق قارىسا، يىراقتىن بىر پارچە ئوت لاۋۇلداپ يېنىپ كېلىۋاتاتتى، ئارقىدىنلا ئىككى ياقتىكى چىغلىقمۇ كۆيۈشكە باشلىدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە تۆت ئەتراپنىڭ ھەممىسىدە ئوت يېنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوران چىقىپ، ئوت تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى بىرىنى بىرى دەسسەپ، سان - ساناقسىز لەشكەر ئۆلۈپ كەتتى. جاۋ يۈن لەشكىرىنى قايرىپ كېلىپ چاپ - چاپقا چۈشتى، شىيا خۇدۇن ئىس - تۈتەك ئىچىنى يېرىپ چىقىپ بەدەر قاچتى.

ئەمدى لى ديەنگە كېلەيلى، ئۇ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلدى - دە، بۇۋاڭ شەھىرىگە قاراپ قاچتى، يىراق ئوت يورۇقىدىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ غاچچىدە توستى. بۇ لەشكەرنىڭ باشچىسى ئالىي سەركەردە گۇەن يۈي ئىدى. لى ديەن ئات قويۇپ توپ ئىچىگە كىرىپ، بىر ياقتىن يول تېپىپ چىقىپ كەتتى. يۈي جىن ئاشلىق، يەم - خەشەك توشۇغان ھارۋىلارنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىچىك بىر يولغا كىرىپ بەدەر قاچتى. شىيا خۇلەن بىلەن خەن خاۋ ھارۋىلارنى قۇتقۇلدۇرۇۋالماقچى بولۇپ، جاڭ فېيغا دۇچ كېلىپ قالدى. ئۇلار جاڭ فېي بىلەن بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشتى، بىر چاغدا جاڭ فېي شىيا خۇلەنگە بىر نەيزە ئۇرۇپ، ئۇنى ئاتتىن دومىلىتىپ چۈشۈردى، خەن خاۋ شۇ ئارىدا پارت قىلىپ قېچىپ كەتتى. جەڭ تاڭ ئاتقاندا توختىدى. ئۆلۈكلەر چۆلنى قاپلاپ، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. كېيىنكىلەر بۇ جەڭنى تەسۋىرلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇنداق بىر نەزمە پۈتتى:

*بۇۋاقىدىكى سوقۇشتا دۈشمەن قەپقالدى ئوتقا،*
*قوماندانلىق گويا كى كۆلكە - پاراق ئىچىدە.*
*ئالدى پەملەپ ساۋ ساۋنىڭ يۈرىكىنى - ئىبىسنى،*
*ئۆيدىن چىقىپ ئىشلەتكەن بىرىنچى پەنت ئىچىدە.*

شيا خۇدۇن تىرىپىرەن بولغان لەشكەرلىرىنى يىغىپ - تىرىپ، ئۇدۇل شۇيچاڭغا قايتتى.

ئەمدى جۇگې لياڭغا كېلەيلى. جۇگې لياڭ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ئىككىسى يولدا كېتىۋېتىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ:

— جۇگې لياڭ راستىنلا باتۇر ئىكەن! — دېيىشتى. ئۇلار بىرنەچچە يول ماڭا - ماڭمايلا، كىچىك بىر هارۋىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن كېلىۋاتقان مى جۇ بىلەن مى فاڭغا ئۇچراشتى، هارۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم ئولتۇراتتى، بۇ ئادەم جۇگې لياڭ ئىدى. گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي هارۋىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. كېيىن ليۇ بېي، جاۋ يۈن، ليۇ فېڭ، گۇەن پىڭلارمۇ يېتىپ كەلدى. هەممە قوشۇنلار يىغىلغاندىن كېيىن، قولغا چۈشكەن ئاشلىق، يەم - خەشەك ۋە باشقا نەرسىلەر لەشكەرلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى، ئاندىن هەممە بىرلىكتە ئۇتۇقلار بىلەن شىنيېگە قايتتى. شىنيې ئاهالىسى كوچا - كوچىلارغا چىقىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇشتى ۋە هەممە بىر ئېغىزدىن:

— بىزنىڭ ئامانلىقىمىز ئەربابلىرىمىزنىڭ دانىشمەنگە ئېرىشكەنلىكىدىن بولدى! — دېيىشتى.

جۇگې لياڭ ناهىيىگە كەلگەندىن كېيىن:

— شيا خۇدۇن يېڭىلگىنى بىلەن، ساۋ ساۋ چوقۇم

لاۋلەشكەر تارتىپ كېلىدۇ، — دېدى ليۇ بېيغا.
— ئەگەر كېلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي قايتۇرۇپ.
— ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى كەلسە، ئۇنى تارمار قىلىدىغان بىر ئامالنى تېپىپ قويدۇم، — دېدى جۇگې لياڭ جاۋابەن.
دەرھەقىقەت:

*ياۋنى يېڭىپ جەڭ ئېتىدىن چۇشمەي تېخى،*
*قۇتۇلماققا جەڭدىن تاپتى ئوبدان پەمنى.*

دېگەندەك بولدى. بۇ قانداق پەنت - ئامال ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىرىقىنچى باب

## سەي ئايمىنىڭ جىڭجۇنى ياۋغا تۇتقانلىقى جۇگې لياڭنىڭ شىنيېنى ئۆرتىگەنلىكى

ئەلقىسسە، ليۇ بېي ساۋ ساۋغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنىڭ پەنت - ئامالىنى سورىدى جۇگې لياڭدىن.

— شىنيې بولسا، — دېدى جاۋابەن جۇگې لياڭ، — كىچىك يۇرت، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ. ليۇ بياۋنىڭ ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، جىڭجۇنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ، ۋاقتىنچە پاناھ جاي قىلىپ تۇرمىقىمىز كېرەك، شۇنداق بولغاندا ساۋ ساۋغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

— جانابلىرىنىڭ پىكرى ئاقىل پىكىر بولدى؛ بىراق ليۇ بياۋ ماڭا كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلغان، ئۇنىڭ قولىدىن جىڭجۇنى تارتىۋېلىشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم بارسۇن! — دېدى ليۇ بېي.

— ئەگەر ھازىر ئۇنى تارتىۋالمىساق، كېيىن پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي قالىمىز! — دېدى جۇگې لياڭ.

— ياق، مەن ئۆلسەممۇ مۇنداق يۈز قارىلىق قىلمايمەن، — دېدى ليۇ بېي.

— ئۇنداق بولسا يەنە ئويلىشىپ كۆرەيلى، — دېدى جۇگې لياڭ.

ئەمدى گەپنى شيا خۇدۇندىن ئاڭلاڭ. ئۇ جەڭدە يېڭىلىپ شۇيچاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۆزى باغلىتىپ ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا كىردى ۋە كاللامنى ئالسىلا دەپ ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ساۋ ساۋ ئۇنى بوشاتتى.

— يېقىن جۇگې لياڭنىڭ ھىيلىسىگە چۈشۈپ كېتىپتىمەن، تەقسىر، ئۇ بىزنىڭ لەشكىرىمىزنى ئوتقا تۇتۇپ ۋەيران قىلدى، — دېدى شيا خۇدۇن.

— سىز كىچىككىنىزدىن لەشكەر تۇتۇپ كەلگەن ئادەم تۇرۇپ، تار يولدا ئوتقا تۇتۇلۇپ قېلىش خەۋپى بولىدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— لى دىيەن بىلەن يۈي جىن شۇنداق دېگەنىدى، بىراق كېچىكىپ قېلىپ ئۇلگۇرەلمەي پۇشايمان زەنجىرىگە باغلاندىم! — دېدى شيا خۇدۇن.

ساۋ ساۋ بۇ ئىككىسىنى تارتۇقلىدى.

— ليۇ بېينىڭ مۇنداق غالجىرلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان بىرى بار. ئۇ مەرەزنى دەرھال يوقاتماي بولمايدۇ، — دېدى شيا خۇدۇن.

— مەن ليۇ بېي بىلەن سۈن چۈەندىنلا ئەنسىرەيمەن، قالغانلىرى چاغلىق گەپ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جياڭنەننى تىنچىتىش كېرەك، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن يۈرۈش قىلىشنى پەرمايىش قىلدى، ساۋ رېن بىلەن ساۋ خۇڭنى بىرىنچى سەپكە، جاڭ لياۋ بىلەن جاڭ خېنى ئىككىنچى سەپكە، شيا خۇيۈەن بىلەن شيا خۇدۇننى ئۈچىنچى سەپكە، يۈي جىن بىلەن لى دىيەننى تۆتىنچى سەپكە باش قىلدى، ساۋ ساۋ ئۆزى باشقا سەركەردىلەرنى يېنىغا ئېلىپ، بەشىنچى سەپنى باشلاپ ماڭماقچى بولدى: ھەربىر سەپكە 10 تۈمەن لەشكەر ئاجراتتى. يەنە شۈي چۇنى قۇر بېگىلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇنى 3000 لەشكەر بىلەن تۇرشاۋۇل بولۇپ مېڭىشقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بەلگىلىدى. شۇنداق قىلىپ جيەنئەننىڭ 13 ـ يىلى كۈز پەسلى 7 ـ ئاينىڭ ئات كۈنى جەڭگە ئاتلىنىدىغان كۈن قىلىپ بېكىتىلدى. كېڭەشتىكى كۆك رۇڭ:

— ليۇ بېي بىلەن ليۇ بياۋ ھەر ئىككىسى خان ئائىلىلىرىنىڭ يېقىن پۇشتى، ئۇلارغا ئاسانلىقچە چېقىلغىلى بولمايدۇ؛ سۈن چۈەن بولسا ئالتە ۋىلايەتنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريايى ئەزىمدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنى يېڭىشمۇ ئاسان ئەمەس. جانابلىرى ئەگەر يولسىزلىق بىلەن لەشكەر تارتىپ بارسىلا، جاھان ئەھلىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان ئىش بولۇپ قالارمىكىن دەيمەن، — دېدى نەسىھەتكە تىلىنى ئېچىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ليۇ بېي، ليۇ بياۋ، سۈن چۈەن بۇ ئۈچىسىنىڭ ھەممىسى تەتۈر يول تۇتقان بۇزۇق ئوغرىلار، ئۇلارغا نېمىشقا تەگكىلى بولمىغۇدەك! — دەپ ۋارقىراپ كۆك رۇڭنى چىقىرىۋەتتى ۋە، — يەنە بۇ توغرىدا ئىلتىجا قىلغۇچىلار بولسا، كاللىسىنى ئالىمەن! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

كۆك رۇڭ مەھكىمىدىن چىقىپ، ئاسمانغا قاراپ ئۇھ تارتىپ:

— ئادالەتسىز ئادالەتلىككە تەگسە، يېڭىلمەي قالامدۇ! — دېدى.

ئۇردىنىڭ باش تەپتىشىدىكى شى لۈينىڭ يۇندىخورى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ، دەررۇ كېلىپ شى لۈيگە مەلۇم قىلدى. كۆك رۇڭدىن ھەمىشە دەشنەم يەپ، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرالماي يۈرگەن شى لۈي بۇ گەپنى ئېڭىتماي ـ تېمىتماي ئەكېلىپ ساۋ ساۋغا يەتكۈزدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆچىدىن گەپ قوشۇپ:

— كۆك رۇڭ دائىم ئۆزلىرىنىڭ يامان گەپلىرىنى قىلىپ يۈرىدىكەن، يەنە كېلىپ مى خېڭغا ياخشىچاق بولۇپ، ئۇنى

ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ تۇرىدىكەن؛ مى خېنىڭ كۆك رۇڭنى «تىرىك كۆڭزى ئىكەن» دەپ ماختىسا، كۆك رۇڭ قوپۇپ مى خېڭنى «قايتا تىرىلگەن يەن خۇي ئىكەن» دەپ ماختايدىكەن؛ مى خېڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدا جانابلىرىنى ھاقارەتلىگەنلىكىمۇ كۆك رۇڭنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بولغان ئىش ئىكەن، — دەپ چاقتى.

ساۋ ساۋ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق غەزەپكە كەلدىكى، رادىخانى چاقىرىپ، كۆك رۇڭنى تۇتۇشقا بۇيرۇدى. كۆك رۇڭنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار تېخى كىچىك ئىدى، شۇ تاپتا ئۇلار ئۆيدە قاتار ئويناپ ئولتۇراتتى. كۆك رۇڭنىڭ ئادەملىرى كېلىپ:

— ئەي بەگزادىلىرىم، كۆك رۇڭ بېگىمنى رادىخا تۇتۇپ كەتتى، ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ، ئىككىڭلار قاچماي بۇ يەردە ئولتۇرۇشۇپلاغۇ؟ — دەپ خەۋەر قىلدى.

— بۇزۇلغان ئۇۋىدىن ساق تۇخۇم چىقامدۇ؟ — دېدى بەگزادىلەر.

دەل شۇ پەيتتە رادىخا يېتىپ كىردى ۋە كۆك رۇڭنىڭ ئۆيدىكىلەرنى ۋە ئىككى ئوغلىنى چېپىپ تاشلاپ، كۆك رۇڭنىڭ جەسىتىنى كوچىغا ئاچىقىپ سازايى قىلدى. جىڭخاۋلۇق جى شى كۆك رۇڭنىڭ جەسىتىگە ئېسىلىپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ، بۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا شۇن يۈي تىلغا كېلىپ:

— پېقىرنىڭ ئىشتىشىچە، جى شى ھەمىشە كۆك رۇڭغا: «ئۆزلىرىنىڭ مىجەزلىرى ئىتتىك، كۆڭۈللىرى تۈز ئادەم، ئەگەر دىققەت قىلمىسىلا ئۆزلىرىگە چوڭ باش ئاغرىقى تېپىۋالىدىلا» دەپ نەسىھەت قىلاتتىكەن. بۈگۈن ئۇنىڭ كۆك رۇڭغا يىغلىشى خالىسلىقتىن بولغان، شۇڭا بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بولماس، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ غەزىپىدىن ياندى. جى شى كۆك رۇڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ جەسىتىنى يەرلىكتە قويدى. كېيىنكىلەر مۇنداق بىر نەزمە پۈتۈپ كۆك رۇخنى تەرىپلىگەن:

*كۆك رۇك بىخەيدە كەلدى دۇنياغا،*
*مەردلىكتە روھى يەتتى ئاسمانغا.*
*ئۈزۈلمەس دائىم مىھمان ئۆيىدىن،*
*ئۆكسىمەس شاراب قەدەھ ـ جامىدىن.*
*ئەل ھەيران قالاتتى يازمىشلىرىغا،*
*سۆزلىرى تېگەتتى شاھلار جېنىغا.*
*تەرىپلىنەتتى تارىخچىلارمۇ،*
*خاتىرىلىنەتتى ھايات بەگلەرمۇ.*

ساۋ ساۋ كۆك رۇخنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، شۈيچاڭ شەھىرىنى ساقلاشقا شۈن يۈي باشلىق بىرنەچچە سىپاھىنى قالدۇرۇپ، بەش سەپكە ئايرىغان لەشكىرىنى يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى.

ئەمدى گەپنى لىيۇ بياۋدىن ئاڭلايلى. جىڭجۇدا ئېغىر ئاغرىق ياتقان لىيۇ بياۋ ئۆز ۋارىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن لىيۇ بېيىنى تەكلىپ قىلىشقا كىشى ئەۋەتتى. لىيۇ بېي گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېينى ئېلىپ جىڭجۇغا كەلدى.

— مېنىڭ ئاغرىقىم پىشىپ قالدى، — دەپ سۆز ئاچتى لىيۇ بياۋ، — ئەتە ـ ئۆگۈنلۈكۈملا قالدى، شۇڭا ئۆز ئىشىمنى سىلىگە ئۆتۈنۈپ بېرەي، مېنىڭ ئوغلۇم يارامسىز ئادەم چىقىپ قالدى، مېنىڭ ئىشىمغا ۋارىسلىق قىلالماسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن؛ مەن ئۆلۈپ كەتسەم، جىڭجۇنى سىلى ئىلكىلىرىگە ئالغايلا.

لىيۇ بېي كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— ئوغۇللىرىغا ئەلۋەتتە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يار ـ يۆلەكتە

بولىمەن، ئاغا، باشقا غەرەزدە بولۇشقا نېمە ھەددىم! — دېدى تەزىم بىلەن.

گەپ ئارىلىقىدا مەلۇمچىلاردىن بىرى كىرىپ، ساۋ ساۋنىڭ لاۋ ـ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ليۇ بېي شۇئان ليۇ بياۋ بىلەن خوشلىشىپ، كېچىلەپ شىنيېگە قايتتى. ئاغرىق ئۈستىدە ياتقان ليۇ بياۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدى ۋە دەرھال مەسلىھەتلىشىپ، چوڭ ئوغلى ليۇ چىنىڭ ليۇ بېينىڭ مەدەتكارلىقىدا جىڭجۇغا ھۆكۈمدار بولۇشىنى قارارلاشتۇرۇپ ۋەسىيەتنامە يازدۇردى. سەي ئايىم بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ئىچ قوۋۇقنى ئەتتۈرۈۋەتتى؛ سەي ماۋ بىلەن جاڭ يۈننى تاش قوۋۇقنى چىڭ ساقلاشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا ليۇ چى جياڭشيادا ئىدى، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ جىڭجۇغا يېتىپ كەلدى، ئۇ كېلىشىگىلا، تاش قوۋۇقنى ساقلاپ تۇرغان سەي ماۋ ئۇنى توسۇپ:

— بەگزادەم، ئۆزلىرىنى دادىلىرى جياڭشيانى ساقلاشقا تەيىنلىگەن، بۇ ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپە؛ شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزلىرى ئۇ يۇرتنى تاشلاپ قايتىپ كەپتىلا، ئەگەر كۈنچىقىش ۋۇنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ شۇ تاپتا دادىلىرىنىڭ قېشىغا كىرسىلە، دادىلىرى چوقۇم خاپا بولۇپ، بىر ئاغرىقى ئىككى بولىدۇ، بۇ ۋاپادارلىق بولمايدۇ. دەرھال قايتقانلىرى تۈزۈك، — دېدى.

ليۇ چى قوۋۇق سىرتىدا تۇرۇپ بىر پەس ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئېتىغا مىندى ـ دە، جياڭشياغا قايتتى. ليۇ بياۋنىڭ ئوغلى ليۇ چىنىڭ كەلمىگەنلىكىگە ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، ئاغرىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى؛ 8 ـ ئاينىڭ مايمۇن كۈنى بىرنەچچە قېتىم قاتتىق ۋارقىراپ جان ئۈزدى. كېيىنكىلەر ليۇ بياۋ ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ مۇنداق بىر غەزەل يازغان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*ئاڭلاپ ئىدىم يەن شۇنى خېشۇنى سورايدۇ دەپ،*
*كۆردۈم ئالغانلىقىنى خەنياڭنى ليۇ ئىگىلەپ.*
*زالىم خوتۇن دەستىدىن چىقتى ئۆيدە ماجىرا،*
*ئىست! ئۆتمەستىن ئۇزاق تۇگەپ پۈتتى بەربىلا.*

ليۇ بياۋنىڭ ئۆلۈشى بىلەنلا، سەي ئايىم ئىككىنچى ئوغلى ليۇ زۇڭنى جىڭجۇنىڭ ھۆكۈمدارى قىلىپ بەلگىلەش ئۈچۈن، سەي ماۋ ۋە جاڭ يۈنلەر بىلەن كېڭىشىپ، ليۇ بياۋنىڭ نامىدا يالغاندىن بىر ۋەسىيەتنامە تەييارلىدى، ئاندىن ليۇ بياۋنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقىتىپ ماتەم تۇتتى. بۇ چاغدا ليۇ زۇڭ ئەمدى 14 ياشقا كىرگەنىدى، ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق بالا ئىدى، شۇڭا ئۇ ھەممە سىپاھلارنى چاقىرىپ:

— ئاتام بولسا ئالەمدىن كەتتى، ئاغام جياڭشيانى ساقلاپ يېتىپتۇ، تاغام ليۇ بېي شىنيېدە. ھەرقايسىڭىزلار مىنى ھۆكۈمدار قىلىپ تىكلەپ قويدىڭىزلار، ئەگەر ئاغام بىلەن تاغام لەشكەر تارتىپ كېلىپ مەندىن سوراق ئالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى مەسلىھەت سېلىپ.

سىپاھلار بىرنەرسە دېمىدى، سەركار لى گۈي:

— بەگزادەم تولىمۇ ئاقىلانە گەپ قىلدى. ئەمدى جياڭشياغا تېزدىن تەزىيە خېتى يوللاپ، چوڭ بەگزادەمنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ، جىڭجۇغا ھۆكۈمدار قىلىپ تىكلىشىمىز، ليۇ بېي بېگىمنى ھەمدەملىشىشكە بەلگىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق قىلغاندا: يۇقىرىدا ساۋ ساۋغا، تۆۋەندە سۈن چۈەنگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، بۇ ھەممىدىن ئىشەنچلىك چارە، — دېدى جاۋابەن.

بۇ چاغدا سەي ماۋ ئاچچىقلىنىپ:

— سەن قانداق نېمىسەن، ليۇ بياۋ بېگىمنىڭ ۋەسىيىتىگە قارشى چىقماقچىمۇ! — دېدى ۋارقىراپ.

— سەن ھەم ئىچتىن، ھەم تاشتىن تىل بىرىكتۈرۈپ،

يالغاندىن ۋەسىيەتنامە يازدىڭ، چوڭىنى قويۇپ كىچىكىنى تىكلىمەكچى بولدۇڭ، جىڭشياڭ تەۋەسىدىكى توققۇز يۇرت قولۇڭلاردىن كېتىدىغان بولدى! ئەگەر مەرھۇم ليۇ بياۋ بېگىم كارامەت كۆرستەلىسە، سېنى چوقۇم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى! — دەپ راسا تىللىدى لى گۈي.

سەي ماۋ غەزەپكە كېلىپ، ئادەملىرىگە ئۇنى ئەچىقىپ كالللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. لى گۈي تاكى جېنى چىققۇچە ئۇنى تىللاپ توختىمىدى. سەي ماۋ ئەمدى ليۇ زۇڭنى ھۆكۈمدار قىلىپ تىكلىدى. سەي جەمەتى جىڭجۇ قوشۇنلىرىغا چوڭ - كىچىك باش بولدى؛ ياردەمچى ئايماقبېگى دېڭ يى بىلەن ئورۇنباسار ئايماقبېگى ليۇ شيەن جىڭجۇنى ساقلاشقا قويۇلدى؛ سەي ئايىم بىلەن ليۇ زۇڭ ليۇ چى بىلەن ليۇ بېيدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شياڭياڭدا تۇرۇشقا سەپەر قىلدى. ليۇ بياۋنىڭ ۋاپات تاپقانلىقىنى ليۇ چى بىلەن ليۇ بېيغىمۇ ئۇقتۇرماستىن، ليۇ بياۋنىڭ جەسىتىنى شياڭياڭ شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى خەنياڭ دېگەن تۈزلەڭلىككە دەپنە قىلىپ قويدى.

ليۇ زۇڭ شياڭياڭغا يېتىپ كېلىپ ئەمدىلا ئاتتىن چۈشۈشىگە، ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرىنى باشلاپ ئۇدۇل شياڭياڭغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاڭلاندى. ليۇ زۇڭ قاتتىق چۆچۈپ، دەرھال كۇەي يۆ بىلەن سەي ماۋنى مەسلىھەتكە چاقىردى. كۈنچىقىش نازارەت نازىرى فۇ شۈن:

— ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى كەلگەنلىكى بىر خەۋەر بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ بەگزادەم تېخى جياڭشيادا، ليۇ بېي بېگىم بولسا شىنيېدە، بىز تېخى ليۇ بياۋ بېگىمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلمىدۇق، ئەگەر ئۇلار ئاڭلاپ لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا، جىڭجۇ بىلەن شياڭياڭ تۈگىشىدىغان بولدى. پېقىر مۇنداق بىر ئامالنى ئويلاپ قويدۇم، ئەگەر بۇ ئامالنى ئىشلەتسەك، جىڭجۇ بىلەن شياڭياڭ ئەھلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەۋرەنمەستىن تەيشەن تېغىدەك مەزمۇت تۇرۇشى مۇمكىن، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئورنىنىمۇ ساقلاپ قالالايمىز، — دېدى ئەقىل كۆرسىتىپ.

— قانداق ئامال ئويلاپ قويدىڭىز؟ — دېدى لىيۇ زۇڭ.

— جىڭجۇ ـ شياڭياڭنى توققۇز يۇرتى بىلەن ساۋ ساۋغا تۇتايلى، ساۋ ساۋ چوقۇم جانابىي ئالىيلىرىغا رىئايە قىلىپ يۇقىرى مەرتىۋە بېرىدۇ، — دېدى فۇ شۈن.

— بۇ قانداق دېگەن گەپ! مەن ئاتام مەرھۇمنىڭ ئىشىغا ئەمدىلا ۋارىسلىق قىلدىم، ئورنۇم تېخى ئىسسىمايلا، بۇ يەرلەرنى خەقنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرسەم بولامدۇ؟ — دېدى لىيۇ زۇڭ ئاچچىقلىنىپ.

— فۇشۈن بېگىم توغرا ئېيتىدۇ. قارشى تۇرۇش بىلەن بوي ئېگىش ئەھۋالغا قاراپ بولىدۇ، ئاجىزلىق بىلەن كۈچلۈكلۈكمۇ شارائىتقا قاراپ بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ساۋ ساۋ خاندانلىقنىڭ نامىدا جاھاننى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر جانابىي ئالىيلىرى ئۇنىڭغا قارشى چىقسىلا، خاندانلىققا قارشى چىققان بولۇپ قالىدىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىيلىرى يېڭىدىن تەختكە ئولتۇردىلا، سىرتتىن خەۋپ كېلىش بىلەن ئىچتىنمۇ چاتاق تۇغۇلىدىغاندەك تۇرىدۇ. جىڭجۇ ـ شياڭياڭ ئەھلى ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى يېتىپ كەپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ، ئۇرۇشماي تۇرۇپ قوللىرى تىترەپ كېتىشتى، بۇنداق ئەھۋالدا ياۋغا قانداق تاقابىل تۇرغىلى بولسۇن؟ — دېدى كۇەي يۆ.

— ھەممىڭىزلەرنىڭ ئېيتقىنىنى دۇرۇس، ماقۇل دېمەي تۇرالمايمەن؛ بىراق، ئاتام مەرھۇمنىڭ ئىشىنى خەقنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرسەم، خەلقئالەمنىڭ ئىچىدە كۈلكىگە قالامدىمەن، — دېدى لىيۇ زۇڭ.

بۇ گەپلەر ئارىلىقىدا، بىرى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— فۇ شۇن بېگىم بىلەن كۇەي يۆ بېگىمنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس، بۇ گەپلەرگە كىرمەي بولامدۇ؟ — دېدى.

كۆپچىلىك بۇ كىم بولغاي دەپ قارىسا، شەنياڭدىكى گاۋپىڭلىق ۋاڭ سەن دېگەن ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى جۇڭ شۇەن ئىدى. بۇ ئادەم بويى پاكار، ئورۇقىنا كەلگەن بىر ئادەم ئىدى، ئۇ بالا چېغىدا كەپتاۋۇل سەي يۇڭ بېگىمنى كۆرگىلى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغانىكەن، بارسا سەي يۇڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە ھەر - ھەر كاتتا مېھمانلار توشۇپ كېتىپتۇ، سەي يۇڭ ۋاڭ سەننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئالدىغا چىقىپتۇ. مېھمانلار: «سەي يۇڭ بېگىم بۇ پەتەككە نېمانچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ؟» دەپ ھەيران قاپتۇ. سەي يۇڭ بېگىم: «بۇ پەتەكتە ئالاھىدە بىلىم بار، ئۇنىڭغا مەنمۇ تەڭ كېلەلمەيمەن» دەپتۇ. ۋاڭ سەن ھەقىقەتەن كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلىدىغان، ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان بىر ئادەم ئىمىش؛ كوچىلاردا تاش - تاختىلارغا ئويۇلغان نەزمە - قوشاقلارنى بىر كۆرۈپلا يادلىۋالارمىش؛ كىشىلەر شاھمات - قاتار ئويناۋاتقان يەرلەردە ئۇرۇقلارنى بۇزۇۋېتىپ، بىر ئۇرۇقنى نېرى - بېرى قىلماي ئەسلىدىكىدەك تىزىپ قويالارمىش. ئاندىن ھېسابقا ئۇستىمىش. ئۇ يېزىقچىلىقتىمۇ ناھايىتى ماھىر ئادەم ئىمىش. 17 يېشىدا ھەرەم ياندىش ئامباللىقتا تەيىنلىنگەن بولسىمۇ، ئۇ رەت قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا مالىماندىن قېچىپ جىڭجۇ - شياڭياڭ تەۋەسىگە كېلىپ قالغان، بۇ چاغدا لىيۇ بياۋ ئۇنى ئالىي مېھمانلار قاتارىدا كۈتۈۋاپتىكەن. بۈگۈن ئۇ لىيۇ زۇڭدىن:

— جانابلىرىنىڭ قارىشىچە، ئۆزلىرى ساۋ ساۋدىن قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— تەڭ كېلەلمەيمەن، — دېدى لىيۇ زۇڭ.

— ساۋ ساۋ ھەزرەتنىڭ لەشكەرلىرى كۈچلۈك، سەركەردىلىرى باتۇر، ئۆزى پەم - پاراسەتكە تولغان ئادەم؛ ئۇ

www.uyghurkitap.com

لۇي بۇنى شىياۋپىي دېگەن يەردە تىرىك تۇتۇۋالغان، يۇەن شاۋنى گۇەندۇدا ۋەتۆەرىكىنى چىقارغان، لىيۇ بېيىنى لۇڭيۇدا سۈرۈپ - توقاي قىلغان، ۋۇ يۇەننى بەيلاڭ دېگەن يەردە تىرىپىرەن قىلغان: ئۇنىڭ زالىملارنى يوقىتىپ ئەلنى تىنچىتقان ئىشلىرى ھەددى - ھېسابسىز. بۈگۈن بۇ دەھشەتلىك قوشۇن جىڭجۇ - شياڭياڭ تەۋەسىگە باستۇرۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا توغرا تۇرغىلى بولمايدۇ. فۇ شۈن بىلەن كۇەي يۈنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرى ئاجايىپ ياخشى مەسلىھەت. جانابلىرى ھەرگىز ئارقا - ئالدىلىرىغا قاراپ ئولتۇرمىسىلا، بولمىسا پۇشايمان يەيدىغان ئىش بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ سەن.

— ئېيتقانلىرى بەكمۇ دۇرۇس، تەقسىر. بىراق، ئانامغىمۇ دەپ قويماقلىرى لازىم، — دېدى لىيۇ زۇڭ.

— ۋاڭ سەن، فۇ شۈن، كۇەي يۈلەر قوشۇلغان بولسا، ماڭا دەپ قويۇشىنىڭ نېمە ھاجىتى، — دېدى سەي ئايىم دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ لىيۇ زۇڭغا.

شۇنىڭ بىلەن لىيۇ زۇڭ قەتئىي قارارغا كېلىپ، بىر پارچە تەسلىمنامە يازدۇردى ۋە سۇڭ جۇڭنى ھېچكىمگە تۇيغۇزماستىن ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرگاھىغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. سۇڭ جۇڭ تەسلىمنامىنى ئېلىپ تويتوغرا ۋەنچېڭغا بېرىپ، ساۋ ساۋنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇردى. ساۋ ساۋ خۇشاللىقىدا سۇڭ جۇڭغا كاتتا تارتۇق بەردى ۋە لىيۇ زۇڭ شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئىستىقبال قىلغاندا، ئاندىن ئۇنى ئۆمۈرۋايەت جىڭجۇغا ھۆكۈمدار قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سۇڭ جۇڭ ساۋ ساۋ بىلەن خوشلىشىپ، جىڭشياڭغا قايتتى. ئۇ ئەمدىلا دەريادىن ئۆتەي دەپ تۇرۇشىغا، توساتتىن بىر ئادەم كېلىپ قالدى، شۇنداق قارىسا، ئۇ گۇەن يۈي ئىكەن. سۇڭ جۇڭ ئۆزىنى دالدىغا ئالا - ئالمايلا، ئارقىدىن گۇەن يۈي چاقىرىپ توختىتىۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن جىڭجۇنىڭ ئەھۋالىنى

ئىنچىكىلەپ سورىدى. سۇڭ جۇڭ باشتا گەپ قاچۇرۇپ راستىنى ئېيتمىدى، كېيىن گۇەن يۇي قىستاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن، بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. گۇەن يۇي ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ، سۇڭ جۇڭنى كاپ قىلىپ تۇتتى ـ دە، شىنيېگە ليۇ بېينىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ، ئەھۋالنى ئېيتتى. ليۇ بېي ئاڭلاپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپ كەتتى.

— ئەھۋال بۇ يەرگە يەتكەنىكەن، ئالدى بىلەن سۇڭ جۇڭنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، ئاندىن دەريادىن ئۆتۈپ، شياڭياڭنى ئېلىپ، سەي ئايىم بىلەن ليۇ زۇڭنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ساۋ ساۋ بىلەن ئېلىشىش كېرەك، — دېدى جاڭ فېي.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئامالىم بار، — دېدى ليۇ بېي ۋە سۇڭ جۇڭغا ۋارقىراپ، — سەن نېمىشقا بالدۇرراق كېلىپ بۇ ئىشنى ماڭا مەلۇم قىلىپ قويمايسەن؟ ھازىرچە سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، پايدىسى يوق. ماڭ يولۇڭغا! — دېدى.

سۇڭ جۇڭ توققۇز تەزىم قىلىپ، شۇ يەردىن چىققىنىچە پايپاسلاپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە كەتتى.

ليۇ بېي تازا پەرىشان بولۇپ ئولتۇراتتى، مەلۇمچىلار بىردىنلا چوڭ بەگزادە ليۇ چىنىڭ يى جىنى ئەۋەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ كىرىشتى. ليۇ بېي يى جىنىڭ بۇرۇنىسىدا ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان ياخشىلىقىنى ئەسلەپ، تۆردىن چۈشتى ـ دە، ئىستىقبال قىلىپ ئالدىغا باردى ۋە يېنىش ـ يېنىش رەھمەت ئوقۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

— چوڭ بەگزادەم، — دەپ سۆز باشلىدى يى جى، — جياڭشيادا تۇرۇپ ليۇ بياۋ ۋاپات بولغانلىقىنى، سەي ئايىمنىڭ سەي ماۋلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزمەستىن، ئۆزىچىلا ليۇ زۇڭنى ھۆكۈمدار قىلىپ تىكلىشىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شياڭياڭغا كىشى

ئەۋەتىپ ئۇقتۇرۇپ كۆردى، ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن؛ بەگزادەم جانابلىرىنى خەۋەرسىز ياتمىسۇن، مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ قويايلى ۋە ئۆزلىرىنى خىل لەشكەرلەرنى چىقارسا، بىرلىكتە شياڭياڭغا بېرىپ، ئۇلاردىن سوراق ئالايلى دەپ، پېقىرنى ئەتەي ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتتى.

ليۇ بېي چى ئەۋەتكەن خەتنى كۆرۈپ بولۇپ يى جىغا شۇنداق دېدى:

— سىز ليۇ زۇڭنىڭ تەختكە چىقىۋالغانلىقىنىلا ئاڭلاپسىز، ليۇ زۇڭنىڭ جىڭشياڭ تەۋەسىدىكى توققۇز يۇرتى بىلەن ساۋ ساۋغا ئىككى قوللاپ تۇتقانلىقىنى ئاڭلىماپسىز تېخى!

يى جى چۆچۈپ كېتىپ:

— قەيەردىن ئاڭلاشتىلا، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى.

ليۇ بېي سۇڭ جۇڭنى قولغا چۈشۈرۈۋالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئەگەر ئۇنداق بولسا، — دېدى يى جى، — جانابلىرى تەزىيە بىلدۈرگىلى كەلدىم دېگەن باھانە بىلەن شياڭياڭغا بېرىپ، ليۇ زۇڭنى ئالداپ شەھەر سىرتىغا ئاچىقىپ، تىرىك تۇتۇۋېلىش كېرەك، ئۇنىڭ قالدى - قاتتى قۇيرۇقلىرىنى قىرىپ تاشلاش كېرەك، شۇنىڭدىلا جىڭجۇ جانابلىرىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ.

— يى جىنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس. جانابلىرى مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرگەيلا، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ئاغام كېسىلى ئېغىرلاپ قالغان كۈنلەردە ماڭا ئوغلىغا ھەمدەم بولۇشنى تاپشۇرغانىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ، يېرىنى تارتىۋالسام، خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارغاندا ئاغام مەرھۇمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ — دېدى ليۇ بېي كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ئەگەر بۇنداق قىلمىساق، ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى

ۋەنچېڭغا كېلىپ قالغان تۇرسا، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرالايمىز؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

— ياق. ھازىرچە فەنچېڭغا بېرىپ پاناھداپ تۇرايلى، — دېدى ليۇ بېي.

دەل شۇ چاغدا، چاپارمەن ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى بوۋاڭغا يېتىپ كەپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ليۇ بېي ئالدىراپ - تېنەپ، يى جىنى جياڭشياغا قايتىپ بېرىپ قوشۇنلارنى تەق قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە جۇگې لياڭ بىلەن ياۋغا قانداق قارشى تۇرۇش ئۇستىدە مەسلىھەتلەشتى.

— كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا، تەقسىر، — دېدى جۇگې لياڭ، — ئۆتكەن قېتىمدا، شيا خۇدۇننىڭ لەشكىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى بىر ئوت بىلەنلا كۆيدۈرۈپ ۋەتۋەرىكىنى چىقاردۇق؛ ئەمدى ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى يېتىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىمۇ مۇشۇ ھىيلە بىلەن جايلايمىز. ئەمدى شىنيېدە تۇرۇشقا بولمايدۇ، فەنچېڭغا پاتراق كەتكىنىمىز تۈزۈك.

شۇنىڭ بىلەن تۆت قوۋۇققا ئېلان چاپلىنىپ، ئاھالىگە: «ياش - قېرى، ئەر - ئايال خالايىق، شۇنى ئاڭلاپ قېلىڭلاركى، كېلىۋاتقان ياۋدىن ئامان بولىمىز دېسەڭلەر، بۈگۈن بىز بىلەن فەنچېڭ شەھىرىگە مېڭىڭلار، ئاڭلىمىدۇق دەپ پۇشايمانغا قالماڭلار!» دەپ ئۇقتۇردى.

سۇن چيەن دەريا بويىدىكى كېمە - قېيىقلارنى تەييارلاپ، پۇقرالارنى قۇتقۇزۇپ مېڭىشقا بەلگىلەندى؛ مى لەن بەگ - سىپاھلارنىڭ بالا - ۋاقىلىرىنى قورۇقداپ فەنچېڭغا ئامان - ئېسەن يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىغا تەيىنلەندى. ئاندىن ھەممە ھېراۋۇللارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، ئايرىم - ئايرىم ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى. ئالدى بىلەن گۇەن يۈيگە ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى:

— سىز 1000 لەشكەرنى بەيخې دەرياسىغا باشلاپ بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ يەرگە مۆكۈنۈڭ. لەشكەرلەر ھەر بىرى بىردىن تاغار ئېلىۋالسۇن ۋە تاغارلارغا قۇم، توپا قاچىلاپ، دەريانىڭ سۈيىنى بوغسۇن؛ ئەتىسى باش ئېغىر ياتقۇ ۋاقتىدىن كېيىن، دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ۋە ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلانغان ھامان، ھېلىقى قۇم - توپا قاچىلانغان تاغارلارنى ئېلىۋېتىپ، دەريانىڭ سۈيىنى قويۇۋېتىڭلار - دە، ئۆزۈڭلارمۇ سۇ بىلەن بىللىلا باستۇرۇپ كېلىڭلار.

ئاندىن جاڭ فېيغا ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى:

— سىز 1000 لەشكەرنى بولىڭ كىچىككىگە باشلاپ بېرىپ شۇ يەرگە مۆكۈنۈڭ، ئۇ يەردە سۇ بەك ئاستا ئاقىدۇ، ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى سۇ بېسىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چوقۇم ئاشۇ يەر بىلەن قېچىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدۇ، مانا مۇشۇ چاغدا نەق ئۈستىدىن چۈشۈپ قىر - چاپ قىلىڭلار.

ئاندىن جاۋ يۈنگە ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى:

— سىز 3000 لەشكەرنى تۆت سەپكە بۆلۈڭ، بىر سەپنى ئۆزىڭىز كۈنچىقىش قوۋۇقنىڭ سىرتىغا باشلاپ چىقىپ شۇ يەرگە مۆكۈنۈڭ، قالغان ئۈچ سەپ كۈنپېتىش قوۋۇق، ئاستىن قوۋۇق، ئۈستۈن قوۋۇقلارغا مۆكۈنسۇن. ئالدى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىنىڭ ئۆگزىلىرىگە گۈڭگۈرتكە ئوخشاش ئوت تۇتاشتۇرغۇچلارنى كۆپلەپ جايلاشتۇرۇپ قويۇڭلار. ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، چوقۇم ئاھالىنىڭ ئۆيلىرىگە جايلىشىدۇ. ئەتىسى گۇگۇم چۈشكەندىن كېيىن چوقۇم بوران چىقىدۇ؛ بوران چىقىشى بىلەنلا كۈنپېتىش قوۋۇق، ئاستىن قوۋۇق، ئۈستۈن قوۋۇقلارغا مۆكۈنگەن لەشكەرلەرگە شەھەرنى بىراقلا ئوتلۇق ئوقيا تۇتۇشقا بۇيرۇڭلار؛ شەھەردە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىغاندا، شەھەرنىڭ سىرتىدىن قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ ھەيۋە قىلىڭلار، پەقەت كۈنچىقىش قوۋۇقنىلا ئوچۇق قويۇڭلار، ئۇلار شۇ يەردىن شەھەرنىڭ سىرتىغا قېچىپ

چىقسۇن. سىلەر مانا شۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ دەككىسىنى بېرىڭلار. تاڭ ئېتىش بىلەن گۇەن يۈي ۋە جاڭ فېيلار بىلەن قوشۇلۇپ، قوشۇنلارنى ئېلىپ فەنچېڭغا قايتىڭلار.

ئاندىن مى فاڭ بىلەن لىيۇ فېڭ ئىككىسىگە مۇنۇ ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلدى:

سىلەر 3000 لەشكەر باشلاپ، يېرىمىنى قىزىل تۇغ قوشۇن، يېرىمىنى كۆك تۇغ قوشۇن قىلىپ ئايرىپ، شىنيې شەھىرىدىن 30 چاقىرىم چەتتىكى شۆۋېيپو دېگەن تۆپىلىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ جايلىشىڭلار. ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى يېتىپ كېلىش بىلەن، قىزىل تۇغ قوشۇن سول چەتتە، كۆك تۇغ قوشۇن ئوڭ چەتتە ماڭسۇن. ساۋ ساۋ دەرگۇمان بولۇپ، سىلەرنىڭ ئارقىڭلاردىن سۈرۈپ مېڭىشقا پېتىنالمايدۇ. سىلەر ئىككىڭلار ئىككى ياققا مۆكۈنۈڭلار. شەھەردە ئوت كۆتۈرۈلگەن ھامان، قاچقان لەشكەرلەرنى كەينىدىن قوغلىشىپ قىر - چاپ قىلىڭلار، ئاندىن بەيخې دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ بولۇشۇڭلار.

جۇگې لياڭ ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ بولۇپ، لىيۇ بېي بىلەن دۆڭگە چىقىپ، خۇش خەۋەردىن تىۋىش كۈتۈپ تۇردى.

ئەمدى گەپنى ساۋ رېن بىلەن ساۋ خۇڭدىن ئاڭلاڭ. ئۇلار ئىككىسى 10 تۈمەن لەشكەر بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، شۈي چۇ باش بولغان تۆمۈر قۇياقلىق 3000 لەشكەرنى باشلامچى قىلىپ، سۈر - ھەيۋەت بىلەن شىنيېگە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار چىڭقى چۈش ۋاقتىدا شۆۋېيپو تۆپىلىككە كېلىپ، يىراقتىن تۆپىلىك ئالدىدا پۈتۈنلەي كۆك ۋە قىزىل تۇغلارنى كۆتۈرگەن بىر توپ قوشۇننى كۆردى. شۈي چۇ قوشۇننى ھەيدەپ ئالدىغا

ماڭدى. لىۇ فېڭ بىلەن مى فاڭ لەشكەرنى تۆت سەپكە بۆلۈپ، كۆك تۇغلۇقلارنى بىر تەرەپكە، قىزىل تۇغلۇقلارنى بىر تەرەپكە ئايرىدى. شۈي چۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، لەشكەرلەرنى توختاشقا بۇيرۇدى:

— ئالدىمىزدا چوقۇم مۆكۈپ ياتقان لەشكەر بولۇشى مۇمكىن، بىز مۇشۇ يەردە قەدەمنى توختىتىشىمىز كېرەك.

شۈي چۇ ئات چاپتۇرۇپ ساۋ رېننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

— بۇ يەرگە چوقۇم لەشكەر مۆكتۈرۈپ قويمىغان، بۇ ئۇلارنىڭ بىزنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان بىر ئويۇنى. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز تېزدىن ئىلگىرىلىسۇن. مەن قالغان لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن، — دېدى ساۋ رېن.

شۈي چۇ تۆپىلىكنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. ئورمانلىققا كېلىپ قارىسا، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىردى. شۈي چۇ ئەمدىلا ئىلگىرىلىمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، تاغ ئۈستىدىن شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپ، گۈلدۈر - قاراس ئاۋاز كەلدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسا، تاغ ئۈستىگە تۇغ - ئەلەم توشۇپ كېتىپتۇ، ئەلەملەر ئوتتۇرىسىدا ئىككى كۈنلۈك تۇراتتى: سولدا لىۇ بېي، ئوڭدا جۇگې لىياڭ ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈنلۈكلەر ئارىسىدا مەي ئىچىشىۋاتاتتى. شۈي چۇ قاتتىق غەزەپ بىلەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ تاغقا چىقىش يولىنى ئىزدىدى. تاغ ئۈستىدىن ياغاچ كۆتەك ۋە تاش دۆگىلەكلەر ئېتىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى، شۈي چۇ شۇئان توختىدى. تاغ ئارقىسىدىن يەنە بىر چۇقان كۆتۈرۈلدى. شۈي چۇ ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ يول ئىزدىدى، بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز

باغلانغانىدى.

ساۋ رېن لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنى شىنىي شەھىرىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى ۋە شۇ يەرگە بېرىپ ھاردۇق ئالماقچى بولدى. لەشكەرلەر سېپىل تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى كەڭ ئوچۇق تۇراتتى. ساۋ رېننىڭ لەشكەرلىرى ھېچ توسالغۇسىز شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، شەھەرنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى، شەھەرنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق تۇراتتى.

— بۇلار يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ ھېچ ئامال قىلالماي پۇقرالارنى ئېلىپ قېچىپتۇ - دە. لەشكەرلىرىمىز شەھەرگە كىرىپ دەم - ئارامىنى ئېلىۋالسۇن، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا يۈرۈپ كەتسۇن، — دېدى ساۋ خۇڭ.

لەشكەرلەر يول مېڭىپ ھېرىپ - ئېچىپ كەتكەنىدى، ھەممىسى ئۆي - ئۆيلەرگە كىرىپ، تاماق ئېتىپ يېيىشكە كىرىشتى. ساۋ رېن بىلەن ساۋ خۇڭ يامۇلغا ئورۇنلىشىپ دەم ئالدى. ئەلياتقۇدىن كېيىن گۇرۇلدەپ بوران چىقىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا دەرۋازىۋەن لەشكەرلەر شەھەرگە ئوت تۇتىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— لەشكەرلەرنىڭ تاماق ئەتكەندە بىخەستەلىكىدىن كەتكەن ئوت بولسا كېرەك، قورقۇپ كەتمەڭلار، — دېدى ساۋ رېن.

ساۋ رېننىڭ گېپى تۈگىمەيلا، كۆنپېتىش قوۋۇق، ئاستىن قوۋۇق ۋە ئۇستۈن قوۋۇقلاردىن كەينى - كەينىدىن ئوت يېنىشقا باشلىدى. ساۋ رېن ھەممە سەركەردىلەرنى ئاتلىنىشقا بۇيرۇغان چاغدا پۈتۈن ناھىيىگە ئوت تۇتىشىپ، ھەممە يەر قىپقىزىل چوغقا ئايلانغانىدى. بۇ كېچىدە يانغان ئوت ئالدىنقى كۈنى بۇۋاڭدا يانغان ئوتتىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاق قوشۇپ

www.uyghurkitap.com

پىغان چەككەن:

*ئورتا ئىقلىمنى قارا باتۇر ساۋ ساۋ ساقلايتتى،*
*توققۇزىنچى ئايلاردا خەن چۇەن سايان يول تارتتى.*
*غەزەپلىك ئۇچۇپ كەلدى شامال ئىلاھ شىنىيگە،*
*ئوت ئىلاھى يالقۇنلۇق چۈشتى كۆكتىن زېمىنگە.*

ساۋ رېن سەركەردىلىرى بىلەن ئوت ـ تۈتەك ئىچىدىن يول ئىزدەپ قاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا، كۈنچىقىش قوۋۇقتا ئوت يانمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ ياققا ئېتىلدى. لەشكەرلەر بىر ـ بىرىنى دەسسەپ يانجىپ، سانسىزلىغان ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ساۋ رېنلار ئەمدىلا ئوتتىن قۇتۇلۇپ ئۇۋە دەپ تۇرۇۋىشىغا، ئارقىدىن چۇقان كۆتۈرۈپ، جاۋ يۈن قىر ـ چاپ قىلىپ كەلدى، جەڭدە يېڭىلىپ، جان قايغۇسى بىلەن قاچقان لەشكەرلەرنىڭ قايتىپ كېلىپ ئىلىشقۇدەك ھالى قالمىغانىدى. ئۇلار تازا قاچقىلى تۇرغاندا، مى فاڭ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ يەنە چاپ ـ چاپ قىلدى. ساۋ رېن قاتتىق يېڭىلىپ قاچماقچى بولۇپ تۇرۇۋىشىغا، لىيۇ فېڭ كېلىپ يەنە بىر قېتىم قىر ـ چاپقا ئۆتتى. باش توخۇ بولغاندا، ئادەملەر چارچاپ، ئاتلار ھېرىپ، لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ باش ـ كۆزى يېرىلىپ مىجىقى چىقتى؛ ئۇلار قاچا ـ قاچا بەيخې دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ باردى، دەريا سۈيىنىڭ ئانچە چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا ئاتۇ-ئادەم ھەممىسى دەرياغا چۈشۈپ سۇ ئىچكىلى تۇردى؛ ئادەملەر چۇرۇلدىشىپ، ئاتلار كىشنىشىپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى گۈەن يۈيدىن ئاڭلايلى، گۈەن يۈي دەريانىڭ بېشىدا قۇم قاچىلانغان تاغارلار بىلەن دەريانىڭ سۈيىنى بوغۇپ تۇرغانىدى، گۈگۈم چۈشۈشى بىلەنلا، يىراقتىن شىنىيدە ئوت يېلىنجاۋاتقانلىقىنى كۆردى؛ باش توخۇ ۋاقتىدا بىردىنلا دەريانىڭ

ئايىغىدىن ئادەملەرنىڭ ۋارقىرىغان، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. گۇەن يۇي دەرھال لەشكەرلەرنى بۇيرۇپ تاغارلارنى ئالدۇرۇۋەتتى. سۇ گۇلدۇرلەپ پەسكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ساۋ رېننىڭ لەشكىرى تامامەن سۇ ئىچىدە قېلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن لەشكەر ئۆلۈپ كەتتى. ساۋ رېن يېنىدىكى سەركەردىلىرىنى ئېلىپ، سۇنىڭ ئاستاراق ئاقىدىغان يېرىگە بېرىپ بەدەر قاچتى. بولىڭ كېچىكىگە يېتىپ بارغاندا، بىر تۈركۈم لەشكەر چۇقان كۆتۈرۈپ چىقىپ ئالدىنى توستى. بۇلارنىڭ بېشى پالۋان جاڭ فېي ئىدى. ئۇ:

— ھاي ساۋ رېن ئوغرى، جېنىڭنى تاپشۇر! — دەپ ۋارقىرىدى. ساۋ رېننىڭ لەشكەرلىرى چۆچۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. دەرھەقىقەت:

*قىپقىزىل چوغ ئىچىدىن چىققان قېچىپ ھېلىلا،*
*يولۇقتى شۇم قۇيۇنغا كېلىپ دەريا بويىغا.*

دېگەندەك بولدى.

ساۋ رېننىڭ ئۆلگەن ياكى تىرىك قالغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1973 ـ يىل 12 ـ ئاي بېيجىڭ 3 ـ نەشرى، خۇبېي 17 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社一九七三年十二月北京第三版湖北第十七次印刷本翻译出版。

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە (2)

ئاپتورى: لو گۇەنجۇڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھاجى ياقۇپ
غۇلام غۇپۇر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1981 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 5 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 16.001—19.000
ISBN7—228—05084—3/I • 1897
باھاسى: 15.50 يۈەن

三国演义 (2) (维吾尔文)

罗贯中 著

阿吉·牙乎甫
乌拉木·吾甫尔 合译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂排版
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.75 印张 2 插页
1981 年 12 月第 1 版 1999 年 9 月第 2 次印刷
印数:16.001—19.000

ISBN7－228－05084－3/I·1897 定价:15.50 元